دوكتور يۇسۇف قەرەداۋىي

# ئىمان ۋە كىشىلىك ھايات

تەرجىمە قىلغۇچى: خالىس ھەق قۇلى

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئىمان ۋە كىشىلىك ھايات

الايمان والحياة

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2010 ـ يىل 10 ـ ئاي ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن ........................................11
مۇقەددىمە..........................................17
بىرىنچى بۆلۈم بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىمان..............35
بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىمان ھەققىدە چۈشەنچە...............35
بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىماننىڭ نېگىزى .....................44
ئاللاھنىڭ بارلىقى.........................................46
ئاللاھ تائالا پەقەت بىر ئىلاھتۇر..............................52
ئاللاھنىڭ تەڭداشسىزلىقى ۋە ھەممە جەھەتتە مۇكەممەللىكى....56
پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش..................................59
قىيامەتكە ئىشىنىش .........................................67
ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى.........................74
يارقىن ئەقىدە ..............................................74
تۇغما ئاڭ ئەقىدىسى .........................................75
مۇقىم ئەقىدە ...............................................76
پاكىتلىق ئەقىدە .............................................77
نورمال ئەقىدە ...............................................77
ئىككىنچى بۆلۈم ئىماننىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا كۆرسىتىدىغان
تەسىرى .....................................................88
ئىمان ۋە ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى .........................89
دىنسىزلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىنسان ..........................90
مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئىنسان ..........................92
ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئورنى.........................93

ئىنساننىڭ ئۈستۈنكى ئالەمدىكى ئورنى......................94
ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنى ............................96
ئىنساننىڭ ئىسلام ئالىملىرى نەزىرىدىكى يۈكسەك ئورنى .......98
ئىنسانلىق ئىززەتتىن كېيىنكى مۆمىنلىك ئىززەت ...............101
ئىسلامچە ئىنسان قارىشى بىلەن ماتېرىيالىزمچە ئىنسان
قارىشى ئارا سېلىشتۇرما ...............................103
ئىنساننىڭ ئورنى ........................................104
ئىنساننىڭ خاراكتېرى ....................................106
ئىنساننىڭ ھاياتتىكى غايىسى ..............................108
ئىمان ۋە بەخت ..........................................110
بەخت نەدە؟ .............................................111
بەخت ماددىي ھوزۇر - ھالاۋەتتىمۇ؟.........................111
بەخت بالا - چاقىدىمۇ؟....................................115
بەخت ئىلمىي تەجرىبىدىمۇ؟.................................117
بەخت ئىنساننىڭ ئىچكى قىسمىدا.............................119
بەختنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ماددىي
نېمەت كېرەك ............................................120
كۆڭۈل تىنچلىقى..........................................121
تىنچلىق بولمىسا بەخت بولمايدۇ ...........................122
ئىمان بولمىسا كۆڭۈل تىنچلىقى بولمايدۇ.....................123
مۆمىندىكى كۆڭۈل تىنچلىقىنىڭ سەۋەبلىرى.....................125
مۆمىننىڭ تۇغما ئاڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشى ...............125
مۆمىننىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ سىرىنى توغرا بىلىپ يېتىشى ....131
مۆمىننىڭ گۇمان ۋە تېگىرقاش ئازابىدىن خالىلىقى.............136
مۆمىننىڭ ئالدىدا يول ۋە غايىنىڭ ئېنىقلىقى..................141

مۆمىننىڭ بارلىق مەۋجۇدات بىلەن ئۈلپەت بولۇشى ............146
مۆمىن ئاللاھنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشايدۇ ......................148
مۆمىن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشايدۇ ......150
ناماز ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت خاتىرجەملىك كەلتۈرگۈچى
ئامىللاردىندۇر ...........................................151
مۆمىن «كەتكەن»گە ۋايسمايدۇ ۋە «قۇرۇق ئارزۇ»لارغا
بېرىلمەيدۇ ...............................................155
مەمنۇنلۇق ...............................................158
مۆمىن ئۆزىدىن ۋە پەرۋەردىگارىدىن مەمنۇندۇر ...............160
مۆمىن ئالەم ۋە ھاياتتىن مەمنۇندۇر .......................162
مۆمىن ئاللاھ  بەرگەن نېمەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغۇچى.........163
مۆمىن ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولغۇچى ......................170
مۆمىن ئاللاھ ئۆزىگە تەقسىم قىلغان رىزقىقا رازى بولغۇچى ......172
ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇشنىڭ مەنىسى ................173
بىر ھېكايەت ۋە ئىبرەت ........................................175
ھاياتتىن رازىمەنلىك كىشىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ ......179
قازاغا رازى بولۇش ناھەق ئالدىدا جىم تۇرۇشنى كۆرسەتمەيدۇ..183
قازاغا رازى بولۇش ناھەق ئالدىدا جىم تۇرۇشنى كۆرسەتمەيدۇ..184
روھىي ئازادلىك ...........................................184
قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپنىڭ سىرى ...............................186
خاتىرەمجەملىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ سىرى ...............188
ئىمان خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى .............................190
ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغۇچى ۋە شەك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ
قورقۇشلىرىنىڭ سىرى.........................................192
مۆمىن ئۆز رىزقىدىن غەم يېمەيدۇ ...........................193

مۆمىن ئۆز ئەجىلىدىن ئەنسىرىمەيدۇ ........................195
مۆمىن ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ ..................................196
ئۈمىد .............................................199
ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئىمانسىزلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ...201
ئىمان ئۈمىد تۇغدۇرىدۇ .................................203
هاياتتا ئۈمىدنىڭ زۆرۈرلىكى..........................205
ئىمان ۋە سۆيگۈ .................................207
ئاللاھنى سۆيۈش.................................210
تەبىئەتنى سۆيۈش ...............................212
هاياتنى سۆيۈش ...............................213
ئۆلۈمنى سۆيۈش ...............................214
كىشىلەرنى سۆيۈش ...............................215
مۆمىننىڭ ساغلام قەلبى هەسەت، ئۆچمەنلىكتىن خالىدۇر .......217
باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش
مۆمىنلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر...........................220
ئادەمدىكى يامان كۆرۈش تۇيغۇسىنىڭ ئىسلامدىكى
قارىتىلىش نۇقتىسى.......................................224
ئۆزئارا كەچۈرۈشمۇ ئەقىدىنىڭ بىر قىسمى ...................226
ئېغىر كۈنلەردە چىداملىق بولۇش .........................228
دىنسىزلار ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ چىدامسىز كىشىلەردۇر ......230
مۆمىننىڭ چىدامچانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەنبەئى ...................231
تەقدىرگە ئىشىنىش مۆمىنلەرگە قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ
بېرىدۇ ..........................................232
مۆمىننىڭ خۇرسەنلىك، زىيان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ نېمىتىنى
هېس قىلىدىغانلىقى .................................234

دۇنيا مۇسبەتلىرى ھېچ نېمگە ئەرزىمەيدۇ ...................236
ساۋاپىنىڭ ھالاۋىتى ۋە ئاغرىقنىڭ دەردى .......................236
ئىماننىڭ رولىغا دىنسىزلارمۇ قايىل ..............................237
ئۇچىنچى بۆلۈم ئىماننىڭ جەمئىيەت ھاياتىدىكى رولى ..........238
ئىمان ۋە ئەخلاق ................................................240
ھايۋانغا ئۆز تەبىئىتى يېتەرلىك ..................................240
ئىنسان تەبىئىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ..............................241
قانۇن يەككە ھالدا ئىنساننىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى
كونترول قىلالمايدۇ ..............................................243
ئەخلاق پەلسەپىسى ئەسقاتمايدۇ ................................246
ئەخلاق پەلسەپىسى ئەمەس ئەخلاق كېرەك ........................247
دىن بولمىسا ئەخلاق بولمايدۇ ..................................248
ئىمان ۋە يۈكسەك نەمۇنىلەر ....................................249
دۇنيا مەنپەئەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەخلاققا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ...254
تەبىئىي ئىستەك ۋە ئىمان كۈچى ................................258
ئىمان شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ ..............261
ئادەت كۈچى ۋە ئىمان كۈچى ....................................264
«ئادەت كۈچى» ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ...............265
ئىماننىڭ كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك ...............................267
ئىككى خىل ھاراق چەكلەش ۋە ئۇنىڭ نەتىجە پەرقى ..........267
دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەلىرى مەغلۇپ بولغان يەردە ئىمان
غەلىبە قىلدى ...................................................271
ۋىجدان بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ..........................274
ئىماننىڭ ۋىجداننى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولى ................276
ھاياتلىق ساھەلىرىدە دىنىي ۋىجداننىڭ رولى..................282

ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا ....................282
جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە جازانى ئۈستىگە ئېلىشتا .........284
قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ۋە ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرۇشتا .......287
سىياسەت ۋە ھاكىمىيەت ساھەسىدە ..........................289
تىجارەت ۋە مۇئامىلە ......................................295
ئۆز ئارا ئەسقىتىش ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز
مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن بىلىشتە ..............................299
ئۆمسە پىكىرلەر ۋە ئۇلارغا رەددىيە ........................305
ئاللاھتىن ۋە قىيامەتتىن قورقۇشنىڭ شەخسنى
تەربىيەلەشتىكى رولى ....................................308
دوكتۇر ھىنرى لانكىنىڭ دىنني تەربىيەگە قارشى
تۇرغۇچىلارغا بەرگەن رەددىيىسى .........................311
ئىمانغا تايانمايدىغان «ۋىجدان» سەپسەتىسى...................318
ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قۇربان بېرىش روھى .....................321
ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە پىداكارلىق روھىنىڭ مۆمىنلەرچە
نەمۇنىلىرى ...............................................327
كۈچ.........................................................333
مۆمىندىكى كۈچنىڭ مەنبەلىرى ــ ئاللاھقا ئىشىنىش............335
ھەقىقەتكە ئىشىنىش .......................................336
مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىشىنىش..................................337
تەقدىرگە ئىشىنىش .........................................339
قېرىنداشلىققا ئىشىنىش ....................................341
ئىمان قانچىلىك بولسا كۈچمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ ...............343
مۆمىن ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىدا ئىمان كۈچىدىن بارلىققا كېلىدىغان
مېۋىلەر.....................................................345

تۇغقان ۋە ياتلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش.................345
دۈشمەننىڭ ماددىي كۈچلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق.............347
سۆز، ھەرىكەتتە سەمىمىي بولۇش ........................350
قورقۇنچ ۋە كىچەلمەسلىكتىن ئازاد بولۇش ...................352
زالىملار ۋە ھەددىدىن ئاشقان ھوقۇقدارلارنى كۆزگە ئىلماسلىق .353
تارىخ گۇۋاھ ئەمەلىيەت...................................359
ئاجىزلىششىنىڭ سىرى......................................361
ئەبگالىق ۋە ئىزىلەڭگۈلۈك ئىمانغا ياراشمايدۇ................363
مېھرىبانلىق.....................................................364
مۆمىندىكى مېھرىبانلىق ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىدىن كەلگەن .....365
شەپقەتسىز ئادەم شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ .....................367
تۈرلۈك قەبىھ جىنايەتلەر دىنسىزلىق ۋە تاش يۈرەكلىكنىڭ
مەھسۇلىدۇر ...................................................371
مۆمىنلەرنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ئىككى مىسال.....................374
ئىمان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ......................................379
ئىمان ۋە ئىش ـ ھەرىكەت......................................380
ئاخىرەتتىكى بەختكە قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەل
بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ......................................381
بۇ دۇنيادا ئەمەل بىلەن ئۇتۇق قازىنىش.........................382
مۆمىن ئۆز ئىشىنى خۇدادىن قورقۇپ پۇختا، ياخشى قىلىدۇ ....383
مۆمىننىڭ ۋاقىت قارىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ........................384
ئىبادەتلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ..................................385
مۆمىن ئاللاھنىڭ زېمىنىنى ئىشلەش بىلەن ئاۋاتلاشتۇرىدۇ ......388
ئاخىرەتكە ئىشىنىش دۇنيانى چەتكە قاقمايدۇ ....................390
ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش تىرىكتاپ بولۇۋېلىش دېگەنلىك

ئەمەس ........................................392
ئىمان ۋە ئىسلاھات..................................393
ھايات سىرلىرىنىڭ يېگانە ئاچقۇچى ........................401
تۆتىنچى بۆلۈم ئىلىم - پەن بىلەن ئىماننىڭ مۇناسىۋىتى ......409
پەنگە قىلىنغان ئارتۇق ئىشەنچ ............................409
پەنگىلا تايىنىشتىن كۆزلەنگەن ئاتالمىش مەنپەئەتلەر...........410
پەن بىلەن ئىمان ئايرىم ئىككى ساھە.........................411
پەن نەتىجىلىرى يۈزدەيۈز ئىشەنچلىك ئەمەس ...................416
بىلىمدە چوڭقۇرلۇق ئىمانغا باشلايدۇ............................419
روھىي ۋە ئەقلىي ساغلاملىق مەسىلىسى...........................424
ئازغۇن، چۈشكۈن بىر ئەۋلاد ...................................430
شەخسىي ئەركىنلىك ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى .......................433
پسىخولوگىيە ئىماندىن ئايرىلالمايدۇ ..........................438
ئىمان سېپىدىكى روھىي تېبابەت ..............................443
خاتىمە ..........................................458

# تەرجىماندىن

بۈگــۈنكى زامــان ئىســلامىي ئــويغىنىش ھەرىكىتىنىــڭ ئەڭ غوللــۇق مۇتەپەككۇرلىرىـــدىن بىـــرى، ئاتـــاقلىق فەقىـــھ، دۇنيـــاۋىي ئىســـلام تەرغىباتچىســـى، ھـــازىرقى زامـــان ئىســـلام جەدىـــدىزىمىنىڭ غوللـــۇق پىشىۋالىرىدىن بىرى، مول مەھسۇلاتلىق ئىسلام ئالىمى ۋە ئەللامىسى يۇسۇف قەرەداۋىــي بۈگــۈنكى زامــان ئىســلام دۇنياســىنىڭ ئىــدېئولوگىيە ۋە ئىسلامشۇناسلىق ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتقان مۇھىم شەخستۇر.

ئۇنىڭ كۈرەش ۋە ئىزدىنىشكە باي ھاياتى ۋەتىنىمىزدىكى كەڭ ئۇيغۇر ئوقــۇرمەنلىرى، شــۇنداقلا ئۇنىــڭ ھەر تۈرلــۈك ئەســەرلىرىدىن ئــازدۇر ـ كۆپتۇر خەۋەردار بولۇپ ئۈلگۈرگەن كـۆپلىگەن قېرىنداشـلىرىمىز ئالدىـدىكى بىر قىزىق نۇقتا. شۇ تـۈپەيلى ئۇلـۇغ ياراتقۇچىنىـڭ بۈيـۈك مەدىتـى ئاسـتىدا يۇســۇف قەرەداۋىــي ئەســەرلىرى ئىچىــدە ھــالقىلىق ئــورۇن تۇتۇدىغــان قــولىڭىزدىكى بــۇ يىرىــك ئەســەرنىڭ ئۇيغــۇرچە تەرجىمىســىنىڭ روياپقــا چىقىشــى مۇناســىۋىتى بىــلەن مۇئەللىپنىــڭ ھاياتىــدىن قىســقىچە ئۇچــۇر بەرمەكنى لايىق كۆردۈم.

ئــۇ 1926 ـ يىلــى مىســىرنىڭ غەربىــي شــىمالىغا جايلاشــقان «مەھەلــلە كــۇبرا» ناھىيىســىنىڭ «ســەپەتتۇراب» يېزىســىدىكى ئەقىــدە ـ ئىمــانلىق، بىلىـم سۆيەر، كەمبەغەل يـانچى دېھقـان ئائىلىسـىدە دۇنياغـا كەلـگەن. ئـۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئابدۇللاھ ۋاپـات تېپىـپ كەتكەنـدىن كېيىن، تاغىسىنىڭ تەربىيەسىگە ئۆتكەن. ئۇ، تاغىسـىنىڭ قولـدا ياخشـى پەرۋىشـكە ئېرىشىپ، بەش يـاش چېغىـدىلا شۇ يەردىكـى مەھەلـلە مەكتىـپىگە ئوقۇشـقا بېرىلگەن. تىرىشچان ۋە زېرەك كىچىك يۇسۇف غەيرەت بىلەن ئوقـۇپ تېخـى ئون ياشقا بارماي تۇرۇپلا قۇرئان كەرىمنى تولۇق ۋە لاياقەتلىك يادقا ئېلىـپ بولغان. ئۇ، شۇ چاغلىرىدىن باشلاپلا قۇرئاننى قىرائەت قىلىشـتىكى ئالاھىـدە

ماھارىتى، ئەقىللىق، زېرەكلىكلىكى بىلەن ئۆز يېشىدىن ھالقىغان ھالدا ئىززەت - ھۆرمەت تاپقان. كىچىك تۇرۇپلا مەھەللە مەسجىدىدە ئىمام بولۇپ، يۇرت ئىچىدە «بالا پېشۋا» دەپ داڭق چىققان. ئۇنىڭ يېتىمچىلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۆزگىچە ئائىلە شارائىتى ئۇنىڭ جاپانى مەنسىتمەيدىغان، مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان قەيسەر روھقا ئىگە ئادەم بولۇشىغا زور تۈرتكە بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا تەھسىلىنى ئۆز يۇرتىدا تۈگەتكەندىن كېيىن، قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتادىكى تولۇقسىز ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە تۆت يىل ئوقۇيدۇ. كېيىن ئۇنىڭ تولۇق ئىنستىتۇتىدا بەش يىل ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىن نېگىزى پەنلىرى «ئۇسۇلۇددىن» پاكۇلتىتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇنى 1952 - يىلى پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كەسپىي ئەرەب تىلى سىنىپىدا ئىككى يىل ئوقۇپ ئىمتىھاندا شۇ چاغدىكى ئۈچ پاكۇلتىتنىڭ 500 ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، ئالىملىق ئۇنۋانى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلىق لاياقەتنامىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ يەنە 1957 - يىلى «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى تەشكىلاتى» قارمىقىدىكى ئەرەب تىلى ئالىي تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تىل - ئەدەبىيات پېنى بويىچە ئالىي دىپلومغا ئېرىشىدۇ. ئۇ يەنە بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇسۇلۇددىن پاكۇلتىتىنىڭ ھەدىس، تەپسىرشۇناسلىق ئالىي سىنىپىدا ئوقۇپ، ئۇنى 1960 - يىلى غەلىبىلىك پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە زاكات تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە كەم تېپىلىدىغان ئەسەر بولمىش «زاكات توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە» نى يېزىپ چىقىشىغا دەسلەپكى ئاساس بولغان «زاكات ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي كرىزىسلارنى ھەل قىلىشتىكى رولى» دېگەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، ئىككى يىلدا تاماملاش بەلگىلەنگەن بۇ دىسسېرتاتسىيىنى ئۆز قەرەلىدە يېزىپ تاماملىغان بولسىمۇ،

ئەينى چاغدىكى مىسىر ۋەزىيىتىنىڭ تىنچ بولالماسلىقى ۋە باشقا سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىشى 13 يىل كەيىنگە سۈرۈلۈپ، تاكى 73ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىرىنچى دەرىجىلىك شەرەپ بىلەن بۇ ئۇنۋانىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇ شۇ مەزگىللەردە تىنىمسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەنلا قالماي، شۇ دەۋر ئەمەلىيىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىسلام تەشۋىق خىزمىتى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە دىنىي تەشۋىقات ۋە ئىسلام ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن دادىل شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ، بۇ جەريانىدا شۇ چاغلاردا مىسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام جامائەسى بولغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»غا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ۋە ئىسلام تەشۋىقات خىزمىتىدە ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ھەققانىي ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن مىسىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچراپ، بىر ئىنقىلابچىغا خاس كەچۈرمىشلەرنى، بىرقانچە قېتىملاپ قاماقلىش، تۈرمىگە تاشلىنىشقا ئوخشاش خەتەرلىك قىسمەتلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئوقۇش ھاياتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى دىنى ئىشلار باشقارمىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزھەر قارمىقىدىكى ئىسلام دىنىي ئىدارىسىدە ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىنكى يىللىرى قاتاردىكى بىر دىنىي ئىنستىتۇتقا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇ يەردە مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. ئۇندىن كېيىن يېقىنقى بىر مەزگىلگىچە بولسا، قاتار دۆلەتلىك شەرىئەت ۋە ئىسلام تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ باش مۇدىرلىقىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئۇ ھازىرقى پەيتتە ئۆزى قول سېلىپ قۇرغان سۈننەت ۋە سىرەت (پەيغەمبەر ئىش ـ ئىزلىرى) ئۆگىنىش مەركىزىنىڭ باش مۇدىرى، ياۋروپا ئىسلام دىنى پەتۋا ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دۇنيا

ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، قاتار پايتەختى دەۋھەدىكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جامەسىنىڭ خەتىبى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن دىنىي، مەدەنىي، ئىلمىي ساھەلەردە رەھبەرلىك، تەشكىلاتچىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

ئۇ، ئىسلام دۇنياسىدىكى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىك ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ، مۇھاكىمە ئىقتىدارىغا تولىمۇ باي ۋە ھازىر جاۋاب، ئويچىل، پىشقان بىر ئالىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىگە خاس ئۆتكۈر نەزىرى ھەمدە كەڭ دائىرىلىك بىلىم جۇغلانمىسى بىلەن تۈرلۈك ئىسلام سورالغۇ (مەسىلە) لىرى بويىچە ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى زامان ئىسلام ئىدېئولوگىيە سېپى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پىكىر ۋە ئاڭ بايلىقى يارىتىپ بەردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقلىق پىكىرلىرى، پىرىنسىپال مەيدانى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلام تەتقىقاتى ساھەسىدە بەلگىلىك يۈكسىلىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىش قىيىن بولغان تۈرلۈك لېكسىيە، ماقالىلىرىدىن سىرت يازغان يىرىك ئەسەرلىرىلا 150 پارچىغا يېتىدۇ. ئۇ، ئىسلام دۇنياسى ۋە خەلقئارادا زور نوپۇز، ئابرۇيغا ئىگە. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى ئون نەچچە قېتىملاپ قايتا نەشىر قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە باشقا مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ھەققىدە توختالغانلار ئۇنى كەم تېپىلىدىغان ئىسلام مۇتەپەككۇرى دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ تۈركۈم ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئالىمغا خاس ئىنچىكىلىك، ئەدىبلەرگە خاس يارقىنلىق، تەشۋىقاتچىغا خاس قىزغىنلىق، مۇتەپەككۇرلارغا خاس تىرەنلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ فىقھى، پەتۋا ھەمدە ئىجتىھات ئەمەلىيىتىدە سولچىللىق، ئوڭچىللىق خاھىشىدىن بىردەك خالى بولۇپ، ھەممىدە ئوتتۇراھال يول تۇتقان. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىلمىي ئەمگىكىدە ئەنئەنىۋىلىك بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، بېيىتىش، مەنبەشۇناسلىق بىلەن ئەمەلىيەتچانلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ نۇرغۇن چىگىش ۋە قىيىن بولغان ئىسلام سورالغۇلىرىنى يېڭىچە تۇرغۇ (نۇقتا) دىن ئىزاھلاپ شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ھازىرقى زامان سورالغۇلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ ئالالىغان ھەمدە بۇ ساھەدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ بىر پىشقان ئىسلام قانۇنشۇناسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاللايدىغان ئىسلام سورالغۇلىرى توغرۇلۇق لايىقىدا جاۋاب بېرىپ شەرق ۋە غەربتىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئارا نوپۇزلۇق قانۇنشۇناس بولۇپ  تونۇلدى. ئۇنىڭ مول مەزمۇنلۇق شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ئەرەب ۋە قوشنا ئەل ئوقۇرمەنلىرى سۆيۈپ ئوقۇشماقتا.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلام ئالىمى ۋە ئەدىبىگە خاس پائالىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپ ھەرقايسى چوڭ - كىچىك ئەل - خەلقلەرنى ئارىلاپ چىقىپ، ئۇلار ئىچىدىكى ھەر خىل ئىسلامىي ئېقىم، گورۇھلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ چىققان.

ئۇ، ئىسلام دۇنياسى ۋە خەلقئارادىكى كۆپلىگەن بىلىم يۇرتلىرىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان.

ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك، جاپالىق خىزمىتى ۋە قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بارا - بارا ئىسلام ئەللىرىدىكى ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەر، تەشكىلاتلارنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىغاچ، ئۇ پات - پات مول مىقدارلىق ماددىي مۇكاپاتلار، تەقدىرلەشلەرگىمۇ سازاۋەر بولۇپ تۇرغان.

ئۇلۇغ پەرۋەردىگار قەرەداۋىي ھەزرەتلىرىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىسلام خىزمىتى ۋە مۇسۇلمانلار غېمى بىلەن ئۆتكەن شانلىق ئۆمرىنى تېخىمۇ ئۇزۇن قىلغاي، ئۇنى ئىسلام خىزمىتىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈرۈپ، بۇ دۇنيالىق ئىززەت ۋە ئاخىرەتلىك شەرەپلەرگە سازاۋەر قىلغاي، ئامىن!

ئەسەر تەرجىمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا ئايرىم سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىنى بېرىشتە ئۆز تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى بېيىتىش مەجبۇرىيىتى ئاستىدا مىللىي تىل نورمىلىرىنى جانلىق قوللىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا، شۇنداقلا تىلىمىزنىڭ سۆزلۈك زاپىسىدا بولسىمۇ ئەمەلدە ياخشى ۋە كەڭ قوللىنىلمايۋاتقان ئايرىم سۆزلەرنى ئورنى كەلگەندە دادىل ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى، بۇمۇ ئانا تىلىمىزنى بېيىتىش ۋە ئېچىش يولىدىكى خالىس ئۇرۇنۇش بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئەسەرنى كەڭ قېرىنداشلارنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمان بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىگە قارىتا پارلاق بىر تەپەككۇر كەڭلىكىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئۇلارغا يېقىندىن ئىلھام، ئوزۇق بېرىدىغان مەنىۋى ئۇلپىتىگە ئايلاندۇرىدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

—— خالىس ھەق قۇلى

## مۇقەددىمە

بارلىق مەدھىيە بىر ئاللاھقىلا تېگىشلىكتۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە يېقىنلىرىغا، ساھابىلىرىگە ھەمدە ئۇنىڭ توغرا يولىغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى يەتكەي، ئامىن.

«ئىمان» بولسا ھېچقاچان دىققەت سىرتىدا قالدۇرۇشقا ياكى سەل قاراپ، ئۇنتۇپ قېلىشقا بولىدىغان، رىئاللىقتىن سىرت تۇرىدىغان ئاددىي مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ بۈگۈنى ۋە كېلىچىكىگە، شۇنداقلا ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ زور «ئاقىۋەت» مەسىلىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۇ توغرىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ «ئىمان» ماھىيىتىگە قارىتا ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىشى ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيەتتۇر.

بۇرۇندىن تارتىپلا كۆپلىگەن ئەقىل، بىلىم ئىگىلىرى بۇ ساھەدە تىنىمسىز تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ھەرخىل يوللار ئارقىلىق پەرۋەردىگار — ئاللاھنى تونۇپ يېتىشتى. بۇ خىل تونۇشقا كەلگۈچە ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئاللاھ قۇرئاندا كەرىمدە ئېيتقان: «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دىنىغا ئەگەشكىنكى، پەرۋەردىگار ئىنسانىنى ئاشۇ دىن بىلەن ياراتقان.»[1] دېگەندىكى فىترەت — تۇغما دىنىي ئاڭنىڭ ئۈندىشىگە تايانغان بولسا، يەنە بىرلىرى رېئال دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇدلۇقى چوقۇم بىر تۈرتكە بىلەن بولىدۇ، بارلىق ھەرىكەت ياكى ھادىسىلەردە بىر سەۋەبچى كۈچ بار، ھەر بىر تۈزۈلمىنىڭ كەينىدە ئۇنى تۈزۈپ چىققان بىر

[1] رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

تۈزگۈچى بولىدۇ، دېگەننى ئاساس قىلغان «سەۋەب ـ نەتىجە» پرىنسىپىغا تايانىدى. بۇمۇ ھەر قاچان قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت ئىدى. يەنە ئۇلاردىن بىر تۈرلۈك كىشىلەر بولسا، بۇ مەسىلىنى ماتىماتىكىلىق (يەنى شەخس ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلسا، بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭغا پايدىلىق بولىدىغان، ئىشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ نەرسە يوققا چىقمايدىغان) مەسىلە سۈپىتىدە دە ـ تالاش قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا تىرىكلىكتە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانغا ئىگە بولالايدىغان بىردىنبىر ئىشىنىڭ ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، جازا ـ مۇكاپات كۈنى ـ قىيامەتكە ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتى. مانا مۇشۇنداق جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ داڭلىق شائىر ئەبۇلئەلا ئەلمەئەررىي مۇنداق دېگەن ئىدى:

دوختۇر ۋە مۇنەججىم شۇنداق دېيىشەر:
ئۆلگەنلەر تىرىلمەس، چىرىپ تۈگىشەر.
مەن دېدىم: ئىش شۇنداق بولسىغۇ بولدى،
بولمىسا، بولدۇڭلار زىيانغا كېتەر.

ئىمان ئۆزىنىڭ رەت قىلىپ بولماس ھەقىقىتى ۋە ئۇلۇغۋار ئەھمىيىتى بىلەن ئىلىم ـ پەن تارىخىنىڭ نۇرلۇق چولپانلىرى ھېسابلىنىدىغان بىر تالاي شەخسلەرنىڭمۇ دىققەت مەركىزىدە تۇرغان ئىدى. مەسىلەن، ئۇلاردىن فرانسىيىلىك داڭلىق ماتىماتىك، فىزىكا ئالىمى، ئەدىب پاسكال مۇنداق دەيدۇ: «سىز ئاللاھنى بار دېمەكچىمۇ؟ ياكى يوق دېمەكچىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ ئەقلىڭىز بۇ خىل تاللاشتىن پۈتۈنلەي ئاجىز كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ سىز بۇ ئىككى قاراشتىن بىرنى تاللايسىز. بۇ تاللىۋېلىش

خۇددى سىز بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بىر قېتىملىق قارغا ئېتىش ئويۇنى دېمەكتۇر. ئۇنىڭدا ھەر ئىككىڭلار ئۆز ئوقۇڭلارنى ئاتىسىلەر. ئىككى خىل ئوقنىڭ چوقۇم بىرى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. گەپ سىزنىڭ غالىب چىقىدىغان ئوقنى تاللىيالىشىڭىزدا. ئەگەر سىز بارلىقىڭىزنى بىرىنچى ئوق (يەنى ئاللاھنىڭ بارلىقى) ئۈچۈن ياكى ئىمان ئۈچۈن تىكىۋەتسىڭىز ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا ماددىي پاراۋانلىق ۋە روھىي ئىشەنچ جەھەتتە تەڭلا ئۇتۇپ چىقسىڭىز، بۇ چاغدا سىز مەڭگۈلۈك بەختنى قولغا كەلتۈرگەن بولىسىز. ئەگەر سىز ئۇتتۇرۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ (يەنى پانىي دۇنيادا بەخت ـ سائادەت كۆرەلمىگىنىڭىزدە) سىز يەنىلا ئەڭ مۇھىم نەرسىڭىزنى يوقاتمىغان بولىسىز. چۈنكى سىزنىڭ ھەقىقىي تارتىشقۇدەك نەرسىڭىز ئاخىرەتتە. گەرچە، سىز بۇ يەردە ئۇتتۇرۇۋەتكەن شۇ نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە چوقۇم قولغا كېلىدىغان ۋە قولغا كېلىش ئېھتىمالى بار ھەممە قولغا كېلىشىمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن نەرسىلەر بولسىمۇ، بەرىبىر يەنە يوقىلىدىغان، ئۆتكۈنچى نەرسىلەردۇر».

ئەمدى بىز يۇقىرىقىلارغا مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتىمىز: ئىسلام دىنى بويىچە ياشاۋاتقان، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىۋاتقان كىشىلەر بۇ دۇنيالىقنى ئويلىمايدىغان، بارلىقىنى پەقەت ئۇ دۇنيا ئۈچۈنلا ئاتىۋەتكەن كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆز ئىمانى بىلەن ئىككىلا دۇنيادا بەخت تېپىشنى، پايدا ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. بۈيۈك ئاللاھ شۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (قىلغان ئەمەلي بىلەن) دۇنيانىڭ نېمىتىنى تىلەيدىكەن، (ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىنكى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.»[1]

[1] نىسا سۈرىسى 134- ئايەت.

«ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادىمۇ مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.»[1] دېمەك، ئىمان بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرغانلار مەيلى دۇنيادا ۋە ياكى ئاخىرەتتە بولمىسۇن شان ـ شەرەپ ۋە ئۇتۇقنى ياقىلاپ ماڭغۇچىلاردۇر.

دىن بەلگىلىگەن ئىبادەتلەر كىشى كۆڭلىنى پاكلاپ، روھنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. مۇسۇلمان بۇ ئىبادەتلەر بىلەن ياخشىلىق تېپىش ئۈچۈن بولۇشچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. دىن چەكلىگەن بىر قاتار چەكلىمە ـ ھارام ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، روھىي، ئىقتىسادىي، يۈز ـ ئابرۇي، ئەۋلاد جەھەتلەردىن زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دىن ھەرقانداق بىر ئىشنى چەكلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولغان پايدىلىق بىر ئىشنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. مۇسۇلمان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇ چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن ھېچقانداق زىيان تارتمايلا قالماستىن، بەلكى ھەقىقەتنى ياقلاشتا چىڭ تۇرۇش، كۆڭۈل ئىستەكلىرىگە بېرىلمەسلىك، كۆڭۈل تىنچلىقى ۋە ھايات ئارامچىلىقىغا ئېرىشىشتەك زور پايدىلارنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسا، كىشىلەر مەنپەئەت ئارقىسىدىن جان ـ جەھلى بىلەن چاپىدىغان، قايسى ئىشتا مەنپەئەت بولۇپ قالسا، توغرا ـ خاتالىقىنى ئايرىماستىن ئۇنى ھەقىقەت بىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. ھەتتا شۇنداق بىر ئىنسانلار چىقىشتىكى ئۇلار «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەنپەئەت. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھەقىقەت ياكى سەپسەتە بولۇشى ئۇنىڭ ئەسقاتقان ـ ئەسقاتمىغانلىقى، رېئال ھاياتقا

[1] نەھل سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

قانچىلىك ۋە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە باغلىق، چىنلىق دىگەن ئۇچۇرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كونكرېت شارائىتتا ماس كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىدۇر، قانداق نەرسە بىزنىڭ مەقسىتىمىزگە خىزمەت قىلىدىكەن، ئۇ ياخشىلىق، توغرىلىق، ھەققانىيەتتۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ يالغان، ساختا نەرسە بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، سۆزلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئۇلارنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشىگە باغلىق» دەپ چۇقان سېلىشتى. مانا بۇ، غەرب بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىملىرىنىڭ بىرى بولغان پىراگماتىزم (سۇئىستېمالچىلىق ـ يامان جورۇمچىلىق) ئېقىمىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئىدى. بۇ خىلدىكى قاراشلارنى ۋىلىيام جامىس شۇ ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ «ئېتىقاد ئىرادىسى»، «ئەقىل ۋە دىن» دىگەن ئەسەرلىرىدە بولۇشىچە تەرغىب قىلدى. بىز بۇنداق «ئىزم» لارغا ئېرەن قىلىپ كەتمەيمىز. گەرچە، بىز بۇ خىل نوقۇل مەنپەئەتچىلىك قارىشىغا تەلتۆكۈس قوشۇلمىغاندىمۇ شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئادەملەرگە ئەڭ مەنپەئەتلىك نەرسە ھەقىقەت، ئەڭ زىيانلىق نەرسە بولسا سەپسەتىدۇر. قۇرئان كەرىممۇ ھەقىقەتنى ئېقىن سۇ ۋە مەنپەئەتلىك مىنىرالغا، سەپسەتىنى بولسا جىلغىلارنى توشتۇرۇپ ئاققان كەلكۈن سۈيىنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان كۆپۈككە ياكى زىبۇ ـ زىنىنەت بۇيۇملىرىنى ياساش ئۈچۈن ئوتتا قىزىتىلغان مىتاللىنىڭ يۈزىگە كۆپۈپ چىققان كۆپۈندىگە ئوخشىتىدۇ. ئاللاھ بۇ ئوخشىتىش ئارقىسىدىن شۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ. كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ. ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قىلىپ قالىدۇ. ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.» (رەئد

سۈرىسى 17 ـ ئايەت.) زېمىندا قالدىغان ئۇ نەرسە ھەقتۇر. قۇرئان ئۇنى «ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە» دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ماددىي، مەنىۋى، تەن ساپاسى، ئەقلىي، روھىي تەرەپلەردىن مەنپەئەت بېرىش بىلەن بىرگە شەخس، كوللېكتىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەت بىرىچە ئورتاق مەنپەئەت بېرىدۇ. بىز بۇنىڭلىق بىلەن بارلىق ئىشتا مەنپەئەتنى چىقىش قىلىشتا ماتېرىيالىستلار بىلەن ئوخششىپ كەتسەكمۇ بىراق مەنپەئەتنىڭ ئۆلچىمى، تۈرى ۋە چېكىنى بەلگىلەشتە ئۇلارغا ئوخشمايمىز. بىز مەنپەئەتنى سان ـ سۈپەت بىرىچىلا ئۆلچىمەيمىز. ھەمدە شەخسىي مەنپەئەتنىلا چىقىش قىلمايمىز، بەلكى سان، سۈپەت، ماددا، روھ، شەخس ۋە كوللىكتىپنى ئورتاق ھالدا ھېسابقا ئالىمىز.

ھەممىدىن مۇھىمى بىز مەنپەئەتنى كېچىۋاتقان مۇشۇ ھاياتلىقتىلا چەكلەپ قويمايمىز. بەلكى بىز ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان يەنە بىر ھاياتلىقتىكى مەنپەئەتنىمۇ ئۆز نىشانىمىز قىلىمىز.

كىتابىمىزنىڭ يېزىلىشىدىكى تۈپ غەرەزنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن يۇقىرىقىلارنى كىرىش سۆز قىلىشقا توغرا كەلدى. بىز بۇ كىتابىمىزدا دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا كۆرسىتىدىغان مول مەزمۇنلۇق تەسىرىنى ئاز ـ تولا يورۇتۇپ بېرىشنى ئويلىدۇق. ھەرقايسى بايانلارنى دىنىنىڭ غول قىسمى ھېسابلىنىدىغان ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىشىنىش، ئاخىرەت ھەم ئۇنىڭدىكى ھېساب بېرىشلەرگە، جازا ـ مۇكاپات، ئازاب قاتارلىقلارغا ئىشىنىش دائىرىسىدە بېرىپ ئۆتتۇق.

بىز يەنە بۇ كىتاب ئارقىلىق خۇددى ماركسىزمچىلار ئېيتقان «دىن خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن»، «دىن ھاياتلىقنىڭ تۇسالغۇسى» دېگەندەك ئاينىغان سەپسەتىلەرنى بىر ـ بىرلەپ فاش قىلماقچى بولدۇق.

بىز ئەنە شۇلاردىن بۇرۇن بۇ كىرىش سۆزىمىزدە شۇنى ئېيتماقچىمىز: بىز ناۋادا ھەممىلا ئىشتا مەنپەئەت تېگىشنى باش تۇتقا قىلىۋالساق، نەتىجىدە ھەرقانداق بىر پىكىر ـ كۆز قاراشنى پەقەت پايدىنى ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتنى دەپلا قوللايدىغانلارنىڭ سۆزىگە كىرسەك، ئۇ چاغدا بىزنىڭ دىنىمىز ئۆتۈپ كەتكەن قاتتىق قول ۋە شەرتى ئېغىر بىر نەرسە بولۇپ قالامدۇ؟

ھالبۇكى دىن ھازىردىن كەلگۈسىگە، بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سوزۇلغان، ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئۆتكۈنچى مەنپەئەتكە باغلىنىپ قالمايدىغان مۇكەممەل ھايات يولىدۇر. بىز ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشىگە نەزەر سالغىنىمىزدا دىنىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئايرىلماس زۆرۈرىيەت بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى شۇ يەردىكى، شەخس ئۇنىڭ بىلەن تىنچ، ئاراملىق تاپىدۇ، بەخت قۇچىدۇ، ئۆز روھىيىتىنى پاكلايدۇ. جەمئىيەت بولسا ئۇنىڭ بىلەن مۇقىملىق تاپىدۇ. ئىتتىپاقلىق، يۈكسىلىش، تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. دىن تۇتمىغان، ئىمانى بولمىغان ئادەم خۇددى شامالدا قالغان، بىر خىل تۇرالمايدىغان، يۆنىلىشى يوق، ئورۇن تۇتالمايدىغان بىر تال پەيگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئىنساننىڭ ھېچ قانداق قىممىتى ۋە تۇتامى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ھاياتلىق كىيىمىنى كىمنىڭ، نېمە ئۈچۈن كىيگۈزگەنلىكىنى، ئاز كۈندىن كېيىن يەنە نېمە ئۈچۈن سالدۇرىۋالىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تۇراقسىزلىق، ئىچ پۇشۇقلۇق، ھاڭۋاقتىلىق بىلەن پۈتكەن بولىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، دىنسىز ۋە ئىمانسىز ئادەم نە قانۇن ۋە مەدەنىيەت يەككە ھالدا ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىنى چەكلىيەلمەيدىغان، ئىرناقلىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلىيالمايدىغان ۋەھشىي يىرتقۇچتۇر. دىن

بولمىغان جەمئىيەت بەئەينى بىر ياۋايىلار جەمئىيىتىدۇر. ئۇنىڭدا مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات چاقماقلىرى ھەرقانچە كۆپ چېقىپ كەتمىسۇن، بەرىبىر ئۇنداق جەمئىيەتتىكى ھاياتلىق ۋە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئىمتىيازى ياۋۇز ۋە زوراۋان كۈچلەرگىلا مەنسۇپ بولىدۇ. ياخشىلارغا، تەقۋادارلارغا بولسا ئېزىلىش ۋە خورلىنىشتىن باشقا ئىش يوق. ئۇنداق جەمئىيەتتە پاراۋانلىق ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىمكانلىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا بەختسىزلىك، تەڭسىزلىك ۋە كۈلپەت يامرىغان، شاللاقلىق، چاكىنىلىق قاپلىغان جەمئىيەتتۇر. چۈنكى بۇنداق جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئەس ـ يادى ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى قورساق تويغۇزۇش ۋە جىنسىي ئىستەكنى قاندۇرۇش دېگەنلەردىن يىراققا بارمايدۇ. ئۇلار خۇددى: «كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھار پايلاردەك يەپ ئىچىدۇ.»[1] دېگەندەك ياشايدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ھەرقانچە تەرەققىي قىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەرگە بەخت ۋە خاتىرجەملىك بېرىشكە قادىر ئەمەس. چۈنكى پەن ـ تېخنىكا ھاياتلىقنىڭ ماددىي تەرىپىنىلا تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. يىراق مۇساپىلەرنى قىسقارتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ بۇ ئەسرىمىز «ئۇچۇر دەۋرى» ياكى «ئارىلىق چەكلىمىسىنى يېڭىش دەۋرى» دەپ ئاتالماقتا. تېخى ھېچكىم ئۇنى «پەزىلەت» ياكى«تىنچلىق» ۋە ياكى ئىنسانىيەتنىڭ «بەخت ئەسرى» دەپ ئاتاپ باققىنى يوق ۋە ئۇنداقمۇ ئاتىيالمايدۇ. دېمىسىمۇ پەن ـ تېخنىكا ئىنسانىيەتكە كۆپلىگەن تۇرمۇش قولايلىقلىرىنى يارىتىپ بەردى. لېكىن ئۇلارنى ئاشۇ قولاي تۇرمۇشنىڭ نىشانى بولۇشقا

[1] مۇھەممەد سۈرىسى 12- ئايەت.

تېگىشلىك غايىگە يېتەكلىيەلمىدى. ئۇ ھاياتلىقنى تاشقى تەرەپتىن بىزىدى ــ يۇ ئىنسانىنى ھاياتنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا يەتكۈزەلمىدى. ھاياتنىڭ ۋاسىتىلىرىگە بېرىلىپ، غايە ــ نىشانلاردىن مەھرۇم قالغان، ئۇنىڭ تېيىز ۋە شاكال قىسمى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، تۆپ نىگىزىغا يېتەلمىگەن ئىنساندىنمۇ بەختسىز ئىنسان بارمۇ؟

يەن ــ تېخنىكا ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان قولايلىقلار قانچىلىك ۋە قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياشاپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكە ئەرزىگۈدەك بىرەر بۈيۈك «قىممەت» ياكى ئالىي غايىنى بېرىشكە قادىر بولالمىدى ھەم قادىرمۇ بولالمايتتى. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى بېرىش قانداقتۇر ئىلىم ــ پەننىڭ ئەمەس، بەلكى دىننىڭ ئىشى ئىدى.

بىز خۇداغا ئىشەنمەيدىغان نۇرغۇن مۇتەپەككۇر ــ پەيلاسوپلارنى كۆرگەن. لېكىن ئۇلار ھەرھالدا خۇداغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشىنەتتى. يەنى ئۇلار ئىماننىڭ بىر يېتەكچى ۋە باشلامچى شۇنداقلا قوزغاتقۇچى، ئۇرغۇتقۇچى، قۇرغۇچى ۋە ياراتقۇچى كۈچ بولۇشتىكى رولىغا ئىشىنەتتى. ئۇلار ئىماننىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە كۆز يۇمالمىغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى: ئەگەر ئىلاھ مەۋجۇد بولمىغاندىمۇ بىز ئۇنى ياساپ چىقىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا كىشىلەر ياساپ چىقىلغان بۇ ئىلاھقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، سوت ــ سورىقىدىن قورقۇپ، يامان ئىشلاردىن يىراقلىشىدۇ، ئەخلاق ــ ئىستىلىنى ياخشىلايدۇ، دېسە، يەنە بەزىلىرى شۇنداق دېيىشتى: ئاللاھنىڭ بارلىقىدىن نېمىشقا گۇمانلىنىسىلەر؟ ئەگەر ئاللاھ بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلغان، خىزمەتچىم مېنىڭ نەرسىلىرىمنى

ئوغرىلىنىۋالغان بولاتتى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى تەن ئېلىشتىكى چاكىنا پىرىنسىپى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى بارلىق قاراشلىرىغا قوشۇلمايمىز. بىزنىڭچە ھەقىقەت نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا شەرتسىز ئەگەشمەك كېرەك. ناھەقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئىنكار قىلىنىشى، نېرى تاشلىنىشى كېرەك. لېكىن دىن ۋە ئىمانىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان يۇقىرىقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىپ تۇرۇۋاتقىنى گەرچە ئۆزى ئىمانىنىڭ رەقىبى بولسىمۇ ھەرقانداق ئىشقا ئادىل پوزىتسىيە قوللىنالايدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى رولىنى ئىنكار قىلالمايدىغانلىقىدۇر.

ھەقىقەت پەقەت ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەگەر پايدا ئېلىپ كېلىپ زىياننى چىكىندۈرەلمىسىمۇ ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. ھەقىقەت كەينىدىن توساتتىن ياخشى نەتىجىلەر ۋە كاتتا مەنپەئەتلەر كەلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە ئالەم ـ بارلىقنى باشقۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇشتا يالغۇزلۇقى، شۇنداقلا ئىبادەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇلار ئۇچۇر بەرگەن ئاخىرەت ھاياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ھەقىقەت ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ راست ئىكەنلىكىگە پاكىت تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىشىنىش كەسكىن زۆرۈرىيەت ۋە مەجبۇرىيەت. ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپتىن ياخشىلىنىش، شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى مانا بۇ ئىشلارغا زىچ باغلىنىشلىق. بىز ئىمانىنىڭ نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزلۈك، ھاياتلىقتىكى تەسىرى ھەققىدە توختالغان چېغىمىزدا بىزنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز تولىمۇ كۈچلۈك ۋە جۇشقۇن ئىماندۇر. ئۇنىڭ

كۆچلۈك ۋە جۇشقۇنلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ چېكىگە يەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ نۇرىدىن دىللار يورۇپ كېتىدۇ. ئۇ كۆڭلىنىڭ تىرەن قاتلاملىرىغا يول سالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىگىسىگە بېرىدىغىنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىشەنچ. ئۇ ئىگىسىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتقۇچى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ غەيرەت ئوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى. لېكىن بۇنداق تىپىك ئىمانغا ئىگە بولغانلارنىڭ خىللا ئاز بولۇشى بىزنى ئەنسىرىتىپ قويالمايدۇ. ئىنسانىيەت ئەقىل پۈتۈنلۈكى بىلەن ئۆز ئورنىنى تاپقانسېرى بۇ خىل ئىمان بۇلىقىدىن سۇ ئىچەلەيدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ.

بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇنازىرىمىز ماتېرىيالىست دىنسىزلار بىلەن بولۇپ ئۆتىدۇ. ئۇلار ئۆزلۈكسىز تۈردە ئىمان ۋە دىنىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە گۇمانىي قاراشلاردا بولۇۋاتقان ئىكەن، بىز ئۇلارغا ئۇلار قارشى تۇرۇۋاتقان، زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان دىنىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنىڭ چوڭقۇرلاپ، ئاڭلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بارىدىغانلىقىنى، شەخس ۋە كوللېكتىپلارنىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭ پارلاق تەسىرىنىڭ تېخىمۇ ئاۋۇپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى. ئادەتتە نوقۇل بىر دىنغا ئىشىنىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا ياخشى تەرەپلىرى بولسىمۇ ئىسلام دىنىغا تالىق بولغان ئىمان ئومۇمەن ھالدا ئەھمىيىتى پەۋقۇلئاددە زور ۋە ئۈنۈمى مول بولغان ئىماندۇر. ئۆزگە دىنلاردىكى ئىمان (بۇ يەردىكى ئىمان ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئائىت ئىشىنىش يوسۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ) خۇددى كارىل ماركس ناملىق يەھۇدىي ئېيتقان «ھايات توسالغۇسى» ياكى «خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۈن» دېگەن باھالارغا لايىق ھالدا تۈرلۈك مۆجمەل، ساختا مەزمۇنلار بىلەن تولۇپ تاشقاندىن سىرت، ئۇلاردا كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىدىن باشقا

دىنلاردىن كۆچۈرۈپ كېلىنىش ياكى ئۆز دەۋرىدىكى دىن ئەربابلىرى ـ روھانىيلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۇتقا قىلىشىلىشتەك ئەھۋاللار ساقلانغان. ھالبۇكى شۇ خىل ئەمەلىيەتكە قارىماي، تالايلىغان تۈتى قۇشلار ماركسىنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇندىكى دىنغا ئائىت بايانلىرىنى بىرمۇ ـ بىر ئۆگىنىشلىپ ھېچ بىر ئايرىپ ۋە كۆزىتىپ باقماستىن قانداقلا دىن بولسا ئۇنىڭغا چاپاندەك تەگمەكتە. خۇددى ئاغزى بېسىقماس، مەدداھلاردەك زېرىكمەي ۋالاقشىماقتا. ھالبۇكى بۇ يەردىكى دىن ئۇ يەردىكى دىن ئەمەس ۋە بۇ يەردىكى جەمئىيەتمۇ ئۇ يەردىكى جەمئىيەت ئەمەس ئىدى.

ھەرقانداق دەۋر ۋە مەيلى ھەرقانداق جەمئىيەتتە ھەرقانداق شەخس ياكى گۇرۇھ ھېسسىيات ۋە غەيرىي ئىنسانىي تۇيغۇلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئەزەلدىن ئىنسانىيەت بىلەن ئاجرالماس رىشتە ئورناتقان ۋە تەبىئىي ئېھتىياجغا ئايلانغان شەيئىلەرگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسى ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئىنسانلارنىڭ نەپرىتىگە قىلىشتىن باشقىچە بولمايدۇ.

ھەرقانداق قۇلۇپنىڭ ئۆز ئاچقۇچى بولىدۇ. ئەكسىچە باشقا ئاچقۇچ بىلەن ئۇنى ئاچىمەن دېيىش ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىنسان روھىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بىرلا، ئۇ بولسىمۇ دىن ۋە ئىمان، ئۇ ئۇلۇغ ئىسلام ئىدىيىسىدۇر. بىز ئۇنىڭسىز ھالدا ھېچقانداق قىلىپ كىشىلەرنى پاكلاندۇرۇش ۋە ئۇلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى نامايان قىلىش مەقسىتىگە تولۇق يېتەلمەيمىز. باشقىچە ئۇرۇنۇشلارنىڭ بەرى سۇ ئۈستىگە ئۆي قۇرۇش ياكى ھاۋاغا خەت يېزىش مىسالى نەتىجە بەرمەيدۇ.

ئىسلام دىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەبلەر ئۆز ئانا ماكانىدىن سىرتقا كېڭىيىپ، دۇنيانى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقالىدى. ئىسلام دىنى بىلەن ئۇلار ئۆز قىلىچلىرى ئارقىلىق مەن ـ مەن دېگەن ھۆكۈمدار ـ ئىمپېراتورلارنى جازالىيالىدى.

ئۇلار كىشلەرنى ئەنە شۇ ئىسلام ئىدىيىسى بىلەن مەخلۇققا قۇلچىلىق قىلىشتىن ياراتقۇچىغا قۇلچىلىق قىلىشقا قايتۇردى. كىشىلەرنى دۇنيا تارچىلىقىدىن ئاخىرەت كەڭرىچىلىكىگە، ساختا دىنلار ۋە تەڭسىزلىك جەبىر ـ جاپاسىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقاردى. ئەرەب خەلقى ئۆزىنىڭ ياۋروپالىق دۈشمەنلىرى ئۈستىدىنمۇ ئەنە شۇ ئىسلامغا تايىنىپ غەلىبە قىلدى.

ئەينى چاغدا ئەھلى سەلىبىنىڭ توققۇز قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىدا ئىسلامدەك بىر يېقىلماس تىرەك ئەرەب مۇسۇلمانلىرىغا يار ـ يۆلەك بولمىغان بولسا ئىدى، ئەھلى سەلىبىنىڭ مۇسۇلمان شەرقىنى تەل ـ تۆكۈس بېسىۋېلىش قارا نىيىتى ئالقانىدىكى ئىش بولۇپ قالاتتى. كېيىنكى زامانلاردىمۇ كەڭ ئەرەب مۇسۇلمانلىرىغا ئىسلام ئىدىيىسى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇلار خۇددى ھەرقانداق نەرسىنىڭ يىنىدىن ئۆتسە ئۇنى «چىرىگەن سۆڭەكتەك تىتما ـ كاتاڭ قىلىۋېتىدىغان قارا بوران» (قۇرئان نەقلى) دەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن تاتار باسمىچىلىرى (موڭغۇل قوشۇنى) نىڭ شەرققە قاراتقان دەھشەتلىك ئىستىلاسىنىمۇ ئىسلام ئېتىقادى تۈرتكىسىدە ئارقىغا چېكىندۈردى. ئەگەر ئاللاھ شۇ چاغدىكى كەسكىن تارىخىي شارائىتتا مىسىر ۋە شام مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىن چىڭگىزخان ياۋۇز تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى «ئەينى جالۇت» دېگەن جايدا ئارقىغا سۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان

قورقماس باتۇرلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ ۋەھشىي تاجاۋۇزچىلار ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيىتى ۋە ھاياتلىق بايلىقىنى تەل ــ تۆكۈس ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا ئازلا قالغان ئىدى. مانا شۇ باتۇرلارنىڭ باشچىسى بولغان مەشھۇر سەركەردە، مەملۇكىيلەر خاندانلىقىنىڭ تۆتىنچى نۆۋەتلىك خانى مۇزەففەر سەيفۇددىن «قۇتىز»نىڭ «ئىسلامنى قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ياڭراق چاقىرىقى بىلەن سېزىملەر ئويغىنىپ، ئىرادىلەر قوزغىلىپ كەتتى. بۇ چاقىرىق جەڭچىلەرگە جەننەتنىڭ ئىللىق شامىلىنى ئېلىپ كەلگەندەك بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ دىنىغا جان پىدا قىلىشقا ئاتلاندۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە ئەرەب خەلقى ئۆز يولىنى توسۇپ ياتقان ۋە ئۆزىنىڭ مەركىزى زېمىنىنى بېسىۋالغان بىر ياۋۇز دۈشمەن بىلەن كۆرەش قىلماقتا. بۇ دۈشمەن بولسا، شەرق ۋە غەربتىكى كاپىر كۈچلەرنىڭ يېقىندىن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولغان ھالدا ئەرەب خەلقىنى بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىدە تۇرغان ئىسرائىلىيەدۇر. بىز بۇ دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەشتە ئىمانىمىزنى ئارتۇق ئەسقاتىدىغان ۋە ئۆتكۈر قورالنى تاپالمايمىز. ئەلۋەتتە بىز بۇ يەردە ئاللاھ بىزگە بۇيرۇغان بارلىق ھەربىي ھازىرلىق ۋە ماددىي كۈچنى تەييار قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن قورالنى پەقەت باتۇر ــ قورقماس ئادەملەرلا ئىشلىتەلەيدۇ. باتۇرلارنى پەقەت ئىمان يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر بۆلۈك ئادەملەر بارلىققا كېلىپ، غەربلىكلەر تەرىپىدىن بىزگە سىڭدۈرۈلگەن، ئاللاھ ۋە ئاخىرەتكە ھاياتلىقتىن ھېچقانداق ئورۇن قويمايدىغان، دىنىنى پەقەت زۆرۈر تېپىلغاندىلا دىندار ئامىنى گول قىلىش ياكى ئۆتكۈنچى غەرەزلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى قوزغاپ چىقىشقا ئىشلىتىدىغان قورال ياكى كوزىر قىلىش

ئۆچـۆنلا ئىتتـىراپ قىلىـدىغان يىڭـى ماتېرىيالىسـتىك پىكىـر ئېقىملىرىغـا ئالـدىنىپ يـۈرمەكتە. بۇگـۈن ئەنە شـۇ ئالدىنىشـنىڭ ئىپادىسـى سـۆپىتىدە، دىـــن ۋە ئىمـــان خەلقنـــى يىـــتەكلەش ۋە تەربىـــيەلەش ئورنىـــدىن يىراقلاشتۇرۇلدى. تەلىم ـ تەربىيە، مائارىـپ، مەدەنىـيەت، قـانۇن ـ تـۈزۈم، سىياسەت، تەشۋىقات ئىشلىرى دىندىن ئايرىۋېتىلدى.

بىزدىكــى ئىــدىيە، ئەمەلىــيەت، جەمئىــيەت، سىياســەت، هــاكىمىيەت ساهەلىرىنىڭ هەممىسى دېگۈدەك دىن تەسىرىدىن ئايرىلىـپ قالـدى. ئەگەر بار دېيىلسە، پەقەت بىر قىسىم قائىدە ـ يوسـۇن، رەسـىم ـ ئـادەت، شـەكىل ـ قىيـاپەتلەر، شـاكال تەركىـبلەردىن ئىبـارەت تـوقنى سـەمرىتەلمەيدىغان، ئاچنى توقلىيالمايدىغان نەرسىلەرلا قېلىپ قالدى.

1967 ـ يىلــى 5 ـ ئىيۇنــدا بىــز بىــلەن دۈشــمىنىمىز ئىســرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا پارتلىغان 3 ـ قېتىملىق ئوتتـۇرا شـەرق ئۇرۇشـىدا بىـزدە قـورال ۋە ئادەم كۆچى كۆپ بولسىمۇ، ئىماندىن ئىبارەت هەل قىلغۇچ كۈچنىـڭ ئـاز كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ شۇقەدەر سـەرخىل قـوراللىرىمىز، تانكـا ـ بىرونىۋىك، ئايروپىلانلىرىمىز، قۇدرەتلىك فىلـوتىمىز ۋە سـىنارەد بـازىلىرىمىز بىزنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالمىدى. چۈنكى بۇ قوراللارنى (گەرچە ئۇلار ئېغىـر تېپىتىكى زامانىۋى قوراللار بولسىمۇ) مۆمىن ئەركەكلەر باشقۇرمىغان ئىـدى. بۇ يەرگە كەلگەندە شائىر مۇتەنەببىينىڭ مۇنداق بىـر شـېئىرى ئىختىيارسـىز ئەسكە يېتىپ قالىدۇ:

ئېسىل ئات ۋە خىل قورال بىرەلمەس هېچ مەنپەئەت،

ئات ئۈستىدە بولمىسا ئاڭا لايىق ئەزىمەت.

مانا بـۇ ئـاچچىق هەقىقەتنـى ئېتىـراپ قىلىـش ئۈچـۈن بىـزدە بـاتۇرلۇق بولۇشى كېرەك. بىز بۇ هەقىقەتنى ياخشى تونـۇپ، بـۇ تـارىخ نەتىجىسـىدىن

ساۋاق ـ ئىبرەت ئېلىشىمىز ھەممىدە ھاياتىمىزنى ئىمان تەلەپلىرىگە ماس قۇرۇپ چىقىشىمىز، ئۆز ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. پەقەت شۇندىلا ئاللاھ بىزنىڭ ناچار ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ. ئۇنداق قىلمىغان چاغدا بىز خۇددى جۇۋازدىكى كالىغىلا ئوخشاپ قالىمىز. ئاللاھ بىزنى ئۇ ھالدىن ساقلىسۇن!

بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنى دىن ئاساسىدا قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى «ئىسرائىل» ۋە «سۇلايمان» شانۇ ـ شەۋكىتىنى چۆرىدىگەن دىني شېرىن خىياللار ۋە تەۋرات بېشارەتلىرى بىلەن جەڭگە چىقارماقتا. شۇنداق تۇرۇپ بىز قانداقسىگە ئىمانىنىڭ رولىغا كۆز يۇمۇپ، مۆمىنلەرنى جەڭ مەيدانىدىن چەتتە قالدۇرىمىز؟ بۇنىڭغا ئەمەس، تېخى ئۇلارنى باستۇرىمىز؟ ئىش شۇنداق تۇرۇپ، يەنە نومۇس قىلماستىن «غەلىبە باتۇرلارغا مەنسۇپ» دەيمىز. بىزنىڭ مۇسۇلمان خەلقىمىز ئەزەلدىن «غەلىبە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ»، «ئۇتتۇق تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېگەندىن باشقىنى بىلمەي كەلگەن.

بىز مۇنداق بىر ئىشقا دائىم سەگەك تۇرۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا دىن ۋە ئىمانغا قارشى ھەرقانداق بىر ئىش، ھەربىكەت بارلىققا كېلىدىكەن، ئۇ بىزنىڭ مەۋجۇدلۇق قۇرۇلمىمىزنى بۇزۇش، ھاياتلىق ئاساسىمىزنى ۋە تەرەققىيات يىلتىزىمىزنى يوقىتىشقا قارىتىلغان دۈشمەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

«بىز ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىلەرمىز»، مانا بۇ گەپ كەتمەيدىغان، ھەممىگە ئايدىڭ مەسىلە. مانا بۇ ئىشەنچ ـ ئىمان بولسا، بىزنىڭ كىملىك ئاساسىمىز، كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنىڭ كاپالىتى، قەدىر ـ قىممىتىمىزنىڭ ھامىيسى، ئۆتمۈش شان ـ شەۋكىتىمىزنىڭ تايانچى، بۈگۈنكى

يۈكسىلىشىمىزنىڭ تۈرتكىسى، ئەتىكى ئارزۇلىرىمىزنىڭ قاراشلىقى، بۇنى قوغداش، مۇستەھكەملەش، تارقىتىش، ھەربىر يازغۇچىنىڭ قەلىمى، ناتىقنىڭ تىلى، پەيلاسوپنىڭ تەپەككۇرى، شائىرنىڭ ۋىجدانى، رەسسامنىڭ موي قەلىمى، قانۇن چىقارغۇچىنىڭ پەرمانى، ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇشى، ئارمىيىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، خەلقنىڭ نازارىتى ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر.

ئۇنى ئاتا ئۆيدە، مۇئەللىم مەكتەپتە، پروفېسسور لېكسىيىسىدە، يازغۇچى ھېكايە، رومانلىرىدا، مۇخبىر خەۋەر، ئوچېركلىرىدا، ئىشقىلىپ ھەربىر ساھەنىڭ ئادىمى ئۇنى ئۆز ساھەسىدە قوغداپ مېڭىشى كېرەك.

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مەدەنىيەت، سەنئەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ قايسى بىرىدە ئىمانىنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى ئۇنى مەنسىتمەيدىغان غەرەزدە ھەرقانداق بىر يوچۇق ئېچىلىپ قالىدىكەن، بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۈچۈن قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەت، مىللىي پرىنسىپلارغا ئاپ ـ ئاشكارا قارشى چىققانلىق، مىللەتنىڭ سېپىدىن چىقىپ كېتىش ۋە مىللەت دۈشمەنلىرىگە دوست تارتىش، ئاقىۋەتتە باشقا ساھەلەرنىڭ مىللەتنى ساغلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىمان سۆزى كۆنسېرى ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبىگە ئىگە بولۇپ بارسا، كۇفرى سۆزى، ئىمانسىزلىق سەپسەتىلىرى بولسا، بارغانسېرى ئۆز قەدرىنى يوقىتىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ ئېيتقانلىرى راست ۋە چىندۇر:

«ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا

بولغان، شىخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ. يامان سۆز (كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچ قانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ.»[1]

ـ دوكتور يۇسۇف قەرداۋىي

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 24ـ، 26 ئايەتلەر.

# بىرىنچى بۆلۈم

# بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىمان

### بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىمان ھەققىدە چۈشەنچە

بىز نۆۋەتتە كۆزدە تۇتۇۋاتقان ۋە ئىنسان روھىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئېنىقلىماقچى بولۇۋاتقان بۇ ئىمان زادى قانداق نەرسە؟

بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب ئىماننىڭ مەزمۇن ـ ماھىيىتى ۋە بىر قىسىم ئالاقىدار چۈشەنچىلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقمىغۇچە تازا ئېنىق بولماي قالىدۇ.

بىز ئىماننىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىگە كەلسەك، ئىمان بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى «مەن مۆمىن»، دەپ بىلدۈرۈپ يا جاكارلاپ قويۇشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ھالبۇكى ئېغىزلىرىدا ئىشەندۇق دەپ قويۇپ، دىللىرىدا ئىشەنمەيدىغانلار مۇناپىقلاردۇر. «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ) ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.»[1] ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىمان بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى مۆمىنلەر ھەمىشە ئىجرا قىلىدىغان پائالىيەتلەر ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىپ قويۇشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ھالبۇكى كۆرۈنۈشتە ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان،

[1] بەقەرە سۈرىسى 8 ـ، 9 ئايەت.

ئىبادەت ئىشلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇندايدىغان، ئەمما قەلبىدە بولسا، شۇنىڭغا يارىشا ئىخلاس، سەممىيەت، ساداقەت بولمىغانلار دەل شۇنداق رىياخور كاززاپلاردۇر. «شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغاندا خوش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ. (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، ئاللاھنى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ.»[1]

ئىمان بىر ئىنساننىڭ ئىمان ماھىيەتلىرىنى ئەقىل ـ ئىدرىكى بىلەن تونۇپ قويۇشىلا ئەمەس. ھالبۇكى ئىماننىڭ ماھىيەتلىرىنى تونىغان ئەمما ئىمان ئېيتمىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. «ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.»[2] ئۇلار نېمىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئېنىق بىلىسمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى چوڭچىلىق ياكى ھەسەت ۋە ياكى دۇنيا ئىستەكلىرىدىن كېچەلمەسلىك ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە دادىل ھالدا يۈزلىنىشىگە يول قويمىغان. «بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى شۈبھىسىزكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.»[3]

---

[1] نىسا سۈرىسى 142ـ ئايەت.

[2] نەمل سۈرىسى 14ـ ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 146ـ ئايەت.

ماھىيەتتە، ئىمان پەقەت تىل ياكى بەدەن ھەرىكىتى ۋە ياكى زېھنىي مەشغۇلاتلا بولماستىن، بەلكى بۇ ئۈچىنىڭ بىرلەشمىسىدۇر.

ئىمان ئۆز ماھىيىتىدە قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك، ئىرادە، ۋىجدان قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىنى ئېگىلەپ ئالىدىغان روھىي پائالىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رېئاللىقنىڭ ئەمەلىي ماھىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان زېھنىي ئىدراك ياكى ئەقلىي ئىدراك دېمەكتۇر. بۇ خىل ئىدراك پەقەت ساغلام ئىلاھىي ۋەھىيگە تايانغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ۋە تولۇق بولىدۇ. ئىمان سەزگۈسى شەك ـ شۈبھە تەۋرىتەلمەيدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈر بولۇشى، قەتئىي ئىشىنىش، ھەقىقىي چىن پۈتۈشىنىڭ ئەك يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ بېرىشى لازىم. «ئەئرابىلار: ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق، دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمىلىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن (مۆمىنلەرنى) بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) بەكمۇ مېھرىباندۇر.»[1]

بۇ ھەقىقىي ئىشىنىشكە قەلبنىڭ بويسۇنۇشى، ئىرادە ئىتائەتكارلىقى ياندىشىپ كېلىشى كېرەك. بۇ خىل بويسۇنۇش ۋە ئىتائەتكارلىق ئۆزى مەمنۇن بولۇپ ئىشەنگەن زاتنىڭ ھۆكمىگە باش ئېگىش ۋە ئىتائەت قىلىشتا گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. «(ئى مۇھەممەد!)

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە قارىتا ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچىلىك غۇم قالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي ساڭا بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»[1]

«(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرغان چاغدا ئۇلار: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەرلا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[2] «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ بىر ئىشتا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.»[3]

بۇ ئىشىنىش ۋە بويسۇنۇشقا ئەقىدە تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش، ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئەخلاق ۋە تۇرمۇش يولىدىكى پىرىنسىپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەقىدە يولىدا جېنى، ئىسسىق قېنى، پۇلى، مېلى بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان روھىي قىزغىنلىق ۋە ساپ ۋىجدان بىرلىشىپ كېلىشى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەلەپتۇر. بىز قۇرئان

---

[1] نىسا سۈرىسى 65ـ ئايەت.
[2] نۇر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
[3] ئەھزاپ سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

كەرىمنىڭ مۆمىنلەرنى مۇنداق سۈپەتلىگەنلىكىنى كۆرىمىز: «پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار مۇكەممەل رەۋىشتە ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ.»[1] قۇرئان كەرىم ئىماننى دائىم ئۇلۇغۋار ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئېزگۈ پەزىلەتلەرگە باغلاشتۇرۇپ تىلغا ئالىدۇ. مۆمىنلەر دەل شۇ تەرەپتىكى خاسلىقى بىلەن كاپىر ۋە مۇناپىقلاردىن پەرقلىنىدۇ. «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى، (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشلاردىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر.»[2]

ئاللاھ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 15 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ. «(ئىنسانلارنى) دەستلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز) ئۇلار

[1] ئەنفال سۈرىسى 2 ـ، 4 ـ ئايەتلەر.
[2] مۆمىن سۈرىسى 1 ـ 5 ئايەت.

يېگىــدىن يارىتىلىشــقا (يەنــى قىيــامەتتە تىرىلدۈرۈشــكە) قارىتــا گۇمانىدىدۇر.»

ئىسلام قەھرىمانى، شېھىد، ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ «قۇرئان سايىسى ئاستىدا» ناملىق تەپسىر كىتابىدا بۇ ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئىمـان قەلبنىـڭ ئـاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى تەستىق قىلىشىدۇر. بـۇ تەسـتىق گۇمـان تەۋرىتىلمەيـدىغان، داۋالغـۇپ كەتمەيـدىغان، بـىرەر ھادىسـە تەسـىر كۆرسىتەلمەيدىغان، ھـوش ۋە تۇيغـۇ ئىككىلەنمەيـدىغان مۇستەھكەم تەستىق ـ چىن پۈتۈك بولۇشى، بۇ چىن پۈتۈكتىن ئـاللاھ يولىـدا پـۇل ـ مېلـى، ئىسسـىق قېنـى بىـلەن كـۈرەش قىلىـش ئىرادىسـى ئۇرغـۇپ چىقىشى لازىم. قەلب قاچانكى بۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ بېجىرىم ۋە مۇستەھكەم بولسا، بۇنداق قەلب ئىمان تەلەپلىرىنـى ئـۆز ئەتراپىـدا، كىشىلىك تۇرمۇشـتا، ئىنسـانلار ھاياتىـدا ۋۇجۇدقـا چىقىـرىش ئۈچـۈن مۇسـتەھكەم بىـر تـۈرتكىگە ئىـگە بولغـان بولىـدۇ. ئـۇ ئـۆز قېتىـدا سـىزىۋاتقان ئىماننىــڭ مــاھىيىتى بىــلەن تاشــقىرىدا ئــۆزىگە دۇچ كېلىۋاتقان ھايات يولۇقمىلىرى (ئادەم، شەيئى ۋە باشقىلار) ۋە كۆنلـۈك ئىشــلار ئارىســنى بىــرلىككە كەلتۈرۈشــكە ئىــرادە باغلايــدۇ. ئــۆز ھېسسىياتىدىكى ئىمانىي تەسـەۋۋۇر بىـلەن ئـۆز ئەتراپىـدىكى ئەمەلـى تۇرمۇش ئارىسنى ئايرىۋېتىشكە چىداپ تۇرالمايـدۇ. چـۈنكى بۇنـداق ئايرىپ تاشلاش ئۇنداق قەلبكە ئازار بېرىـپ ئـۇنى ھەر مىنـۇت بىئـارام قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مـال، ئىسسـىق قـان بىـلەن كۈرەش قىلىشقا بېرىلىش كەيپىياتى قەلبتىن قوزغىلىپ چىقىپ پۈتۈن تەن ئەزالىرىنــى ھەرىكەتلەندۈرىــدۇ. بــۇ قــوزغىلىش بىــلەن تەڭ

مۆمىننىڭ قەلبىدىكى ۋە كۆز ئالدىدىكى ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەر ۋە قورقۇنچ يىمىرىلىپ كېتىدۇ. بۇ، مۆمىننىڭ قەلب چوڭقۇرىدىن سەپەرۋەرلىككە كېلىشى بولۇپ، مۆمىن بۇنىڭ بىلەن ئۆز قەلبىدىكى نۇرانە ئىمانچىل ئارزۇسىنى ئىنسانلار ھاياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە بەل باغلايدۇ. مۆمىن بىلەن جاھالەت ھاياتى ۋە كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق ئاداۋەت بولسا، مۆمىننىڭ ئۆز قەلبىدىكى ئەنە شۇ ئىمانچىل ئارزۇسىنى ئىنسانلار ھاياتىدا ۋە ئەمەلىي ئىش ـ پائالىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ ياشاش نىشانىغا يېتەلمىگەنلىكتىن ۋە شۇنىڭدەك يوقلاڭ، ئەرزىمەس، ئازغۇن ئىستەكلەرنى دەپ ئۆز قەلبىدىكى توغرا، گۈزەل، مۇكەممەل ئىمانىي تۇيغۇدىن كېچىشكە ۋىجدانى ئۇنىمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئاداۋەتتۇر. بۇ ئاداۋەت مۆمىن تېنىدىكى ھەر بىر ھۈجەيرىگە قەدەر مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەن، ھېچقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ تاقابىل تۇرالمايدىغان ئەڭ قاتتىق ئاداۋەت بولغاچقا، مۆمىن بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جاھالەت ھاياتى ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارسىز كۈرەش پارتلايدۇ. بۇ كۈرەش بۇ دۇنيادىكى جاھالەت ھاياتى مۆمىن قەلبىدىكى ئىمانچىل ھايات تەسەۋۋۇرىغا ئورۇن بوشاتقانغا قەدەر مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.»

مانا بۇ نۇقتىلار ھەقىقىي ئىماننىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسىي ئامىلىدۇر. ئەگەر خالىساڭ ئۇنى «چىن ئەقىدە» دېسەڭمۇ بولىدۇ. يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ بىرەرسىگە ئىگە بولالمىغان نەرسىنى ئىمان ياكى ئەقىدە دەپ ئاتاشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇنى پەقەت «كۆز قاراش»، «ئوي ـ پىكىر»، «نەزەرىيە» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن ئاتاشقىلا بولىدۇ، خالاس.

ئەمما ھەقىقىي ئىمان قۇياشى بولسا، ئۆز نۇرىنى روھنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە چاچىدۇ. ئۇنىڭ يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ھەمدە ھاياتلىق تاراتقۇچى روھقا ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ئىمان ـ ئەقىدە ئەقىلگە ئۆتۈپ ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدۇ ۋە تىنچلاندۇرىدۇ. قەلبكە ئۆتۈپ ئۇنى قوزغىتىدۇ. ئىرادىگە ئۆتۈپ ئىرادىنى ئالغا تۈرتىدۇ ۋە ئۇنى ئېنىق بىر يۆنىلىشكە سالىدۇ. ئەقىل قانائەتلەنسە، قەلب ھەرىكەتلەنسە، ئىرادە يۆنىلىش تاپسا، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالارمۇ تەڭ ھەرىكەتكە كېلىدۇ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئىنتىلىدۇ. خۇددى پادا چوپانغا بويسۇنغاندەك.

مۇشۇ ئورۇندا پروفېسسور ئەھمەد ئەمىنىنىڭ كۆز قاراش بىلەن ئەقىدىنى پەرقلەندۈرۈپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى دىققەتكە ئەرزىيدۇ:

«سىنىڭ كۆز قارىشىڭ بىلەن ئۇنى ئېتىقاد قىلىپ تىكلىشىڭ ئارىسىدا تولىمۇ چوڭ پەرق بار. سەن بىر نەزەرىيىنى كۆرسەڭ ئۇنى بىلىم ـ مەلۇماتلىرىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەقىدە تىكلىسەڭ ئۇ تومۇرلىرىڭدا قان بولۇپ ئاقىدۇ. يىلىكلىرىڭدە ماڭىدۇ. يۈرىكىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىغا سىڭىپ كىرىدۇ. نەزەرىيىچى پەيلاسوپ توغرا دەپ قارىغان نەرسە ئەمەلىيەتتە خاتا چىقىپمۇ قالىدۇ. بۈگۈن بىرنەرسىگە بىر خىل پاكىت تۇرغۇزسا، ئەتە ئۇنىڭ ئەكسىچە پاكىتلارنىمۇ تۇرغۇزۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆز نەزەرىيىسىدە ھە دېگەندە توغرا بولۇپ كېتەلمەيدۇ، ھەرقانداق بىر نەزەرىيە بۇ خىل ئېھتىماللىقتىن يىراق ئەمەس.»

ئەمما ئەقىدە ئىگىسى بولسا ئۆتكۈر پىچاققا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە ئەقىدىگە قارىتا شەك

ـ شۈبھە بولمايدۇ. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنىڭ شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، ئۇ بۇگۈن ھەقىقەت بولغان ئىكەن، ئەتىمۇ چوقۇم ھەقىقەت بولىدىغانلىقىغا جان ـ دىلى بىلەن ئىشىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنىڭ پاكىت، ئىسپاتقا موھتاج ئەمەسلىكىنى، شەك ۋە گۇمانلاردىن ناھايىتى يىراقتا ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ.

نەزەرىيىچى بوشاڭ، مۆتىدىل كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر كۆز قارىشى توغرا بولۇپ چىقسا خوش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر توغرا چىقماي قالسا پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ توغرا دەپ قارىغان نەزەرىيىسىنىڭ خاتالىقىغىمۇ، خاتا دەپ قارىغان بىر نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىغىمۇ ئالدىنئالا ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئەقىدە ئىگىسى بولسا قىزغىن، جەڭگىۋار كېلىدۇ. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنى ئىسپاتلىمىغۇچە ئارام تاپماي تىركىشىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ.

نەزەرىيىچى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ پاكىتى ئالدىدا ياكى پاكىت شەكلىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان مەنپەئەت ئالدىدا ئۆز نەزەرىيىسىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئەمما ئەقىدە ئىگىسى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئۆز مەيدانى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلار مۇشۇ دەۋىتىمنى تاشلىشىم بەدىلىگە ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزسىمۇ دەۋىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن (ۋاز كەچمەيمەن).»

نەزەرىيە بولسا جانسىز تەن. ئۇنىڭغا ئەقىدە بىلەن جان كىرگۈزۈلمىسە تىرىلمەيدۇ. نەزەرىيە قاراڭغۇ ئۆڭكۈر، ئۇنىڭغا ئەقىدە نۇرى چۈشمىگۈچە يورۇمايدۇ. نەزەرىيە كۆلدىكى توختام سۇ بولۇپ، پاشىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئەقىدە تېشىپ دولقۇنلاپ

تۇرغان دەريا بولۇپ، ئۆز ئۆستىگە ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ. نەزەرىيە بولسا تۇمان، ئەقىدە پارلاق يۇلتۇزدۇر. نەزەرىيە قىيىنچىلىقلارنى يارىتىدۇ. داۋانلارنى پەيدا قىلىدۇ. تەنىنىڭ ماددىي تەلەپلىرىگە بېقىنىدۇ. گۇمانلارنى قوزغاپ، ئىككىلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەقىدە خەتەرلەرنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. توسۇقلارنى ۋەيران قىلىدۇ. دەۋر يۈنىلىشىنى بۇرايدۇ. تارىخىي جەرياننى ئۆزگەرتىدۇ. شەك ۋە ئارىسالدىلىقنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. كەسكىنلىك، قەتئىيلىك ۋە ھەقىقىي ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ.

**بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئىماننىڭ نېگىزى**

ئىماننىڭ مەنىسى ئىشىنىش دېمەكتۇر. كىشىلەر «ئىشىنىش» دېگەن بۇ سۆزگە ھەرخىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز بۈگۈنكى كۈندە «كوممۇنىزمغا ئىشىنىش»، «مەۋجۇدىيەتكە ئىشىنىش»، «خەلققە ئىشىنىش»، «مۇھەببەتكە ئىشىنىش»، «مىللەتكە ئىشىنىش»، «ئىنقىلابقا ئىشىنىش» دېگەندەك سۆزلەرنى كەڭ تۈردە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھالدا كىشىلەر ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان ھەر خىل ئىشىنىش تىپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر خالىغىنىنى دەۋەرسۇن. بىز پەقەت ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان ئىشىنىشنى تونۇۋالساقلا بولغىنى. بىز دېمەكچى بولغان ئىشىنىش شۇنداق بىر ئىشىنىشكى، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ سەبىيلىكىدە بولسۇن، ياشلىق ھەم قېرىلىق دۆردە بولسۇن ئۇنىڭدىن ئايرىلماي كەلگەن ھەم شۇنداقلا

ئىنسانىنىڭ كۆپىنچە ئىش ـ ھەرىكىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى ئۆتەيدىغان دىنىي ئىشىنىشتۇر. ئۇ ساماۋى ئەقىدىلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ئىسلام ئەقىدىسىدە گەۋدىلەنگەن ئىشىنىشتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەر سۆزى بايان قىلغانىدەك، ئاللاھقا، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتە گەۋدىلەنگەن ئىشىنىشتۇر. مانا بۇ ئەقىدە تەبىئەتنىڭ تېپىشماقلىرىنى يېشىپ، ئىنسانغا ھايات ۋە ماماتنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان، ئىنسانىنىڭ نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟ بۇلار نېمە ئۈچۈن؟ ... قاتارلىق ئۆزۈلمەس سوئاللىرىغا ئەڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدىغان ئەقىدە. بۇ ئەقىدە ئىسلامنىڭ يېڭىلىقلىرىدىن ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېڭى تەلىماتىمۇ ئەمەس. ئۇ ئۆزگەرتىش ۋە يەڭگۈشلىنىشكە ئۇچرىمىغان ساپ ئەقىدە بولۇپ، ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى شۇ ئەقىدە بىلەن ئەۋەتىلگەن ھەم ئاللاھنىڭ بارلىق كىتابلىرى پۈتۈنسۈرۈك شۇ ئەقىدە بىلەن چۈشكەن. ئۇ ئەقىدە ئاللاھنىڭ كۆز كۆرىدىغان ۋە كۆرەلمەيدىغان پۈتكۈل ئالەمگە بولغان ئالاقىسى ھەققىدىكى ھەمدە ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭدىكى نىشانى شۇنداقلا ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىن كېيىنكى ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ھېچ قانداق ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىشلەرگە ئۇچرىمىغان مۇقىم ۋە مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەر ئەقىدىسىدۇر. بۇ ئەقىدىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز باللىرىغا ئۆگەتتى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز خەلقى ئىچىدە جاكارلىدى، ھۇد ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالاملار ئۇنىڭغا چاقىردى، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر شۇ ئەقىدىنى تارقاتتى. ئىسلامنىڭ

قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئەقىدىنى ھەرخىل ئەپسانە، خۇراپاتلاردىن تازىلاش، زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەقىدىگە سىڭىپ قالغان، ئۇنىڭ ساپلىقىنى بۇلغىۋەتكەن يات تەركىبلەردىن، ئۇنىڭ بىر خۇدالىق ماھىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىغان ئۈچ خۇداچىلىق ۋە شاپائەتچىلىك ئىدىيىلىرىدىن، ئۆزىگە ئاللاھتىن باشقا نەرسىنى خۇدا تىكلەش ئىشلىرىدىن ھەمدە ئاللاھنىڭ ساپلىقىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئوخشاتما ۋە ماددىيلاشتۇرۇشلاردىن ئايرىپ ساپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. شۇڭلىغا ئوخشاش ئىسلام دىنى ھەر بىر ئىنسان ئۆلچۈن تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەس غايە بولۇش، ئىلاھىي ئەلچىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئەقىدىنى ئاللاھنىڭ ھېكمەت تەلىپىگە لايىق ھالدا، خۇددى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويغاندەك بولدى.

تۆۋەندە بۇ ئەقىدىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سۈپىتىدە ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن قىيامەتكە ئىشىنىش ئۈستىدە توختىلىمىز.

### ئاللاھنىڭ بارلىقى

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى باشقۇرۇۋاتقان كۈچ چەكسىز بىر سىرتقى كۈچ بولۇپ، ئۇ كۈچنى بەزىلەر «دۇنيا مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى» دەپ ئاتىسا، بەزىلەر «بىرىنچى ئەقىل» دەپ ئاتىدى. يەنە بەزىلەر «تۇنجى تۈرتكە» دەپ ئاتاشتى. قۇرئان كەرىم ۋە ساماۋى كىتابلار بولسا، ئۇ كۈچنى بارلىق گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان «ئاللاھ» دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئاتىدى. بۇ چەكسىز ئۇلۇغ ئىلاھىي كۈچنىڭ ماھىيىتى ۋە زاتى

ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىدۇر. ھالبۇكى ئىنسان ئۆز جېنى ۋە ئۆز روھىنىڭ ماھىيىتىنى، ماددىي ئالەم ئەمەلىيەتلىرىدىن تۈك، ماگنىتقا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ تاشقى تەسىرىنى بىلسىمۇ ماھىيەتتە ئۇلارنى بىۋاستە بىلەلمىگەن تۇرسا، ھەممىدىن يۇقىرى، كاتتا ئاللاھنىڭ زاتى ۋە ماھىيىتىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ «ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئۇ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھتىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر. كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»[1] بۇ ئىلاھ بەلگىلىك بىر گۇرۇھنىڭ ئىلاھى ئەمەس، شۇنداقلا خاس بىر مىللەتنىڭ ياكى مۇئەييەن بىر رايوننىڭ ئىلاھىمۇ ئەمەس. ھەقىقەتەن ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى»[2]، «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.»[3]، «مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»[4]، «(ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى: ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن؟»[5] ـ دېگەن ئىلاھتۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 102ـ، 103ـ ئايەتلەر.
[2] فاتىھە سۈرىسى 2 ـ ئايەت.
[3] كەھف سۈرىسى 14ـ ئايەت.
[4] شۇئەرا سۈرىسى 28 ـ ئايەت.
[5] ئەنئام سۈرىسى 164ـ ئايەت.

بىز ئاللاھنىڭ ئىلاھىيتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قۇرئان بىزگە ھېكايە قىلىپ بەرگەن مۇسا ۋە پىرئەۋننىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالايلى: «پىرئەۋن ئېيتتى: ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نىمە؟ مۇسا ئېيتتى: ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار. پىرئەۋن چۆرىسىدىكىلەرگە: (ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ دېدى. مۇسا ئېيتتى: (ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. پىرئەۋن ئېيتتى: سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى مەجنۇندۇر، مۇسا ئېيتتى: (ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار.»[1]

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ بارلىقىغا كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق دەلىل كەلتۈرىدۇ. شۇ يوللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى كائىناتتىكى كائىنات كەينىدە تۇرۇپ ئۇنى ئىدارە قىلىۋاتقان بىر ھېكمەتلىك ياراتقۇچىدىن ئۈچۈر بېرىدىغان ئالامەتلەرگە قارىتىدۇ. ئۇ ئالامەتلەر بولسا «سەبەب ـ نەتىجە» پىرىنسىپىغا ئىشىنىدىغان ھەر قانداق بىر ئادەمنى ئارتۇقچە پاكىت تەلەپ قىلدۇرمىغان ھالدا يېگانە بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى تەن ئېلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئاپ ـ ئايدىڭ قانۇنىيەتلەردۇر: «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا

[1] شۇئەرا سۈرىسى 23 ـ 28 ئايەت.

ئۆزۈپ يۈرگەن كىملەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋانلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشلىرىدا، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.»[1]

بۇ كەڭ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولماي مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدىكى سىستېمىلارنىڭ ئەتراپلىق بىر لايىھەلىگۈچىسى بولماي مۇمكىن ئەمەس: «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟»[2] «پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىل ئاتا قىلدى. (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتى.»[3]

قۇرئان ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىي ئاڭنى قوزغىتىدۇ، ئىنسان شۇ ئاڭ بىلەن بىۋاسىتە ئۆزىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان، ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئەڭ كۈچلۈك بىر پەرۋەردىگارى بارلىقىنى سېزىدۇ: «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى 164- ئايەت.
[2] تۇر سۈرىسى 35-، 36- ئايەت.
[3] تاھا سۈرىسى 49-، 50- ئايەت.

ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ.»[1]

بۇ ئاڭ كەڭ ـ كۇشادىلىك، ئويـۇن ـ تاماشا ۋاقىتلىرىدا بىلىنمىسىمۇ، قىيىنچىلىق، بەختسىزلىك ۋاقىتلىرىدا تېزلا ئاشكارا بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئىنساننىڭ يالغان پەردازلىرى تارقاپ، ئۇنىڭدىكى ساپ ۋە چىن بولغان روھىي ھالەت ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشقا باشلايدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۇستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۇستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ. سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە بۇ شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كىمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزم قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) ‹ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرساڭ بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ.»[2]

بۇ ئاڭ ئىنسان بۇ ئالەمنىڭ مەنبىئى ۋە ياراتقۇچىسى توغرۇلۇق سوئالغا دۇچ كەلگەندە ئاشكارا بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئىنساننىڭ ئېڭى بۇ سوئالغا «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىشتىن باشقىغا پېتىنالمايدۇ: «ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟ كۈننى

[1] رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى 22ـ ئايەت.

ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ!»[1]، «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى: «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى) كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى ئاللاھتىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟ (يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار ئەنە شۇ ئاللاھتۇر. ھەقىقەتتىن قالسا گۇمراھلىقتىن غەيرىي ھېچ نەرسە مەۋجۇد ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»[2]

قۇرئان كەرىم ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشنىڭ ئىنسانلارغا نىجاتلىق كىمىسى، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەنمەسلىكنىڭ ئۇلارغا ھالاكەت ۋە يوقىلىش جىلغىسى بولىدىغانلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر قېتىملىق تارىخى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى، نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 61- ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى 31- 32 - ئايەت.

قىلغانلارنى پۈتۈنلەي (سۇغا) غەرق قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ھەقنى كۆرۈشتىن دىلىرى) كور قەۋم ئىدى.»[1] سالىھ ۋەئۇنىڭ قەۋمى سەمۇدلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شۇ ئۆيلىرى (ئادىمزاتتىن) خالى بولۇپ قالدى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا چوڭ ئىبرەت بار. (سالىھ بىلەن) ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارنى ئازابتىن قۇتقۇزدۇق.»[2]

ئاللاھ ئۆزىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى توغرۇلۇق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى). ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق، مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى.»[3]

**ئاللاھ تائالا پەقەت بىر ئىلاھتۇر**

ھەقىقەتەن ئاللاھ يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ شېرىكى يوق. ماھىيەت، سۈپەت جەھەتتە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق: «ئېيتقىنكى ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر، ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس،

[1] ئەئراف سۈرىسى 64 ـ ئايەت.
[2] نەمل سۈرىسى 52ـ 53 ـ ئايەت.
[3] رۇم سۈرىسى 47 ـ ئايەت.

تۇغۇلغـانمۇ ئەمەس، هــېچ كىشــى ئۇنىڭغــا تەڭــداش بولالمايــدۇ.»[1]
«ســىلەرنىڭ ئىلاھىڭــلار بىــر ئىلاھتــۇر، ئۇنىڭــدىن باشــقا هــېچ مەبــۇد بەرهەق يوقتۇر، ئۇ ناهايىتى شـەپقەتلىكتۇر، ناهـايىتى مېھرىبانـدۇر.»[2]
ئالەمـدىكى بـارلىق شـەيئىلەر ۋە پۇختىلىـق بىـلەن ئورۇنلاشـتۇرۇلغان تۈزۈملەر ئۇنىڭ ئىجادچىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ ئالەمدىكى شەيئىلەرنىڭ ئىجادچىسى بىرقانچە بولغان بولسا، ئـالەم تۈزۈلمىسىدە بىردەكلىك بولمىغان، بۇگۈنكى تەرتىـپ ـ ئىنتىزامـدىن ئىبـارەت ئـاچقىلى بولمىغـان بـولاتتى. ئـالله راسـت ئېيتىـدۇ: «ئەگەر ئاسماندا ـ زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى (كائىناتنىـڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى. ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنىـڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.»[3]
ئــالله ئاســمان، زېمىنــدىكى جــانلىق ـ جانســىز پۈتكــۈل نەرسىلەرنىڭ بىردىنبىر پەرۋەردىگارىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن هەرقانـداق ئىنسـانغا ــ ئـۇ پىـر ـ ئەۋلىيـا، پەيغەمـبەر، خـانزادە، پادىشـاھ بولـۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ــ چوقۇنۇشقا بولمايـدۇ، چـۈنكى ئـۇلار باشـقىلار تۈگۈل ئۆزلىرىگە كەلگەن پايدا ـ زىياننىمۇ چىكىندۈرەلمەيدۇ.
مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ شەخسـىيىتىنى ئىبلـىپ ئېيتسـاق ئـۇ بىر ئىسلام پەيغەمبىرىلا خالاس. قۇرئان ئـۇ توغرۇلـۇق مۇنـداق دەيـدۇ: «مــۇهەممەد پەقەت بىــر پەيغەمــبەردۇر، ئۇنىڭــدىن بــۇرۇن كــۆپ

[1] ئىخلاس سۈرىسى 1ـ 4 ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى 163ـ ئايەت.
[3] ئەنبىيا سۈرىسى 22 ـ ئايەت.

پەيغەمــبەرلەر ئــۆتتى.»[1] پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ئــۆزى توغرۇلــۇق پەقەت «مۇھەممەد ئاللاھنىــڭ بەندىســى ۋە ئەلچىســى» دېــدى. ئــاللاھ ھەقىــقەتەن ھەربىــر ئــۈممەتكە ئۆزىنىــڭ يەكــكە ـ يېگــانە يــاراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ھېچقانىــداق ئىلاھنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە پەيغەمبەرلەرنــى ئەۋەتتــى. پەيغەمبەرلەرمــۇ ئــاللاھتىن ئۇچــۇق، روشــەن دەلىلــلەر بىــلەن ۋەھــيي كەلگەندىن كېيىن، بىرەرسىمۇ كىشىلەرنى ئۆزىنى ئۇلۇغلاشقا، ئــۆزىنى ئىلاھ تىكلەشــكە بــۇيرىغىنى يــوق. شــۇڭا ئىسلام ئەقىدىســىنىڭ تــۈپ مەزمــۇنى مۇســۇلمانلار ئارىســىدا «تەۋھىــد»، «ئىخــلاس»، «تەقــۋا» كەلىمىسى دەپ تونۇلغان «ئاللاھتىن باشقا ھــېچ ئىــلاھ يــوق» دېــگەن مۇشۇ ئۇلۇغ شوئارغا يىغىنچاقلانغان.

بــۇ شــوئار يەرشــارى زومىگەرلىــرى ۋە جاھــالەت پىرلىرىغــا قارشــى ئىــنقىلاب شــوئارى، تــاش يــا دەرەخ يــا ئىنســان بولســۇن، قىسقىســى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىلاھلىــق دەرىجىســگە كۆتــۈرۈلگەن ھەرقانــداق بــۇت ـ سەنەم ۋە ئاتــالمىش ئىلاھلارغــا قارشــى ئىــنقىلاب شــوئارىدۇر. «ئاللاھتىن باشقا ھــېچ ئىــلاھ يــوق» بــۇ شــوئار پۈتكــۈل ئىنسانىيەتنى ئىنســان قــۇلچىلىقى، تەبىــئەت قۇلچىلىقىــدىن ئومۇمىيۈزلــۈك ئــازات قىلىدىغان دۇنياۋىي چاقىرىق. بۇ يېگى بىر يولنىڭ سەرلەۋھىسى. بــۇ بىــر ھەكىــم يــاكى پەيلاســوپنىڭ ئىجــاد قىلغــان يــولى ئەمەس، بەلكــى قەلــبلەر ھــۆكمى ۋە قانۇنىغــا مــۇتلەق بويسۇنۇشــقا تېگىشــلىك ئۇلــۇغ ئاللاھنىڭ يولىدۇر.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 144- ئايەت.

«ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» بۇ شوئار جاھالەت جەمئىيەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان، ئۆز ئەقىدىسى ۋە قانۇنى بىلەن ھەممىدىن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان، ھەرقانداق شەكىلدىكى مىللەتۋازلىق، گورۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىقتا ئورۇن بولمىغان، پەقەت ئاللاھقا، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراشلىق بولغان يېڭى بىر جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالەمشۇمۇل خىتابنامە.

جاھالەت باشلامچىلىرى ۋە ئازغۇنلۇق ھامىيلىرى «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېگەن چاقىرىقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تاجۇ ـ تەختىنى گۇمران قىلىش، زۇلۇم ـ ياۋۇزلۇقىغا خاتىمە بېرىش، ئۆزلىرىگە قۇل بولۇپ ياشاۋاتقان خەلقلەرگە ئىلھام، ياردەم بەرگۈچى تايانچ ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش يولىدا ھېچ نېمىسىنى ئاياشمىدى. ئۇلار مۆمىنلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇپ، ئۇلارغا ھەرخىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلدى. بۇ چاقىرىقنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈچۈن بىر مۇنچىلىغان ساختا ئىلاھلارنى پەيدا قىلىپ، ئادەملەرنى ئۇ نەرسىلەرگە باش ئېگىدىغان، تەزىم ـ سەجدە قىلىدىغان قىلىپ قويۇشتى. ئەمما تەۋھىد ئەقىدىسى مۆمىنلەرنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرگەچكە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسان ئىلاھ، يېرىم ئىلاھ، ئۈچ ئىلاھ، ئىلاھنىڭ ئوغلى بار ياكى زېمىندا ئىلاھ چۈشكەن ئورۇن بار دېگەندەك سەپسەتىلەرگە ئورۇن يوق.

ئىنسانغا سەجدە قىلىدىغان، چوقۇنىدىغان باش ئېگىدىغان ياكى ئىنسان ئالدىدا يەر سۆيىدىغان ئادەم ئىنسان قاتارىدا سانالمايدۇ. مانا بۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسى، ھەقىقىي ئەركىنلىك

مەنبئى، ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمەت يىلتىزى. چۈنكى ئىبادەت قىلغۇچى بىلەن مەبۇد ئارىسىدا قېرىنداشلىق، ئورتاقلىق بولمايدۇ.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەبەش (بۈگۈنكى ئىفوپىيە) پادىشاھى نەجاشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەندە ئۇ تەختىدە ئولتۇراتتى، ۋەزىر - ۋۇزەرالىرى ۋە پوپلىرى ئۆز ئورنىدا جىمجىت تۇرۇشاتتى. قۇرەيشلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئەمر ئىبنى ئاس ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، ئەممار ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇراتتى، ئۇلار بىز كىرىشتىن ئىلگىرى نەجاشىغا: ئۇلار ساڭا تەزىم قىلمايدۇ دېگەن ئىكەن. بىز بۇنداق قىلمىغاندىن كېيىن ۋەزىر - ۋۇزەرالار بىزنى: شاھقا سەجدە قىلىڭلار، دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى.

جەئپەر ئىبنى ئەبۇ تالىب قوپۇپ: «ئاللاھتىن باشقىغا سەجدە قىلمايمىز» دېدى.

قاراڭ! بۇ مۇسۇلمانلار قۇرەيشلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ، ئۇشبۇ پادىشاھنىڭ زېمىنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قانات ئاستىدا تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرلار بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئاللاھتىن باشقىغا باش ئۇرۇشتەك ئۆز ئەقىدىسىگە خىلاپ ئىشنى قىلىشقا ئۇنىمىدى. جەئپەر ھەربىر مۇسۇلماننىڭ شوئارى بولغان «ئاللاھتىن باشقىغا سەجدە قىلمايمىز!» دېگەن سۆزنى قىلچە قورقماستىن جاكارلىدى.

**ئاللاھنىڭ تەڭداشسىزلىقى ۋە ھەممە جەھەتتە مۇكەممەللىكى**

ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ئۆز زاتىغا لايىق رەۋىشتە پۈتكۈل كامالەت بىلەن

سۈپەتلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش لازىم. ئاللاھ ھەر قانداق كەمچىلىكتىن پاكتۇر، «ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئاللاھقا تەڭداش بولالمايدۇ.»[1] «(ئۇلار) پىرئەۋنىنىڭ قەۋمىدۇر، ئۇلار (ئاللاھنىڭ جازالىشىدىن) قورقمامدۇ؟»[2]

بۇ ئەجەب ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى پۇختا لايىھە، سىستېمىلار ئاللاھنىڭ تەڭداشسىزلىقىغا ئىسپات بولالايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇلغانمىغان تەبىئىي ئېڭىمۇ ئاللاھنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە دوستلىرى (مۆمىنلەر) ۋە باشقا ئەقىل ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ مۇكەممەل، ھەر تەرەپتىن تەڭداشسىز ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى: «ئۇلار ئولتۇرغاندىمۇ ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن.»[3]

ئىسلامدىكى ئىلاھ ئارىستوتىل دەۋالغان «تۇنجى تۈرتكە» ۋە «تۇنجى ئامىل» ئىلاھىدەك، بۇ ئالەمدىن ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز نەرسىلەردىن ئايرىۋېتىلگەن ئەمەس. ئارىستوتىل ئۆز قارىشىدىكى ئىلاھنى ئۇنىڭ پائالىيىتى يوق، تەسىرىمۇ يوق، ئۇ، دۇنيانى باشقۇرمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرمايدۇ، دېگەندەك بارلىق سەلبىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن ئىدى. ئارستوتىل پەلسەپىسى تەسۋىرلىگەن بۇ ئاتالمىش ئىلاھ ئەمەلىيەتتە

---

[1] ئىخلاس سۈرىسى 3- 4- ئايەت.
[2] شۇرا سۈرىسى11- ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى 191- ئايەت.

ئۆزىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئالەمدە بولمىش ئىشلار بىلەن چاتىقى يوق بىر ئىلاھتۇر. ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىلاھ توغرۇلۇق دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: «بۇ ئىلاھ سۇبستانسىيە (جەۋھەر ـ تۈپ مەنبە) مۇ ئەمەس، ئاكسىدىنسىيە (ھادىسە) مۇ ئەمەس، ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ، ئاخىرلىشىش نۇقتىسىمۇ يوق. ئۇ بىر پۈتۈن گەۋدىمۇ ئەمەس ياكى گەۋدىنىڭ بىر بۆلىكىمۇ ئەمەس، ئۇ ئالەمنىڭ ئىچىدىمۇ ئەمەس، تېشىدىمۇ ئەمەس، ئالەم بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ ئەمەس، مۇناسىۋەتسىزمۇ ئەمەس...» بۇنداق تۇتۇرۇقسىز سۆپەتلەر ئىلاھنى ئۇنىڭدىن قورقۇلىدىغان ۋە ئارزۇلىنىدىغان قىلمايدۇ ھەم ئىنسانلارنى ئۆز ئىلاھىغا ئۇنىڭ نازارىتىدىن ھېيىقىدىغان، ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە تەۋەككۈل قىلىدىغان، جازاسىدىن قورقۇپ مۇھەببەت باغلايدىغان مۇستەھكەم بىر رەۋىشتە باغلىيالمايدۇ.

بىر چاغلاردا يۇنان پەلسەپىسىدىن ئورۇن ئالغان، ھازىر غەرب پەلسەپىسى تەركىبىگە كىرگەن، ئالەمدىن چەتنىتىلگەن بۇ ئىلاھنى ئىسلام تونۇمايدۇ. ئىسلام تونۇيدىغان ئىلاھ بولسا ھەممە نەرسىنى ياراتقاندۇر، ھەممە جانلىققا رىزىق بەرگۈچىدۇر، ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى تەلتۆكۈس بىلگۈچىدۇر، ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى ئالغۇچىدۇر، ئۇنىڭ رەھمىتى ھەممە شەيئىگە ئورتاقتۇر، ھەممىنى يارىتىپ بېجىرىم قىلغان ۋە ئۇلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى تەقدىر قىلغان، پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتكەندۇر. ئۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاڭلاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى

بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن ئاللاھ هامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.»[1] ئاللاھنىڭ بىلىشى ۋە بارچىدىن خەۋەردارلىقى ھەر قاچان بەندىلەر بىلەن بىرگىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. ئاللاھ زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»[2]

**پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش**

ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، تەڭداشسىزلىقىغا، ھېكمەتدارلىقىغا، رەھمىتىگە، بۇ ئالەمگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا، ئالەمنى باشقۇرىدىغانلىقىغا، ئىنساننى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشنىڭ كەينىدىلا پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش تۇرىدۇ.

پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ئاللاھ ئىنساننى يارىتىپ ئۇنىڭغا ئالەمدىكى نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ

---

[1] مۇجادىلە سۈرىسى 7۔ ئايەت.

[2] ھەدىد سۈرىسى 4۔ ئايەت.

بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە بەلگىلىك يوللار بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەپ كەلدى. بەلكى ھېكمىتىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئىنسانغا دۇنيادا ياشاش يوللىرىنى كۆرسەتكىنىدەك ئۇنى ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەت يولىغىمۇ باشلىدى. قاغجىراپ كەتكەن زېمىننى كۆكەرتىش ئۈچۈن ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈرگىنىدەك، تەشنالىقتىن ئۆلەر ھالغا يەتكەن قەلب ۋە ئەقىدىلەرگە ھاياتلىق بىغىشلاش ئۈچۈن ئاسماندىن ۋەھى چۈشۈردى.

بۇ دۇنيالىق ھاياتتا ئىنسانلارنى شەخس ۋە جامائەلەر ئارا بولۇپ تۇرىدىغان تۈرلۈك تۈمەن ھېس ـ تۇيغۇلار، ئوي ـ پىكىر، كۈچ ـ قابىلىيەت، ھەرخىل ھەۋەس، مەنپەئەتلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويۇش ھېكمەت بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىدىكى خىلمۇ ـ خىل ئىنتىلىشلىرىنى توغرا بىر ئىزغا سېلىش، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، يۈكسىلىشى، روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەرباۋلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ھەمدە جەمئىيەتنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئىلاھىي قانۇننى چۈشۈرۈش ھېكمەتنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ئىدى. بۇ ھېكمەت ئالاھنىڭ مۆجىزىلەر بىلەن ئەلچى ئەۋەتىشى ئارقىلىق ئورۇندىلاتتى. تەڭداشسىز، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى بۈيۈك ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى توغرا يول بىلەن ئەۋەتتى.

ۋەھى بىلەن توغرا يولغا باشلاش ھىدايەت دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدۇر. ھىدايەت دەرىجىلىرى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ.

1 . تۇغما سىزىش ئېڭى: بۇ يەردە ئالىملارنىڭ بىرىدىن: سىز قاچان ئەقىل تاپتىڭىز؟ دەپ سورالغاندا، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى مۇنداق بولغان: مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدىلا ئەقىللىق ئىدىم، قورسىقىم ئاچسا ئېمەتتىم، بىر يېرىم ئاغرىسا يىغلايتتىم.

بۇ تۇغما سىزىش ئېڭى ئىنسانغىلا خاس ئەمەس، ئۇ بارلىق ئالەم شەيئىلىرىدە، چەكلىك ئۆلچەم ۋە مەلۇم مىقدار بىلەن زېمىن ماددىلىرىدىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن تارتىپ تا ئۆز ئوربىتىسىدا رىتىملىق ۋە خاتاسىز ئايلىنىۋاتقان پىلانېتلارغىچە، ئومۇمىي ھايۋانات، ئۇچار قانات، ھەتتا ھاشاراتلارغىچە ئومۇملىشىپ كەتكەندۇر. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھىدايەتتىن ھەرە توغرىسىدا مۇنداق ئىبارە كەلتۈرۈلىدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: تاغلارغا دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن.»[1] ئاللاھ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ.»[2]

2 . ئاڭلاش، كۆرۈش، تېتىش، پۇراشلارغا ئوخشاش تاشقى سەزگۈلەر ۋە ئاچلىق، تەشنالىق، خۇشاللىق، غەمكىنلىككە ئوخشاش ئىچكى سەزگۈلەر ھىدايىتى: ھىدايەتنىڭ بۇ دەرىجىسى تۇغما ئاڭ

---

[1] نەھل سۈرىسى 68- ئايەت.

[2] ياسىن سۈرىسى 40 - ئايەت.

ھىدايىتىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ سەزگۈلەر خاتالىقتىن ساقلىنالمىسىمۇ ئۇلاردا بىر تۈرلۈك سىزىم ۋە مەلۇم بايقاش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىقى تەشنا ئادەم سەرابنى كۆرسە سۇ، دەپ گۇمان قىلغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش.

3 . ئەقىل ھىدايىتى: گەرچە ئەقىل ھۆكۈم قىلىش، يەكۈن چىقىرىش ئىشلىرىدا سەزگۈگە كۆپلەپ تايىنىش بىلەن قىسمەن خاتالىق ھەمدە ئېزىقىشلارغا دۇچ كېلىدىغان بولسىمۇ يەنىلا ئەقىلنىڭ ئورنى سەزگۈدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئەقىل ئۆزىنىڭ يۈكسەك قىممىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىشىدىكى تۈپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

4 . ۋەھىي ھىدايىتى: بۇ ھىدايەت ئەقىللەرنىڭ خاتالىقلىرىنى توغرىلاپ بېرىدۇ. سەزگۈلەردىكى گۇمانلارنى يوقىتىدۇ. ئەقىلگە يول كۆرسىتىپ ئۇنى ئۆزى بىۋاستە بىلەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىشكە يېتەكلەيدۇ. ئەقىللەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى پەقەت مۇمكىن بولمايدىغان ئىختىلاپلارنى ئىلمى رەۋىشتە يېشىپ تۈگىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللاھ (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى، پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز

ـ ئارا ھەسەت قىلىشىپ (يەنى كاپىرلار مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ) كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى ئۇلار (يەنى گۇمراھلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.»[1] «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى) ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.»[2] «ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئاللاھ غالىبتۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[3]

* * *

پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئەلچىلەرگە ئىشىنىش بىرقانچە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 213ـ ئايەت.
[2] ھەدىد سۈرىسى 25ـ ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى 165ـ ئايەت.

پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئەلچىلەرگە ئىشىنىشنىڭ 1 ـ مەنىسى: ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنىڭ چەكسىز، رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكىگە ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە رەھمىتى ئىنسانلارنىڭ بىكار قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى يەتتە تۈرۈپ ئازابقا تارتىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟»[1] «كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق.»[2]

پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنىڭ 2 ـ مەنىسى: ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى دىن بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. ئاللاھنىڭ قانۇنى بارلىق ئورۇن ۋە ھەرقانداق شارائىتتا بىر خىلدۇر. «ئېيتىڭلاركى: ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويى

---

[1] قىيامەت سۈرىسى 36ـ ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 15ـ ئايەت.

سۇنغۇچىلارمىز.»[1] «ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نوھقا تەۋسىيە قىلىنغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھىي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى، ئاللاھ تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، ئاللاھنىڭ (تائىتىگە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ.»[2]

ئىسلام پەيغەمبىرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ چوڭ بىر بىنادىكى ئەڭ ئاخىرىدا قويۇلغان مۇھىم بىر خىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك گۈزەل بىر بىنا سالغان، ئەمما ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مۇھىم بىر خىش ئورنىنى چالا قويغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. كىشىلەر ھەيرانلىق ۋە ماختاش ئىچىدە بىنانى ئايلىنىدۇ ۋە بۇ يەردىكى بىر خىشنى نېمىشقا قويمىغان بولغىيتتى دېيىشىدۇ. مەن بىنانى پۈتۈنلەيدىغان ئاخىرقى خىش بولىمەن، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولىمەن.»

پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرگە ئىشىنىشنىڭ 3 ـ مەنىسى: بۇ بولسا يۈكسەك ئورۇن تۇتىدىغان ئەمەلىي، ئىنسانى ئۈرنەكلەرگە ئىشىنىش بولۇپ، بۇ ئۈرنەكلەر گۈزەل ئەخلاقلارنى، ئىلغار ئىشلار ۋە ئىلغار كىشىلەرنى، ئەمەلىي تەسىرگە ئىگە، پەزىلەتلىك، رېئال شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر. ئەكسىچە ئۇ كىتابلاردىكى قانداقتۇر قۇرۇق

[1] بەقەرە سۈرىسى 136ـ ئايەت.
[2] شۇرا سۈرىسى13ـ ئايەت.

نەزەرىيەلەر، كۆڭۈللەردىكى ئارزۇلار ياكى باشقا ئوي ـ پىكىرلەر ئەمەس.

خەلق ئاممىسى كۆرگىنى ۋە ئويلىغىنىغا ئىشىنىپ، شۇنىڭ تەسىرى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئاددىي ـ ساددا كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ كىشىلەرگە غەيرىي جىنسلىق بولغان پەرىشتىلەرنى ئەمەس ئۆز جىنسلىق ئىنسانىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. لېكىن مۇشرىكلار نوھنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ ئىنسانىنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىنى يىراق سانىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «ئۇنىڭ قەۋمىدىكى ئىمانسىز كاتتىلار ئېيتىشتىكى: بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولىۋالماقچى، ئەگەر ئاللاھ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى. بۇنداق سۆزنى بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز.»[1] ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا مۇنداق دېيىشتى: «ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن شوتا بىلەن ئاسمانغا چىققىن، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. (ئى مۇھەممەد ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت ئىنسانلاردىن بولغان بىر پەيغەمبەرمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ).»[2]

---

[1] مۆمىن سۈرىسى 24- ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 94- ئايەت.

پەيغەمبەرلەر قۇرئاننىڭ قارىشىدا ئىلاھ ئەمەس، يېرىم ئىلاھمۇ ئەمەس، ئىلاھنىڭ ئوغۇللىرى ئەسلا ئەمەس. بىز بىلەن ئوپمۇ ـ ئوخشاش ئىنسان. پەقەت بىزدىن پەرقلىنىدىغان يېرى ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى يەتكۈزۈشى ئۈچۈن ۋەھيي نېمىتىنى ئاتا قىلغان: «پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمىز، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) مەرھەمەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز، مۆمىنلەر ھەممە ئىشتا يالغۇز بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقىلا تاپشۇرسۇن).»[1]

**قىيامەتكە ئىشىنىش**

ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ھېكايىسى مۇشۇ دۇنيادىلا ئاخىرلىشامدۇ؟ ئىنسان ئانىدىن تۇغۇلۇپ، زېمىن يۈتۈپ ئۆتىۋەرسە ئىنسانغا ھېچ ئىش بولامدۇ؟ ياكى ئاللاھ قۇرئاندا كاپىرلار ئېغىزىدىن ئېيتقان: «بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز.»[2] دېگىنىدەك بولامدۇ؟

ئۇنداق بولسا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئىنسان ئېڭىنى قايلاپ كەتكەن ــ ئىنسان مۇشۇ قىسقىغىنا مۇددەت ئۈچۈن يارىتىلمىغان دېگەن بىۋاستە ئىچكى سىزىمنىڭ سىرى نېمە؟

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 11- ئايەت.

[2] مۆمىنۇن سۈرىسى 37- ئايەت.

ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى دۇنيادا بىر غەرىپ ياكى يولۇچىدەك، ياكى ئۆزىنىڭ داۋاملىق تۇرىدىغان ئۆيىگە كېتىدىغان بىر مېھماندەك ھېس قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئالىم مۇھەممەد ئابدۇھ ھەزرەتلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاز بىر تۈركۈم تۇتامغا چىقمايدىغان ئالىم نامدىكى دىلى كور ئىنسانلاردىن باشقا مەيلى مۇۋەھھىد (خۇدانى بىر بىلگۈچى) بولسۇن ياكى بۇتپەرەس بولسۇن، مەيلى پەيلاسوپلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساندىكى جان (روھ) نىڭ بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەۋجۇد بولىدىغانلىقىغا، ئۆلۈم بولسا روھنىڭ بىر تۈرلۈك يوشۇرۇنلۇقتا ئۆتۈش باسقۇچى ئىكەنلىكىگە قارىتا بىردەك تونۇشقا ئىگە؛ گەرچە ئۇلار روھنى ئىسپاتلاپ چىقىشتا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارنى چىقىش قىلسىمۇ. ئىسلام دىنىدىكى روھ قارىشىدىن باشقا قاراشتىكىلەردىن بەزىلەر ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ روھىدا داۋاملىق بىرخىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە كۆچۈش (يەنى سانسارا ـ روھ كۆچۈمى) مەۋجۇد دەپ قارىدى. يەنە بەزىلەر روھنىڭ بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۈزلۈكسىز كۆچۈۋېرىشى نەتىجىسىدە روھ ئەڭ يۇقىرى كامالەت ــ نىرۋانا دەرىجىسىگە يېتىدۇ ــ، دەپ قارىدى. يەنە بەزىلەر: روھ ئۆزى بىلەن بىرگە تەندىكى ماددىي ھوزۇر ياكى ماددىي كۈلپەتنى ئېلىپ، جەسەتتىن ئايرىلىپ ماددىسىز، ساپ روھىي ھالەتكە قايتىدۇ، دەپ قارىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، روھ تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن تەبىئەتتىكى ئەڭ نازۇك، ئېفىرسىمان (يەنى ئۇچۇچان، گازسىمان) جىسىملارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ قارىدى.»

ئالىم، نادان، ياۋايى، مەدەنىي، شەھەرلىك، سەھرالىق، قەدىمكى، ھازىرقى بارلىق ئىنسان كۆڭۈللىرىدە تۇغۇلۇپ تۇرىدىغان، بۇ ھاياتتىن كېيىن يەنە بىر ھاياتنىڭ بارلىقىغا باغلىنىپ كەتكەن بۇ سىزىمنى ئەقىلدىن ئېزىش ياكى گۇمانىي مايىللىق دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ، پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس بولغان، خۇددى ئىنسانغا دۇنيادىكى ياشاش تايانچىنىڭ ئەقىل ۋە پىكىر قۇۋۋىتى ئىكەنلىكى ئىلھام قىلىنغىنى كەبى ئىلھام قىلىنىدىغان تەبىئىي روھىي ئىلھامدۇر. گەرچە ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشى بۇ ھەقىقەتنى يوققا چىقىرالمايدۇ. تەبىئىي ئاڭنىڭ ئىنكاسىنى دىل قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر بۇ قىسقا ئۆمۈرنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش باسقۇچى ئەمەس، بەلكى ئىنسان روھىنىڭ جەسەتتىن كېيىم سالدۇرۇۋالغاندەك سالدۇرۇۋېلىنىدىغانلىقىنى، ئاندىن ماھىيىتى نامەلۇم بىر باسقۇچتا مەڭگۈ تىرىك تۇرىدىغانلىقىنى ئەقىل ئىلھامى ئارقىلىق سىزەلەيدۇ. بۇ خىل ئىلھام ئۆزىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە روشەنلىكىدە خۇددى دەلىللەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئاددىي تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ئوخشايدۇ.

ھەرقانداق كۆڭۈل ئۆزىنىڭ قامالسىز يولىدىن چەكسىز مەلۇمات قوبۇل قىلىش، چەكسىز ھوزۇرغا تەلپۈنۈپ بىر ئارزۇدا تولغىنىش ئىستىكى بىلەن يارىتىلغانلىقىنى سېزىپ تۇرىدۇ.

بۇ ھاياتلىق قاينىمىنىڭ بۇنداقلا ئاياغلىشىشى قانداقمۇ ئەقىلگە سىغىدۇ؟ بۇ ھاياتتا بۇلاڭچىلار بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلار ئوغرىلىق، قاتىللار قاتىللىق، تاجاۋۇزچىلار تاجاۋۇزچىلىق، زوراۋانلار زالىملىق

قىلىپ ئۆتكەن ھەمدە ئېزىلگەنلەردىن ھېچبىرى ئۇلاردىن ئىنتىقامىنى ئالالمىغان، ئۇلار بىردە قېچىپ قۇتۇلغان، بىردە دەۋاگەرلەرنى كۈچ ۋە بېسىم بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئۆز رەزىللىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان تۇرسا.

يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلغان، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە قۇربانلارنى بەرگەن، ئەمما نامسىز قەھرىمان بولغانلىقتىن قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىپ، بەرگەن قۇربانلىقلىرىغا يارىشا مۇكاپات ئالالمىغان كۆپلىگەن ياخشى كىشىلەر ئۆتكەن تۇرسا.

خۇددى شۇنىڭدەك، دۇنيادا نۇرغۇن ئەزىمەتلەر كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىرغان ۋە ئۇنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن زومىگەرلەرنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى، توسقۇنلۇقى، زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، ئىللىق يۇرتىدىن، ئانا ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بەھۇزۇر ياشاپ ئۆتكەن تۇرسا.

ئىلاھنىڭ ئادالىتىگە ئىشىنىدىغان بىر ئەقىل قانداقمۇ يەنە بىر ئادالەت دۇنياسىنىڭ بارلىقىنى كەلمەسلىكىنى ئۆزىگە سىغدۇرالار؟ ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ بۇ دۇنيادىلا تۈگەپ كېتىشى ئىلاھنىڭ ئادىللىقىغا ئىشىنىدىغان بىر ئەقىلگە زادىلا سىغمايدۇ. بەلكى ئەقىل زالىملار تېگىشلىك ئەدىپىنى يەيدىغان، ياخشىلار تېگىشلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان يەنە بىر ھەققانىيەت دۇنياسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى ھەر بىر زەررىچىلەرگىچە ئومۇملاشقان چەكسىز ھېكمەتنىڭ ئىنكاسىدۇر.

ئاللاھ ئېيتتى: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر.»[1] «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئوينىپ (يەنى بىكارغا) ياراتقىنىمىز يوق. بۇلارنى بىز ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ. باتىل بىلەن ھەقنى ئايرىيدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ (ھېسابى ئۈچۈن) تەيىنلەنگەن ۋاقىتتۇر.»[2]

* * *

ئۆلۈك نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈش ئۇلارنى تۇنجى قېتىم يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ ياراتقان ئاللاھقا زادىلا قىيىن ئىش ئەمەس. ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا تامامەن قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى دەسلەپتە قانداق قىلىپ يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ شۇنداق دەيدۇ: «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) ئاللاھقا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[3]

---

[1] نەجم سۈرىسى 31- ئايەت.
[2] دۇخان سۈرىسى 38-، 40- ئايەت.
[3] رۇم سۈرىسى 27- ئايەت.

قۇرئــان كەرىــم تــىرىلىشــنىڭ مــۇمكىن ۋە مــۇقەررەرلىكىگە بــۇ ئالەمـــدىكى ئاســـمان ۋ زېمىنـــدىن ئىبـــارەت زور جىســـىملارنىڭ يارىتىلغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقـان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشـىنى يارىتىشـقا قـادىر ئەمەسـمۇ؟ ئـۇ بۇنىڭغـا قـادىر، ئــاللاھ مــاھىر ياراتقۇچىــدۇر. ھەممىنـــى بىلگۈچىــدۇر.»[1] ئىنســانلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ قوپقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىـرى ئادىـل تارازىغا سېلىنىپ ئـىنچىكە ھېساب ئېلىنىـدۇ: «بۈگـۈن ھەر ئـادەمگە قىلغان ئەملىگە يارىشا جـازا بېرىلىـدۇ، بۈگـۈن زۇلـۇم يوقتـۇر، ئـاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.»[2] «قىيامەت كۈنىسى بىز ئـادالەت تارازىسى ئـورنىتىمىز، ھـېچ ئـادەمگە قىلـچە ئـۇۋال قىلىنمايـدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەملى بولسا ئۇنى ھازىر قىلىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.»[3] ئاندىن بەندىلەر بەختلىكلەر ۋە بەختسىزلەردىن ئىبارەت ئىككـى چـوڭ قىسـىمغا بۆلۈنىـدۇ: «بەدبەخـتلەرگە كەلسـەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ. ئـۇلار دوزاختـا تـوۋلاپ نـالە ـ پەريـاد چېكىـدۇ. ئـــۇلار دوزاختـــا پەرۋەردىگارىـــڭ خالىغـــان زامـــانغىچە تۇرۇۋېرىـــدۇ، پەرۋەردىگارىـڭ ئەلـۋەتتە خـالىغىنىنى قىلغۇچىـدۇر. سـائادەتمەنلەرگە كەلسـەڭ ئـۇلار جەنـنەتكە كىرىـدۇ. ئـۇلار جەننەتـتە پەرۋەردىگارىـڭ خالىغـان زامـانغىچە تۇرۇۋېرىـدۇ، (بـۇ ئۇلارغـا قىلىنغـان ئۈزۈلـۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر).»[4]

---

[1] ياسىن سۈرىسى 81ـ ئايەت.
[2] غافىر سۈرىسى 17ـ ئايەت.
[3] ئەنبىيا سۈرىسى 47ـ ئايەت.
[4] ھۇد سۈرىسى 106ـ، 108 ئايەت.

* * *

جەننەت ـ ئاللاھ مۆمىن ۋە سالىھ بەندىلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن تەييارلىغان يۇرت، ئاللاھ جەننەتتە ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ھازىرلىدى. قۇدسىي ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ياخشى بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ھېچبىر ئىنساننىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان نېمەتلەرنى تەييارلىدىم». قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.»[1]

جەننەت يۇرتىدىكى ھايات رېئال ھاياتتۇر، جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئىنسان تەسەۋۋۇرى ئاجىز كېلىدىغان نېمەتلەر بولۇپ، ئۇ نوقۇل مەنىۋى نېمەت ياكى نوقۇل ماددىي نېمەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسىدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىمۇ تۇگەل روھ ياكى ماددىدىن پۈتكەن بولماستىن ئەكسىچە ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئاخىرەتتىكى ئىنسان دۇنيادىكى ئىنساندىن بىر قىسىم تەرەپلەردە پەرقلەنسىمۇ ئۇ يەنىلا مۇشۇ دۇنيادىكى ئىنساننىڭ كېڭەيگەن ھالىتىدىن ئىبارەت، خالاس. شۇڭلاشقا جەننەتتە مېۋىلەرنىڭ، گۆشلەرنىڭ، ئۈچار قاناتلارنىڭ ۋە شەھلا كۆزلۈك قىزلارنىڭ بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس: «ئاللاھ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. ھەمىشە

[1] سەجدە سۈرىسى 17ـ ئايەت.

تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ئاللاھنىڭ رازىلىقى (جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر.»[1]

دوزاخ ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ جىنايەتكار بەندىلىرىنى جازالاش ئۈچۈن تەييارلىغان كاتتا جازا لاگېرى. دوزاخ ئازابىمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى ئازابتىن تەركىب تاپقان. دوزاختىكى ماددىي ئازاپنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بۇ ئايەتتىن كۆرەلەيمىز: «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[2] بۇ يەردىكى مەنىۋى ئازاب ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتە دېگىنىدەك، ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىش ۋە خارلاشتىن ئىبارەت: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار.»[3]

## ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

### يارقىن ئەقىدە

ئىسلام ئەقىدىسى كەڭ، چۈشىنىشلىك، ئېنىق ئەقىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق چىگىشلىك، مۈجمەللىك، مۇرەككەپلىك يوق. بۇ ئەقىدىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: بۇ ئەجەب پۇختا سىستېمىلىق

[1] تەۋبە سۈرىسى 72ـ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى 56ـ ئايەت.
[3] مۆمىنۇن سۈرىسى 108ـ ئايەت.

ئالەمنىڭ كەينىدە ئۇنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئالەمدىكى ھەممە نەرسىگە ئۆلچەم بەلگىلىگەن بىر پەرۋەردىگار بار بولۇپ، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، تەڭدىشى يوق، ئايالى يوق، بالىسى يوق. «ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار): ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر.»[1]

شۇنداقلا بۇ ئەقىدە ئىدىيىدىن ئۆتىدىغان ئەقىدە. چۈنكى ئەقىل ھەر دائىم كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭلىك ئارقىسىدىكى بىرلىك ۋە باغلىنىشنى ئىزدەيدۇ ۋە ھەممە نەرسىلەرنى بىر ئاساستا چۈشەنمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەقىدىسىدە خرىستىئان ۋە كاتولىك دىنلىرىدىكى «ئۈچ خۇدالىق» ۋە «ئىككى خۇدالىق» ئەقىدىلىرىدىكىدەك ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس. شۇنداقلا غەيرىي دىندىكىلەردە تارىخى سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن «چۈشەنمەي تۇرۇپ ئېتىقاد قىل» دېگەن قائىدىگە تايىنىۋالىدىغان چۈشىنىكسىزلىك ۋە مۈجمەللىكلەر يوق.

**تۇغما ئاڭ ئەقىدىسى**

ئىسلام ئەقىدىسى تۇغما ئاڭغا يات ۋە زىت ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئەقىدىسى تەبىئىي ئاڭغا خۇددى قۇلۇپقا ئۇنىڭ ئۆز ئاچقۇسى ماس كەلگىنىدەك ماس كېلىدۇ. مانا بۇ قۇرئاننىڭ جاكارىسى: «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى 116 ـ ئايەت.

ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ.»[1] ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئوچۇق جاكارسى: «ھەر بىر بوۋاق ئىسلام ئۇستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىپ تەربىيەلەيدۇ يا ناسارا قىلىپ تەربىيەلەيدۇ ياكى ئاتەشپەرەس قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.» بۇ، ئىسلامنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەسىرىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما، كاتولىك، خرىستىئان، زەردۇشت قاتارلىق باشقا دىنلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەسىرى، ئۇدۇمى ئارقىلىق ئېشىنىلىدۇ.

**مۇقىم ئەقىدە**

ئىسلام ئەقىدىسى چەكلىك، ئەبەدىي ئۆزگەرمەس ئەقىدە بولۇپ، كۆپەيتىش ياكى قىسقارتىشنى، ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بىرەر ھۆكۈم، يا بىرەر ئىلمىي جەمئىيەت، يا بىرەر دىنىي قۇرۇلتاي ئىسلام ئەقىدىسىگە بىر نەرسە قوشالمايدۇ، ياكى ئۇنىڭ بىرەر تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. ھەرقانداق قوشۇش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆز ئىگىسىگە، ئۇنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە تالىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «كىمكى ئىسلام دىنىدا يوق بىر ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ.» بۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى كىتابلىرىغا كىرىپ قالغان ياكى خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن، دىندا ئورنى يوق ھەرقانداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، بىدئەت ـ خۇراپاتلار باتىل قاتارىدا قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. ئۇلارغا ئىسلام

[1] رۇم سۈرىسى 30- ئايەت.

ئۆزىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ. ئۇلارنى دەستەك قىلىۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

**پاكىتلىق ئەقىدە**

ئىسلام ئەقىدىسى پاكىتلىق ئەقىدە بولۇپ، ئۇ ئۆز ھۆكۈملىرىنى ۋەزىپە ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتىش ھەمدە قەلب ۋە ۋىجدانىنى قوزغىتىپ، ئۇ ئىككىسىگە تايىنىشنى ئېتىقادنىڭ ئاساسى قىلىش بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۆز ھۆكۈملىرىگە ئەقىل تىزگىنىنى تۇتۇۋالىدىغان ۋە يۈرەكلەرگە يول ئالىدىغان ئوبيېكتىپ دەلىللەر، ئېنىق پاكىتلار، روشەن ئالاقىلارنى قوشۇپ كەلتۈرىدۇ. ئىسلامىيەت ئالىملىرىدىن ھېچ بىرى خرىستىئانلارنىڭ پەيلاسوپى ئاۋگۇستىن دېگەندەك: «بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، چۈنكى بۇ بىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» دېمەيدۇ، بەلكى «ئاڭسىز ھالدا دوراپچىلىق بىلەن كەلتۈرۈلگەن ئىمان قوبۇل قىلىنمايدۇ»، «ئەقىل نەقىلنىڭ ئاساسى، توغرا نەقىل ئوچۇق ئەقىلگە خىلاپ كەلمەيدۇ»، دەيدۇ.

**نورمال ئەقىدە**

ئىسلام ئەقىدىسى ئىلاھنى سۈپەتلەشتە نورمال ئەقىدىدۇر. ئىسلام ئەقىدىسىدە ئىلاھنىڭ سۈپەتلىرىنى يۇنان پەلسەپىسىدىكىدەك مەنە چىقمايدىغان، قورقۇش ياكى تەلپۈنۈشكە ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش يوق. ئىسلام ئەقىدىسى بولسا، مېتافىزىك ـ تەبىئەتتىن سىرت تۇرىدىغان، بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئىشەنمەسلىك ئىدىيىلىرىگىمۇ ياتمايدۇ، يەنە شۇنىڭدەك، ياراتقۇچىنى ئىنسانلار ئىچىدىكى بىرەر مەخلۇققا ئوخشاش قىلىۋالىدىغان ۋە ئۇنى

ئۇخلاش، چارچاش، دەم ئېلىش، بىر جايدا مۇقىم تۇرۇش، ياخشى كۆرۈپ قېلىش، باغرى قاتتىقلىق ... دېگەندەك مەخلۇقاتقا خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدىغان، ئىلاھ پەيغەمبەر بىلەن ئۇچرىشىپ، بەلمۇ بەل تۇتۇشۇپ ئېلىشىپتۇ، لېكىن ئىلاھ قېچىپ قۇتۇلالماي ئۇنىڭغا پەيغەمبەر دېگەن يېڭى نامنى بېرىپتۇ ... دەپ كاپىششقا ئوخشاش كاتولىك دىنى ۋە باشقا ئەقىدىلەردە پەيدا بولغان ئىلاھنى ئادەمگە ئوخشىتىش ۋە ماددىيلاشتۇرۇشلارغا ھەمدە ھەرخىل كۆپلەشتۈرۈش ۋە شېرىك كەلتۈرۈشلەرگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى خۇددى مۇنۇ ئايەتتە: «سەندىن ئىلگىرى ھەرقاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: ‹بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىرخىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز› دېيىشتى.»[1] دېيىلگىنىدەك، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەقىدىسىگە، خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆي ـ زېمىن، مال مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغاندەك ۋارىسلىق قىلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماستىن قارىغۇلارچە تۇتۇپ ماڭىدىغان گالۋاڭ دىندارلار بىلەن ھەممە نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنى ھەتتا ئىلاھنىڭمۇ ماھىيىتىنى تونۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئوتتا يول تۇتقان ئەقىدىدۇر. ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ تەلىماتىمۇ ئىسلام ئەقىدىسىدە خاتا، نېمىشقىمۇ خاتا بولمىسۇن؟ ئىلاھنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلغان ئاشۇ كوممۇنىستلار ئۆز

[1] زۇخرۇف سۈرىسى 23ـ ئايەت.

تىنىدىكى روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمەيۋاتىدىغۇ؟ شۇنداق تۇرۇپ ئەقىل قانداقمۇ ئىلاھنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيدۇ؟ ئىنسان بىلەلمىگەن شۇ روھنى، ئۆلۈمنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا، يارىتىلغان مەخلۇقنى كۆرەلمىگەن كۆز، بىلەلمىگەن ئەقىل ياراتقۇچى ئاللاھنى قانداقمۇ كۆرەلەيدۇ؟ ماھىيىتى چەكلىك نەرسە چەكسىز ماھىيەتنى بىلەلەمدۇ؟

ئىسلام ئەقىدىسى مۇشۇنداق ئىسپاتلىق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا كائىنات، ئالەم توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىدۇ. پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدىلا ئويلىنىڭلار، ئاللاھ ئۈستىدە ئويلانماڭلار، ھالاك بولىسىلەر». ئىسلام ئەقىدىسى ئەقىدە ئىگىلىرىنى ئۆزى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ، باشقىلارنى ئۆزىگە چاقىرىشقا قىزىقتۇرىدۇ. «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»[1] لېكىن ئۇ بىراۋنى ئۆز ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىمايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى مۇسۇلمانلارنى دىن يولىغا توسالغۇ پەيدا قىلغانلار بىلەن گەرچە ئۇلار ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست بولۇشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى يەنە ئىسلام ئەقىدىسىگە قارشى بولسىمۇ لېكىن ئۆزىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلمايدىغانلارغا ياردەم ۋە ياخشىلىق قولىنى يىغنۇالمايدۇ: «(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 33- ئايەت.

سـىلەرنى يۇرتـۇڭلاردىن ھەيـدەپ چىقارمىغانلارغـا كەلسـەك، ئـاللاھ ئۇلارغـا ياخشـىلىق قىلىشـىڭلاردىن ۋە ئۇلارغـا ئادىـل بولۇشـۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ.»[1]

ئىسلام ئەقىدىسـى ئـادەتتە ئىنسـانلارنىڭ ئەقـلى، تەپەككـۇرى ھە دىگەنـدە سـاقلىنالمايدىغان بەزى ئـوي ـ پىكىـرلەرگە كەڭچىلىـك قىلىـدۇ. بەلكـى ئـۇنى بەزى ۋاقىـتلاردا ئەقلـى ئويغاقلىقنىـڭ دەلىلـى، كۆڭـۈل توختاش ۋە شەكسىز ئىشـەنگەنلىكتىن تۇغۇلغـان گۇمـان دەپ قارايــدۇ. بەزى سـاھابىلەر: ئـى رەسـۇلۇللاھ، بىـز كۆڭـۈللىرىمىزدە ئېغىـزدىن چىقىرىشـتىن كۆيـۈپ كـۈل بولـۇپ كەتكىنىمىـز ياخشـىراق بولغـان خەتەرلىـك ئـويلارنى سـىزىۋاتىمىز ـ دېـدى، ئـۇلار بۇنىڭـدىن كۆڭۈللىرىگە كېلىپ قالغـان ئىلاھـىيەت مەسـىلىلىرىدىكى خەتەرلىـك سوئاللارنى كۆزدە تۇتقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئېنىق ۋە كەسـكىن ھالـدا: «سـىلەر شـۇنداق سىزىۋاتامسـىلەر؟ ئـۇ ئىمانىنـىڭ ئاشـكارىلىقىدۇر»[2] دېدى.

ھەكىم مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئاbباس ئىبنى ئۆمەردىن: ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئەڭ ئۈمىد بەخش ئايەت قايسى دەپ سورىغانىدا ئـۇ: «ئـۆز ۋاقتىـــدا ئىبـــراھىم: پەرۋەردىگـــارىم ئۆلـــۈكلەرنى قانـــداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن دېدى، ئـاللاھ: (ئۆلـۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيـــدىغانلىقىمغا) ئىشـــەنمىدىڭمۇ؟ دېـــدى، ئىبـــراھىم: ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قـارار تاپسـۇن ئۈچـۈن (كۆرۈشـنى تىلەيـمەن) دېـدى ئـاللاھ ئېيتتـى: قۇشـتىن تـۆتنى ئـالغىن، ئـۇلارنى

---

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى 8- ئايەت.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

ئـۆزۈڭگە تـوپلىغىن (يەنـى ئـۇلارنى پـارچىلاپ گۆشـلىرى بىـلەن پەيلىرىنـى ئارىلاشـتۇرغىن)، ئانـدىن ھەر بىـر تاغقـا ئـۇلاردىن بىـر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، ئـۇلار سـېنىڭ ئالـدىڭغا چاپسـان كېلىـدۇ. بىلگىنكـى ئـاللاھ غـالىبتۇر، ھـېكمەت بىـلەن ئـىش قىلغۇچىدۇر.» دېـگەن ئـايەتتۇر دەپ جـاۋاب بەرگـەن ئـىدى». ئـاللاھ ئىبراھىمنىـڭ «ئىشـەندىم» دېـگەن سـۆزىدىن رازى بولـدى. مانـا بـۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن دىلغا كىرىـپ قالـدىغان ئـوي بولـۇپ، ئۇنى مۆمىن قەلبىدىكى پەرىشتە ئىلھامى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. دېـمەك ئۇ ۋەسۋەسە، ئاللاھقا يۈزلىنىش، ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىش ئـارقىلىق يوقاپ كېتىدىغان خىيالدۇر.

ئىسـلام ئەقىدىسـى پەيغەمبەرلىـك ئىشـىدا ئوتتۇراھـال ئەقىدىـدۇر. ئـۇ پەيغەمبەرلەرنـى ئىلاھلىـق ئورنىغـا كۆتۈرمەيـدۇ. نـادانلار ئـۆز پەيغەمبەرلىرىنـى ئـىلاھ قىلىـپ چوقۇنغانـدەك كىشلەرنىڭ ئۇلارغـا چوقۇنۇشـىغا قەتئىـي يـول قويمايـدۇ. لـېكىن ئۇلارنى ئادەتتىكى ئىنسانلار بىلەن تەڭ ئورۇنـدا كۆرمەيـدۇ، ئەگەر ئۇلار بىـلەن تەڭ ئورۇنغـا قويۇلسـا، ئۇلارغىمـۇ باشـقا ئىنسـانلاردەك گۇنـاھ ئىشـلارنى قىلىـش، ھـاراق ئىچىـش، كۆڭـۈل خاھىشـىغا ئەگىشىش، شەخسىي ئارزۇسى يولىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشـتەك ئىشـلارمۇ تېگىشلىك بولۇپ قالاتتى. پەيغەمـبەرلەر ئىسلام ئەقىدىسـىدە پـاك ئىنسـانلاردۇر. ئـاللاھ ئۇلارنىـڭ ۋۇجۇدىـدىكى پـاكلىقىنى، قابىلىيىتىنىـڭ ياخشـىلىقىنى بىلگەچـكە ئىنسـانلار ئارىسـىدىن شـۇلارنى تـاللاپ ئـۆز ۋەھيىسـىنى چۈشـۈردى. ئـاللاھ ئـۇلارنى ئەگەشـكۈچىلىرىنىڭ ئۈلگىسـى قىلـدى ۋە ئۇلارغـا ئاللاھنىـڭ

جازاسى چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى قەبىھ گۇناھلاردىن ۋە رەزىل قىلمىشلاردىن ساقلىدى.

ئىسلام ئەقىدىسى ئىنساندىكى ئىرادە، مەجبۇرلۇق ياكى ئىختىيارلىق مەسىلىسىدە نورمال ئەقىدىدۇر. ھالبۇكى بۇ ئىش ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىنى ئۇلاردا ئىلمىي تەپەككۇر باشلانغاندىن تارتىپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ھەيرانلىق ۋە تىگىرقاشقا سېلىپ كېلىۋاتقان، پەيلاسوپلار، پسىخولوگلار، ئەخلاقشۇناسلار، پىداگوگلار ۋە باشقىلارنىڭ تالاش ـ تارتىش ئوبيېكتى بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە بولغاندا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىختىيارىي ئەمەللىرى دائىرىسىدە ئەركىن بولۇپ، بۇلاردا ئۇنىڭ شەخسەن مەسئۇلىيىتى بار بولىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى قۇرئان ئايەتلىرى كۆرسەتكىنىدەك ئىنساننىڭ ھېس تۇيغۇلىرىمۇ ماقۇللايدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) بۇ ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولىدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن دېگىن. بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۈتۈن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (نىھايەتتە قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن يامان شاراپ! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي ھە!»[1]، «بۇ ئايەتلەر ۋەز نەسىھەتتۇر، (بۇۋەز ـ نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن.»[2] بۇنىدىن باشقا يۈزلىگەن ئايەتلەر بولۇپ، ھەممىسى

[1] كەھف سۈرىسى 29ـ ئايەت.

[2] مۇززەممىل سۈرىسى 19ـ ئايەت.

ئىنسانىنىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئەمەلىدىن قىيامەتتە ھېساب بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇشۇ ئىجابىي مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بولدى قىلماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ھۆججەت قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇشرىكلىقى ۋە جىنايەتلىرىنى تەقدىرنىڭ شىللىسىگە ئارتىپ قويىدىغان جەبەرىيە ئېقىمىدىكىلەرگە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ: «مۇشرىكلار: ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ھېچ نەرسىگە شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق، دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىتقانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، ئاللاھقا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر.»[1]

ئىنسان ئەمىلىيەتتىكىدەك، خالىغىنىنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدىغان، ئەركىن ئىرادىلىك ئەمەس، ئەگەر قىلالايدىغان بولسا ئىلاھ بولغان بولاتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىك غەلىبىسى ھەرقانچە يۇقىرىلىشىپ كەتسۇن، ھېچبىر ئادەم ئىنسان ئىرادىسىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئىرادىنىڭ چەكلىكلىك سەۋەبىگە ئىرسىيەت، مۇھىت ياكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئورتاق

[1] ئەنئام سۈرىسى 148- ئايەت.

ئامىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىنسان «باغلاقتىكى ئەركىن جانلىق» دەپ قارايدۇ. تېخى بۇ يەتمىگەندەك، ئىنسانىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىقتىسادىي بازىس بىلەن باغلاپ قويىدىغان دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچىلار ئىنساننى ماددىي شەيئىلەرگە بىقىنغۇچى قۇل ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ «جەبەرىيە ـ تەقدىرچىلەر» لەردىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئىسلامنىڭ تونۇشى بويىچە بولسا ئىنسان ماددا ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزگۈچى خوجايىن ئىدى.

ئىسلام بولسا مانا مۇشۇ ھەممە ئىنتىپاقلاشقان ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغۋار ۋە شەرەپلىك بولغان بىر تۇستە تەن ئالىدۇ. بۇنىداق دېگىنىمىز ــ ئىنسان ئاللاھنىڭ مەۋجۇداتقا بېكىتىپ بەرگەن قانۇنىيىتى دائىرىسىدە ئەركىن ھەم ئىختىيارىدۇر. ئۇ قانۇنىيەت ئاللاھنىڭ ئىلمى، ھېكمىتى، ئىرادىسى بويىچە ئالەمنىڭ بارلىق قىسىملىرىدا ساقلىنىدۇ. ئىنسانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئىنسان ئەركىندۇر. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەركىنلىك ۋە تاللاش ھوقۇقىنى بەردى. قۇرئان ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ـ يەنە بىر تەرەپتىن ئىجرا بولىدىغان ئىلاھىي ئىرادە، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئىلاھىي كۈچنىمۇ تەڭ ئەسكەرتىدۇ: «پەقەت ئاللاھ خالىغاندىلا ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[1] «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر

[1] ئىنسان سۈرىسى 30ـ ئايەت.

يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟»[1]

قۇرئانىدا بۇ ھەقىقەت خۇدانىمۇ كۆزدە تۇتقان، ئىنسانىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان، ھەممە تەرەپنى تەڭ نەزەردە تۇتقان ھالدا ئۇقتۇرۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقى، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن بارلىق دۇنيانىڭ ۋە بارلىق دەۋرنىڭ كىتابى بولۇپ كەلدى.

دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇلھادى ئەبۇ رەيدە مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتاب. قۇرئان ھاياتلىقنىڭ ھەممە قىسىملىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئۇقتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

ئۆزى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىخلاسمەن دىندار، يامانلىقتىن قايتىپ ياخشىلىقنى ئاللاھتىن، يامانلىقنى ئۆزىدىن دەپ بىلىدۇ ياكى ھەممە نەرسە ئاللاھقا غەيرىي ماددىي ـ مېتافىزىكىلىق رەۋىشتە باغلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ قۇرئاندا مۇشۇ قارىشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئىبارىلەرنى كۆرىدۇ، مەسىلەن: «قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ ئاللاھتىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان زەخمەتكە ئۇچرىسا بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا

[1] يۇنۇس سۈرىسى 99- ئايەت.

كىرگەنلىكمىــزدىن) بولــدى دەيــدۇ. (ئــى مــۇھەممەد! بـــۇ ئەخمەقـلەرگە) ئېيتقىنكى ‹(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىـڭ) ھەممىسى ئـاللاھ تەرىپىدىنـدۇر (يەنــى ھەممىسـىنى ئـاللاھ ياراتقانــدۇر)›. بـۇ قەۋمــگە نــېمە بولــدىكىن. ئــۇلار ھــېچ بىــر ســۆزنى (يەنــى ھەمــمە شـــەيئىنىڭ ئاللاھنىـــڭ تەقـــدىرى بىـــلەن بولـــدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ. (ئـى ئىنسان!) ساڭا يەتـكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسـىدىن) ئـاللاھ تەرىپىدىنـدۇر، ساڭا يەتـكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلى) ئۆزەڭدىندۇر. (ئـى مۇھەممەد!) سېنى بىـز (پۈتــۈن ئىنســانلارغا) پەيغەمــبەر قىلىــپ ئەۋەتتــۇق، (ســېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) شاھىت بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.»[1]

ياخشــى ئىشــلىرى بىــلەن شــەرەپ ھــېس قىلىــدىغان دىنــدار، يامان ئىشلىرىدا ئــۆز مەسئۇلىيىتى بـارلىقىنى ئېتىـراپ قىلىـدۇ. ئـۇ قۇرئانــدا ئۆزىنىــڭ بىۋاســتە ســىزىمىغا تــوغرا كېلىــدىغان ۋە ئــۇنى مەمنۇن قىلىدىغان، ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغان ئـادالەت بىـلەن مـاس كېلىدىغان ئىبارىلەرنى كۆرىدۇ. مەسىلەن: «كىمكى ياخشـى ئىـش قىلىــدىكەن، پايدىســى ئۆزىگــدۇر، ۋە يامــان ئىــش قىلىــدىكەن زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر، پەرۋەردىگارىـڭ بەنـدىلەرگە زۇلـۇم قىلغـۇچى ئەمەســتۇر.»[2] «كىمكــى زەررىچىلىــك ياخشــى ئىــش قىلىــدىكەن ئۇنىــڭ مۇكاپــاتىنى كۆرىــدۇ. كىمكــى زەررىچىلىــك يامــان ئىــش قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»[3]

---

[1] نىسا سۈرىسى 78- 79 ئايەت.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى 46- ئايەت.

[3] زىلزىلە سۈرىسى 7 - 8 ئايەت.

ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان گۇناھكار تەۋبە قىلىپ گۇناھىدىن قايتسا ھەمىدە ئۈمىدۋار ھالىدا ئۆز ئاقىۋىتىدىن خاتىرجەم بولسا، مۇنداق ئىبارىلەرنى كۆرىدۇ: «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى: (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) پۈتۈن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[1]

قۇرئان يالغۇز ئاددىي ـ ساددا كىشىلەرنىڭ ياكى مول بىلىملىك، سەۋىيىسى يۇقىرى كىشىلەرنىڭلا قانۇنى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن كامالەت ۋە تەرەققىي قىلىپ، توغرا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بارلىق ئىنسانلارنىڭ قانۇنى ۋە قوللانمىسى بولۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتابتۇر.

---

[1] زۇمەر سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

## ئىككىنچى بۆلۈم
## ئىماننىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بىز ھەر بىر ئىنسان ئۆزى خالايدىغان، ھاياتىدا كۆڭلى تەلپۈنۈپ ئۆتىدىغان، ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدىغان ئۇلۇغ نىشان ۋە يۈكسەك غايىلەرنىڭ ئىچىدىن نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلەمدۇق؟

ئەگەر بىز ئۆزىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئىنسانلارغا ھەمدە ئىنسانلارنىڭ يىراق - يېقىنقى تارىخىغا ئوبدان نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلەيمىز.

شەخس ئۆزىنى بىلىشنى، ئۆز ئاالاھىدىلىكىنى بېيىتىشنى، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە قەدىر- قىممىتىنى چۈشىنىشنى خالايدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ مەقسىتى، ھاياتىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلمەكچى بولىدۇ.

شەخس يەنە ئۇلۇغلۇق ئىزدەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تەبىئەتكە قارشى، ھادىسىلەرگە قارشى، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى، كۆڭۈل شەھۋەتلىرىگە قارشى بىر يېڭىلمەس تايانچ كۈچ ئىزدەيدۇ. غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى جىسمانىي ئاجىزلىقىدىن، ئەخلاقىي ئاجىزلىقلىرىدىن، خاراكتېر كەمچىلىكلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان كۈچ ئىزدەيدۇ.

شەخس بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بەخت ئىزدەيدۇ. ئۇ يەنە بىر ھاياتتىلا ئەمەس، مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىمۇ بەخت ئىزدەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ

بۇ دۇنيادىكى ساناقلىق كۈنلىرىنى بەختسىزلىك، بىتەلەيلىكتە ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ ھاياتىدا روھىي خاتىرجەملىك، كۆڭۈل تىنچلىقىغا تىگىل بولۇپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ روھىنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ كېتىدىغان روھىي مەنۇنلۇق، ھاياتىنىڭ يىراق ـ يېقىن ئۇپۇقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان پارلاق ئارزۇ، بارلىق ھېسسىياتى ۋە پۈتۈن دۇنياسىنى نۇر ۋە يورۇقلۇققا تولدۇرىدىغان ئۇلۇغ مۇھەببەت بىلەن مەنپەئەتلىنىپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

مانا بۇ توغرا يولدىكى بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسى ۋە دوستلىرىغا ئىزدەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە بۈيۈكرەكىدۇر. ئەمما يېيىش ئۈچۈن ياشاشنى ۋە ھايۋانلاردەك بەھىرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەم ھايۋانلاردەك مەنىسىز ئۆلىدىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

شەخس ھاياتىدا مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ نىشان، چوڭقۇر مەزمۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئىماننىڭ قانچىلىك رولى بار؟ بۇ سوئال كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى بۆلۈملىرىدە تېگىشلىك جاۋابىنى تاپىدۇ.

## ئىمان ۋە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى

«بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق. ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى نۇرغۇن مەخلۇقلىرىمىزدىن ئۈستۈن قىلدۇق.»[1]

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 70ـ ئايەت.

ئىنسان دېگەن نېمە؟

ئىنسان دىنسىزلارنىڭ نەزىرىدە زېمىنغا تۇغۇلۇپ، زېمىندا مېڭىپ، زېمىندىن يەپ، زېمىنغا قايتىدىغان مۇشۇ زېمىننىڭ بىرچاڭگال تۇپرىقى. ئۇنىڭ تولگەل ۋۇجۇدى ئەت، قان، سۆڭەك، نېرۋا، سىستېمىلار، بەزلەر، ھۈجەيرە قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسى. ئۇنىڭدىكى ئاڭ، تەپەككۇر دېگەنلەرنى ئۇنىڭ مېڭىسى خۇددى جىگەر سەپرا، بۆرەك سۈيدۈك ئاجرىتىپ چىقارغاندەك ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئۇ مۇشۇ يەر شارىدىكى ساناقسىز خىلمۇ ـ خىل جانلىقلارنىڭ بىرى. بەلكى ئۇ مۇشۇ ئۇچار قاناتلار، ئۆمىلىگۈچىلەر، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، ھاشاراتلار ۋە مايمۇنلارغا ئوخشاش بىر ھاياتلىق تۈرى. ئۇنىڭ پائالىيەت چېكى زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ «تەرەققىي قىلىش» بىلەن ئىنسانغا ئايلانماق.

ئىنسان ئۇنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقىنى يەر شارى، يەر شارى بولسا قۇياش سىستېمىسىدىكى كىچىككىنە بىر پىلانېت. قۇياش سىستېمىسى بولسا يۈز مىليونلارچە ئاسمان جىسىملىرى قورشاپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن غايەت زور سىستېمىلارنىڭ بىرى.

بىز كوپېرنىك ئوتتۇرىغا قويغان«قۇياش مەركەز» تەلىماتى ۋە ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدىن ئىنساننىڭ ئورۇن جەھەتتە بۇ غايەت زور ئالەمدە ئىنتايىن كىچىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. دەۋر جەھەتتىن ئېيتقاندا دارۋىن ۋە باشقا بىر قىسىم گېئولوگ، بىئولوگلار ئىنساننىڭ دەۋر جەھەتتىمۇ ھەم ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى، يەرشارىنىڭ ئۆمرى نەچچە يۈز مىليون يىللارغا يېتىدىغانلىقىنى

ئىسپاتلاشتى، مانا بۇنداق ئەھۋالدا، يەر شارىدا ئىنسانلار ياشاشقا باشلىغان نەچچە يۈز ۋە نەچچە مىڭ يىللارنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولىدۇ دەيسىز.

يۇقىرىقىلار دىنسىزلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىنساننىڭ ئورنى ۋە دەۋر جەھەتتىكى قىممىتى.

دىنسىزلار ئىنساننى باشقىلارغا ئوخشاش «ئىلاھ روھ» ياكى «سۆز قىلالايدىغان جانلىق» دېگەندەك ئالاھىدە ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئىنسان پەقەت بىر ماددىي جازا ۋە جانلىق جىسىمدىن ئىبارەت.

ئۇنداق بولسا ئىنساندىن ئىبارەت بۇ گەۋدە ۋە جىسىمنىڭ ماددىي قىممىتى زادى قانچىلىك؟

ئالىملار ئىنسان بەدىنىدىكى ئاساسلىق ماددىلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەرنى چىقاردى.

ئىنساننىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 75 كىلوگرام كېلىدۇ. ئىنسان بەدىنىنى تۈزگۈچى ماددىلارغا توختالساق، ئىنسان بەدىنىنىڭ ئومۇمەن تۆۋەندىكى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

7 پارچە سوپۇن ئىشلەشكە يەتكۈدەك ماي

7 دانە قېرىنداش ئىشلەشكە يەتكۈدەك كاربون

120 دانە سەرەڭگە تىلىنى ئىشلەشكە يەتكۈدەك فوسفور،

بىر توخۇ كاتىكىنى ئاقارتىشقا يەتكۈدەك ھاك،

پىت بېسىپ كەتكەن بىر ئىتنىڭ تىرىسىنى تازىلاشقا يەتكۈدەك گۈڭگۈرت،

بىر قېتىملىق سۈرگە دورىسى قىلغۇدەك ماگنى تۇزى (ماگنى سۇلفات)،

چـوڭ ـ كـىچىكلـى ئوتتـۇراھـال بـىر تـال مـىخ ياساشـقا يەتكـۈدەك تۆمۈر.

تەخمىنەن 546. 4 لىتىر سۇ.

بۇ ماددىلارنى بازاردىن 50 ـ 60 پەيسە (يۈەنگە سـۇندۇرغاندا 0.8 يۈەن ئەتراپـىدا) غـا سـېتىۋالغىلى بولـىدۇ. مانـا بۇنىڭـدا بـۇ مىسلىسـىز جانلىقنىڭ تۈپ ئاللاھىدىلىكى بولغان ئاسمان تەرىپىدىن بېرىلگەن جاننىڭ قىممىتى يوق.

زامـانىمىزدىكى ئەرەب دىنىسـىزلىرىدىن بىـرى مۇنـداق دەيـدۇ: بىـز بىـلەن ئەڭ تەرەققىـي قىلغـان ھـايۋان ئوتتۇرىسـىدىكى پەرقمـۇ ئەڭ ئـاددىي بىـر ھاشـارات بىـلەن ئەڭ تەرەققىـي قىلغـان ھـايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن ئارتۇق ئەمەس.

ئەگەر بىز بولمىساق نېمە ئىش بولماقچىدى؟!

بىزنىڭ يوقلۇقىمىزدىن ئالەمگە، ئاي، كۈنگە نېمە ئىش يەتمەكچىـدى؟ ئۇلار نېمىدىن قۇرۇق قىلىپ، نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىدى؟

مانا بۇ، ئىنساننى ئۇنىڭ جەۋھىرى بولغـان روھـي قىممىتىـدىن، مەنىۋى ئورنىدىن ئايرىپ قاراشتىن كېلىپ چىققان بىلجىرلاشلاردىن ئىبارەت.

**مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئىنسان**

مۆمىنلەرنىـڭ نەزىرىـدە، ئىنسـان ئاللاھنىـڭ ئۇلـۇغ مەخلۇقىـدۇر. ئاللاھ ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل ھۆسـن ۋە چىراي ئاتا قىلدى. ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يارىتىپ ئۆز روھىـدىن جـان بەردى. پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلدۇردى. ئۇنى ئىلىم ۋە ئىرادە

بىلەن بارلىق مەخلۇقلاردىن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئۇنى زېمىنغا خوجايىن قىلدى. ئالەمدە ئىش باشقۇرغۇچى قىلدى. ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئەمما ئاللاھ ئۇنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى.

ئالەمنىڭ كەڭرىلىكى، چوڭلۇقىغا نىسبەتەن ئىنسان ھەجىم ۋە جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە راستتىنلا ئەرزىمەس، تولىمۇ كىچىك نەرسە. لېكىن روھىي ۋە مەنىۋى قىممەت جەھەتتە تولىمۇ چوڭ نەرسەدۇر. بۇ توغرىدا شائىر خويمۇ ياخشى ئېيتىدۇ:

كۆرەلمەيسەن ھەي ئىنسان ئۆزۈڭدە بار نەرسىنى،
كېسىلىڭمۇ ئۆزۈڭدىن سىزەلمەيسەن ھېچ بۇنى.
سەن ئۆزۈڭنى چاغلايسەن چىغى چاغلىق بىر جىسىم،
بىلسەڭ، بۈيۈك بىر ئالەم سەندە تۇرغان ـ پۈتكىنى.

مۇسۇلمانلار ئۆلۈمنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاياغلىششى ئەمەس، بەلكى: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، گۇناھىڭلاردىن پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، ئۇ يەردە مەڭگۈ قىلىڭلار» دېيىلىدىغان مەڭگۈلۈك جايغا قاتنايدىغان بېكەت ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

**ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئورنى**

قۇرئان نۇرغۇن ئايەتلەردە ئىنساننىڭ ئاللاھقا يېقىنلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا يېقىنلىقىنى بايان قىلىدۇ. «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى

بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز.»[1] بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. رەسۇلۇللاھمۇ بۇ مەزمۇننى تەكىتلەپ ئۆز ھەدىسلىرىدە ئاللاھ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەندەمنىڭ مەن توغرۇلۇق ئويلىغان ياخشى ئويىدا بولىمەن، ئۇ مېنى تىلغا ئالسا، مەن ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولىمەن، ئۇ مېنى ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى ياد ئېتىمەن. مېنى جامائەت ئارىسىدا ياد ئەتسە مەن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى جامائەت (پەرىشتىلەر) ئارىسىدا ياد ئېتىمەن. بەندەم ماڭا غېرىچ يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا گەز يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا گەز يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن.»[2] مانا بۇ، ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئورنى.

**ئىنساننىڭ ئۈستۈنكى ئالەمدىكى ئورنى**

ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ روھى ئالەمدىكى ئورنىنىڭ قانداقلىقىغا كەلسەك، بۇ ئورۇن خۇداغا ئەڭ يېقىن پەرىشتىلەرمۇ بويسۇنۇپ سوزۇپ، تەلپۈنۈپ قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئەڭ يۈكسەك ئورۇندۇر. ئاللاھ زېمىندىكى خەلىپىلىك (ئاللاھقا ئورۇنباسارلىق قىلىش) ئورنىغا تاللىغان نامزات ئىنسان بولدى. «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) يارىتىمەن› دېدى، پەرىشتىلەر: يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز دېدى،

[1] قاپ سۈرىسى 16- ئايەت.
[2] بۇخارىي رىۋايىتى.

ئـاللاھ: مەن ھەقـىقەتەن سـىلەر بىلمەيـدىغان نەرسـىلەرنى بىلـىمەن دېدى. ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئـادەمگە ئـۆگەتتى، ئانـدىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: «(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغانـدا بـىـز ھەقلـىـق دەيـدىغان قارىشـىڭلاردا) راسـتچىل بولسـاڭلار، بـۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭـا ئېيتىـپ بـېرىڭلار› دېـدى. پەرىشـتىلەر ‹سـېنى (پۈتكـۈل كەمچىلىكلەردىـن) پـاك دەپ تونـۇيمىز. بـىـز سـەن بىلدۈرگەنـدىن باشـقىنى بىلمەيمىـز، ھەقـىقەتەن سـەن ھەممىنـى بىلگۈچىدۇرسـەن، ھـېكمەت بـىلەن ئـىش قىلغۇچىدۇرسـەن› دېـدى. ئاللاھ: ‹ئى ئادەم! ئۇلارغا بـۇ نەرسـىلەرنىڭ نـامىنى ئېيتىـپ بەرگـىن› دېـدى. ئـادەم ئۇلارغـا بـۇ نەرسـىلەرنىڭ نـاملىرىنى ئېيتىـپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: ‹مەن سـىلەرگە ئاسـمانلاردىكى ۋە زېمىنـدىكى غەيىپنـى ھەقـىقەتەن بىلىـپ تـۇرىمەن، ئاشـكارا ۋە يوشـۇرۇن ئىشـلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم› دېدى.»[1]

ئـاللاھ ئىنسـاننى ھۆرمەتلـەك قىلـىش ۋە ئـۇنى روھــى ئالەمــدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلىشنى خالاپ پەرىشتىلەرنى بۇ يېڭى جانلىققا سالام ئـادا قىلـىش ۋە ئـۇنى ئۇلـۇغلاپ، ھـۆرمەتلەپ، ئېگىلىـپ قارشـى ئېلىشقا بۇيرۇدى. «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتـى: ‹مەن ھەقـىـقەتەن لايـدىن ئـادەم يـارىتىمەن. ئـۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقـان (يەنـى ئـۇنى يارىتىـپ سـۈرەتكە كىرگـۈزۈپ، ئەزالىرىنـى مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار›. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممـۇ قالماي

[1] بەقەرە سۈرىسى 30 ـ 33 ـ ئايەت.

ھەممىسى (ئـادەم ئەلەيھىسسـالامغا) سـەجدە قىلـدى. پەقەت ئىبلىسـلا بويۇنتـاۋلىق قىلــدى، ئــۇ كــاپىرلاردىن بولــۇپ كەتتــى.»[1] ئىــبلىس ئاللاھنىــڭ ئىنسـانغا سـالام بىـرىش بۇيرۇقىغـا بويسـۇنمىدى، ئۇنىـڭ كۆڭلىدىكى ھەسەت ۋە چىدىماسلىق ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇنتاۋلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلـدى. ئـۇ كـاپىرلاردىن بولـۇپ كەتتـى ۋە ئىنسـانغا دۈشـمەنلىك پوزىتسىيىسـى تـۇتتى. نەتىجىـدە، بـۇ دۈشمەنلىشىشـنىڭ ئاقىۋىتى تۆۋەندىكىدەك بولدى: «ئاللاھ: سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ھەقىـقەتەن قوغلانـدى بولـدۇڭ، سـاڭا قىيـامەتكىچە مېنىـڭ لەنىـتىم بولسـۇن دېـدى.»[2] مانـا بـۇ بولسـا، ئىنسـاننىڭ روھىــي ئالەمـدىكى ئورنىدۇر.

**ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنى**

ئىنسان بۇ كەڭ ماددىي ئالەمـدىكى مەركـىزى نۇقتـا. ئىنسـان بـۇ ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز مەنپەئىتى ۋە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىيـاجى ئۈچـۈن تەسـەررۇپ قىلىـدىغان باشـقۇرغۇچى خوجايىنىـدۇر. خـۇددى ھەممە نەرسـە ئىنسـان ئۈچـۈن يارالغانـدەكلا. ئـاللاھ قۇرئانـدا مۇنـداق دەيدۇ: «بىلمەمسلەركى، ئاللاھ ئاسـمانلاردىكى ۋە زېمىنـدىكى ھەمـمە نەرسىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى.»[3]

مانا بۇ، ئىنساننىڭ بـۇ ئالەمـدىكى ئـورنى ۋە ئالەمـدىكى نەرسـىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

---

[1] ساد سۈرىسى 71 ـ 74 ـ ئايەتلەر.
[2] ساد سۈرىسى 77 ـ 78 ئايەت.
[3] لوقمان سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

ئىنساندىن نەچچە ھەسسە زور ۋە كاتتا جىسىملار بار بولغان بۇ ئالەمدە ئىنساننىڭ شۇنچە ئۇستۇن ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنىڭ سىرى زادى نەدە؟

بۇنىڭ سىرى دەل ئىنسان ۋۇجۇدىنى تەشكىل قىلىپ ئىلاھىي نۇر ھەمدە ئۇنىڭغا تۆرەلمىلىك ھالىتىدە ئاللاھ روھىدىن پۈۋلەنگەن ئىلاھىي روھتىدۇر. ئىنساندىكى مانا شۇ خىل ئىمتىياز ئۇنى زېمىندا خەلىپە بولۇش ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان. قۇرئاندا بۇ ھەقىقەت تولىمۇ گۈزەل بىر ئەدەبىي تۈستە مۇنداق ئىپادە قىلىنىدۇ: «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق. ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى. ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى. ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر.»[1]

مانا شۇ سالاھىيەت ئىنسانغا ھىدايەت يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن ۋە ھېچقانداق ئۆزرىگە ئورۇن قويمىغاندىن كېيىن، ئىنساننى ئۆز ئاقىۋىتىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان قىلغان: «ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى ـ ئىجتىھات قىلىسەن (يەنى ئەمىلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن).»[2]

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 72ـ ئايەت.

[2] ئىنشىقاق سۈرىسى 6ـ ئايەت.

ئىسلامىيەتتە ئىنسان ئورنىنىڭ بۇ قەدەر يۈكسەك بولۇشى قارىماققا سەل ھالقىپ كېتىشتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانىيەتكە قۇرئان كۆرسەتمىسىگە ماس ھالدا بېرىلگەن ئادىل تەقسىمات. ھەر قايسى دەۋرلەردە ياشىغان ئىسلام ئىمام، ئالىملىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىر دەك تەن ئالىدۇ.

ئالىم ئەبۇ بەكر ئىبنۇل ئەرەبىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ ئىنساندىن چىرايلىق مەخلۇقى يوق. ئاللاھ ئىنساننى تىرىك، بىلىدىغان، كۈچلۈك، سۆزلەيدىغان، ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان، پىلانلايدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان قىلىپ ياراتتى.» بۇلار ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئىدى.

ئىمام غەزالىي ئۆزىنىڭ «ئىھيائۇلئۇلۇم» دېگەن كىتابىدا ئاللاھنىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشىدىكى سەۋەبلەرنى ئىزاھلاپ كېلىپ ئاللاھنىڭ زاتى بىلەن ئىنساننىڭ زاتى ئارىسىدا ئازراق مەنىۋى ئوخشاشلىق ۋە ماس كېلىش بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئوخشاشلىق ۋە ماسلىق سۈرەت ۋە شەكىلدىكى ئوخشاشلىق ۋە ماسلىق بولماستىن، ئىچكى قىسىمدىكى ئوخشاشلىق ۋە ماسلىقتۇر. مەسىلەن، ئاللاھ كۆرىدۇ، ئاڭلايدۇ، بىلىدۇ، سۆزلەيدۇ، پىلانلايدۇ، ھېكمەتلىك ئىش قىلىدۇ، ھەممىنى قىلالايدۇ. ئىنسانمۇ ئوخشاشلا بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە، لېكىن ھەر ھالەتتە ئاللاھتىكى كامالەت دەرىجىسىدە ئەمەس. بۇ ئوخشاشلىق ۋە ماسلىقنىڭ بەزىسنى يېزىشقا بولىسىمۇ كۆپىنچىسىنى يېزىشقا بولمايدۇ.» ئۇ دەيدۇ: «بەندىنىڭ

پەرۋەردىگارىغا بولغان يېقىنلىقى پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇلگە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىلاھىي ئەخلاق سۈپەتلىرىدىلا بولىدۇ.» بىز ئادەتتە ئاڭلاپ تۇرىدىغان «ئالالاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار» دېگەن سۆزدىن كۆزدە تۇتۇلغىنىمۇ دەل بىلگىچلىك، ياخشىلىق، ئېھسان، مېھرىبانلىق، مەرھەمەت، مەخلۇققا رەھىم قىلىش، كۆيۈنۈش، ھەققە باشلاش، باتىلدىن توسۇش قاتارلىق ئىلاھىي سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەندىنى ئالالاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئەمما كىتابلارغا يېزىشقا بولمايدىغىنى ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاھىدە، خاس مۇناسىۋىتىدۇر. بۇ خاس مۇناسىۋەت ئالالاھنىڭ كىتابىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: «ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. ‹روھنىڭ ماھىيىتىنى پەقەت پەرۋەردىگارىملا بىلىدۇ› دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن.»[1] ئالالاھ روھنىڭ مەخلۇقلار ئەقلىدىن سىرت پەقەت ئۆزىگە خاس ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

بەزى ساددا كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئالالاھ ئادەمنى ئۆز سۈرىتىدە ياراتقان» دېگەن ھەدىسىنى ئىزاھلىشىپ بۇ ھەدىستە دېيىلىۋاتقان سۈرەت سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن بىلىنىدىغان ئاشكارا سۈرەت ۋە چىرايدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قاراشتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئالالاھ ئادەمگە ئوخشاش، دەپ ئويلىدى، ئالالاھنى ماددا دەپ تونۇدى. ئالالاھنى تەسۋىرلەشتى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئالالاھ

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 85- ئايەت.

ئــۇ بىلىمســىزلەرنىڭ دەۋاتقىنىــدىن پــاك، ئۈســتۈندۇر. بــۇنى ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان بۇ سۆزى ئىشارەتلەيدۇ.

«ئەي مۇسا، كېسەل بولۇپ قالسام مېنــى يوقلىمىــدىڭغۇ؟ مۇسـا ئېيتتى: ئــى رەببىم سـەن قانـداق كېسـەل بولىسـەن؟ مەن قانـداق يوقلايمەن؟ ئـاللاھ ئېيتتـى: پـالانى بەنـدەم كېسـەل بولـۇپ قالغـان ئىدى. ئۇنى يوقلىمىدىڭ، ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، مېنى يوقلىغـان بولاتتىڭ.»

بــۇ يېقىنلىــق ئــاللاھ قۇدســـي ھەدىســـتە ئېيتقانــدەك، پەرز ئەمەللەردىن كېيىن نەپلى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئـارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ: «بەندەم ماڭا ھەر قاچان نەپلى ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشـىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى دوست تـۇتىمەن. مەن ئـۇنى دوسـت تۇتسـام ئۇنىڭ ئاڭلايـدىغان قـۇلىقى، كۆرىـدىغان كـۆزى، سـۆزلەيدىغان تىلـى بولىمەن.»

ئىبنى قەييىم دېگەن ئالىم مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكـى، ئـاللاھ ئـۆز مەخلۇقلىرى ئارىسىدىن ئىنسانىنى ھۆرمەتلەش، ئارتۇق بىلىش، ئـۇنى ئۆزى ئۈچۈن يارىتىش، مەخلۇقلارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىش بىـلەن ئالاھىـدە ئورۇنغـا ئىـگە قىلـدى. ئىنسـانغا ئاسـمان ۋە زېمىــن ھەم ئــۇلار ئارىســىدىكى نەرســىلەرنى بويســۇندۇرۇپ بەردى. ھەتتا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن پەرىشتىلىرىنىمۇ ئۇنىڭ خـىزمىتىگە سـالدى. ئۇنىــڭ ئويغاقلىقىــدا، ئۇيقۇســىدا، ياتقىنىــدا، تۇرغىنىــدا ئــۇلارنى پەرىشـتىلەرگە قوغـداتتى، ئـۆزى تەرەپـتىن ئۇلارغـا ئەلچـى ئەۋەتتـى. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئىنسـانىنىڭ ئىشـى ھېچقانـداق مەخلۇقنىـڭ ئىشـىغا ئوخشىمايدۇ.»

مانــا بــۇلار بولســا، مۇســۇلماننىڭ ئىنســانلىقىغا بــاغلىق ئىــززەت چۈشەنچىلىرى. لېكىن مۆمىن ئۆزىنىڭ «مۆمىن» دېــگەن ئاتاققا ئىــگە بولۇشــى بىلەنــلا ئەڭ چوڭقــۇر مــاھىيەت ۋە زور ئىززەتنــى ســېزىدۇ. بــۇ سېزىم بىلەن ئۇنــڭ ئىمــانى مېڭىــپ چىققىلــى بولمايــدىغان، ئۇچــۇپ يەتكىلى بولمايدىغان يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

مۆمىن يەنە ئاللاھ ئۆز كىتابىدا ئۆزى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئىززىتىنــى مــۆمىنلەر بىــلەن بىــرگە تىلغــا ئالغانــدىكى ئىززەتنــى ســېزىدۇ: «ئــۇلار (يەنى مۇناپىقلار): مەدىنىگە قايتساق ئەڭ ئەزىز ئادەم (يەنــى ئابــدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئــادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۆمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ دېيىشــىدۇ. غەلىــبە ئاللاھقــا، ئاللاھنىــڭ پەيغەمبىــرىگە ۋە مــۆمىنلەرگە مەنســۇپ، لــېكىن مۇنــاپىقلار (غەلىبىنىــڭ ئاللاھنىــڭ دۈشــمەنلىرىگە ئەمەس، ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.»[1]

مۆمىنلەرنىــڭ ھــۆكمى ئاللاھنىــڭ ئالدىــدا ئىناۋەتلىــك. ئۇلارنىــڭ ئەمەلــلەرگە ھۆكــۈم قىلىشــى، باھــا بېرىشــى ئــاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىــڭ ھۆكمى ۋە باھاسى بىلەن ئوخشاش: «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكــى (خالىغــان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى ئــاللاھ، ئاللاھنىــڭ پەيغەمبىــرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىــدۇ، يوشــۇرۇن ۋە ئاشــكارا (نەرســىلەر) بىلگــۈچى (ئــاللاھ) نىــڭ دەرگاھىغــا قايتۇرۇلىســىلەر، ئــاللاھ قىلمىشــىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ.»[2] بۇ ئايەت مۆمىنلەرنىڭ رازىلىقى ئاللاھنىــڭ

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى 105ـ ئايەت.

رازىلىقىدىن بېشارەت دېگەننى ئۇقتۇرسا، ئۇلارنىڭ غەزىپىمۇ ھەم ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ئىبارەت دېگەننى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ: «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (ئاللاھ تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق تەپرەتتە قالىدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ زومىگەرلىك قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىلىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.»[1]

ۋۇجۇدىنى بۇنداق يۈكسەك تۇيغۇلار تەشكىل قىلغان شەخس ئۇلۇغ، ئېسىل، روھىيىتى مۇكەممەل، ئارزۇلىرى يۈكسەك، بېشىنى مەخلۇققا ئەگمەيدىغان، گەردىنىنى زۇلۇمغا، تاجاۋۇزغا، پۇلدارغا، ئابرويلۇققا تىۋىنمەيدىغان ئىنسان بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق شەخسنىڭ شۇئارى بۇ سۆز بولىدۇ: «مەن ئاللاھ ئالدىدا بىر قۇل، بۇ دۇنيادا بولسا بىر خوجايىن.»

قەلبىنى ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بېزەپ، تەپەككۇرىنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن يورۇتقان رەبىئە ئىبنى ئامىردەك سەھرالىق، ئوقۇمىغان بىر ئادەمنىڭ پارىسلارنىڭ كاتتا قوماندانى رۇستەم ئالدىدىكى بىلدۈرگەن پوزىتسىيە ۋە ئىپادىسى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. رۇستەم بارلىق ھەشەمىتى، داغدۇغىسى، ئادەمنى سۈر باسىدىغان قوللىرى ۋە بەھەيۋەت جاللاتلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە ئەتراپىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش جابدۇقلىرى ئىچىدە تۇراتتى. رەبىئە ئۇلارغا پەرۋا قىلماستىن ۋە ئەقلىنى يوقىتىپ

[1] غافىر سۈرىسى 35- ئايەت.

قويماستىن تۇراتتى. رۇستەم ئۇنىڭدىن سىلەر كىم؟ دەپ سورىغاندا ئۇ سەھرالىق ئادەم كۆچلۈك ئىمانى، مۆمىنلىك ئىززىتى بىلەن شۇنداق جاۋاب بەردىكى، ئۇ جاۋاب تارىختىكى ئۇنتۇلماس جاۋاب بولۇپ قالدى. ئۇ ئېيتتى: بىز كىشىلەرنى بەندىگە چوقۇنۇشتىن يالغۇز بىر ئاللاھقا چوقۇنۇشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن ئۇنىڭ كەڭرىچىلىكىگە، دىنلارنىڭ جەبرىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەرمىز.»

بىر مۆمىن شائىر ئاللاھنىڭ ئەزىز بەندىسى بولۇش، ئاللاھقىلا قۇل بولۇش، ئاللاھقىلا تايىنىش، ئاللاھقىلا موھتاج بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، رەببىگە مۇنداق پىچىرلايدۇ:

هۆكەر يۇلتۇز بولاي دېدى قەدەمگاهىم،
قەدىر ــ قىممەت ئىچرە تاشقاچ ئېيتىخارىم.
پەرۋەردىگار! مېنى«بەندەم» دەپ ئاتىدىڭ،
يەنە قىلدىڭ مۇھەممەدنى پەيغەمبىرىم.

**ئىسلامچە ئىنسان قارىشى بىلەن ماتېرىيالىزمچە ئىنسان قارىشى ئارا سېلىشتۇرما**

ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى شەرىپىگە، ئۈستۈنكى ئالەم خەلقلىرى (پەرىشتىلەر) ئىچىدىكى ئورنىغا، بۇ ئالەمدىكى خەلىپىلىك ئورنىغا بولغان ئىشەنچى ئۇنى ئۆزلۈكىنى سىزىدىغان ۋە ئۆز قەدىر ــ قىممىتىنى يۇقىرى بىلىدىغان قىلىدۇ. مۇنداق ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ هە! ئىككىيلەننىڭ بىرى: مەن هاياتىدىن ئىلگىرى يىلتىزى بولمىغان ۋە ئۆلۈمدىن كېيىن داۋامى

بولمايدىغان تەرەققىي قىلغۇچى ھايۋان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىر تۈرمەن. ھاياتىمدا تەبىئەتكە بولغان ئالاقەمدىن مايمۇنلارغا بولغان ئالاقەم كۆپرەك، دەپ ئويلايدۇ. يەنە بىرى: مەن ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى، ھەقىقەتنى تىكلەش، بۇ ئالەمگە ياخشىلىق تارقىتىش، گۈزەللىك بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ۋاكالەتچىسى. ئالەمدىكى بارلىق نەرسە ماڭا خىزمەت قىلىدۇ. تەبىئەتنىڭ پەرۋەردىگارى ماڭا ھەمراھ، مەن ئاللاھ ھىدايەت ئىنئام قىلغان پەيغەمبەر ۋە ئۇلۇغلار، سالىھلار ئائىلىسىدىن بولىمەن، مېنىڭ مەۋجۇدلۇقۇم، ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. مەن ئۇزۇلمەس ۋە يوقالماس مەڭگۈلۈك ئۈچۈن يارىتىلدىم دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئالەم بويىلاپ تۇتقان مۇھىم ئورنىنى تونۇشتا ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بۇ قىممەتلىك تۇيغۇ، ھازىرقى ماتېرىيالىستىك ئىدىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان غەربچە ئىنسان قارىشى بىلەن ئىسلامچە ئىنسان قارىشى توقۇنۇشۇپ قالىدىغان مەركىزى نۇقتىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە بۇ يەردىكى توقۇنۇش تۆۋەندىكى ئاساسلىق ئۈچ مەسىلىدە ئەكس ئېتىدۇ:

ئىنساننىڭ بۇ ئالەمدە تۇتقان ئورنى.

ئىنساننىڭ يارالمىش تەبىئىي ئېڭى.

ئىنساننىڭ بۇ ھاياتتىكى غايە ۋە ۋەزىپىسى.

**ئىنساننىڭ ئورنى**

ئاللاھ پەرىشتىلەرگە «مەن زېمىندا خەلىپە يارىتىمەن» دېگەندىن بۇيان ئىسلام ئەقىدىسى ئىنساننىڭ بۇ ئالەمدىكى

مەرتىۋىسىنى بەلگىلەپ بولغان. ئىنسان ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدىكى مىسلىسىز مەخلۇق بولۇپ، ئۇ بۇ ئالەمدە دىنىسىزلار ئېيتقاندەك ئۆزى يالغۇز تۇرمايدۇ. بەلكى ئۆزىنى پەيدا قىلغۇچى رەببى ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى، قۇلاق، كۆز، يۈرەكنى بەردى. ئىنسان بۇ ئالەمدىكى بىر نەرسىنىڭ قۇلى ھەم چاكىرى بولماستىن، پەقەت بىر يالغۇز ئاللاھنىڭلا قۇلى ـ چاكىرى. بۇ ئىسلام ئەقىدىسىدىكى مەرتىۋە، ئەمما ماتېرىيالىستىك نەزەرىيە ئىنساننى ئۇلۇغ ياراتقۇچى پەيدا قىلغان ئېسىل مەخلۇق دەپ قارىمايدۇ. بەلكى ئىنسان يوق يەردىن پەيدا بولۇپ چىققان. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بارلىق تارىخ تامام بولىدۇ.

ماتېرىيالىزمچە ئىنسان قارىشى مۇنداق ئىككى خىل مەنىدىن باشقىنى ئۇقتۇرمايدۇ:

1 . ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەدىر ـ قىممەتسىز ھېس قىلىشى.

2 . مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق ھېسسىياتى، بۇ ھېسسىيات ئىنساننى ئىنسان ئۆز ئېتىبارىدىن ھەقىقىي ئىلاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئۆزىنى خۇددى سوراق قىلىنمايدىغان ئىلاھتەك كۆرۈپ، ئۆزىنى ئىلاھ كۆرۈش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. خۇددى جولىئان ھىكسىلى ئېيتقاندەك: «ئىنسان ھازىرقى ئالەمدە خالىغىنىنى قىلالايدىغان ئىلاھقا ئايلاندى.»

ئىنسانىيەت بۇ ئەسىردە ئىلمى تەرەققىيات، سانائەت ئىنقىلابى ۋە ماددىي ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ مەغرۇرلىنىش مەستخۇشلىقىدىن

يېشىلىشكە، ئىنسانغا جىددىي نۇقتىدىن قاراپ ئۇنىڭدىكى كىرىزىسنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

مەسىلەن، ئالېكسىس كاررېلنىڭ: «ئىنسان ئېچىلمىغان سىر» دېگەن كىتابى شپېنگلېرنىڭ «غەرب مەدەنىيىتىنىڭ چېكىنىشى» دېگەن كىتابى، تويىنبى، رېنىيە جېنو، كولىن ۋىلسون ۋە باشقىلارنىڭ غەرب جەمئىيىتىنى مەركەز قىلغان ئىنسانىيەت پاجىئەلىرىنى چۆرىدەپ يازغان ئەسەرلىرى بۇنى يارقىن كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

**ئىنساننىڭ خاراكتېرى**

ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ تۇغما ھالىدىكى تەبىئىتىگە سىڭگەن مۇرەككەپلىك ۋە چېگىشلىكىگە قارىغاندا، ئالدىراپ باھا بەرگىلى بولمايدىغان ئىنچىكە بىر ساھە. مانا شۇ نۇقتىدىن تۇرۇپ ئەستايىدىل قارىغىنىمىزدا، مۇنداق قاراشقا كېلىمىز: ئىنسان تەبىئىتى نوقۇل جىنسىي ئىستەك ياكى نوقۇل روھمۇ ئەمەس، ساپ ئەقىل ياكى ساپ جىسىممۇ ئەمەس. ئۇ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئالىم سيشوت «روھىي ھايات» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەرقايسى ئەسىردىكى ئالىملارنى قەدىمدىن بېرى ھەيران قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىنساننىڭ ئەجەب مۇرەككەپ تەبىئىتى مەسىلىسىدۇر. ئىنساننىڭ ماددىي قىسمى بولغان تەن تۆرىلىدۇ، ئۆسىدۇ، ئاخىرىدا ئۆلىدۇ. لېكىن سەزگۈلەر بىلەلمەيدىغان بىر

نەرسىنىڭ بۇ تەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. سىزىش ۋە تەپەككۇر قىلىش مۇشۇ نەرسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئىچىدە. ئۇ ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ جەۋھىرى مەركەزلەشكەن قىسمىدۇر. ئىنساننىڭ ماددىي مەۋجۇدلۇق ۋە ماددىسىز مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت ئىككى مەۋجۇدلۇق ئىكەنلىكى ئېنىق؛ ئىنسان چۈشەنچىدىكى ئايىنىپ كېتىش بۇ ئىككى ئاساسلىق نەرسىنىڭ بىرىگە سەل قارىغانلىقىنىڭ ياكى ئۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى مۇستەقىل نەرسە، دەپ قارىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.»

ئىسلام ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى ھەقىقىي تۇردە تونۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلدى. چۈنكى ئىسلام بولسا ئاللاھنىڭ سۆزى، ئىنسان بولسا ئاللاھنىڭ مەخلۇقى. ھەر نەرسىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەبىئىتىنى ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ ئىنساننىڭ تېنىنى يېرىك، روھىنى نازۇك، سىپتا ھالەتتە ياراتتى. تەن بولسا ئىنساننى زېمىنغا باغلايدۇ، روھ ئاسمانغا تەلپۈندۈرىدۇ. تەن كۆڭۈل ئىستەكلىرى ۋە راھەتنى قوغلىشىدۇ، روھ ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىشقا ۋە يىراق ئۇپۇقلارغا ئىنتىلىدۇ. تەن تەلەپلىرى ھايۋان تەلەپلىرىگە، روھنىڭ ئىستەكلىرى پەرىشتە تەلەپلىرىگە ئوخشايدۇ. ئىنسان شۇ تەبىئىتى بىلەن ئادەم ئاتا بىر چاڭگال لاي بىلەن بىر پۈۋلەم روھتىن يارىتىلغاندىن تارتىپ زېمىندا خەلىپە بولۇشقا تاللانغان. ئىسلام ئەقىدىسى تەننى دەپ روھتىن بىخەۋەر قالمىدى. بەلكى ئۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە مۇستەھكەم رەۋىشتە باغلىدى. روھقىمۇ تېگىشلىك ھەققىنى، تەنگىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى بېرىپ ئوڭچىللىق ياكى سولچىللىق قىلمىدى.

تارىخ جەريانىدا ئىنساندىكى روھىي تەرەپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ ماددىي تەرىپىنى كىشەنلەش، ئۇنى ئازابلاش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان دىنلار ۋە مەزھەپلەر كۆرۈلدى. ھىندىلارنىڭ بىراھمانلىرى، خىرىستىئانلارنىڭ پوپلىرى دەل شۇ خاھىشنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئىدى.

بۇ قاراشقا قارشى ھالدا ئاللەمدە ئىلاھ بار ياكى روھ بار، دېگەننى تانىدىغان، سەزگۈلەر بىلەلەيدىغان ماددىدىن باشقىغا ئىشەنمەيدىغان ماتېرىيالىزم قارىشى پەيدا بولدى.

بۇ نەزەرىيە بىلەن ئىنسان يېرىم ئىنسان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، پەقەت ئىنساندىكى ھايۋانىي تەلەپ بۇ ياشاشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى بولدى.

**ئىنساننىڭ ھاياتتىكى غايىسى**

ئىنساننىڭ ھاياتتىكى غايىسى ۋە ۋەزىپىسىنى ئىسلام ئەقىدىسى ئەڭ روشەن تۈردە بايان قىلدى. ئۇنىڭچە، ئىنسان بىكارغا يارىتىلمىغان ۋە بىكار تاشلاپ قويۇلمايدۇ. ئۇ ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلدى. زېمىندا خەلىپە بولۇش، بۇ قىسقا ھاياتتا بۇيرۇق ۋە مەسئۇلىيەت ئامانىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلدى.

ئۇلار دەيدۇ: ئەخمەق يېيىش ئۈچۈن ياشايدۇ، ئاقىل ياشاش ئۈچۈن يەيدۇ. بۇ سۆز مەسىلىنى يېشەلمەيدۇ. چۈنكى ياشاشنىڭ ئۆزى غايە ئەمەس. ئىنسان نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟

ماتېرىيالىستلار: ئىنسان ئۆزى ۋە مال دۇنياسى ئۈچۈن ياشايدۇ، دەيدۇ. ئەمما مۆمىنلەر ئىنسان پەرۋەردىگارى ئۈچۈن، يەنە بىر

مەڭگۈلۈك ھايات ئۇچۇن ياشايدۇ، دەيدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق ـ پادىشاھ ئاللاھ ئۇستۇندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.»[1]

ماتېرىيالىستىك نەزەرىيە ئىنساننىڭ غايىسىنى تونۇيالمىدى. چۈنكى غايە ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. ئىرادە بولسا بىر ئىرادە ئىگىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ نەزەرىيە ئىنساننىڭ ئىرادە ئۇچۇن يارىتىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا ماتېرىيالىزمچى نەزىرىدە ئىنساننىڭ تۇرمۇش يولىدا جاپا تارتىش ۋە تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوق دەپ قارىلىدۇ.

دۇنيا ئازغىنە مەنپەئەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولىمۇ ئەرزىمەس مەنپەئەت، چۈنكى ئۇ نوقۇل ھايۋانىي مەنپەئەت. ئەگەر بىراۋنىڭ ياششى قورساق ۋە جىنسى ئەزاسى ئۈچۈنلا بولسا ئۇنىڭ قىممىتىمۇ شۇ ئىككى ئەزادىن چىققان نەرسىگە باراۋەر بولىدۇ.

بىزگە قۇرئاننىڭ مونۇ سۆزى يېتەرلىك: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا) چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.» (مۇھەممەد سۈرىسى 12 ـ ئايەت.)

[1] مۆمىن سۈرىسى 115 ـ 116 ئايەتلەر.

ئىنسان توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك قاراش ئىنساننى پەقەت ئۆز نەپس خاھىشى، ھاۋايى ـ ھەۋىسى، تېنى ۋە شەھۋەتلىرى ھەمدە تۇگەل ھايۋانىي تەرەپلىرىگىلا كۆڭۈل بولىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنساندىكى ھايۋانىي تەرەپ روھىي تەرەپنىڭ ئاجىزلىششى، تۇنجۇقۇشى، ئاخىرىدا ئۆلۈشى ھېسابىغا زورىيىدۇ ۋە قانىدۇ.

ئىنساننىڭ كۆڭۈل ئىستىكى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋىسىدىن باشقا بىر نىشانى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئىنسان ئۆز سايىسى ئەتراپىدىلا ئايلىنىدىغان، بىر قىردىن ئاشالمايدىغان جۇۋازدىكى كالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ياكى غەربلىك يازغۇچىلاردىن بىرى «مەۋجۇدىيەتچىلەر»نى سۆپەتلەپ: «مەۋجۇدىيەتچىلەر قۇيرۇقىنى چىشلەش ئۈچۈن دائىم ئۆز ئەتراپىنى ئايلىنىدىغان ئىتقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىت ئۇنىڭ ئۆز قۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. يا ئايلىنىشتىن توختىمايدۇ. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ئىت ئوينايدىغان ئويۇن، ئىتلار بىكار قالغىنىدا ئۆز قۇيرۇقىنى چىشلەپ ئوينىغىنىدەك، ئۇلار نەتىجىسىز نەرسە بىلەن ھەپىلىشىدۇ» دېگەن سۆزىدىكى ئىتقا ئوخشاپ قالىدۇ.

## ئىمان ۋە بەخت

بەختنى ئەڭ يۇقىرىسى پەيلاسوپتىن تۆۋىنى ساددا ئاۋامغىچە، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەردىكى پادىشاھلاردىن تارتىپ ئاددىي كەپىلەردىكى نامراتلارغىچە ھەممە كىشى ئىزدەيدۇ. ئۆزىگە بەختسىزلىك ئىزدەيدىغان، ياكى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن مەمنۇن بولىدىغان ئادەملەر بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە.

**بەخت نەدە؟**

مانا بۇ چىگىش سوئال ئىنسانلارنىڭ ئېسىدىن نېرى بولماي كەلدى.

راست ... ئىنسانلار قەدىمدىن بۇيان تۈرلۈك ماددىي مەنپەئەتلەرنى، تۈرلۈك ھېسسىي ئارزۇلارنى قوغلىشىپ باقتى. ئەمما مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش يولىنى تاپالمىدى. تېخى ماددىي مەنپەئەتلەر زامانىۋىلاشقانسېرى يېڭى غەملەر پەيدا بولدى.

**بەخت ماددىي ھوزۇر ـ ھالاۋەتتىمۇ؟**

مەنىۋى تەرەپلەر ۋە روھنىڭ قىممىتىگە ئەھەمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان «روز يۇسۇف» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئۆز ئاپتورلۇقىدا بىر قانچە يىلدىن بۇيان «جەننەتنىڭ ئاھالىلىرى بەختلىك ئەمەس» دېگەن سەرلەۋھىلىك چاتما ئەدەبىي ئاخباراتنى نەشر قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار دەۋاتقان جەننەت ئاھالىلىرى چۈشكە ئوخشاش بىر ئىقتىسادىي پاراۋانلىق مۇھىتى ئىچىدە، نامراتلىقتىن، قىرىلىقتىن، ئىشسىزلىقتىن ياكى ھاياتلىقتىكى قانداقتۇر بىر غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالىي ياشاۋاتقان شىۋىتسىيە ئاھالىلىرىدۇر. بۇ مەملىكەت ئۆز گىراژدانلىرىغا ھەرقانداق بىر شارائىتتا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىدىن داتلاشقا ئورۇن يوق دەرىجىدە چوڭ كۆلەملىك تۇراقلىق مائاش تارقىتىپ بېرىشكە كېپىللىك قىلىدۇ.

شىۋىتسىيىدە ھەر بىر شەخسكە تېگىدىغان يىللىق مىللىي دارامەت 521 مىسىر فونتىغا (بىر مىسىر فونتى 1.2 يۈەن جۇڭگو پۇلىغا) تەڭ كېلىدۇ. بىر ئايلىق مائاش 53 فونت ئەتراپىدا بولىدۇ.

شۋىتسىيىدىكى سوتسىيالىستىك ھۆكۈمەت تۈزۈمى، پۇقەرا بىلەن ئەمەلدارغا ئوخشاش پاراۋانلىق بىجى بەلگىلەش ۋە ساقلىق ساقلاش، ئىستىرخوانىيە شىركەتلىرى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەردە يوق تەبىقىلەر باراۋەرلىكى ۋە ئومۇمىي پاراۋانلىقنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ھەرقانداق شۋىتسىيە گىراژدىنى ئەمگەك ئىش ھەققى، كېسەلگە قارشى ياردەم مائاشى، ئەمگەك ئىقتىدارى يوقلارغا ياردەم مائاشى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى مائاشى، ئۆي ستىتۋىلىش ئىئانىسى، ئەمالار ياردەم پۇلى قاتارلىقلارغا ئىگە بولىدۇ. پۇل نەق بېرىلىدۇ. دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىش ھەقسىز ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بارلىق ئاياللارغا ئانىلىق مائاشى بېرىلىدۇ. بۇ مائاش يەنە تۇغۇت چىقىملىرى، بوۋاقلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم، دوختۇرخانىدىكى تېببىي كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىزمەت ئاپەتلىرىگە قارشى مەجبۇرى سۇغۇرتىغا قاتنىشىش بەلگىلەنگەن.»

«دۆلەت باللارغا سەرپ قىلىدىغان چىقىملارنى ئاڭلىسىڭىز يالغانمىكىن دەپ قالىسىز. ھەر بىر بالا 16ياشقا كىرگەنگە قەدەر يىلدا 400 فوند مىقدارى مالىيە ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. يەنە ھەقسىز ساقلىق ساقلاش، ھەقسىز سەپەر ئىجازەتنامىسى قاتارلىقلاردىن بالا 14 ياشقا كىرگۈچە بەھرىمەن بولىدۇ.

دۆلەتنىڭ يېڭى توي قىلغۇچىلارغا ئۆي سەرەمجاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىدىغان تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى 300 فوندقا يېتىدۇ. سۈرۈكى بەش يىل.

شۋىتسىيە خەلقى تاپشۇرغان باجنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى دۆلەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە چىقىم قىلىدۇ. دۆلەت باجنىڭ 80% نى نەق پۇل ئىشلىتىدۇ. بۇ دۆلەتتە ئەڭ زور خام چوت لايىھىسى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ خام چوت لايىھەسىدۇر. ئۇنىدىن قالسا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ خام چوت لايىھىسى.

بۇ دۆلەت مۇشۇنداق توققۇزى تەل كاپالەت بىلەن خەلقنى تەمىنلىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئەنسىز پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى، تۇرمۇشنىڭ غەم ـ قايغۇ، دات ـ شىكايەت، غەزەپكە توشۇپ كەتكەنلىكى، جەمئىيەتنى ھاياتتىن زېرىكىش ۋە بىزار بولۇش كەيپىياتى قاپلاپ كەتكەنلىكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ روھى ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جانىدىن تويغانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولغان «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش» يولى ئارقىلىق بۇ بەختسىز ھاياتتىن خوشلىشىۋاتقانلىقى، بۇ دۆلەتتىكى ئاخبارات سەھىپىلىرىدە ماڭدامدا بىر تىلغا ئېلىنىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى.

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ماقالىنى مونۇ يەكۈن بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان: «بۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ ئارقىسىدىكى سىر پەقەت ئىمانىنىڭ يوقلۇقىدۇر».

فرانسىيە ئەدىبلىرىدىن بىرى بولغان «فرانس ساگان» نيويوركنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلغانىدىن كېيىن، زىيارەت تەسىراتلىرى ئاساسىدا بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «نيو يوركتىكى تۇرمۇشنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان بېسىمى ئېغىر، بۇ شەھەرنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش

سـۈرئىتىدىن ئېشىـپ كەتـكەن. نيـو يـورك ئاھـالىلىرى باشـتىن كەچۈرۈۋاتقـان كرىزىسـنىڭ روھـي كرىـزىس ئىكەنلىكـى ئەمەلـيەت، ئاشـۇ جاپـاكەش، بـاتۇر، كۈچلـۈك، ئالـدىراڭغۇ ئامېرىكىلىقلارنىـڭ موسكۇللىرىدا قان قايناپ تۇرىدۇ. ئۇلار ۋاقىتنى قانـداق ئۆتكۈزۈشـنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى يەنە تۈجۈپىلەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ». مۇدىر كـولىن ۋىلسۇن نيـو يورۇكنىـڭ ئاۋادلىقى ۋ مـاددىي گۈللىنىشـىنى «نيويـورك تۇرمۇشـىدىكى بەختسىـزلىك ۋە كـۈلپەتنى يوشـۇرۇپ تۇرغـان گـۈزەل پەردە» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولۇشى بەخت ئەمەس. بەلكى پۇل ـ مالنىـڭ كۆپ بولۇشى بەزىلەرگە ئـاخىرەتكە بارمـاي تـۇرۇپلا بـۇ دۇنيـادا ئـازاب تارتىشـقا سـەۋەبچى بولىـدۇ. ئـاللاھ مۇنـاپىقلار توغرۇلـۇق ئېيتتـى: «ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بـۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ئىرادە قىلىدۇ.»[1]

ئەنەس (ئـاللاھ ئۇنىڭـدىن رازى بولسـۇن) ئېيتىـپ بەرگەن ھەدىسـتە رەسـۇلۇللاھ ئـازابلانغۇچى روھنـى مۇنـداق تەسـۋىرلەيدۇ: «كىمكى ئاخىرەتنى ئۆز غېمى قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنـى بـاي قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئـوڭ قىلىـپ بېرىـدۇ. كىمكـى دۇنيـانى ئـۆز غېمـى قىلىـدىكەن دۇنيـا ئۇنىڭغـا يىلىمـدەك چاپلىشـىدۇ، ئـاللاھ ئۇنـىڭ ئىككـى كـۆزىنى تويمـاس قىلىۋېتىـدۇ. ئۇنىـڭ ئىشـلىرى ئەپلەشمەيدۇ. دۇنيا ئۇنىڭغا بەرىكەتسىز، ئۆتكۈنچى بولـۇپ كېتىـدۇ». ئىبنـى قەيـيىم ئېيتقانـدەك: ئىشـلارنىڭ ئەپلەشمەسـلىكى، كۆڭۈلنىـڭ

---
[1] تەۋبە سۈرىسى 55 ـ ئايەت.

پاراكەندىلىكى، نامراتلىق قاتارلىقلار دۇنيا ئازاپلىرىنىڭ يامىنىدۇر. ئەگەر دۇنيا ئاشىقلىرىنى دۇنيا سۆيگۈسىنىڭ مەستخۇشلىقى تۇتۇپ تۇرمايدىغان بولسا، ئۇلار يۇقىرىقى ئازابلار دەستىدىن دات ــ پەرياد كۆتۈرگەن بولاتتى. كونىلار شۇنداق ئېيتقان: كىمكى دۇنيانى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭ قىينچىلىقلىرىنىمۇ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىپ قويسۇن.

دۇنيا مۇھەببىتى ئۈچ ئىشتىن ئايرىلالمايدۇ: تۈگىمەس غەم، ئۈزلۈكسىز جاپا، تىنىمسىز ھەسرەت.

بۇنىڭ سەۋەبى دۇنيا ئاشىقى دۇنيادىن كۆزلىگىنىگە ئېرىشسىمۇ ئۇنىڭ تويماس نەپسى تېخىمۇ كۆپكە تاقىلىدۇ. بۇ ھەدىستە دېيىلگىنىدەك: «ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغا مېلى بولسا ئۇ چوقۇم ئۈچىنچى جىلغا مېلى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ». ئىسا ئىبنى مەريەم دۇنياغا ئاشىق ئادەمنى ئىچكەنسىرى خۇمارى تۇتىدىغان ھاراقكەشكە ئوخشاتقان. دېمەك ماددىي ھوزۇر ــ ھالاۋەتتىن ھەقىقىي بەختنى تاپقىلى بولمايدۇ.

**بەخت بالا ـ چاقىدىمۇ؟**

بالىلارنىڭ ھاياتلىق گۈللىرى، دۇنيانىڭ زىننىتى ئىكەنلىكى راست. بىراق ئۆز ئاتا ــ ئانىلىرىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە كۈيىنىش ئورنىغا ئۇلارنى قاقشىتىپ، تۇزكورلۇق قىلىدىغان نۇرغۇن بالىلار بار. تېخى نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ئۆلۈملىرىنى، بالىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىغا توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقى، ياكى پۇل ـ ماللىرىنىڭ بالىلىرىنى قىزىقتۇرغانلىقى سەۋەبلىك ئۆز بالىلىرىنىڭ قولى بىلەن كۈتۈۋالماقتا.

بىز ئۆز ئوغۇللىرىغا ئېچىنىپ قايغۇرغان هالدا مۇنداق نەزم توقۇغان دادىلارنىمۇ كۆردۇق:

كىچىكلىكىڭدىن بېقىپ سېنى يىگىت قىلدىم،
قانىماي ئۆستۈرۈپ مېنىڭ ئەلۋەك مىھرىمگە سەن.
سەن دەرد تارتساڭ ماڭا نەدە ئارام بولسۇن،
كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ئورنۇمدىمەن.
گاھ ئەلەمدە، گاھ شادلىقتا ئۆتتى يىللار،
قورامىڭغا يېتىپ قالدىڭ سەنمۇ تىمەن.
بىراق بولدى كۆرگۈلۈكۈم تىل، قوپاللىق،
ئالماشقاندەك ئورنۇڭ ئەمدى مېنىڭ بىلەن.

بىز ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ بالىلارنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنى قاقشاتقانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەلەملىك هېكايىلەرنى ئاڭلايمىز، ئەجەب دەهشەتلىك ئىشلارنى كۆرىمىز. هەتتا شېكسپىر درامىلىرىدىن بىرىدە پادىشاھ لۇئېرنىڭ تىلىدىن مۇنداق بىر سۆز بېرىلگەن: «تۇزكور بالىنىڭ ئەلىمى چار يىلان زەهىرىدىنمۇ يامان.»

شەرقلىق بىر شائىر بالا ـ چاقىدىن قاقشىغان هالدا مۇنداق بىر شېئىرنى قالدۇرغان:

بەختلىك ئادەمدۇر بالىسىز ئادەم،
ئاتىغا بالىدىن كېلىدۇ زىيان.
بالىسى دادىغا بولىدۇ دۈشمەن،
يا بالا ئاتىسىز قالىدۇ هامان.

ۋە ياكى بالىنى ئەپ كېتەر ئۆلۈم،
قايغۇنى قالدۇرۇپ زاماندىن – زامان.

**بەخت ئىلمىي تەجرىبىدىمۇ؟**

سەن ئىنسانغا يىراقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، مۈشكۈلنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن ئىلمىي سىناق ۋە ماددىي تەجرىبىلەر ئىنساننى بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ دەپ قارامسەن؟

مۇھەممەد ھۈسەيىن ھەيكەل ئۆزىنىڭ «ئىمان، بىلىم، پەلسەپە» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقىنىدەك، ئىلىم – پەن سىناقلىرى بىزنىڭ ھاياتىمىزدا كۆپ نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىپ ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان قولايلىقلاردىن پايدىلىنىشىمىزغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بەخت ئىلىم – پەندە ئەمەس. چۈنكى ئىلىم – پەن بىر ھەۋەس، ھەۋەسنىڭ كەينىدە بەخت بولمايدۇ. ھاياتنى ئىلىم – پەن بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان نۇرغۇن ئالىملار ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئىلمىنىڭ كۆپىيىشى ئارقىلىق كۆڭۈللىرىدە غەمنى كۆپەيتىۋالغانلىقلىرى بىلەن ھەسرەت ئۇتىدا پۇچۇلاندى ۋە ئۇلار پەرزەنتلىرىگە ئىمان بىلەن ياشاش، ھاياتنى ئۆز قانۇنىيىتى، تەبىئىتى بويىچە ئۆتكۈزۈش ۋە غەيىب تىلسىملىرىنى يېشىش ھەققىدە ئىزدەنمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى.

بىزنىڭ ئىلمىمىز ھەرقانچە كەڭ بولسىمۇ چەكسىز تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن تولىمۇ تار ۋە چەكلىك. ياشلىق باھارىنى «بىلىم غەيبىنىڭ پەردىسىنى چوقۇم يىرتىپ تاشلايدۇ» دېگەن خىيالى قاراش بىلەن ئۆتكۈزگەن گېرمانىيىلىك داڭلىق پەيلاسوپ نىتزى ۋە ئۇندىن

باشقا نۇرغۇن ئالىملار غەيبىي پەردىسىنىڭ تۆگىمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ سولىشىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى چۆلدىكى ئالۋۇننى قوغلاپ ماڭغان ئەخمەقتەك ھېس قىلىشتى.

ئەنگلىيە ھازىرقى زامان پەيلاسوپى بىرتراند روسسىلمۇ ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىستىك پىكىرىگە قارشى ھالدا «ئىنسانىيەت ئىلىم ـ پەن ۋاستىسى بىلەن تەبىئەت ئۈستىدىن قىلغان كۈرەشتە غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۆزى بىلەن بولغان كۈرەشتە مەغلۇپ بولدى، بىلىم قورالىرىمۇ بۇ مەغلۇبىيەتنى توسۇپ قالالمىدى، ھالبۇكى دىن بولسا دائىم دېگۈدەك بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ كەلدى» دېگەننى ئۆز ئاغزىدىن تەن ئالغان. ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگىيە دوختۇرى ھىنرى لانىك ئىلىم ـ پەن ۋە پىكىرگە ھۆرمەت قىلىش نامىدا غەيبكە ئىشىنىشنى ئىنكار قىلىدىغانلارغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئىلىم پەننىڭ يېگانە ھالدا ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئىلىم ساھەلىرىنىڭ ھەر بىرىدە پىكىرنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋېلىشتەك ئازغۇنلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇدىغان ھادىسىلەر كۆپ چىلىقىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، كەڭ پسىخولوگىيە ئالىملىرى مۇتلەق پىكىرگىلا تايىنىشنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولمىسىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلگۈچى ئامىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتى. ئۇلار بۇ تونۇشقا مىڭلىغان ئادەملەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئىلمى سىناق ۋە تەجرىبىلەر نەتىجىسىدە ئېرىشتى.

مېنىڭ بۇ يەردە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: يۇقىرىقىدەك بىر بايقاشقا كېلىش ھەممىدىن كۆرە پىكىرنى دىن، تەلىم ـ تەربىيە، كىشىلىك

ھايــات، تۇرمــۇش پەلسەپىســى قاتــارلىق ســاھەلەرگە زىــچ بــاغلاپ چۈشىنىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن.

بىز پەقەت ئىلىم ـ پەن مەلۇماتىمىزنى كۆپەيتىش يولى بىلەنلا بەختكە ئېرىشەلمەيمىز ھەمدە ھايات مۈشكۈلاتلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ ئالالمايمىز. چۈنكى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشى چىگىشــلىكنىڭ كۆپىيىشــى ۋە قايمۇقۇشــلارنىڭ ئارتىــپ بېرىشــى دېمەكتــۇر. ئەگەر بــارلىق پەنــلەر بۆگــۈنكى تۇرمۇشــتىكى ئــاددىي ھەقىقەتــلەر ئاساســىدا بىــر بــايراق ئاســتىدا بىرلەشــتۈرۈلمەيدىكەن ۋە ئۇنىڭغــا بويســۇندۇرۇلمايدىكەن ئۇلارنىــڭ ھەممىســى دەل ئــۆزلىرى نىشــان قىلىشــقان «ئەقىللەرنــى ئــازات قىلىــش» ئورنىغــا ئــۇلارنى تۈگەشتۈرۈشــكە، كېــرەكتىن چىقىرىشــقا ئېلىــپ بارىــدۇ. بــۇ يەرگە كەلگەنــدە شــۇنى ئېيتمــاي بولمايــدۇكى، يۇقىرىــدا تەكىــتلەنگەن بىرلەشتۈرۈش پەندىن باشقا بىر يول ــ ئىمان يولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.

**بەخت ئىنساننىڭ ئىچكى قىسمىدا**

بەخت پۇل ـ مالنىڭ كۆپلىكىــدە، يــۈز ـ ئابرۇيىنىــڭ چوڭلۇقىــدا، پايــدىنىڭ موللىقىــدا ئەمەس، پەن ـ تېخنىكىــدىمۇ ئەمەس. بەخــت ئىنساننىڭ چوڭقۇر قەلب قاتلىرىدا سىزىلىدىغان بىر نەرسە بولۇپ، ئــۇ كۆڭۈلنىــڭ ســاپ، قەلبنىــڭ خــاتىرجەم بولۇشــى، دىلنىــڭ خۇشــال ۋە ئازادىلىكى، ۋىجداننىڭ راھەتلىنىشى ۋە ئارامىدۇر.

ھېكايەت: بىر ئەر ئايالىغا ئاچچىقلىنىپ ئۇنى قورقۇتۇپ مۇنــداق دېدى: سېنى بەختسىز قىلىۋىتىمەن. ئايال ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا:

مىنى بەختلىك قىلالمىغىنىڭدەك بەختسىزمۇ قىلىۋىتەلمەيسەن، دېدى.

ئەر غەزەپتىن بوغۇلدى: نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن؟

ئايال ئىشەنچ بىلەن: بەخت پۇل ـ مالدا ياكى كىيىم كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلەردە بولسا ئىدى مىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلالايتتىڭ. لېكىن بەخت شۇنداق بىرنەرسىكى سەن ۋە بارلىق كىشىلەر ئۇ نەرسىگە ئىگە بولالمايسەن ـ، دېدى.

ئەر ھەيران بولۇپ: ئۇ نېمە؟ دەپ سورىدى. ئايال كەسكىن قىلىپ: «مەن بەختىمنى ئىمانىمدا دەپ بىلىمەن، ئىمانىم مىنىڭ قەلبىمدە، مىنىڭ قەلبىمگە رەببىمدىن باشقا كىشى ھوكۇمرانلىق قىلالمايدۇ، ئىمانىملا بولىدىكەن مەن ھامان بەختلىك» دېدى.

مانا بۇ، ھەقىقىي بەختتۇر، ئىنسان ئۇنى باشقىلارغا بېرەلمىگىنىدەك، ئۇنى بىرىلگەنلەردىنمۇ تارتىۋالالمايدۇ. بەخت شۇنداق نەرسىكى ئۇنىڭ ھىدىنى سەزگەن مۆمىنلەردىن بىرى مۇنداق دېدى: «بىز بەخت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، پادىشاھلار بۇنى بىلگەن بولسا قىلىچلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولاتتى.»

**بەختنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ماددىي نېمەت كېرەك**

بىز بەختنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ماددىي تەرەپنىڭمۇ تۆھپىسى بارلىقىغا كۆز يۇممايمىز. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە ئادەم ئوغلىنىڭ بەختىدىن: ياخشى خوتۇن، ياخشى تۇرالغۇ، ياخشى ئۇلاغ.»

بىراق ماددىي تەرەپ بەختنىڭ ئالدىنقى ئاساسى بولالمايدۇ. بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە سان ئەمەس سۈپەت. دېمىسىمۇ

ئىنسانىنىڭ ناچار تۇرالغۇ، ناچار تۇرمۇش شارائىتى، ناچار ھەمراھ، ناچار ئۇلاغ، دېگەندەك كۆڭلىنى سىقىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەردىن خالىي ھالدا ياشاشنى، تىنچلىقنى، جاپا ـ مۇشەققەت چەكمەي كۆپ ئېلىشنى قوغلىشىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ يەرگە كەلگەندە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ سۆزى نەقەدەر ئورۇنلۇق ئېيتىلغان ھە! «كىمكى ئۆز خەلقى ئىچىدە ئىشەنچكە ئىگە، بەدىنى ساغلام، قىشىدا شۇ كۈنلۈك رىزقى بار ھالدا تاڭ ئاتتۇرسا، ئۇ ئادەم خۇددى پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەن بولىدۇ.»

ناۋادا بەخت دەرىخىنىڭ كۆكلەش ئورنى ئىنسانىنىڭ قەلبى ئىكەن، ئۇنىداقتا ئاللاھقا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىش ئەنە شۇ دەرەخنىڭ سۈيى، ئوزۇقى، ھاۋاسى ھەمدە ئىسسىقلىق ئىنىرگىيەسىدۇر.

ھەقىقەتەنمۇ ئىمان ئىنسان قەلبىدە تۈگىمەس بەخت بۇلاقلىرىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئۇ ئىنسان قەلبىنى خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئارزۇ ئۈمىد، رازىمەنلىك، سۆيگۈدىن ئىبارەت كۆپ تەرەپلىمە بەخت ھۇزۇرىغا چۆمۈلدۈرىدۇ.

تۆۋەندە بۇلارنى تەپسىلى بايان قىلىمىز.

## كۆڭۈل تىنچلىقى

«مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇش ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك چۈشۈردى.»[1]

---

[1] پەتھى سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

## تىنچلىق بولمىسا بەخت بولمايدۇ

بىر يىلى «مۇختار» ژۇرنىلىدا ئامېرىكىلىق داڭلىق بىر دوختۇرنىڭ مۇنداق بىر ئېسىل سۆزىنى ئوقۇغان ئىدىم: «مەن ياش ۋاقتىمدا ھاياتتىكى ياخشى دەپ قارالغان نەرسىلەردىن بىر جەدۋەل تۈزگەن ئىدىم. بۇنىڭغا تەن ساقلىق، مۇھەببەت، تالانت، كۈچ، بايلىق، نام ـ ئابرۇي قاتارلىق دۇنيالىقىمدىكى ئەڭ ئارزۇلۇق نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى بىر دانىشمەن مويسىپىتنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم. مويسىپىت بۇرادىرىم: ئەجەب جەدۋەل بوپتۇ، ئۇ نۇقسانسىز تۈزۈلۈپتۇ. لېكىن سەن جەدۋىلىڭ ئۇنىڭسىز كۈچكە ئىگە بولمايدىغان مۇھىم بىر ماددىدىن بىخەۋەر قالغاندەك قىلىسەن، دېدى ۋە قەلەم بىلەن جەدۋەلدىكى بارلىق سۆزلەرنى جىجىۋەتكەندىن كېيىن «روھىي تىنچلىق» دېگەن بۇ ئىككى سۆزنىلا يازدى ۋە مۇنداق دېدى: ئۇ ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بەرگەن سوۋغىسى. پۇلمۇ قولغا ئەن نەرسىدۇر. ئابرويمۇ تېپىلمايدىغان نەرسە ئەمەس، ئەمما كۆڭۈل تىنچلىقى بەكمۇ ئاز تېپىلىدۇ. ئۇ ئىزاھلاپ يەنە مۇنداق دېدى: بۇ مېنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىم ئەمەس. مەن پەقەت مەزامىر، ئورلىيوس ۋە لادىنىسلاردىن نەقىل كەلتۈرمەكتىمەن. ئۇ دانىشمەنلەر شۇنداق دەيدۇ: «ئەي پەرۋەردىگار! دۇنيا نازۇ نېمەتلىرى ھاماقەتلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدا كۈن ئالىدۇ، ماڭا بولسا بىر تىپ ـ تىنچ كۆڭۈلنى بەرگىن.»

مېنىڭ ئۇ چاغدا ئۇنداق سۆزنى قوبۇل قىلىشىم تەسكە توختايتتى. بىراق ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە مەخسۇس تەجرىبىلەر بىلەن ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە مەن توغرا بولغان ھاياتنىڭ

ئەڭ بۈيۈك غايىسى كۆڭۈل تىنچلىقى بولۇشى كېرەك، دەيدىغان ئادەمگە ئايلاندىم. مەن ھازىر باشقا بارلىق نەرسە ئىنسانغا تىنچلىق كەلتۈرۈشتە زۆرۈرىيەتسىز دەپ تونۇيمەن. مەن بۇ تىنچلىقنىڭ مال ــ دۇنيا ۋە ساقلىقنىڭ ياردىمىسىزمۇ نۇر چېچىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمەن. تىنچلىقنىڭ قۇدرىتى كۆرۈمسىز كەپىنى كاتتا سارايغا ئايلاندۇرالايدۇ. ئۇنىڭسىز قېلىش بولسا شاھ سارىيىنى قەپەس ياكى زىندانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.»

مانا بۇ، باياشاتلىق، بىلىم، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك يۇرتى بولغان ئامېرىكىدا ياشايدىغان بىر ئادەمنىڭ سۆزى. بۇ ئادەم بۇ سۆزلەرنى ھاياتنى تەتقىق قىلىش، كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتتا روھى تىنچلىق ۋە دىل ئارامىدىنمۇ ئۆتە قىممەتلىك نېمەتنى تاپالمىغاندىن كېيىن ئېيتقان. بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر بىزنىڭ خاتىرە قىلىپ پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ھېكمەت مۆمىننىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسى بولۇپ، ئۇ قەيەردە بولىدىكەن مۆمىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا لايىق.

### ئىمان بولمىسا كۆڭۈل تىنچلىقى بولمايدۇ

شەكسىزكى، ئىمان ــ روھىي تىنچلىق بولۇپ، ئۇ بەختنىڭ تۈنجى بۇلىقى. ئەمما ئۇ ھاياتنىڭ باشقا نېمەتلىرىنىڭ قولىدىن كەلمىسە، ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

بىز مەردانە ھالدا جاۋاب بېرىمىز: ئىمان خاتىرجەملىكنىڭ يېگانە مەنبىئى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ ۋە يەنە بىر ھاياتقا گۇمان، ئارىسالدىلىق ۋە ساختىلىق بولمىغان دەرىجىدە چوڭقۇر ۋە ھەقىقىي ئىشىنىشتۇر. مانا بۇ

بولسا، ئەمەلىيەت كۆرسەتتىۋاتقان، ئىنسانىيەت تارىخى ئىسپاتلاۋاتقان ھەممىدە ھەرقانداق بىر ئاگاھلىق ئىنسان ئۆزى ۋە ئەتراپىدا چىلىقتۇرۇۋاتقان ھەقىقەت.

دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتى بىزگە بىئارام، ئەنسىز، پاراكەندە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، كۆڭۈلسىز ۋە چۈشكۈن تۇيغۇدا ياشايدىغانلارنىڭ ئىمان نىېمىتى ۋە شارابىدىن مەھرۇم قالغانلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

ئۇلارنىڭ ھاياتى لەززەت ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە تولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا ئۇ بىر تىنىمسىز ھايات. چۈنكى ئۇلار ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ. ھاياتنىڭ نىشانىنى تونۇمايدۇ. ھاياتنىڭ سىرىنى چۈشەنمەيدۇ.

ھىجرەت كۈنىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى توق قىلغان نەرسە ئەنە شۇ خاتىرجەملىك بولۇپ، شۇنچە ئېغىر خەۋپ ئاستىدا تۇرسىمۇ ئۇنى قىلچە غەم باسمىدى.

«ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (ئەبۇ بەكرى) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى (رەسۇلۇللاھ ھەمراھىغا) غەم قىلمىغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھ بىز بىلەن بىللە دەيتتى.»[1]

ئۇنىڭ ھەمراھى ئەبۇ بەكرىنىڭ قەلبىنى ئۆزى ۋە ھاياتىدىن ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھ ۋە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئاقىۋىتىدىن

---

[1] تەۋبە سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەنسرەش تۇيغۇلىرى قاپلىۋالغان ئىدى. دۈشمەنلەر غارنى قورشاپ كەلگەندە ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز پۇتى ئاستىغا قارىسىلا بىزنى كۆرۈپ قالىدىغان بولدى، دېدى. رەسۇلۇللاھ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن: ھەي ئەبۇ بەكرى! ئاللاھ ئۈچىنچى ھەمراھى بولغان ئىككىمىزدىنمۇ ئەنسىرەمسەن؟ دېدى.

بۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن كۈچ ۋە نۇر بولۇپ، ئەنسىرىگۈچى ئۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولىدۇ. بۇ خاتىرجەملىك مۆمىنگە جەننەتنىڭ دەرىزىسىنى ئېچىۋېتىدۇ.

**مۆمىندىكى كۆڭۈل تىنچلىقىنىڭ سەۋەبلىرى**

بەلكى بەزىلەر مۆمىن نېمە ئۈچۈن روھى خاتىرجەملىك ۋە دىل ئاراملىقىغا باشقىلاردىن ئارتۇق ئېرىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسان ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، پەلسەپەدىن خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تەپسىلىرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىز تۆۋەندىكى بايانلاردىن ئەنە شۇ جاۋابقا ئېرىشكەيسىز.

**مۆمىننىڭ تۇغما ئاڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشى**

مۆمىننىڭ خاتىرجەم ياشىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىنچى ئاساسى: مۆمىن ئاللاھ ئۇنى ياراتقاندىكى تەبىئىي تۇغما ئېڭىنىڭ ئىنكاسى بويىچە ماڭىدۇ. ئۇ زور تەبىئەت دۇنياسى ئېڭى بىلەن تولۇق ماس كېلىدىغان كامىل ئاڭدۇر. مۆمىن ئۆز ئېڭى بىلەن جەڭگى ـ جېدەل ۋە خۇشامەتتىن يىراق ھالدا، تىنچلىق ۋە ئىناقلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

ئىنسان تەبىئىتىدە بىر بوشلۇق بولۇپ، ئۇنى ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تولدۇرالمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئاللاھقا ئىشىنىشلا تولدۇرالايدۇ. ئىنسانىيەت ئىككى ئاللاھنى تېپىپ، ئاللاھقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا يۈزلەنمىگۈچە، يالغۇزلۇق، ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئىنسان ئۆزىگە جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن تۇرىدىغان پەرۋەردىگارىنى تاپالمىسا، ئۇنىڭ ھاياتى بەختسىز، پىشانىسى شور، ئىش ـ ھەرىكىتى ئۈنۈمسىز كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا بەخت ـ ئىقبال، خاتىرجەملىك، ھەقىقەت دېگەن نەرسىلەر تىگىل بولمىغاندىن سىرت، ئۇ ئۆزىنىمۇ تاپالمايدۇ. «ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇغان كىشىلەردەك.»[1]

كىمكى ئۆزىنىڭ تۇپراق قىسمىغا تېگىشلىك ئوزۇقنى بەرگەندىن باشقا روھى تەرەپكە ئىمان ۋە ئاللاھنى تونۇش ئوزۇقنى بەرمىسە، ئۇ ئۆزىدىكى ئىنسانى تەبىئەتنىڭ ھەققىنى كېمەيتىۋەتكەن، ئۇنىڭ قەدرىنى قىلمىغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىدىن مەھرۇم قىلغان بولىدۇ.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: قەلبتە قالايمىقانچىلىق بار بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئاللاھقا يۈزلىنىشلا تۈزىيەلەيدۇ.

قەلبتە ئەنسىزلىك بار بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلەن يېقىنلىق يوقىتالايدۇ، قەلبتە غەمكىنلىك بولۇپ، ئۇنى ئاللاھنى تونۇش بىلەن خۇشال بولۇش ۋە ئاللاھ ئالدىدا سادىق بولۇشتىن باشقىسى يوقىتالمايدۇ.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 19- ئايەت.

قەلبىدە نامراتلىق بار بولۇپ، ئۇنى ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھقا راستچىللىق بىلەن ئىخلاس قىلىشتىن باشقىسى توۋگىتەلمەيدۇ.

قەلبتە بىئاراملىق بولۇپ، ئۇنى ئاللاھقا ئۇچرىشىش ۋە ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىشتىن باشقىسى خاتىرجەم قىلالمايدۇ.

مانا بۇ، ئىنسانىيەتتىكى تۆپكى ئاڭ بولۇپ، ئىنسان قەلبى ئاللاھقا يول ئالمىغۇچە، ئاللاھقا ئىشەنمىگۈچە، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلمىغۇچە ھامان خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ.

جاھىلىيەتتە ئەرەب مۇشرىكلىرى بۇ ئاڭنى تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق قىلىپمۇ ئىنكار قىلالمىغان. «ئۇلاردىن: ئاسمانلارنى كىم ياراتتى؟ كۈن ۋە ئاينى (بەندىلەرگە) كىم بويسۇندۇرۇپ بەردى؟ دەپ سورىساڭ ئۇلار: ئاللاھ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.»[1] بەزىدە بۇ ئاڭنىڭ يۈزىنى ھەرخىل شۈبھە داتلىرى ۋە كۆڭۈل ئىستەكلىرىنىڭ توپا ـ چاڭلىرى بىسىۋالىدۇ. گۇمانغا ياكى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىش، چوڭلار ۋە كاتتىلارغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇش ئارقىلىق بۇ ئاڭ بۇلغىنىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. گاھىدا ئىنساندا مەغرۇرلۇق ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن كۆرەڭلەش تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسان ئۆچۈن بىر ئاپەت بولۇپ، ئۇ، ئىنساننى ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىش ۋە ئاللاھتىن ياتلىششقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمما بۇ تۆپكى ئاڭ سۇسلىشىدۇ ـ يۇ يوقالمايدۇ. ئىنسان ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان، ئۆزى ۋە باشقىلار چىكىندۈرەلمەيدىغان

---

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 61- ئايەت.

بىر قىيىنچىلىق ۋە ئاپەتكە دۇچ كەلگەندە، بۇ ئالىي ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن پارتلاپ چىقىدۇ. بوغۇلۇپ قاپسىلىپ قالغان ئىنكاس بىردىنلا ساداغا كېلىپ، ئۆز پەرۋەردىگارىغا سېغىنىشقا باشلايدۇ. خۇددى قۇرئاندا ئېيتىلغاندەك: «سىلەر دېڭىزدا خەتەرگە يولۇققان چېغىڭلاردا ئېسىڭلارغا چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلىرىڭلار كەلمەي، پەقەت ئاللاھ كېلىدۇ. (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدىلا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ).»[1]

بۇ ئالىي ھەقىقەت بولۇپ، مىللەتلەر، دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار بۇنى بىردەك تەن ئالماقتا. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ئەسىرلەردىن تارتىپلا دىن تۇتقانلىقىنى، ئىبادەت قىلغانلىقىنى، تەبىئىي ئېڭىغا ئىشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاتاقلىق تارىخشۇناسلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «تارىختا ئوردىسىز ۋە قورغانسىز شەھەرلەر تېپىلىدۇ ــ يۇ، لېكىن ئىبادەتخانىسىز بىرمۇ شەھەر تېپىلمىدى.»

ئىنسانىيەتكە ئۇزۇن تارىخ بويىلاپ يەتكەن ئۆزگىرىش ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەندە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش بولماستىن، بەلكى ئىبادەتنى باشقىغا قارىتىش، ياكى زېمىن ۋە ئاسمان مەخلۇقلىرىنىڭ بىرەرسىنى يەنە بىر ئىلاھ دەپ ئاللاھقا قوشۇپ ئىبادەت قىلىش بولدى.

شۇڭلاشقا ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەر دەۋردىكى ۋەزىپىسى كىشىلەرنى مەخلۇقاتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن بىر ياراتقۇچىغا

[1] ئىسرا سۈرىسى 67- ئايەت.

ئىبادەت قىلىشقا ياندۇرۇش بولدى. ئۇلارنىڭ خەلقىگە قىلغان تۇنجى تەشۋىقاتى: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتانغا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق بولۇڭلار.»[1] دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ئاللاھنىڭ بارلىقى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتكە چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز بولغان مەسىلە. ئۇ توغرۇلۇق پەقەت ئەقىل كۆزى كور، ئىلىم بابىدا نامرات چۈپرەندىلەرلا جېدەللىشىدۇ.

دىننى ئىنكار قىلىشتا داڭق چىقارغان بەزى دىنسىزلار ئوقۇرمەنلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىمانغا قارشى كېلىدىغان ياكى دىنسىزلىققا چاقىرىدىغان سۆزلەرگە ئىشەنمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر مەن كۆڭلۈم ۋە ئەقلىمدىن شەكلىنىشنى تەلەپ قىلسام ئۇ ئىككىسى ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇ ئىككىسى مېنىڭ شەك قىلىشىمنى خالىسا، مەن شەك قىلالمايمەن، ئەگەر مەن ئىمانىمنى سۆزۈم بىلەن يوققا چىقارسام راست سۆزلىمىگەن بولىمەن. مېنىڭ سىزىمىم بارلىق سۆزلىرىمدىن كۈچلۈك، ئەگەر بىر ئىنسان: مەن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرمەيمەن ياكى ھاياتنى ياخشى كۆرمەيمەن دېسە، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنەمسەن؟ ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئىشىنەمدۇ؟ بىز ئۆز كۆڭلىمىزنى ياكى ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنى بىر سۆز بىلەن يوققا چىقىرالامدۇق؟ سۆز بىلەن ھەرگىز چوڭ ھەقىقەتلەرنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھقا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە دىنلارغا ئىشىنىش بولسا، بىزنىڭ قىزىققانلىق بىلەن دەپ قويغان بەزىبىر

[1] ئەئراف سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

پۇچەك، يوقىلاڭ گەپ ـ سۆزلىرىمىز گۇمان چۈشۈرەلمەيدىغان، يوققا چىقىرالمايدىغان كۈچلۈك ھەقىقەتتۇر.

مېنىڭ ئىمانىم ھەممە ھالىم بىلەن بىردەكلىككە ئىگە: مەن مۆمىن بولسام مەۋجۇد بولىمەن، مۆمىن بولسام ئۈيلىيالايمەن، مۆمىن بولسام ئىنسان بولىمەن ...»

بىزنىڭ يەكۈنىمىز: ئىنسان ئىمانسىز ياشىيالمايدۇ. ئۆزى ئۇلۇغلاپ، مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە تەۋەككۈل قىلىدىغان ئىلاھسىز ياشىيالمايدۇ. مەن ئۆز تەبىئىي ئېھتىياجىنى سىقىپ، قەلبلىرىگە جاپا سېلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان نۇرىنى ئۆتكىلى قويمىغان ئاشۇ بىچارىلەرگە قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن.

ئۇلار دىللىرى ۋە كۆزلىرى پىچەتلىنىۋېتىلگەن بەختسىزلەر، ئۇلار ئاللاھ توغرىسىدا بىلىمسىز ۋە ھىدايەتسىز، پارلاق كىتابسىز جېدەللىشىدۇ.

مەن ئۇلارغا ئىككىنچى قېتىم ئېچىنىمەن: ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ كاتتا نېمەت بولمىش ئىمان بىلەن مەنپەئەتلىنەلمەي دۇنيادىن ئۇزاپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىمەن. بەزى ئىلاھىي بايانلاردىكى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى نېمىدىگەن توغرا ھە! «ھەي بەندەم، مېنى ئىزدىسەڭ تاپالايسەن. ئەگەر مېنى تاپساڭ ھەممە نەرسىنى تاپقان بولىسەن. مېنى يىتتۈرۈپ قويساڭ ھەممە نەرسىنى يىتتۈرگەن بولىسەن.»

ئۇلارنىڭ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنى تاشلاپ، ئاللاھتىن باشقىنىڭ قۇللۇقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىمدە يەنە بىر قېتىم ئېچىنىمەن.

ئاللاھ شۇنداق دەيدۇ: «كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ ياكى قۇدرەتلىك بىر ئاللاھ ياخشىمۇ؟»[1]

**مۆمىننىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ سىرىنى توغرا بىلىپ يېتىشى**

ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا تىنىمسىز شىۋىرلاپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدىغان نۇرغۇن سوئال ۋە پىنھان ئاۋازلار بار.

ئالەم دېگەن نېمە؟ ئىنسان دېگەن نېمە؟ ئۇ ئىككىسى قەيەردىن كەلدى؟ ئۇلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ نىشانى نېمە ۋە نېمە بولۇشى كېرەك؟ ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى قانداق باشلانغان؟ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟ ياشام، ئۆلۈم دېگەن نېمە؟ بىزنى بۇھاياتتىن كېيىن قانداق كەلگۈسى كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ ... دېگەندەك سوئاللار بەلكىم ئەنە شۇ نۇرغۇن سوئال، پىنھان ئاۋازلار ئىچىدىكى مۇھىمراقلىرى بولسا كېرەك.

دىن ــ بۇ كەڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى زور چىگىشلەرنى يېشىدىغان، يۇقىرىقىدەك سوئاللارغا ئاڭ رازى بولغۇدەك، كۆڭۈل قانغۇدەك جاۋاب بېرەلەيدىغان بىردىنبىر مەنبەدۇر.

خۇسۇسەن ئىسلام دىنى بۇ سوئاللارغا ئەڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەن ياخشى دىن. ئىسلامنىڭ جاۋابى ئەقىل ۋە ئاڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ دىننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۇپكى تەبىئىي ئېڭى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن،

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى 39- ئايەت.

ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان.»[1]

ئەگەر ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭ ۋە كۆڭلى تاشقى تەسىرسىز قالغىنىدا ئىدى، ئۇلار ئىسلام بىلەن ئۇدۇللا ئۇچرىشالىغان بولاتتى. ئىسلام پەيغەمبىرى بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بوۋاق ئىسلام ئېڭى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىپ تەربىيەلەيدۇ، يا ناسارا قىلىپ تەربىيەلەيدۇ، يا مەجۇسى قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.»

ئىنسان بۇ يوقالغۇچى دۇنيادا باقى دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك ھاياتى ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقىدىن ئىمتىھان بېرىۋاتقان كىشىدۇر. ئۆلۈم ــ ئىككى دۇنيا ئوتتۇرىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك.

پەيلاسوپلار بىر ئۆمۈر ئىزدىنىپ بىلەلمىگەن نەرسىنى مۆمىن جىمجىتلىق ۋە تەمكىنلىك ئىچىدە چۈشىنىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئۆزىنى نېمە كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. ئۇنى ھەقىقەتنىڭ مەنبىئى بولغان ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدىن بىلىدۇ. كىمكى مەۋجۇداتنىڭ ماھىيىتىنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى يولىدىن بىلىدىكەن، ئۇ داغدام يولغا چۈشكەن بولىدۇ.

بەزى گۇمانخور دىنسىز پەيلاسوپلارغا ئەجەل يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئۇلارنى ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار چۆچۈتتى. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دېدى:

---

[1] رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

بىلمەيمەن، ئۆلسەم، تىنىم كەتسە چىرىپ،
تۇرۇشۇمنى نەدىن كېلىپ نەگە بېرىپ.
بىلمەيمەن قەيەرلەردە يۈرەركىن روھ،
شۇ پارە، قاقشال بولغان تەندىن چىقىپ.

بۇ گەپ ياخشى كىشىلەرنىڭ بىرىگە يەتتى. ئۇ ئېيتتى: ئۇنىڭ بىلمىگىنىنى بىزمۇ بىلمەمدۇق؟ ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىسە، مانا بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلار نېمەتلىك جەننەتتە بولىدۇ. يامان ئىش قىلغۇچىلار دوزاختا بولىدۇ.»[1]

ئاڭ غوۋۋا سەزگەن نەرسىنى دىن كېلىپ روشەن ۋە ئېنىق تۈردە بايان قىلدى.

ئەقىل ھەرقانچە چېچەن، تەجرىبە، قىياس قىلىش، يەكۈن چىقىرىشقا ھەر قانچە ماھىر بولسىمۇ، ئۇ ئىنساندىكى ئېتىقاد چەكلىمىسىدىن، زامان، ئىرسىيەت، مۇھىت چەكلىمىلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقلىنىڭ ھەرقاچان بىر ياردەمچى ۋە تايانچقا موھتاج بولغىنى بولغاندۇر. بۇ ياردەمچى ۋە تايانچ دەل ۋەھيىدۇر.

ۋەھىي ئىنسانىنى قانائەت قىلغۇدەك ئۇتتۇقى يوق تەتقىقاتلار جاپاسىدىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇنىڭغا مەۋجۇداتنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى، ئۇنىڭ سەۋەب، سىرلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلىشى لايىق بولغان، ئۇ قوبۇل قىلالىغۇدەك نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.

---

[1] ئىنفىتار سۈرىسى 13-، 14- ئايەت.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار تەبىئەت ئىلىملىرىنى يېشىشكە، ئاللاھنىڭ ھىدايىتى، ئاللاھنىڭ ۋەھىيسىدىن يىراق بولغان ئىنسانىيەت پەلسەپىسى ئارقىلىق روھى خاتىرجەملىككە ئېرىششكە ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن ئۇلار ۋەيران بولدى.

داڭلىق ئالىم فەخرۇددىن رازى قەدىمكى ۋە كېيىنكى دانىشمەنلەرنىڭ قاراشلىرىنى ئۆگىنىپ چىققان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى پەلسەپە، ئىلاھىيەت پەنلىرىگە مەنسۇپ بىلىملەر زاپىسىنى ئومومىيۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇ سۆزنى قىلغان ئىكەن:

«مەن ھەر تۈرلۈك ئىلاھىيەت كىتابلىرى ۋە پەلسەپە ئېقىملىرىنى نەزىرىمدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ تەشنالىقنى باسالمايدىغان، دەردكە داۋا بولالمايدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالدىم. مەن يەنىلا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ئۇلۇغ يولنىڭ قۇرئان يولى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. مەيلى كىم بولسۇن مېنىڭ تەجرىبەمنى قوللىنىپ كۆرسە مەن كەلگەن تونۇشقا كېلىشى مۇقەررەر.»

پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ بەزىلىرى پەلسەپە ۋە پەيلاسوپلۇق باش ئاغرىقلىرىنى ئىپادىلەپ مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان ئىدى:

ئاشۇ دەرگاھلارنى مەن ئايلىنىپ چىقتىم تولۇق،
كۆزلىرىمنى بارچە بەلگە ـ نۇقتىغا تىكتىم قويۇق،
كۆرگىنىم بولدى ئىڭەكنى تىرىگەن ھەيرانەلەر،
يا ئېغىزغا ئۇرغۇچىلار پۇشايماندىن ئۇپ ـ ئوچۇق.

ئۇلارنىڭ بىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا: «مەن ھېچ بولمىغاندا ئاجىزراق ئىمانغا بولسىمۇ ئىگە بولغان بولسام! دەپ ئارمان يېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ ئاجىزلارنىڭ ئىمانىغىمۇ ئېرىشەلمىدى. شۈنىڭدەك، ھەرقايسى پەلسەپەلەر ئىنسان قەلبىگە ئۇنىڭ تۇنجى بەختى بولغان خاتىرجەملىكنى بېرىشتىن ئاجىز كەلدى. كىچىسىدە سوئال ۋە گۇمان ئۇخلىغىلى قويمايدىغان، كۈندۈزىدە بىئاراملىق چىرمىۋالغان ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ، ئاخىر.

ھەقىقەتپەرۋەر ئالىملار خاتىرجەملىككە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ كونكرېت، ئەڭ ئىشەنچلىك يولى ساغلام ئىلاھىي ۋەھىي يولى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

ئىنسانىنىڭ مەن «روشەن ھەقىقەت» ئۈستىدە ياكى «توغرا يول» ئۈستىدە دېگەن ئېتىقادى شۇنداق بىر نەرسىكى، ئۇنداق ئېتىقادقا ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئىشەنگەن ئادەمدىن باشقىسى ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن يىراق ئادەم، قۇرئاندا ئېيتىلغان ئادەمگە ئوخشايدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسى ئازەرگە: (سەن ئۆزۈڭنى ياراتقان ئاللاھنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇت قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرىمەن دېدى.»[1]

ساھابىلەردىن بىرى: «جەننەت ۋە دوزاخنى ئېنىق كۆردۈم» دېگەندە، بۇنى ئاڭلىغان بىرى ئۇنىڭغا: «سەن دۇنيادا تۇرساڭ ئۇنى قانداق كۆردۈڭ؟» دېدى. ئۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «جەننەت ۋە دوزاخنى رەسۇلۇللاھ كۆرگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭ كۆزى

[1] ئەنئام سۈرىسى 71 ـ ئايەت.

بىلەن كۆردۈم، مېنىڭ نەزىرىمدە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈشۈم ئۆزۈمنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈشۈمدىن ئارتۇق. چۈنكى مېنىڭ كۆزۈم بولغاندا، ئۇ نەرسىلەرنى كۆرگەندە باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كەتكەن ياكى ئېغىپ كەتكەن بولاتتى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى بولسا ئۇنداق بولمايدۇ.»

**مۆمىننىڭ گۇمان ۋە تېڭىرقاش ئازابىدىن خالىلىقى**

ۋەھيي بىلەن بارلىققا كېلىپ ئەقىل تەلىپى ۋە تەبىئىي ئاڭ تەقەززاسىغا ئايلانغان، بارلىق كىتاب ـ سەتىرلەر ۋە كۆز ئالدىمىزدا كەڭرى ئوچۇق تۇرغان تەبىئەت كىتابىنىڭ ھەربىر سۆزى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتقان ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئەمما زور قەدىملىككە ئىگە بۇ ئىمان ئارقىلىق مۆمىن سانالغان ھەر بىر كىشى، ئۆز ھاياتلىقىدا گۇمانخور ئىنكارچىلار چېكىۋاتقان ئەقلىي ۋە روھىي بىسەرەمجانلىقلاردىن ۋە تىنىمسىز ئارىسالدىلىقلاردىن خالىي بولىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىنى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىنى يارىتىپ بېجىرىم قىلغانلىقىنى، ئۇنى ئىززەتلەپ زېمىنغا خەلىپە قىلغانلىقىنى، ئۆزىگە ئىچكى ۋە تاشقى نېمەتنى تولۇق بەرگەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. مۆمىن بۇ تونۇش بىلەن ھايات ۋە ئۆلۈم، بۇ ئىككىسىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا كۆڭلىگە كىرىۋالغان ۋە كىرىۋالىدىغان سوئاللاردىن قۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك يارىتىلغانلىقىنى، ئۆلۈم ئۇنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكەيدىغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ.

مۆمىنلەر ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئاللاھقا ۋە ھېساب كۈنىگە تانغۇچى ۋە شەكلەنگۈچىلەر ناھايىتى تېپىتقىسىز ۋە مەنىسىز ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ چەكلىك ئەقىللىرى ئۇلارغا دىللىرى قانائەتلەنگۈدەك، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن دىللىرىدىكى شەكلىنىش، تېڭىرقاش، پاراكەندىچىلىك يوقالغۇدەك بىرەر جاۋاب تېپىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار بىرەر قارار ۋە ئىدىيىدە مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ.

شاماللاردا ئۇچۇپ يۈرگەن پەيگە ئوخشاش،
ئارىسالدى بولۇپ ئۆتەر يوقتۇر توختاش.

ئىبنى شەيل باغدادىينىڭ «تەپەككۇر» قەسىدىسىدە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىسرالارنى ئۇچرىتالايمىز:

ئۆرگەلگۈچى پەلەك قىنى بىزلەرگە بىر ئېيتقىنا!
ئۆرگىلىشىڭ ئۆزەڭچىمۇ يامەجبۇرمۇ سەن ئاڭا؟

ئۇنىڭ بۇنداق سوئاللىرى ھەتتا تۆۋەندىكىدەك ئەسەبىيلىككە يېتىپ بارىدۇ:

تەشەككۈر نە كېرەك تۆرەلگەن ئۈچۈن،
يارىلىش ھەركىمنىڭ ئەمەسقۇ مەيلى.
رۇخسەت يا ئىختىيار بولغان چاغدىلا،
يارىلىش بىز ئۈچۈن بەختتۇر ئەسلى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئۆزىگە مەسلىھەت سېلىنماستىن، ياكى تاللاش ھوقۇقى بېرىلمەستىن مەجبۇرى تامام بولغان دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ قارىشىدا ئاتا ۋە ئانىنىڭ قوزغالغان شەھۋىتى پەيدا قىلغان بىر ھادىسە بولغان مەۋجۇدلۇققا غەزەپ ياغدۇرىدۇ، ئۇ شۇنداق يازىدۇ:

ئاتا ـ ئانام تۆشەك ئارا سۈرگەن ھوزۇر،
قۇرۇپ كەتسۇن، ئۇ بىزلەرنى دەردكە قويدى.
بولمىساقتۇق، يوقسۇزلۇقمۇ تارتماس ئىدۇق،
ئاپىرىدە بولۇش بارچە كۈنگە قويدى.
ئۆمەر ھەيياممۇ بۇنىڭ مىسالىدا مۇنداق دەيدۇ:

كىگەشىسىزلا كەيدىمەن بۇ ھاياتلىق كىيىمىنى،
ھاگۋاقىمەن ھەممىگە چۈشەنمەي ھېچ نېمىنى،
بىر كۈن كېلىپ دۇنيادىن كېتىپ قالسام مەن ئەگەر،
بىلمەيمەن نەگە كەلدىم، كېتەر يېرىم نە قىنى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاياتلىق تونى ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىنىپ، ئۇنىڭ پىكرى ئېلىنماستىن كىيگۈزۈلدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خاھىشى، خالىغىنى بويىچە يارىتىلغان بولسا، ئۆزىنى رەببىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىدىنمۇ ئەۋزەلرەك ئورونلاشتۇرالىغان بولاتتى، ئەمما ئۇ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ سىرىدىن ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلاردىن

ھېچنەرسە بىلمەيدۇ. ئەبۇلئەلا ئەلمەئەررى ئۆزىنىڭ شەك ۋە تىگرىقاشتىكى دەۋرلىرىدە مۇنداق دېگەن:

كېتەرمىز ھاياتتىن بىر كۈن ئايرىلىپ،
چۈشەنمەي ھېچ نەرسە ئۇنىڭ سىرىدىن.
بىلمەيمىز تارىختا نە ئىشلار بولغان،
ساۋات يوق ھېچ كىمدە يۇلتۇز سەيرىدىن.

* * *

تاپالماي ھاياتتىن ھەقىقي مەنە،
ئەتەمدىن ئەنسىرەپ يۈرىمەن ھەر ئان.
ھېچ بىر ئىش كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرالماس،
ئىشەنچلەر ئورنىغا ئالماشتى گۇمان.

* * *

سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ ئاۋارە مەن،
جاۋاب تاپتىم دېگەنگىمۇ ئىشەنمەيمەن.

* * *

كۈلمىز، بۇ كۈلۈش دۆتلىكىمىزدىن،
يىغلاشلا ياراشقاي زېمىن ئەھلىگە.
شىشىدەك چېقىلدۇق كۈنلەر قولىدا،
بۇ شىشە قۇيۇپمۇ كەلمەس ئەسلىگە.

ئۇ يەنە ئۆز ئەۋلادى ئالدىدا جىنايەتكار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىنىش ــ نىكاھلىنىشتىنمۇ چەكلىنىدۇ:

بويتاق ئۆتۈپ تۇغۇلغۇسى باللارغا ئارام بەردۇق،
ئۇلار يوقلۇق نېمەتىدە تۇغۇلغاندىن ياشار ئارتۇق.

ئۇ، ئىنسان ھاياتىغا نوقۇل تەقدىرچىلىك نۇقتىسىدىن قاراپ، مۇنداق دەيدۇ:

تۇغۇلماق، قېرىماقلىق ھېچ ئەمەستۇر ئىختىيارىمدىن،
ياشاشنىڭ كويىدا يۈرمەك يەنە بولماس قارارىمدىن،
كېلەرمەن مەجبۇرى بۇندا، كېتەرمەن كۆتمىگەن بىر چاغ،
بۇلار ھېچ قايسىسى بولماس ئۆزۈمنىڭ مەيلى ــ رايىمدىن.

يەنە ئۇندىن باشقا شائىر ئەبۇ مازى ئۆزىنىڭ «تىلسىملار» دېگەن ئۇزۇن قەسىدىسىدە شۇنداق دەيدۇ:

مەن قەيەردىن كەلگىنىمنى بىلمىسەممۇ، بىراق كەلدىم،
يۈتلىرىمنى يول ئۈستىدە كۆرگىنىمدە مېڭىپ كەتتىم،
خۇشۇم كەلسە چۈشكۈن قىلدىم، خۇشۇم كەلسە ئۇزاپ كەتتىم،
قانداق كەلدىم، قانداق كۆردۈم، يولۇمنى ھېچ بىلەلمىدىم.

مەن يېڭىچە بىر نەرسىمۇ ياكى ئەسكى بۇ جاھاندا؟
ئەركىن ــ ئازات ئىنسانمۇ مەن ياكى قالغان تۇتقۇنلۇقتا؟
ئۆزخان ــ ئۆز بەگ ياشامدىم مەن يا ئۆتەمدىم مەھكۇملۇقتا؟
بۇنى قانچە بىلەي دېدىم، ئەپسۇس، يەنە بىلەلمىدىم.

ماڭغان يولۇم قانداق ئىرۇر، ئۇزۇنمۇ ئۇ يا قىسقىمۇ؟
ئۆرلىدىمۇ يۈكسەكلەرگە يا تۆۋەنگە شۇڭغۇدۇمۇ؟
مەنمۇ يولدا كېتىۋاتقان يا ئەكسىچە يول ماڭدىمۇ؟
يا ئىككىمىز توختاپ، زامان يۈرگەنمىدۇ بىلەلمىدىم.

مەن سېنىڭچە ئىنسان بولۇپ يارىلىشتىن ئىلگىرى،
بۇ جاھاندا بارمىدىم يا يوقمىدىم؟ ئېيتچۇ، قىنى؟
ئاھ، قالارمۇ يېشىلمەي ئۇشبۇ تېپىشماقنىڭ سىرى،
بىلەلمەسمەن بۇلارنى ھېچ، نېچۈن شۇنداق بىلەلمىدىم.

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، ھېكمىتىگە، ئادىللىقىغا، رەھمىتىگە، ئاخىرەتتىكى جازاسىغا، پەيغەمبىرىگە قىلغان ۋەھيىسىگە شەك قىلغۇچى دىنسىزلارنىڭ قەلبىدە چوغقا ئايلانغان بۇ شەكلىنىش، بىئاراملىق ۋە تۇراقسىزلىق ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۇ ناھايەت ئەلەملىك ئازاب، جەھەننەمنىڭ ئۆز ئەھلىگە ئېچىلغان بىر پەنجىرىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز يالقۇنى بىلەن ئۆرتەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئازاب تېتىشلىرى ئۈچۈن قەلبىدىكى شەك ئوتلىرى لاۋۇلداپلا تۇرىدۇ.

**مۆمىنىنىڭ ئالدىدا يول ۋە غايىنىڭ ئېنىقلىقى**

ئىمانسىز كىشىلەرنى دۇنيادا نۇرغۇن غەم ـ قايغۇلار قورشىۋالىدۇ ۋە تۈرلۈك غايىلەر تالىشىدۇ. ئۇ ئۇڭغا تارتىدۇ، بۇ سولغا تارتىدۇ. ئۇ دائىم نەپسىنىڭ ئىچكى توقۇنۇشلىرى ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى رازى قىلىش بىلەن ئۆز غەرەزلىرىنى

قاندۇرۇش ئارىسىدا تېڭىرقاپلا يۈرىدۇ. ئۇ ھەتتا جەمئىيەتتىكىلەرنى رازى قىلماقچى بولسىمۇ ئالدى بىلەن قايسى تۈركۈمدىكى كىشىلەرنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىرايدۇ. ھالبۇكى بارلىق كىشىلەرنى رازى قىلىش ئىشقا ئاشماس غايەدۇر.

ناۋادا رازىمەن بولسا ئېسىل تۇغقانلىرىم مەندىن،
ئۇسال تۇغقانلىرىم تولدى غەزەپكە ئەكسىچە ئاندىن.

ئەكسىنىڭ يەنە ئەكسىچە بولۇشى تەبىئىي، دېمەك، ياخشىلار خوش بولغان يەردە، يامانلار خاپا بولىدۇ. بىر شېئىردا مۇنداق كېلىدۇ:

نەدە باردۇر بارچە ئادەم رازى بولغان بىراۋدىن،
ئىزدەپ ھەممە كۆڭلىنى قىلما جاننى ئاۋارە.

مۆمىن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلىدۇ ۋە غايىلەرنى بىر غايە ئىچىگە جەملەپ، شۇ غايە تەرىپىگە ماڭىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۆز غايىسىگە يېتىش يولىدا كىشىلەرنىڭ خوش ياكى خاپا بولۇشىغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ شۇئارى شائىرنىڭ تۆۋەندە دېگىنىدەك بولىدۇ:

تاتلىق ـ شېرىن بولساڭ سەن، ھاياتلىق بولار قىرتاق،
سەن خوش ئۆتسەڭ، باشقىلار خاپىلىق بىلەن ئورتاق.
ئىككىمىزلا ئۆتۈشسەك ئىناق ـ ئېجىل، كۆڭۈللۈك،
جاھان بىلەن ئارىمىز بۇزۇلسا يوق قايغۇرماق.

سۆيگۈلۈك سىنىڭ چىن بولسا، باشقا ئىشلار چاغلىقتۇر،
تۇپراق ئۈزرە تۇرغانىنىڭ ھەممىسى ئىرۇر تۇپراق.

مۆمىن دىـن يولىـدىكى ھەر قانـداق قىيىنچىلىقنـى مەنىسـتىمەيدۇ، ھەرقانـداق ئـازاپنى شـېرىن، ھەربىـر قۇربـان بېرىشـنى ئـاددىي ئىـش قاتارىـدا كۆرىـدۇ. مۇشـرىكلار دارغـا ئاسـقان خۇبەيـىپ ئىبنـى ئەدىـگە قارىمامسـىز؟ تەرەپ ـ تەرەپـتىن قورشـاپ تۇرغـان مۇشـرىكلار ئـۇنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار: «ئۇنىڭ ئىرۋىلىرى بەرداشلىق بېـرەلمەي ئىرادىسى تەۋرەپ قالىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى. لېكىن ئـۇ ئۇلارغـا ئۆتكـۈر مەسخىرە ئىچىدە قارىدى ۋە مۇنداق شېئىر ئوقۇدى:

ئىمان بىلەن كەتسەملا ھەرگىز پەرۋا قىلمايمەن،
قايسى ياندىن يىقىلاي مەن، ئۇلۇغ ئاللاھ يولىدا.
بۇ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن، ئۇ خالىسا تاپقايمەن،
تىتما۔ كاتاڭ تېنىمنى بەخت۔ ئىقبال قوينىدا.

ئۇلارنىڭ بىـرىگە قـۇلاق سالمامسـەنكى، ئۇنىـڭ مەيدىسـىگە نەيـزە سانجىلىپ دۈمبىسىدىن چىققاندا ئۇ پەقەت: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مۇرادىمغا يەتتىم»، دېدى.

بىرلەشمە قوشۇن (ئەھـزاب) جېڭىـدە مـۆمىنلەر قـاتتىق سـىنالغان ئىـدى. شـۇ پەيتـتە ئـۇلار ئـالدى۔ كەينىـدىن دۈشـمەنىنىڭ قورشـاۋىغا چۈشۈپ قالغاندا، ھەممە ئادەم قاتتىق ئـۆرە ـ تـۆپە بولۇشـۇپ، كـۆزلەر كىچىكلەپ، يۈرەكلەر بوغۇزغا كەپلەشكەن، كىشـىلەر ئاللاھقـا تۈرلـۈك

يامان ئـويلاردا بولغـان، مۇنـافىقلار نىقـابلىرىنى ئېچىۋېتىـپ: ئـاللاھ ۋە پەيغەمبەر بىزگە قۇرۇق ۋەدە قىپتىكەن، دېيىشكەن ئىدى.
مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا مۆمىنلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ئاللاھنىـڭ كىتابىــدا ئېيتىلغانغـا ئوخشـاش بولــدى: «مــۆمىنلەر ئىتتىپاقــداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىـڭ پەيغەمبىـرى بىـزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى، دېيىشتى. (بــۇ ئىــش) ئۇلارنىــڭ (ئاللاھقـا بولغــان) ئىمــانىنى ۋە (ئاللاھنىــڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.»[1]
ئــۇرۇش قــازىنى قايناۋاتقــان شــۇ پەيتــتە ئاشــۇ جەڭچىــلەرگە تەمكىنلىـك ئاتـا قىلغـان نەرسـە نـېمە؟ ئـۇ ئىمانــدۇر. ئـاللاھ راسـت ئېيتىــدۇ: «مۆمىنلەرنىـڭ ئىمانىغـا ئىمـان قوشۇلۇشـى ئۈچـۈن ئـاللاھ ئۇلارنىــڭ دىللىرىغــا تەمكىنلىكنــى چۈشــۈردى. ئاســمانلارنىڭ ۋە زېمىننىــڭ (پەرىشــتىلەردىن، جىــنلاردىن، هــايۋانلاردىن ۋە تەبىــئەت هادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى ئاللاھنىڭـدۇر، ئـاللاھ (خەلقنىـڭ ئەهۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[2]
مۆمىن غايىسىنى بىلىش بىلەن تىنچلىنىدۇ، يولىنى تونۇش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئۇنىڭ يولى ئاللاھ ئىنئام قىلغان پەيغەمـبەرلەر، سـىددىق (يۇقىرى دەرىجىلىك شەهىد) لەر، شەهىتلەر ۋە سالىهلارنىڭ يولىـدۇر. مۆمىندىكى ئەخلاقى ئۆلچەم ئېنىق ۋە بەلگىلىـك بولـۇپ، ئـۆز رەببىنـى رازى قىلىش، بۇيرۇقىنى ئاڭلاش، توسقىنىدىن چەكلىنىشتىن ئىبارەت. مۆمىن مۇشۇ ئىشلاردا ئۆزىنىڭ دۇنيـا ۋە ئاخىرەتلىـك بەختـى بـار دەپ

[1] ئەهزاپ سۈرىسى 22 ـ ئايەت.
[2] فەتھ سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىنى نەق پايدىدىن كېچىش، قۇترىغان شەھۋەتنى بېسىش ياكى كۈچلۈك ھېسسىياتقا، قاشاڭ ئادەتكە، كۆنۈككەن خۇي- خاراكتېرگە قارشىلىق قىلىپ بولسىمۇ بىجانىدىل، ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇندايدۇ.

بىر ئاللاھقىلا قۇل بولۇش ۋە بىر ئاللاھقىلا ئىشىنىش كىشىنى ئاللاھنىڭ: «ئۇ مۆمىن بەندىلىرىمىز قاتارىدىن ئىدى» دېگەندىكى مۆمىن بەندىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئاللاھقىلا قۇل بولۇشنىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق نەرسىگە بېقىنماسلىق، زېمىن ياكى ئاسماندىكى باشقا ھېچقانداق مەخلۇققا باش ئەگمەسلىك، ھەتتا ئەڭ ياۋۇز ئازدۇرغۇچى شەيتانغىمۇ بويسۇنماسلىق، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئىچى سىقىلماستىن، شەك قىلماستىن، كۆڭۈل خوشلۇقى ۋە قەلبىنىڭ تەسلىمى بىلەن بويسۇنۇش. ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ياخشى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ياخشىلايدىغان ۋە تازىلايدىغان نەرسىلەرنى ئۆزىدىن بەكرەك بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر.

بۇ قۇللۇقنىڭ ھەققىنى تونۇپ، ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان زات تەرەپكە مايىل بولغان ھالدا قەلبىدىن، ھاياتىدىن بارلىق ئاسىيلىقلارنى يىراق قىلىۋەتكەن، ئاللاھتىن باشقىنى رەب قىلىشقا رازى بولمىغان، ئاللاھتىن باشقىنى ھىماتچى تۇتمىغان، ئاللاھتىن باشقىدىن ھۆكۈم ئىستىمىگەن ئادەم راستچىل مۆمىن بولىدۇ. «(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى: پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا

دىنغا، باتىل دىنلاردىن تـوغرا دىنغا بۇرالغـان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىغىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. (ئـى مـۇھەممەد!) ئېيتقىنكى مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئـاللاھ ئۈچۈنـدۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشـۇنىڭغا بۇيرۇلـدۇم. مەن مۇسـۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلـىمەن. (ئـى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى «ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن؟» ھەر ئـادەم ئـۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ گۇناھىغـا جاۋابكـار ئەمەس. كېـيىن پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ دەرگاھىغـا قايتىسىلەر، سىلەر دە ـ تـالاش قىلىشقان ھەق بىلەن نـاھەقنى ئـۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.»[1]

**مۆمىننىڭ بارلىق مەۋجۇدات بىلەن ئۈلپەت بولۇشى**

مـۆمىن ئـالەمنى رەبـبىگە باشـلايدىغان دەلىـل تېـپىش ئۈچـۈن كۆزىتىـدۇ. يـالغۇزلۇقتىن مۇناسىۋەتداشـلىققا چىقىرىـدىغان سـەۋەبنى تېپىش ئۈچۈن كۆزىتىدۇ.

تەبىئەتكە دوستانە قـاراش بىـلەن مۆمىنىـڭ روھـى كېڭىيىـدۇ، ھايات دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت كېڭىيىدۇ. ئاللاھ ۋە ئاخىرەت توغرىسىدا شەك قىلىدىغان دىنسىزنىڭ قەلبىدىنمۇ تار بىر نەرسە يوق، دىنسىزنىڭ ھاياتى زىنداندىنمۇ تارراق، بەلكى تۆرمىدىكى يـالغۇز كىشـىلىك كـامېردىنمۇ تـارراق. تـارلىق مـاھىيەتتە ئۇلارنىـڭ دىللىرىـدا، دىـل تـار بولسـا كـۆكرەك تـار بولىـدۇ، تۇرمـۇش مەنىـۋى

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 161 ـ، 164 ـ ئايەتلەر.

جەھەتتىن تار بولسا بارلىق ھايات تار بولىدۇ، دىل كەڭرى بولسا بارلىق ھايات كەڭرى بولىدۇ.

ئىلگىرى بىر شائىر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

يۈرتنىڭ ئۆزى ئەمەستۇر ساڭا بېسىم بولغىنى،
يۈرت خەلقىنىڭ ئەخلاقى شۇ كۆڭلۈڭنى سىققىنى.

مۆمىننىڭ كۆڭلى ئۇنى مەۋجۇداتقا، مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارىغا، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىگە، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرىغا، روھى كۆچلەرگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەتكە باغلايدۇ. مۆمىننىڭ كۆڭلى چەكسىز كەڭرى بولىدۇ. ئۆز مەۋجۇدىيىتى دائىرىسىگە ئاسمانلارنى، زېمىننى، ئەرشنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى، ئەزەلىيەت ۋە ئەبەدىيەتنى سىغدۇرۇپ ياشىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەلۋەتتە كەڭرى بولىدۇ ـ دە!

رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ «ئاللاھ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان ئادەم، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولىدۇ.»[1] دېگەن سۆزى توغرىسىدىكى سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «نۇر قەلبكە كىرسە، قەلب كېڭىيىدۇ.» قەلب ئىمان ۋە جەزمىيەت نۇرى بىلەن بوشاپ، ئازادىلىشىپ كېڭەيگىنىدەك، شەك، مۇناپىقلىق، دىنسىزلىق زۇلمەتى بىلەن قورۇلۇپ تارىيىپ قالىدۇ: «ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ،

---

[1] زۇمەر سۈرىسى 22ـ ئايەت.

ئـاللاھ كىمنــى ئازدۇرمــاقچى بولســا، ئۇنــڭ كۆكســىنى شــۇنچە تارايتىۋېتىــدۇكى، (ئىمــان ئېيــتىش) ئۇنىڭغــا گويــا ئاســمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازاپلايدۇ.»[1]

**مۆمىن ئاللاھنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشايدۇ**

ئىماندىن مەھرۇم قالغانلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدىغان ئېچىنىشلىق روھىــي كېســەل مــۆمىنگە ھەرگىــز يــېقىن يولىمايــدۇ. ئــۇ بولســىمۇ شەخسىــنىڭ بىئــاراملىق، يــالغۇزلۇق ھــېس قىلىــش كېســىلى. بۇنــداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمار دۇنيـانى زىندانـدەك ھـېس قىلىـدۇ، ئـۇ ئۆزىنى دېڭىزدا غەرق بولۇپ كەتكەن، دولقۇنلارنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن بىر ئارالغا چىقىپ قىلىپ ھايات قالغـان. ئاشـۇ كىچىـك ئارالـدا ئـۆزى يالغۇز، دېڭىز ۋە ئاسماننىڭ كۆكلىكىدىن باشقىنى كۆرمەي ياشاۋاتقان ئادەمدەك تەنھا ھېس قىلىدۇ.

نيۇ يورك ئەقلىي ساغلاملىق ئورگىنىنىڭ مۇدىرى مـۇرىس جوبىتھـىل مۇنـداق دەيـدۇ: «ئىنسـانلاردىكى يالغۇزسـىراش كېسـىلى ئـۇلاردا ئەقلـىي داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.»

دوختـۇرلار ۋە پسـىخولوگلار بـۇ كېسـەلنىڭ ئۈنۈملـۈك دورىسـىنى تېپىش ئۈچۈن ناھـايىتى كەڭ دائىرىلىـك، مـول تەتقىقـاتلارنى ئېلىـپ باردى. كۆپ تىرىشچانلىقلار بىلەن نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرقى نەتىجە شـۇ بولـدىكى ھەقىقەتـپەرۋەر ئـالىملار بـۇ كېسـەلنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلى: «دىنغا ئېتىقـاد قىلىـش، مۇسـتەھكەم

[1] ئەنئام سۈرىسى 125- ئايەت.

ئىمان تۇتقۇسىغا ئېسىلىش ۋە بىمارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى» دەپ قارىدى. بۇ كىتابتا سۆزلىنىدىغان كۈچلۈك ئىمان بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى ھەم بولالايدۇ. گېرمانىيە پسىخولوگىيە ئالىمى دوكتور فرانك لوباخ مۇنداق دەيدۇ: «سېنى ئۆزەڭنىڭ تەنھالىق ھېسسىياتى قانچە چىرمىۋالمىسۇن، بىلىپ قويغىنكى سەن مەڭگۈ تەنھا ئەمەس، سەن يولنىڭ بىر تەرىپىدە ماڭغان بولساڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئاللاھنىڭ مېڭىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگىن.»

مۇسۇلمانىنىڭ ئېتىقادى بۇنىڭدىن كۈچلۈك ھەم چوڭقۇرراق. ئۇ ئۆزى قەيەردە بولمىسۇن ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ھەدىسى قۇدسىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەندەمنىڭ ئويىدا بولىمەن، ئۇ مېنى ئەسلىسە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن» ۋە ئەزىز كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى سىلەر غالىبتۇرسىلەر، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر.»[1]

مۆمىن ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، ئۆزى قەيەردىلا بولمىسۇن ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ئۇخلىماس كۆزى بىلەن كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى، مۆمىننىڭ كۆڭلىدىكى تەنھالىقنىڭ قورقۇنچلۇق سايىسىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى 35 ـ ئايەت.

مۆمىننىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە دائىم ھەمراھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى، مۆمىننى دائىم ئۆز رەببى بىلەن ئۇلپەت بولۇشقا ۋە ئۇنىڭغا دائىم يېقىن تۇرۇشقا سازاۋەر قىلىدۇ.

مۆمىن ئەگەر مۇدھىش، قاپقاراڭغۇ كېچىدە بولسىمۇ، ئۆز قەلبىنى دائىم يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرنى ھېس قىلىدۇ. ھەرقانچە قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلەر ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۆزىنى ئاللاھنىڭ قوللىشى ۋە ھامىيلىقىدا سىزىپ بىخۇدۇك ھالدا ياشاۋېرىدۇ.

ئۇ ياخشى بەندىنىڭ ئۆز رەببىگە سىغىنىغاندىكى مونۇ سۆزلىرىنى ئوقۇيدۇ:

مېھرىڭدىن كۆڭلۈم ئارا شادلىق كېزەر،
نۇرۇڭدىن يورۇپ تۇرار ئۇ ھەر قاچان.
نە يەتكەي رەھمىتىڭگە ئېرىشمەككە،
ئالدىڭغا سوراق بېرىپ بارغاندا جان.

**مۆمىن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشايدۇ**

مۆمىن ئۆزىنى مۆمىن قېرىنداشلىرىدىن ئايرىم ھېسابلىمايدۇ. مۆمىنلەر ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە، مەسجىدلەردە، ئۆيلەردە بىرگە بولۇشتىن سىرت دىللىرىدا دائىم بىر ـ بىرىنى ئەسلىشىپ تۇرۇشىدۇ. مۆمىن ئەگەر ناماز ئوقۇسىمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ: «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.»[1] دۇئا قىلسا ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن دۇئا قىلىدۇ: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.»[2]

[1] فاتىھە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

[2] فاتىھە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

ئــۆزىنى ئەسلىســە ئۇلارنىمــۇ قوشــۇپ ئەســلەيدۇ. «ئــۆزىمىزگە ۋە ئاللاھنىــڭ ياخشــى بەنــدىلىرىگە ئامــانلىق تىلەيمــز.» ئــۇ ئــۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى مۆمىنلەر بىلەن ياشاش دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. زامانداش كىشىلىرىدىن ئۆتۈپ يىل ئارىلىقى يىراق بولغان بارلىق مۆمىن قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ ياشايدۇ ۋە سالىھلارنىڭ سۆزىنى ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە، بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن.»[1]

مۆمىن ئۆز ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق ھەر قايسى دەۋردىكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى، بارلىق ئۇلۇغلار، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. «كىملەر ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار ھە!»[2] ئۇلارغا ھەمراھ بولغان، ئۇلارمۇ ھەمراھ بولغان كىشىدىنمۇ بەختلىك قايسى ئىنسان بار؟ بۇ يەردە دېيىلۋاتقان ھەمراھلىق تەن ۋە كۆرۈنۈش ھەمراھلىقى بولماستىن، روھ ۋە ھېسسىيات، ئوي ۋە قەلب جەھەتتىكى ھەمراھلىقتۇر.

**ناماز ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت خاتىرجەملىك كەلتۈرگۈچى ئامىللاردىندۇر**

مۆمىننىڭ ئۆز رەببى بىلەن ھەر كۈنى مۇكەممەلدىشىدىغان ئۇسۇلى ناماز ۋە دۇئا ـ تىلاۋەتتۇر.

---

[1] ھەشر سۈرىسى 10ـ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى 69 ـ ئايەت.

ناماز روھنىڭ يۈكسىلىش مىنۇتلىرى بولۇپ، ئىنسان بۇ چاغدا ئۆز رەببىي ئالدىدا تۇرۇپ رەببىگە تېگىشلىك مەدھىيىلەرنى ئوقۇپ، يىلىنغان، ئۈمىتلەنگەن ھالدا كۆڭۈل دۇنياسىدىكى بارلىق ئۈمىد ـ ئىستەكلىرىنى سىرتىغا چىقىرىدۇ.

بۈيۈك، ئۈستۈن ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشتە، روھقا كۈچ، ئىرادىگە مەدەت، كۆڭۈلگە خاتىرجەملىك بېرىدىغان ئۈچ ئالاھىدىلىك بار. شۇڭلاشقا ئاللاھ نامازنى مۆمىنگە ھايات كۈرىشىدە پايدىلىنىدىغان، ئايەت ۋە ئەلەملەرگە تاقابىل تۇرىدىغان قورال قىلىپ بەردى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۆمىنلەر سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار.»[1] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر ئىش بىئارام قىلسا دەرھال نامازغا تۇراتتى ۋە ئاللاھقا مۇناجات قىلىشقا غەرق بولاتتى. ھەتتا نامازنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ كەلسە مۇئەززىنى بىلالغا تەشنالىق ئىچىدە: «ھەي بىلال، بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن» دەيتتى. ۋە يەنە «مېنىڭ بارلىق خوشلۇقۇم نامازدا» دەيتتى.

نامازنىڭ ئىنسانىيەت روھىيىتىگە نىسبەتەن پايدىلىق رولى توغرۇلۇق دوكتۇر دالى كارنىگ ئەپەندىنىڭ «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دېگەن كىتابىدا يازغان بايانلىرى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ نامازنى بارلىق دىنلار ئارا ئومۇمىي ئاتالغۇ بولغان«ئاللاھقا دۇئا قىلىش، يالۋۇرۇش، ئاللاھقا تېۋىنىش» بىلەن ئاتىغان ئىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 153 ـ ئايەت.

«سىزنىڭ ئۆز خاراكتېرىڭىز ياكى خاھىشىڭىز بويىچە دىن تۇتمىغانلىقىڭىز سىزنى ناماز، ئاللاھقا يالۋۇرۇش، دۇئا قىلىشتىن چەكلەپ قويمىسۇن. ئىشىنىڭكى ناماز سىزگە پەرەز قىلىنغىنىدىنمۇ چوڭ ياردەم قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ سىزنى رېئاللىقتا يۈزلەندۈرۈدىغان بىر ئىش. سىز مەندىن: رېئاللىقتا يۈزلەندۈرىدىغان ئىش دېگىنىمدىن نېمىنى كۆزدە تۇتتۇۋاتقانلىقىمنى سورىشىڭىز مۇمكىن، جاۋاب بېرىمەنكى: ناماز مۆمىن ياكى دىنسىز ئىنسان بولسۇن ئورتاق بىھاجەت بولالمايدىغان مۇھىم ئۈچ ئىشنى سىزگە رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ:

1. ناماز بولسا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە كىرىۋېلىپ سىزگە بېسىم كەلتۈرىدىغان بىر بۆلۈك ئىشلارنى سىزنىڭ بىخۇدۇك ھالدا سىرتقا ئاشكارا قىلىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭ ئالدىدا بىز ئىنسان روھىيىتىدە تۇتۇق ھالدا ساقلىنىپ، دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز بولۇپ تۇيۇلىدىغان سىرلىق ئىشلارنى بىۋاستە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىغان ئىدۇق. ناماز بۇ قارىشىمىزنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئۇ خۇددى بىر ئەدىبنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىپادىلەپ يېزىقچىلىق ئېلىپ بارغىنىدەك ئىش بولۇپ، ئۇ كۆڭۈلدىكىنى قېزىپ چىقىرىشنىڭ ياخشى ياردەمچىسى. ئەگەر بىز چۈشىنىكسىز تۇيغۇمىزدا ئېنىقلىقتا ئېرىشمەكچى بولىدىكەنمىز، بىز ئۇنى ئېنىق بەلگىلەرگە ئىگە بولغان تىلىمىزغا ئېلىپ چىقىشىمىز كېرەك بولىدۇ. مانا بۇ بىز ئاللاھقا ئۆز دەردىمىزنى تۆكۈۋاتقاندا بولىدىغان ئىش، ئەلۋەتتە.

2. ناماز سىزنىڭ مۇشكۇللۇكلەر ۋە غەملەرنى يېڭىشىڭىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھالبۇكى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى يالغۇز كۆتۈرۈپ كېتىش ھەركىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بىزنىڭ بەك يېقىن دوستلىرىمىزغىمۇ ئېيتالمايدىغان، بىزنى قاتتىق چىرمىۋالغان نۇرغۇن مۇشكىلات ۋە ھاجەتلىرىمىز بار، لېكىن بىز ئۇنى نامازدىكى پەيتىمىزدە ياراتقۇچىغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىمىز.

3. ناماز بىزنى خىزمەت ۋە ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ. بەلكى ناماز خىزمەت تەرىپىگە بېسىلغان تۇنجى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. نامازنى بىر كۈن ئوقۇپ بىر كۈن ئوقۇماي يۈرگەن كىشىنىڭ پايدا ياكى مەنپەئەتكە، يەنە بىر ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، ئۆز ھالىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، روھى كىرىزىستىن قۇتۇلۇش تەرىپىگە نەتىجىلىك قەدەم باسالىشىدىن گۇمانلىنىمەن. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دوكتۇر ئالكسىس كاررېل «نامازنىڭ ئاكتىپچانلىق تۇغدۇرىدىغان ئەڭ زور كۈچ ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم، بىز نامازدىن نېمە ئۈچۈن پايدىلانمايمىز؟»دېگەن ئىدى.

ئەسكەرتىش: بۇ يەردە ئاللاھقا دۇئا قىلىش، يالۋۇرۇش، تېۋىنىش، باش ئېگىش قاتارلىقلار ناماز دېگەن ئاتالغۇ بىلەن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلق يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەر بىلەن يۈرىكى جاراھەت، پۇتلىرى قاپىرىپ تىشلىگەن ۋە قان ئاققان ھالدا تائىپتىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ قەلبىگە تاشلانغان تەمكىنلىكىگە قاراڭ! ئۇ ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: «ئى پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، ساڭا

كۆچۈمنىڭ ئاجىزلىقىنى، تەدبىرىمنىڭ ئازلىقىنى، كىشىلەرنىڭ مېنى خارلىغىنىنى شىكايەت قىلىمەن. ئى ھەممىدىن بەك رەھىم قىلغۇچى، سەن بوزەك قىلىنغان ئاجىزلارنىڭ پەرۋەردىگارى، سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم...»

**مۆمىن «كەتكەن»گە ۋايسىمايدۇ ۋە «قۇرۇق ئارزۇ»لارغا بېرىلمەيدۇ**

ئىنسانىنىڭ ئۆتمۈشكە ھەسرەتلىنىشى، ھازىرغا ئاچچىقلىنىشى، كەلگۈسىدىن قورقۇشى، ئۇنى روھى خاتىرجەملىك، ئازادە كەيپىياتتىن مەھرۇم قىلىپ تاشلايدۇ.

بەزى كىشىلەر تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۇنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەي زەردە گۈش بولۇپ، ئاھ ئۇرۇپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئۇنى قىلسام بوپتىكەن، بۇنى قىلمىسام بوپتىكەن دېگەن ئوي قاپلىۋالغان بولىدۇ. شائىر مۇنداق دېگەن:

ئېچىنمايمەن ئۆتمۈشكە، دەيدىغىنىم: «سالاۋات»
ئاقىل بولساڭ، قۇرۇق ئارزۇ، ئۆكۈنۈشنى يىراق ئات.

شۇنىڭ ئۈچۈن پسىخولوگىيە دوختۇرلىرى، پىداگوگ ۋە مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلار كىشىلەرگە دائىم كۆڭۈلسىز ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ، ئۆز كۈنىنىڭ رىئاللىقىدا جۇشقۇن، تېتىك ياشاشنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ.

ئۆتۈپ كەتتى ھامان ئۆتمۈش، تىلەكلەرگە ھايال باردۇر،
ئۆتەر ۋاقتىڭنى چىڭ تۇتقىن ئۇنىڭدەك ئەسقاتار يوقتۇر.

دالى كارنىگمۇ خۇددى شۇنىڭدەك سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىلدىمكى ئۆتمۈشكە بىئارام بولۇش قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى تارتىلىپ بولغان ئۇننى تۈگمەنگە قايتا سالغاندەك ياكى كىپەكنى ھەرىدىگەندەك بىر ئىش بولىدۇ. سەن بۇ ئارقىلىق بىئاراملىقتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيسەن، بىئاراملىق ئاخىرىدا يۈزۈڭگە قورۇق ياكى ئاشقازىنىڭغا جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. لېكىن ئىنساننىڭ ئاجىز تەبىئىتى نۇرغۇن ئىشلارنى بېسىپ چۈشكەچكە، ئىنساننى تارتىلىپ بولغان ئۇننى قايتا تارتىدىغان، كەتكەن ئۆتمۈشكە ھەسرەتلىنىپ ئالقىنىنى ئۇۋۇلايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇنداق دەردلىك ھېسسىيات ۋە قاراڭغۇ ئويلارغا بويسۇنۇشتىن يىراقراق بولىدىغىنى ــ رەببىگە ۋە قازا ــ قەدەرگە ئىشىنىشى كۈچلۈك بولغان مۆمىندۇر. مۆمىن ئۆزىنى ئۆتمۈشكە ۋە ھادىسىگە ئولجا قىلىپ بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئۆتمۈش ئاللاھ ھۆكۈم قىلغان ئىش بولۇپ چوقۇم ئىجرا بولاتتى. ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى مەمنۇنلۇق ۋە بويسۇنۇش بىلەن كۈتۈۋېلىش لازىم دەپ قارايدۇ. خۇددى شائىر ئېيتقاندەك:

بۇرۇن ئىرۇر ھەممىدىن خۇدا ھۆكمى، پۈتمىشى،
قۇرۇق تاپا، ئۆكۈنچتىن ئارام ئالدۇر يۈرەكنى.

يەنە بىر شائىر شۇنداق دەيدۇ:

قولدىن كەتكەن نەرسەڭنى ئالالمايسەن قايتۇرۇپ،
قۇرۇق ئارزۇ ــ ئارمان يەپ، «ئىست» ئېيتىپ ئاھ ئۇرۇپ.

مۆمىن: ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى دېمەستىن، بەلكى بولسا ئاللاھنىڭ تەقدىرى بولدى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ دەيدۇ. «ئەگەر...»، «ناۋادا...» دېگەن سۆزلەر رەسۇلۇللاھ تەلىم بەرگەندەك شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

مۆمىن ئاللاھنىڭ تەقدىرىنىڭ گەپ يوق ئىجرا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلانسۇن؟!

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلەر ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھىلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى ئاللاھقا ئاساندۇر. (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھىلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىلەرگە خوش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، ئاللاھ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.»[1]

مۆمىننىڭ دائىملىق شوئارى: «ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن.» بۇنىڭ بىلەن مۆمىن ئۆتمۈشكە ئازاب چەكمەيدۇ ۋە ئەسلەملەر قويىنىدا ئەلەم يۇتۇپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەر قاچان ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئوقۇش يېتەرلىك بولىدۇ: «كىشىگە ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا يېتىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.»[2] بۇ ھەم

[1] ھەدىد سۈرىسى 22 ـ، 23 ـ ئايەت.

[2] تاغابۇن سۈرىسى 11ـ ئايەت.

مۆمىنگە مەمنۇنلۇق نېمىتىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. بىز تۆۋەندە مەمنۇنلۇقتىن سۆز ئاچىمىز.

## مەمنۇنلۇق

«ئاللاھ ئۆز ئەدلى بىلەن مەمنۇنلۇق ۋە ئىشىنىشنى خۇشاللىق ۋە راھەتنىڭ كېلىش مەنبىئى قىلدى، ئاچچىقلىنىش ۋە گۇماننى غەم قايغۇنىڭ مەنبىئى قىلدى.» ـ ھەدىس شەرىپتىن.

بۇ ھەدىس شەرىپتە روھنىڭ ماھىيىتى يارقىن دەرىجىدە ئېچىپ بېرىلگەن. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ماددىي ئالەمدە تويۇش ۋە قېنىشقا يېيىش ۋە ئىچىشنى باغلىغاندەك، روھىي ئالەمدىكى خۇشاللىق ۋە كۆڭۈل راھىتىنى مەمنۇنلۇق ۋە ئىشىنىشكە باغلىدى. ئىنسان ئۆز رەببىدىن چىن كۆڭلى بىلەن مەمنۇن بولسا، ئۇ بۇگۈنى ۋە ھازىرىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، جازاغا ئىشەنسە، ئەتىسى ۋە كېلىچىكىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. مۆمىن ئەمەس ئادەم ئۆز كۈنىدىن مەمنۇن، ئەتىسىدىن خاتىرجەم ياشىيالامدۇ؟

ئىنساننىڭ مەمنۇنلۇق ھېس قىلىشى كىشىلىك بەختىنىڭ ئاچقۇچى بولغان روھىي خاتىرجەملىكىنىڭ تۇنجى ئاملى ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «رەببىگە ئىستىخارە سالغان ۋە ھۆكمىگە مەمنۇن بولغان ئىنسان بەختلىك ئىنسان؛ ئىستىخارە سالمىغان، قازاغا مەمنۇن بولمىغان ئىنسان بەختسىز ئىنسان.»

مۆمىن ھەربىر قەدەمنى بېسىشتىن بۇرۇن ئاللاھتىن ئۆزىنى ئەڭ توغرا يولغا سېلىشنى سورايدۇ. ئىستىخارە سېلىش (قىلغۇسى ئىشلارنى ئاللاھقا تاللاتقۇزۇش) تا ئوقۇلىدىغان بۇ دۇئا رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن دۇئالىرىدىندۇر:

«ئى ئاللاھ! بۇ ئىشتا ماڭا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقنى ئىلمىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە سېلىشىڭنى تىلەيمەن. شۇ ئىشنى قىلىشقا ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن، چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن، سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن، سەن بارلىق غەيبلەرنى ئوبدان بىلگۈچىسەن، ئى ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن ياخشى بولسا، ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولسا، ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن مېنى مەمنۇن قىلغىن.»

مەمنۇنلۇق كاتتا بىر روھىي نېمەت بولۇپ، بۇنىڭغا ئاللاھقا تانغۇچىنىڭ، شەك قىلغۇچىنىڭ ياكى ئاخىرەتكە شەك قىلغۇچىنىڭ ئېرىشەلىشى قىيىن. ئۇ نېمەتكە ئاللاھقا ئىشىنىشى كۈچلۈك بولغان ئادەملا ئېرىشەلەيدۇ. ئاللاھ ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خىتاب قىلدى: «ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەبىر قىلغىن، مەمنۇن بولۇشىڭ ئۈچۈن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن) ۋە ھەمدە

ئېيــتقىن.»[1] ۋە ئۇنىڭغــا بــۇ ســۆزى بىــلەن ئېهســان قىلــدى: «پەرۋەردىگارىــڭ ســاڭا (ئــاخىرەتتە ســاۋاپ، هــۆرمەت ۋە شــاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلدى، سەن مەمنۇن بولىسەن.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــاللاهنى پەرۋەردىگــار، مۇهەممەدنى پەيغەمبەر، ئىسلامنى دىن تۇتقانلىقىغا رازى بولغان ئادەم ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغان بولدى.»

ئــاللاه مــۆمىنلەرگە بــۇ ســۆزى بىــلەن مەدهــىيە ئېيتتــى: «ئۇلارغــا پەرۋەردىگارىــڭ دەرگاهــىدا بېرىلــىدىغان مۇكاپــات (ئۇلارنىــڭ) تــۇرار جــايى بولغــان، ئاســتىدىن ئۆســتەڭلەر ئېقىــپ تۇرىــدىغان، جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەنــنەتلەردە مەڭگــۈ قالــىدۇ. ئــاللاه ئــۇلاردىن رازى بولــــدۇ، ئۇلارمــــۇ ئــــاللاهتىن مەمنــــۇن بولــــدۇ، بۇنىڭغــــا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ.»[3]

### مۆمىن ئۆزىدىن ۋە پەرۋەردىگارىدىن مەمنۇندۇر

مۆمىن ئۆز مەۋجۇدىيىتى ۋە ئالەمدىكى ئورنىدىن مەمنۇن بولىــدۇ. چــۈنكى ئــۇ ئۆزىنىــڭ پــارچە - پــۇرات ئەرزىــمەس نەرســىدەك تاشلىۋېتىلگەن مەخلۇق ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاهنىڭ نۇرىنىڭ بىر ئۇلۇشى، ئاللاهنىڭ روهىنىڭ بىر ھەسسىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مــۆمىن ئــۆز رەببىــدىن مەمنــۇن، چــۈنكى ئــۇ رەببىنىــڭ مــۇكەممەل ۋە ئادىللىقىغــــا، رەهمىــــتىگە ئىشــــەندى. مــــۆمىن ئاللاهنىــــڭ

[1] تاھا سۈرىسى 130- ئايەت.
[2] زۇھا سۈرىسى 5 - ئايەت.
[3] بەييىنە سۈرىسى 8- ئايەت.

ئورۇنلاشتۇرۇشــــنىڭ ئۆزىنــــڭ ئورۇنلاشتۇرۇشــــىدىنمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكــــگە، ئاللاھنىــــڭ ئــــۆزىگە ئاتــــا ـ ئانىســــىدىنمۇ بەك كۆيۈندىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ جانلىقلارغا، ئەتراپىـدىكىلەرگە قـاراپ، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز رەھمىتىنى ھېس قىلىـدۇ ـ دە، ئـۇ رەببىگە مۇنــداق دەپ پىچىرلايــدۇ: «ئېيتقىنكــى: ‹پادىشــاھلىقنىڭ ئىگىســى بولغان ئى ئاللاھ، خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىـپ ئالىسـەن؛ خالىغـان ئـادەمنى ئەزىـز قىلىسەن، خالىغان ئـادەمنى خـار قىلىسـەن؛ ھەممە ياخشـىلىق (نىـڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەممىگە قادىرسـەن›.»[1]

ياخشــىلىق ئاللاھنىــڭ قولــدا، يامــانلىق ئاللاھقــا مەنســۇپ ئەمەس. كىشـىلەر تەبىئەتــتە يامــان دەپ ئويلىغــان نەرســە ئەمەلىيەتــتە يامــان ئەمەس. ئەگەر ئۇنى يامان دەپ ئاتاش كېرەك بولسـا، يامـانلىق بـارلىق ئومۇمى ياخشىلىقنىڭ بىر تەرىپىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىر تەركىب. بـۇ تەركىبى قىسىم تەبىئەت شەيئىلىرىنىڭ ئۆز ئارا تۇرتكىچانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئۇستاز ئەققاد مۇنداق دەيدۇ:

بـۇ خىـل ئـۆز ئـارا تۇرتكىچانلىققـا ئىشـەنگۈچىلەرنىڭ قارىشـىچە يامـانلىق ئـۆز ماھىيىتىـدە ياخشـىلىققا زىـت كەلمەيـدۇ. يەنـى ئـاپەت ئـامەتكە زىــت كەلمەيــدۇ. لېكىن ئـۇ ئـاپەت ئـامەتنى تولۇقلىغـۇچى بولەكچە ياكى ئامەتنىڭ قولغا كېلىشى لازىـم بولغـان شـەرت. خەتەردە سىنالمىغان باتۇرنىـڭ، ھـاجەتتە سـىنالمىغان سـېخىينىڭ، باشـقا كـۇن چوشكەندە تاقەت قىلالمىغان سەبرىنىڭ، ئاپەتسـىز كەلـگەن ئامەتنىـڭ

---
[1] ئال ئىمران سۈرىسى 26- ئايەت.

مەنىسى بولمايدۇ. بۇ لوگىكا بىزنىڭ پىسخىك پەزىلەتلىرىمىز، ئەقلى ئېھتىياجلىرىمىز، ھېسسى لەززەتلىرىمىزنىڭ ھەرقاندىقىدىن خالىي ئەمەس، چۈنكى بىز ئاچلىق ئەلىمىنى تېتىمساق توقلۇق لەززىتىنى ھېس قىلالمايمىز. تەشنالىق ئەلىمىنى تارتمىساق قېنىش تۇيغۇسى بىلەن ھوزۇرلىنالمايمىز، بىز كۆرۈمسىز مەنزىرىنى كۆرۈپ سەسكىنىپ بولغاندىن كېيىن گۈزەل مەنزىرىگە قارىمساق، گۈزەل مەنزىرىمۇ بىزگە ياقمايدۇ.»

**مۆمىن ئالەم ۋە ھاياتتىن مەمنۇندۇر**

مۆمىن ئۆز ئىمانى تۈرتكىسىدە ئالەم ۋە ھاياتتىن مەمنۇن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ كەڭرى ئالەمنىڭ ھەممە ئىشنى پۇختا قىلىدىغان ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. خۇددى ئىمام غەزالىي دېگەندەك: ئەگەر ئاللاھ بارلىق مەخلۇقلارغا ئەڭ ئەقىللىق مەخلۇقنىڭكىدەك ئەقىل، ئەڭ ئالىم مەخلۇقنىڭكىدەك بىلىم بېرىپ، يەنە ئۇلارغا تەسۋىرلەپ بولغۇسىز پاراسەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا يوشۇرۇن سىرلارنى ۋە ئاقىۋەتلەرنى بىلدۈرگەن بولسا، ئاندىن ئۇلارغا ئاشۇ ئىلىم، ھېكمەتلەر بىلەن كائىناتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان بولسا، پۈتۈن مەخلۇقات بىرلەشكەن بولسىمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىدەك مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالماس ئىدى. ئاللاھ بىرەر كىشىگە ئاتا قىلغان نېمىتىدىن ئۇلار بىرەرسىنىمۇ ئىلىۋېتەلمەيتتى. بەلكى ئاللاھ ياراتقان ئاسمان - زېمىننى ئۇلار نەچچە رەت كۆزەتكەن تەقدىردىمۇ بىرەر قاملاشمىغان يەر ياكى يوچۇقنى ھەرگىز تاپالمايتتى.

ئاللاھ بەندىلىرىگە تەقسىم قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادىللىق بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مىقدار بىلەن تېگىشلىك نەسىۋىسى بېرىلگەندۇر. ئەگەر ئاللاھ شۇنچە قۇدرەتلىك تۇرۇپ نېمەت ـ نەسىۋىلەرنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلمىغىنىدا ئۇنىڭ ئىشى سېخىلىقىغا زىت بولغان بېخىللىق، ئادىللىقىغا يات ھالدىكى زۇلۇم بولۇپ قالاتتى. ئەگەر قۇدرىتى يەتمىگەن بولسا ئىلاھلىقى ھەقىقەت بولماي قالاتتى.»

مۆمىن مەخلۇقلاردىكى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە سىرلىرىنى تونۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. بىلەلمىگەنلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. ئەقىل ئېگىلىرى ئاللاھ قۇرئاندا تەسۋىرلىگىنىدەك كەمتەرلىك بىلەن ئېيتتى: «ئۇلار ئولتۇرغاندىمۇ ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، (ئۇلار ئېيتىدۇ): پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىننىڭ دائىم ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ۋە ھۆكمىگە مەمنۇن بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ دائىم مۇنداق دەيدۇ:

كۆرەلىسەڭ سەن ھەممىدە شۇ خۇدانىڭ كۈچىنى،
ئۆز كۆرىسەن ئالەمدىكى ھەر قانداق بىر شەيئىنى.

**مۆمىن ئاللاھ بەرگەن نېمەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغۇچى**

كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى مەنپەئەتلىنىۋاتقان كەڭ نېمەتنى ناھايىتى ئاز ھېس قىلىشى ئۇلاردا بىر خىل مەھرۇملۇق

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 191ـ ئايەت.

تۇيغۇسنى پەيدا قىلىپ، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىق ۋە مەمنۇنلۇق تۇيغۇلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى پايدىلىنىۋاتقان نېمەتلەرگە كۆنۈپ، ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئۇلارغا ئاسان ئېرىشكەنلىكتىنمۇ ئۇ نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار ھەمىشە: ئۇنداق نەرسىمىز كەم، بۇنداق نەرسىمىز كەم دېيىشىدۇ ـ يۇ، بىزدە مۇنداق ـ مۇنداق نېمەتلەرمۇ بار دەپ قانائەت تۇيغۇسىدا بولمايدۇ.

لېكىن مۆمىن ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قىلغان مەرھەمىتى ۋە كاتتا ئېھسانىنى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئىنسانىيەتنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىن تارتىپ نېمەت بېرىۋاتقانلىقىنى، ھەتتاكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەلبىدىكى ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىمۇ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ سالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ زېمىن ۋە ئاسماندىكى ھەر بىر نەرسىنى ئاللاھ ئۇنىڭغا تۇرمۇشىدا پايدىلىنىش ۋە ھاياتلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەرگەن نېمەت دەپ قارايدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەردە ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ. «ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى پەزلىدىن) بويسۇندۇرۇپ بەردى. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن تەپەككۇر قىلىدىغان

قەۋم ئۈچۈن روشەن دەلىللەر بار.»[1] «ئاللاھ چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى. ئۇلارنىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار(نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى، ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ گۆشىدىن يەيسىلەر. ئاللاھ سىلەر يوشۇرغان ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرىدۇ.»[2]

مۆمىن ئاللاھنىڭ كىتابىغا يۈزلىنىش بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىدە ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە رەھمىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە خاس قىلىپ بەرگەن نېمىتى نېمىدېگەن كاتتا ۋە مول ـ ھە!

بىرىنچى نېمەت ـ يارىتىلىش نېمىتى. ئەگەر ئاللاھ ئۆز خاھىشى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئۇنى ياراتمىغان بولسا ئۇ يوقلۇق زۇلمىتىدە قالاتتى، ۋە تىلغا ئېلىنىدىغان بىر نەرسە بولمايتتى. «ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى. شۈبھىسىزكى بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.»[3]

---

[1] جاسىيە سۈرىسى 13ـ ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى 5ـ ۋە 18ـ ئايەت.

[3] ئىنسان سۈرىسى 1ـ 2ـ ئايەت.

ئىككىنچى نېمەت ـ ئىنسانلىق نېمىتى. ئاللاھ ئۇنى بېجىرىم ئىنسان قىلىپ يارىتىشنى، يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىشنى، بارلىق مەخلۇقلىرىدىن ئارتۇق قىلىشنى خالىدى. «بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىزكى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق.»[1]

ئۈچىنچى نېمەت ـ ئاڭ ۋە بىلىم نېمىتى. «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، شۈكۈر قىلسۇن دەپ سىلەرگە قۇلاق، كۆز، يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.»[2]

تۆتىنچى نېمەت ـ تىل ۋە يېزىقنى چۈشىنىش نېمىتى. «ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى.»[3] «مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى يادلاشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى). ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى.»[4]

بەشىنچى نېمەت ـ رىزىق نېمىتى. «ئېيتقىنكى: سىلەرگە ئاسماندىن كىم رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ؟ ئېيتقىنكى: ئاللاھ رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، يا روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز.»[5]

ئالتىنچى نېمەت ـ مۆمىنگە خاس نېمەت بولغان ئىمان ۋە توغرا يولغا باشلاش نېمىتىدۇر. «بىلىڭلاركى ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە

---

[1] تىين سۈرىسى 4- ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى 78- ئايەت.

[3] ئەلەق سۈرىسى 4- ئايەت.

[4] رەھمان سۈرىسى 1-، 4- ئايەتلەر.

[5] سەبەئ سۈرىسى 24- ئايەت.

ئىتائەت قىلدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى. سىلەرگە گۇناھلىق ئىشلارنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[1]

يەتتىنچى نېمەت ـ قېرىنداشلىق ۋە مۇھەببەت نېمىتى. «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقىنىدەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار) ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولۇۋالدىڭلار، ئەسلەڭلار، سىلەر دوزاخ چوڭقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلەرنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.»[2] «ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ، لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى، شۈبھىسىزكى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[3]

---

[1] ھوجۇرات سۈرىسى 7ـ 8ـ ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى 103ـ ئايەت.

[3] ئەنفال سۈرىسى 63ـ ئايەت.

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە ئېھسانىنى ھەممە كىشىدىن بەكرەك ھېس قىلاتتى. شۇڭلاشقا سىز ئۇنىڭ تاماقلا قول ئۇزاتقىنىدا ـ ئەگەر تاماق قۇرۇق نان ياكى ئارپا بولسىمۇ مىننەتدارلىق ۋە تەشەككۇر ئىلكىدە قول ئۇزاتقىنىنى كۆرىسىز. ئۇ تاماق تۈگىگەندە: «بىزنى مۇسۇلمان قىلغان ۋە بىزگە ئاش ـ تاماق بېرىپ سۇغارغان ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن» دەيتتى. ئۇ سۈزۈك سۇ ئىچكەندە: «بۇ سۇنى گۇناھلىرىمىز تۈپەيلى تۇزلۇق ۋە ئاچچىق قىلىۋەتمەي، ئۆز رەھمىتى بىلەن تاتلىق قىلىپ بەرگەن ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن» دەيتتى.

كىيىم ياكى سەللە دېگەندەك نەرسىلەرنى كىيگەندە: «ماڭا مۇشۇنى كىيگۈزگەن ۋە مەن كۈچ ـ قۇۋۋەت سەرپ قىلمىساممۇ ماڭا رىزىق بەرگەن ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن، ئى ئاللاھ مەن سەندىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇ كەلتۈرگەن نەرسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى سورايمەن» دەيتتى.

ئۇلاغقا مىنگىنىدە ئاللاھ ئۆزىگە تەلىم بەرگەن بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققىنىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز دېگەيسىلەر.»[1]

ئۇيقۇدىن ئويغانسا: «بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرگۈزگەن ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىمىز» دەيتتى.

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى 13ـ 14 ئايەت.

ئىنسانلىق ھاجىتىنى تۈگىتىپ خالادىن چىقسا: «مەندىن ئازارنى كەتكۈزگەن ۋە مېنى ساق قىلغان ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن» دەيتتى.

بىرەر ئەزاسى مېيىپ ئادەمنى كۆرسە: «بىزنى كۆپلىگەن مەخلۇقلىرىنى گىرىپتار قىلغان بالادىن ساقلىغان ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن» دەيتتى.

ئىنسانلىق تەبىئىتى بىلەن ئۆزىگە ياقمايدىغان بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە ياكى ئۈمىدى قۇرۇق قالسا: «ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتىمەن» دەيتتى.

سۈبھى يورۇپ كەلگىنىدە: «ئى ئاللاھ مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا، ھىمايەڭگە ۋە ئاسرىشىڭغا مۇيەسسەر بولدۇم. ئى ئاللاھ مەن سەندىن مۇيەسسەر بولغان بۇ ئىشلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە داۋاملىق تولۇقلاپ بەرگىن. ئى ئاللاھ مەن ياكى بەندىلىرىڭدىن قايسى بىرى ئېرىشكەن ھەرقانداق نېمەت تەڭدىشىڭ يوق بولغان سەن تەرەپتىندۇر. ئى ئاللاھ سېنى مەدھىيىلەيمەن، سەندىن مىننەتدارمەن» كەچتىمۇ يەنە شۇ دۇئانى ئوقۇر ئىدى.

مانا بۇ مۆمىنىنىڭ دائىملىق ھېسسىياتى، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئەسلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتى، ئاللاھنىڭ ئېھسانىغا تەشەككۈر بىلدۈرگۈچىنىڭ ھېسسىياتى: «سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بەرگەن، سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر.»[1]

---

[1] نەھل سۈرىسى 53- ئايەت.

ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك كىتابىدىكى بىرىنچى ئايەتنىڭ، مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە ئېھسانىنى دائىم ھېس قىلدۇرۇپ ئۇلارنى ئاللاھقا مەدھىيە، تەشەككۇر ئېيتىشقا ئۈندەيدىغان جۈملە بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇ پاتىھە سۈرىسىنىڭ «جىمى ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن ئايىتىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئايەتنى مۇسۇلمانغا كۈنلۈك نامازدا ئاز دېگەندە 17 قېتىم تەكرار ئوقۇشنى بەلگىلىگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

**مۆمىن ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولغۇچى**

ئاللاھنىڭ ھەرقانداق شارائىت ۋە ھەرقانداق چاغدا ئۇنى ئۆز نېمىتىدىن بەھرىمەن قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەزگەن مۆمىن ئۇنىڭغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەر خىل قىيىنچىلىقلار چۈشۈپ، ھاياتى داۋالغۇش ئىچىدە قالغاندىمۇ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلاشقان نۇرغۇن غەربلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنىڭ دەرد ـ ئەلەم، ئاپەتلىرىنى سۇنماس روھ، سولماس قەلب بىلەن كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى سېزىشتى.

ف، س، بودلى ئەپەندىنىڭ «ئاللاھنىڭ جەننىتىدە ياشىدىم» دېگەن ئەسىرىدە يازغانلىرى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئۇ مۇنداق يازغان:

«1918 ـ يىلى مەن ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىغا بېرىپ سەھرادىكى ئەرەبلەر ئارىسىدا يەتتە يىل ياشىدىم ۋە بۇ ئارىلىقتا سەھرا تىلىنى پىششىق ئۆگەندىم. مەن ئۇلارنىڭ مىللىي كىيىمىنى كىيىپ، ئۇلارنىڭ تاماقلىرىدىن يەپ ئۇلار بىلەن ئوخشاش تۇرمۇش

كەچۈردۇم. ئۇلارغا ئوخشاش قوي باقاتتىم، چىدىردا ئۇخلايتتىم. مەن ئىسلامنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق «ئەلچى» دېگەن كىتابنى يازغان ئىدىم. ئاشۇ كۆچمەن سەھرالىقلار بىلەن ئۆتكۈزگەن يىللىرىم هاياتىمدىكى ئەڭ پايدىلىق، تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن يىللىرىم ئىدى.

مەن سەھرا ئەرەبلىرىدىن ئەنسىزلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم، ئۇ ئەرەبلەر مۇسۇلمانلىق سۈپىتى بىلەن قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنەتتى. بۇ ئىشىنىش ئۇلارنى تىنچ خاتىرجەم تۇرمۇشقا، ئاددىي ـ ساددا ياشاشقا ئىگە قىلغان ئىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى بىرەر ئىشقا قايغۇرۇش ياكى غەم قىلىش بىلەن قىيناپ يۈرمەيتتى. ئۇلار تەقدىر قىلىنغىنى بولىدۇ، بىر شەخسكە ئالاهنىڭ پۈتكىنىدىن باشقىسى يەتمەيدۇ دەپ ئىشىنەتتى. بۇنىڭ مەنىسى ئۇلار بۇ سۆزگە يۆلىنىۋېلىپ ئاپەت كېلىۋاتسا قولنى ئېچىپ تۇراتتى دېگەنلىك ئەمەس. ئاپەت كەلگەندە بار ئىلاجىنى قىلىپ زىياننى ئازايتىشقا ھەرىكەت قىلاتتى، ئەمما ئاپەت تۈگىگەندە: ھەي، ئىست... دەپ قايغۇرۇپ كەتمەيتتى دېگەنلىك. مەن بىر مىسال كۆرسىتىپ ئۆتەي:

بىر كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. بوران بىلەن تەڭ ئۇرۇلغان قىزىق هاۋادا مەن چاچلىرىمنى تۈۋىدىن يۇلۇنۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى تونۇرنىڭ ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. لېكىن بۇ ئەرەبلەر بورانغا ھېچ ئېرەن قىلماستىن مۈرىلىرىنى قىسىشىپ قويۇپ بۇلارغا ئۇدۇم بولۇپ كەتكەن «پۈتۈلگەن قازا» دېگەن سۆزنىلا دەپ قوياتتى. لېكىن ئۇلار شۇنچە بوراندا زور قىزغىنلىق بىلەن

قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئىسسىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر كىچىك قوزىچاقنى بوغۇزلىۋېتىپ، چارۋىلارنى جەنۇبتىكى سۇ بار تەرەپكە ھەيدەپ مېڭىشتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى باشتىن ــ ئاخىر دادىلىماستىن شۇنچە تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق ئىچىدە قىلىشتى.

قەبىلە باشلىقى: كۆپ نەرسىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىدۇق. لېكىن بىز مەخلۇق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەممىدىن ئايرىلىمىز. لېكىن ئاللاھقا مىڭ شۈكرى... قىشىمىزدا تۆت يۈز ئەتراپىدا چارۋا قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىمىزنى يېڭىدىن باشلىۋالىمىز، دېدى.

**مۆمىن ئاللاھ ئۆزىگە تەقسىم قىلغان رىزىققا رازى بولغۇچى**

مۆمىن ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نەسىۋىسىگە رازى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ رىزىق تەقسىم قىلىشتا ئادىل ئىكەنلىكىگە، بەندىلىرىگە بەرگەن نەسىۋىسىدە مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مانا بۇ، دىن تەشەببۇس قىلغان، ھەكىملەر، دانىشمەندلەر ئالغا سۈرگەن «قانائەت» نىڭ مەنىسى.

كىشىلەر قانائەت دېگەن سۆزگە ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم قىلدى. ئۇلار قۇللۇققا، خار ھاياتقا، ئاچلىق، نامراتلىق، مەھرۇملۇققا رازى بولۇشنى قانائەت دەپ چۈشىنىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «نامراتلىق مەسىلىسى ۋە ئىسلامنىڭ ئۇنى تۈگىتىش ئۇسۇلى» دېگەن كىتابىمىزدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۇپ ــ ئوچۇق خاتالىق ۋە ئۆتۈپ كەتكەن جاھالەتتۇر. ھەقىقىي قانائەت ئىككى ئىشنىڭ ئارتۇقچىلىق جەھەتتە ئەڭ ياخشىسىنى تاللاش دېگەنلىكتۇر. ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئاچكۆز، دۇنياغا ھېرىسمەن، تويمىغۇر كېلىدۇ. ھەدىستە مۇنداق

دېيىلگەن: «ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغا ئالتۇنى بولسا ئۇ يەنە 3 جىلغا ئالتۇنى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ كۆزىنى توپىدىن باشقا نەرسە تويغۇزالمايدۇ.»

ئەگەر ئىنسان ئۆز ھەۋىسى ۋە تەمەسىگە بويسۇنۇپ كەتسە، ئۇ ئۆزى ۋە جەمئىيىتىگە خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى ئەڭ يۈكسەك نىشانغا، مەڭگۈلۈك ماھىيەتكە، ئەڭ باقى رىزققا يۈزلەندۈرۈشى لازىم، مانا بۇ دىنىنىڭ ئىنسانغا قاراتقان ۋەزىپىسى. «بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر.»[1]

**ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇشنىڭ مەنىسى**

قانائەتنىڭ ئىككىنچى مەنىسى: ئىنساننىڭ قولغا كەلمەيدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلىپ، باشقىلارغا بېرىلىپ، ئۆزىگە بېرىلمىگەن نەرسىگە ئىنتىلىپ ياشماي، ئۆزىگە كەلگەن ئىلاھىي قىسمەتكە رازى بولۇپ، جۇشقۇن، قىزغىن ھالدا ياشىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بوۋاينىڭ يىگىتتەك كۈچلۈك بولۇشىنى، سەت ئايالنىڭ چىرايلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىشى دېگەندەك ئۆزگەرمەس ئىشلاردا قۇرۇق خىيال قىلماي، روھلۇق بولۇپ، قانائەت ئىچىدە ياشاش دېگەنلىكتۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممە ئىشتا ئەرلەرگە ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىشى توغرىسىدا ئاللاھ بۇ ئايەتنى

---

[1] تاھا سۈرىسى 131ـ ئايەت.

چۈشۈرگەن: «ئى مۆمىنلەر ئاللاھ سىلەرنى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (ئاللاھ بېرىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.»[1]

ئۆز ئاھالىسىنىڭ پاراۋانلىق سەۋىيىسىنى ئاشۇرىدىغان تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى ئاز بولغان شەھەر ۋە دۆلەتلەردە، نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ياكى ئۆزى ياشاۋاتقان شەھەردىن كۆچۈپ كېتىشكە يول تاپالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىغا قانائەت قىلىش ئۇلارغا ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا ۋە شىپالىق مەلھەم بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشى قانائەتتىن چىقىپ كەتكەن بولمايدۇ. ئەمما بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ئىرادە ياكى يۈكسەك ھىممەت ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى غەم ـ قايغۇدىن باشقا نەتىجە بېرەلمەيدىغان قىزىقىش، ئەمەلگە ئاشماس ئارزۇ، خام ـ خىيال دېيىلىدۇ.

ئۇلار بەختنىڭ ھايات مۈلۈكلىرىنىڭ مول‌لىقىدا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى كېرەك ئىدى. ئۇلارغا دېيىلىدىغان ئەڭ لايىق سۆز: «باي بولۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولغىن»، «ئىسلامغا ئەگەشكەن، رىزقى ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭغا قانائەت قىلغان كىشى بەختلىكتۇر»، (ئاز بولۇپ يېتەرلىك بولغىنى كۆپ بولۇپ ئارتۇقچە بولغىنىدىن ياخشى).

---

[1] نىسا سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

ھەقىقىي  باي كۆڭلى ـ كۆكسى باي كىشىدۇر،
گەر بولسىمۇ ئۇ يالاڭتۆش ـ يالاڭداقتىن.
ئاچكۆزگە ئاز زېمىندىكى پۈتكۈل نەرسە،
ئاز نەرسىمۇ يېتەر ساڭا قانائەتتىن.

كىشىدە قانائەت بولسا ئاچكۆز، تويمىغۇر بولمايدۇ ۋە يوق نەرسىگە ئـارزۇ قويىـدىغان بولمايـدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن ئاللاھنىـڭ دۇنيـادىكى ئەمگەكچـان مـۆمىنلەرگە مۇكاپـات قىلىـپ بەلگىلىـگەن كۆڭۈللـۈك ھاياتنىــڭ مەيــن شــاماللىرى بىــلەن راھەتلىنىــدۇ: «ئەر ـ ئايــال مـۆمىنلەردىن كىمكـى ياخشـى ئەمەل قىلىـدىكەن، بىـز ئـۇنى ئەلـۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشـى ئەمەلـلەرگە مـۇۋەپپەق قىلىــپ) ئوبــدان ياشــىتىمىز، ئۇلارغـا ئەلـۋەتتە قىلغـان ئەمىلىــدىنمۇ ياخشىراق ساۋاپ بېرىمىز.»[1] ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ كۆڭۈللۈك ھاياتنى قانائەت دەپ چۈشەندۈرگەن.

**بىر ھېكايەت ۋە ئىبرەت**

بىز ئىمانىنىڭ مۆمىنلەرنىـڭ قەلبىنـى قانـداق ئۆزگەرتىـدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياغا، ماددىي مەنـپەئەتلەرگە بولغـان ئىنتىلىشـىنى قانـداق قىلىـپ ئـاللاھ ۋە ئـاخىرەتكە قاراتقـانلىقى تەسـۋىرلىنىدىغا بىـر ھېكايىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۆتىمىز:

يەمەندە تۇرۇشلۇق نۇجەيب قەبىلىسىنىڭ 13 مۇسـۇلمان ئەردىـن تەشـكىللەنگەن ئەلچىـلەر ئـۆمىكى مەدىـنىگە كەلـدى. رەسـۇلۇللاھ

---

[1] نەھل سۈرىسى 97- ئايەت.

ئۇلارنى كاتتا ھۆرمەت ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، بىلالغا ئۇلارنى ياخشى مېھمان قىلىشنى تاپىلىدى. ئۇلار بۇ يەردە رەسۇلۇللاھتىن دىن بىلىملىرىنى ئۆگەندى. ئۇلار ئانچە ئۇزۇن تۇرماي رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىمىنى ئۆز خەلقىگە ئۆگىتىش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ رەسۇلۇللاھ بىلەن خوشلاشقىلى كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بىلالنى ئەۋەتىپ ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارنى بەردى ۋە ئاراڭلاردىن بىرەرسى قېپقالدىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ھەئە، ئارىمىزدىكى يېشى ئەڭ كىچىك بىر بالىنى يۈك ــ تاقلىرىمىزنى قېشىدا قالدۇرۇپ كەلدۇق، ــ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى چاقىرىڭلار، دېدى. ئۇلار يۈك ــ تاقلىرى قېشىغا بېرىپ، ئۇ بالىغا:

ــ ھاجىتىڭنى راۋا قىلىۋالغىن، بىز ھاجەتلىرىمىزنى راۋا قىلىپ خوشلىشىپ بولدۇق، ــ دېدى.

بالا رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ مەن ئەبزا جەمەتىدىن بولىمەن، ھازىر قېشىڭدىن بارغان ھەمراھلىرىم سېنىڭ ئۆز ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ بەرگەنلىكىڭنى ئېيتىشتى. ئەمدى مېنىڭ ھاجىتىمنى راۋا قىلساڭ، ــ دېدى. رەسۇلۇللاھ:

ــ قانداق ھاجىتىڭ بار؟ دەپ سورىدى. بالا:

ــ مېنىڭ ھاجىتىم ھەمراھلىرىمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئىسلامغا كىرىشكە قىزىقىپ زاكات ماللىرىنى ھەيدەپ كەلدى. مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شەھىرىمدىن پەقەت سېنىڭ ماڭا مېنىڭ گۇناھىمنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى، ماڭا ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشىنى

ۋە ئاللاھنىڭ قەلبىمنى باي قىلىشىنى سوراپ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ قويۇشۇڭ ئۈچۈن كەلدىم، ـ دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنىڭ قەلبىنى باي قىلغىن»، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەمراھلىرىغا بەرگەن مىقداردا سوۋغات بېرىشكە بۇيرۇدى.

ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى رەسۇلۇللاھ مىنادا تۇرۇۋاتقاندا ئەلچىلەر كەلدى ۋە ئۆزلىرىنى ئەبزا جەمەتىدىن دەپ تونۇشتۇردى. رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: ئۆتكەندە كەلگەن ھېلىقى بالا قانداقراق؟ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ، بىز ئۇنىڭدەك ئادەمنى كۆرمىدۇق، ئارىمىزدا خۇدانىڭ بەرگىنىگە ئۇنىڭدەك قانائەت قىلىدىغان ئادەم يوق. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۇنيا تالىشىۋاتسىمۇ ئۇ بالا دۇنياغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ، دېدى.

رەسۇلۇللاھ:

ـ ئاللاھقا مەدھىيە، شۇ بالىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئەلچىلەردىن بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ ھەممە ئادەم ئۆلىدىغۇ؟ دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل ئۆلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ھەۋەس ۋە ئىرادىسىنى دۇنياغا بېغىشلىغان ئادەمنى دۇنيا جىلغىلىرىنىڭ بىرىدە ئۆلۈم تېپىشىلىشى مۇمكىن، ئاللاھ ئۇنداق ئادەمنىڭ قانداق بىر جىلغىدا ئۆلۈشىگە پەرۋا قىلمايدۇ، دېدى.

ئەلچىلەر: «ئارىمىزدا ھېچكىم ئۇ بالىدەك ئەڭ قانائەتچان، دۇنياغا ئامراق ئەمەس، ئۇ ئەڭ كۆڭۈللۈك ھالدا ياشايدۇ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇۋىدى، بىر تۈركۈم يەمەنلىكلەر ئىسلامدىن يېنىۋېلىشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە بۇ بالا ئۆز خەلقىنى ئىسلامدا چىڭ تۇرۇشقا تەرغىب قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم دىنىدىن يانمىدى. ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۇ بالىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوروشتۇردى ۋە ئورنىدا تۇرۇپلا زىياد ئىبنى لۇبەيدكە ئۇ بالىغا ياخشىلىق قىلىشنى تاپىلاپ خەت يازدى.

مانا بۇ، قەلبى ئىمان بىلەن بېيىغان بىر ياشنىڭ ھېكايىسى. ئۇ ياش نۇرغۇن كىشىلەردەك دۇنيا تۇرمۇشىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى بىلەن مەپتۇن بولۇشنى قوغلاشماي، ئۆز ئىرادىسىنى ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ھەممىدىن ياخشى بولغان ساۋابقا باغلىدى.

ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھتىن تەلەپ قىلغان ھاجىتى پەقەت ئاللاھتىن ئۆزىگە مەغپىرەت ۋە رەھمەت سوراش، قەلبىنى باي قىلىشنى سوراش بولدى.

كىشىلەر دۇنيادا نېمە ئىستەكتە ياشىغان بولسا شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلىدۇ.

ئاز كىشىلەر، بەلكى ئىنتايىن ئاز كىشىلەر بىر غايە ئۈچۈن ياشايدۇ. ئىرادىسىنى شۇ غايىگە ئاتاپ، شۇ غايە يولىدا ئۆلىدۇ. مانا بۇ، ئۆز غايىسىنى ئاللاھقا تىكلىگەن، يولىنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەگىشىش قىلغان، بارلىقىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان ۋە شۇ بويىچە ئۆلگەن ھەقىقىي مۆمىندۇر. مانا بۇ ئۇنىڭ جاكاسى: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا

قىلغــان ياخشــىلىقلىرىم ۋە تــائەت ـ ئىبــادەتلىرىم) ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىگـارى ئـاللاھ ئۈچۈنـدۇر. ئاللاھنىـڭ شـېرىكى يوقتـۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن.»[1]

**ھاياتتىن رازىمەنلىك كىشىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ**

بىــز رازىلىــق ۋە قانــائەت توغرىســىدىكى ســۆزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى مۇنداق ئىككى نۇقتىـدا توختىلىشـىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى: ئازغا قانائەت قىلىش بەزى كـالتە پەم كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىــــدەك، ئــــاجىزلىق بولماســــتىن، بەلكــــى ئــــۇ ئىكسپىلاتاتسـىيەگە، زورلـۇق ـ زومبۇرلۇققـا ئۇچرىغانـدا كـۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان مەردلىك ئىگىلىرىنىڭ قۇۋۋەت مەنبىئى. ئۇلارنىــڭ باتىــل ۋە زۇلۇمغــا قارشــى ئــوت ئېچىلغــان جەڭ مەيـدانلىرىغا قـاتتىق ـ قـۇرۇق نـان، ئـاددىي ـ سـاددا كـيىم، جاپـالىق تۇرمۇشـىدىن قانـائەت تاپقـان ھالـدا، پـولات تـۈۋرۈكتەك تەۋرەنمەس روھ بىلەن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

شەرقلىق بىر دانىشمەن شاگىرتىغا مۇنداق دېگەن ئىكەن: ئـۇزۇن بىلەكلىرىڭنى قاتلاپ ياستۇق قىلىپ، سۇ ۋە گـۈرۈچ بىـلەن ياشـىغىن، كۆڭـۈل خۇرسـەنلىكى نەسـىۋەڭ بولسـۇن، يامـان يـوللار بىـلەن تاپقـان بايلىق ۋە يامان يولـدىن كەلـگەن شـان ـ شـەرەپ ئۈنـۈمى ۋە بەھـرى يوق كۆچكۈن بۇلۇتقا ئوخشايدۇ.

[1] ئەنئام سۈرىسى 163ـ ئايەت.

مەسىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان: كىيىمىم يۇڭ، تامىقىم ئارپا، چىرىقىم ئاي، ئۇلىغىم ئىككى پۇتۇم، ياستۇقۇم ئىككى بىلىكىم ... ھېچنېمەم يوق ياتىمەن، ھېچنىمەم يوق تاڭ ئاتتۇرۇمەن، يەر يۈزىدە مەندىن باي ھېچكىم يوق!!...

بۇنداق قانائەتنى كۆڭلىدە ھازىرلىغان ئادەم ئۆز غايىسى يولىدا ھېچ ئىشقا پەرۋا قىلمايدۇ ۋە ھېچ نېمىدىن قورقمايدۇ. بۇ خىل روھ ئىمام شافىئىينىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدا ئەڭ يارقىن بىر تۈستە ئىپادىلەپ بېرىلگەن:

ياشار بولسام ئوزۇقۇمدىن ئايرىلمايمەن،
ئۆلەر بولسام قەبرەمنىمۇ ھەم تاپقايمەن.
باردۇر مەندە شاھلارغا خاس ئالى ھىممەت،
مەن ئازاد جان، خورلۇققا ھېچ چىدىمايمەن.
تۇرمۇشۇمنى قانائەتتە ئۆتكۈزسەم گەر،
باشقا ھېچ بىر ئىشتىن زادى غەم يېمەيمەن.

ئىمام غەزالىي ئۆزىنىڭ «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» دېگەن كىتابىدا مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: بىر بوۋاي يولدا كېتىۋېتىپ، يەردە بىر دانە ئۇرۇقچىنى كۆردى ۋە ئۇنى ئالىمەن دەپ ھارۇن رەشىدنىڭ نەغمىچى كېنىزەكلىرىدىن ئۇد كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىرىگە پۇتلىشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇدنى سۇندۇرۇپ قويدى. بۇ خەۋەر شۇ ھامان رەشىدنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كۆزلىرى پۇلتايدى ۋە بوۋاينى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئادەم كېلىپ:

ـ سزگە مۆمنلەرنىڭ ئەمرىنىڭ گېپى باركەن،ـ دېدى. بوۋاي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ ئادەم بوۋاينى ئۇلاغقا مىنئۈلىك، دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىمىدى.

بوۋاي مېڭىپ ئوردا ئالدىغا كەلگەندە رەشىد سورۇننى ئۆزگەرتىپ بوۋاينى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. بوۋاي كىردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىچىدە ھېلىقى ئۇرۇقچە بار ئىدى. قاراۋۇل:

ـ يېڭىدىكى نەرسىنى ئېلىۋېتىپ كىرگىن، ـ دېدى. بوۋاي:

ـ بۇ مېنىڭ كەچلىك تامىقىم، ـ دېدى. قاراۋۇل:

ـ تاماقنى بىز بېرىمىز، ـ دېدى. بوۋاي:

ـ سېنىڭ تامىقىڭغا ھاجىتىم يوق، ـ دېدى. رەشىد قاراۋۇلغا:

ـ ئۇنىڭغا نېمە دەۋاتىسەن؟ـ دېدى. قاراۋۇل:

ـ ئۇنىڭ يېڭىدە ئۇرۇقچە بار ئىكەن. تاشلىۋېتىپ كىر دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئالىيلىرى، ـ دېدى. رەشىد:

ـ قويۇۋەت، شۇنداق كىرىۋەرسۇن، ـ دېدى. بوۋاي كىرىپ سالام بېرىپ ئولتۇردى. ھارۇن ئۇنىڭغا:

ـ ھەي بوۋا! سىزنى بۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇرلىدى؟ دېدى. بوۋاي:

ـ نېمە قىلىپتىمەن؟ ـ دېدى. ھارۇن رەشىد ئۇدنى سۇندۇرۇۋەتتىڭ، دېيىشكە نومۇس قىلىپ قېلىپ سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى.

بوۋاي چۈشىنىپ:

ـ سىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن: «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ

ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.»[1] مەن يامان ئىشنى كۆردۈم، تۈزەتتىم دېدى. ھارۇن ئۇنىڭغا:

ـ تۈزەتكىنىڭىز، بوپتۇ، تۈزىتىۋىرىڭ، ـ دېدى.

بوۋاي چىقىپ كەتكەندە خەلىپە بىر ئادىمىگە ئون مىڭ دىنار سېلىنغان بىر قاپچۇقنى تۇتقۇزدى ۋە:

ـ بوۋايغا ئەگىشىپ ماڭغىن، ئەگەر ئۇنىڭ: «شاھقا ئۇنداق دېسەم، مۇنداق دېدى» دەۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ھېچنېمە بەرمە، ئەگەر بىرىگە گەپ قىلمىسا، بۇ قاپچۇقنى بېرىپ كەلگىن، ـ دېدى.

بوۋاي ئوردىدىن چىقىپ بىر يەرگە بارغاندا يەرگە پېتىپ كەتكەن بىر ئۆرۈكچىنى كۆردى ۋە ئېلىش ئۈچۈن يەرنى كولىغىلى تۇردى، ئەمما ھېچكىمگە گەپ قىلمىدى. رەشىدنىڭ ئادىمى ئۇنىڭغا:

ـ شاھ ئاللىرى سىزنى بۇنى ئالسۇن، دەيدۇ، ـ دەپ قاپچۇقنى ئۇزاتتى. بوۋاي:

ـ ئاللىرىغا دەپ قويغىن، بۇنى ئالغان جايىغا سېلىۋەتسۇن، ـ دېدى.

بوۋاي بۇ گەپنى تۈگىتىپ ئۆرۈكچىنى كولىغاچ مۇنداق دېدى:

بايلىق تۇتقان ئادەمگە بايلىق بولار ئارتۇق غەم،
كۆپەيگەنچە بايلىقلار كۆپىيىدۇ غەممۇ ھەم.

[1] نەھل سۈرىسى 90 ـ ئايەت.

دۇنيا ئېسىل ئادەمنى خار قىلادۇر ئۆزىگە،
ئۇلۇغ بولار ئۇ بىلەن چۈپرەندە، تۆۋەن ئادەم.

ئېھتىياجىڭ قىينسا ئارتۇقىغا جۇۋىما،
قايسى نەرسەڭ كەم بولسا شۇنىلا ئال سەن ھەردەم.

يولىدىن ئۇچرىغان ئۇرۇقچىغا قانائەت قىلىپ خەلىپە ۋە پادىشاھلارنىڭ قوبۇلىغا ئۇنىمىغان مانا مۇنداق روھلار بىلەنلا ھەق كەلىمىسى ئۈستۈن بولالايدۇ ۋە پىرىنسىپ، ۋەزىپىلەر غەلىبە قۇچالايدۇ.

**قازاغا رازى بولۇش ناھەق ئالدىدا جىم تۇرۇشنى كۆرسەتمەيدۇ**

ئىككىنچى سۆز: ئىنسانىنىڭ ئاللاھتىن رازى بولۇشى ۋە ئالەم ھاياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جەريانىدىن رازى بولۇشى ھەرگىزمۇ ئايرىم ئىنسانلار تەرىپىدىن ھايات سەھنىسىدە سادىر قىلىنىدىغان ئازغۇنلۇق ۋە يولىدىن چىقىشلارنىڭ ھەممىسىگە رازى بولۇشنى كۆرسەتمەيدۇ.

مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ماشىنا ۋە ئۇنىڭغا چىقىشقا رازى بولۇشى ھەرگىزمۇ ماشىنا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھادىسىلەرگە ۋە شوپۇرنىڭ قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلماي پەيدا قىلىدىغان چاتاقلىرىغا رازى بولۇش دېگەنلىك ئەمەس.

مۆمىن ئاللاھ ئالەمگە ئورناتقان تۈزۈملەردىن رازى ئادەمدۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئىختىيارنى بېرىشىمۇ مۇشۇ تۈزۈمنىڭ ئېھتىياجىدىندۇر. ئىنسان ئەقىل ۋە ئىختىيار ئاساسىدا مەسئۇلىيەتنى

ئۆز ئۈستىگە ئالغاچقا تولۇش ۋە تىزگىنلەش، ئەدەپلەش ۋە تۈزەش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە.

ئىنسانلارنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىگە ئاچچىقلىنىش ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئاچچىقلىنىشتۇر. بەلكى ئاللاھ بۇنداق ئىشلارغا ئاچچىقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئاچچىقلانماي قاراپ تۇرغۇچىلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. «سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئارىسىدا نېمشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى! ئۇلار ئارىسىدا بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنە كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش قوغلىشىدۇ. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر.»[1]

## روھىي ئازادلىق

«ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.»[2]

ئىمان ئېيتقان كىشى ئۆتمۈشىگە نالە زار قىلىپ ھەسرەت ـ نادامەت چەكمىگىنىدەك، نە ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئۆكۈنمەيدۇ، نە كەلگۈسىدىن قورقمايدۇ، نە خۇددى ئەشەددى دۈشمىنىدىن قورققاندەك تەشۋىش، قورقۇنچ ۋە غەم ـ غۇسسە ئىچىدە ياشىمايدۇ.

---

[1] ھۇد سۈرىسى 116ـ ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى، 82 ـ ئايەت.

دەل ئەكسىچە ھەمىشە خۇددى جەننەتتە تۇرىۋاتقاندەكلا ياشايدۇ. چۈنكى مۆمىننىڭ ئىمانى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ ئاساسىدۇر. دەرۋەقە كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە بەختەرلىكنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئۇ مۆمىننىڭ كېلەچىكى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. ئىنساننىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولمىسا قورقۇنچ ئۇنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئۇ بەخت ـ سائادەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. خۇددى مەلۇم بىر دانىشمەننىڭ ئېيتقىنىدەك. بىر كۈنى كىشىلەر بىر دانىشمەندىن مۇنداق سوئال سورىشىپتۇ:

ــ خۇشاللىق دېگەن نېمە؟ دانىشمەن:

ـ خاتىرجەملىك، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان كىشىنىڭ ئادەمدەك ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ يەردە، شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، جانابى ئاللاھ جەننەتنى پۈتۈنلەي ئامان ـ ئېسەن ۋە خاتىرجەم بىر جاي قىلغان بولۇپ، جەننەت ھۇزۇرلۇق ھوجرىلىرىدا تۇرغۇچىلار خاتىرجەملىكنىڭ پەيزىنى سۈرۈشىدۇ. قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. مۆمىن كىشى جەننەتكە كىرگەن ھامان، پەرىشتىلەر ئۇنى جەننەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا قىزغىن قارشى ئېلىپ: «جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار!» دەيدۇ.[1]

ئىماننىڭ مۆمىننى خاتىرجەملىك، ئېسەنلىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ھەمدە مۆمىن بىلەن باشقىلارنىڭ

---

[1] ھىجر سۈرىسى، 46 ـ ئايەت.

ئوتتۇرىسىدىكى تەگىپۇگلۇقنىڭ روشەن دەلىلى بولىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى يېشىپ چىقماقچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن:

**قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپنىڭ سىرى**

«مەن ھەمىشە قورقۇنچ ۋە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ياشايمەن. دائىم دېگۈدەك ئىنسانلار ۋە نەرسىلەردىن قورقىمەن. كۆڭۈل خاتىرجەملىكىدىن تامامەن مەھرۇم ھالدا تەشۋىش ئىچىدە ياشايمەن. نە ماڭا مال ـ دۇنيالىرىم خاتىرجەملىك ئاتا قىلالمىدى، نە ئىمتىيازىم، نوپۇزۇم، جەمئىيەتتىكى ئورنۇم، غۇرۇرۇم، خوتۇن بالا ـ چاقىلىرىم كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە شاتلىق ئاتا قىلالمىدى. ھەممە نەرسەم تولۇق بولۇشىغا قارىماي نە سالامەتلىك ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس، نە تاتلىق ئۇيقۇ ماڭا ھەمراھ ئەمەس، نېمىشقىكىن ئارزۇ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھەممە نەرسىدىن تولىمۇ زېرىكتىم.

ھەتتا مەن ئۆزۈمدىنمۇ بىزار، ئۆزۈمدىن قورقىمەن، تەشۋىش ئىچىدە زارلىنىپ قاقشايمەن. سىز ئەتراپىمدىكى كۆلەڭگىلەرنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ ئاشۇ كۆلەڭگىلەرنىڭ مېنى يالماپ يۇتۇۋېتىشىدىن قورقۇنچ ھېس قىلمايۋاتامسىز؟

بۇ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ ـ ھە! ياكى غەم ـ غۇسسىمۇ؟ ياق، مەندە غەم ـ غۇسسە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم مۇشۇ دۇنيا، تاپقان مال ـ مۈلۈكلىرىم، جەمئىيەتتىكى ئورنۇم، غۇرۇرۇم، سالامەتلىكىم، خوتۇن، نازىنىن قىزلار.... ھېچ نەرسەم كەم

بولمىسا، مال ـ مۈلۈكلىرىم ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسا، مەن نېمىدىن قورقىدىكەنمەن؟ نېمىشقا قورقۇدەكمەن؟

ئاللاھ تائالادىنمۇ؟ ياق، ياق. ئاللاھ تائالا مېنىڭ ھاياتىمدا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنداقتا نېمىدىن قورقۇدەكمەن؟ جەمئىيەتتىنمۇ؟ مېنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇم يۇقىرى تۇرسا، جەمئىيەتنى كونترول قىلىش، ئىنسانلارنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە تۇرسام، يەنە كېلىپ مەن كاتتا ئادەم تۇرسام نېمىشقا قورقۇدەكمەن؟ ئۇنداقتا بۇ قورقۇنچىنىڭ كېلىش مەنبەسى زادى نېمە؟ ياكى مەن ئۆلۈمدىن قورقامدىم؟ بەلكىم شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق مەن ئۆلۈم دېگەنلەرگە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيمەن. ئۆلۈمدىن قورقۇش خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆلۈم ھېچقانچە نەرسە ئەمەس. ئۇنداقتا مەندىكى قورقۇنچنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە سىرى زادى نېمە؟

بەلكىم قورقۇشۇممۇ مۇمكىن، بىراق مەندە قورقۇدەك ھېچقانداق نەرسە يوق. ئويلاپ باقسام ھەممە نەرسەم تولۇق ۋە كۆز ئالدىمدا ھازىر ئىكەن. ئۇنداقتا مېنى قورقۇتۇۋاتقان نەرسە ئاچارچىلىقمۇ ـ يە؟ ياق، ياق. ئەگەر مېنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىم ۋە دۇنيالىرىم بولمىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا باي بولۇش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغان، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە كېچە ـ كۈندۈز تىرىشقان بولاتتىم. ئەگەر مېنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇم يۇقىرى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچنېمەمنى ئايىمىغان بولاتتىم. بىراق ئويلاپ باقسام ھەممە نەرسەم تولۇق ئىكەن. مال دېسەم، مال، خوتۇن دېسەن خوتۇن تولۇق ئىكەن، دوست دېگەنغۇ سامان نەرقى، ھەممە ئادەم ماڭا ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقان، خوشامەت قىلىۋاتقان، مېنىڭ

كۆڭلۈمنى ئۈتۈش ئۈچۈن پاي ــ پېتەك بولۇشۇۋاتقان... بىرەر نەرسەم كەممىكىن دېسەم، توققۇزى تەل ئىكەن. ھاياتىمدا كەم دېگەن نەرسە زادى قالماپتۇ. ئۇنداقتا مېنى قورقۇتۇۋاتقان نەرسە غەم ــ غۇسسىمۇ؟ ياق، مەندە غەم ــ غۇسسە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنداقتا قورقۇشۇمنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ يا مەن نېمىدىن قورقىدىغانلىقنى بىلمىسەم؟ قارىغاندا مەن ئۆزەممۇ بىلمەيدىغان بىر نەرسىدىن قورقىدىغان ئوخشايمەن...

ئويلاپ ــ ئويلاپ نېمىدىن قورقىدىغانلىقىمنى ئاخىرى تاپتىم. مەن ھاياتتا تولىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتىمەن. چۈنكى مەن ھاياتنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا يېتىپتىمەن... ھايات ئەمدىلىكتە مېنىڭ دۈشمىنىمگە ئايلىنىپتۇ. قارىسام ھاياتتا ئېرىشكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى مەسخىرە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ... ھەممىسى خۇددى ئالۋاستىدەك مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرۇۋېتىپتۇ... نېمىدىن قورقىدىغانلىقىمنىڭ سىرىنى ئەمدى تاپتىم. مەن ئەسلىدە ھاياتنىڭ دەل ئۆزىدىنلا قورقىدىكەنمەن.»

**خاتىرەمجەملىك ۋە ھۇزۇر ــ ھالاۋەتنىڭ سىرى**

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئادەتتە كىشلەرنىڭ كۆڭۈل خاتىرجاملىكىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشلىرىنىڭ سىرى ئەسلىدە ئىمان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسان ئىماندىن خالىي بولۇپ قالغىنىدا، ھاياتىدا ھەممە نەرسىسى تولۇق بولۇشىغا قارىماي، مەڭگۈ خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ــ ھالاۋەتكە ئېرىشەلمەي، قورقۇنچ، تەشۋىش ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە ياشايدۇ.

سىز بۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇغىنىڭىزدا تولۇق چۈشىنىپ يېتەلەيسىز. دەرۋەقە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دېڭىزغا تاشلاشنى ئىلھام قىلغان ۋە كېيىن يەنە قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانى كامىل بولغاچقا، قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا جانابىي ئاللاھنىڭ ئەمرى - پەرمانىنى دەرھال ئىجرا قىلدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ساندۇققا سالدى، ئاندىن ئۇنى ساندۇق بىلەن دەرياغا تاشلىدى، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىدى، ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرىۋاتقان دۈشمىنى پىرئەۋن ئېلىپ باقتى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىمانى كامىل بولۇپ، بالىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم قوغدايدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنەتتى. «مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۇردۇقكى: ‹مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى ھالاك بولارمىكىن دەپ قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز›. پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىقنىڭ مەنبەسى قىلىش ئۈچۈن نىل دەرياسىدىن سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى.»[1] مۇسا

[1] قەسەس سۈرىسى، 7 ـ 8 ئايەتلەر.

ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلدى، پەرۋەردىگارىمۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى: «ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.»[1]

**ئىمان خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى**

ئىنسانلار نۇرغۇنلىغان نەرسىلەردىن ۋە خىلمۇ خىل ئىشلاردىن قورقىشىدۇ. لېكىن مۆمىن قورقۇنچىنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىمان بىلەن تاقىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ يېگانە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئەھەدىدىن قورقمايدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالادىن قورققاچقا پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا دەرھال ۋە بىجانىدىل ئىجرا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر ئەھەدىگە ھەم تاجاۋۇز قىلمايدۇ ھەم زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما ئۇ كىشىلەردىن قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار نە ئۇنىڭدىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ. نە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، نە باشقىلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا، نە باشقىلارغا ھايات بېغىشلاشقا، نە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام قەۋمىنى تەۋھىد (ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىش) كە، بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلاشقا چاقىرغان، قەۋمى بۇتلىرى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا تەھدىت

[1] قەسەس سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

سالغان چاغدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تولىمۇ ئەجەبلىنىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك؟»[1] ئارقىدىنلا جانابىي ئاللاھ بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەم ھەققىدە مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان: «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتتىكى «زۇلۇم» ئىبارىسىنى «شېرىكلىك» دەپ تەپسىر قىلغان: «شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر.»[3]

دېمەك، ئاللاھ تائالا بىزگە تەۋھىد بىلەن ئىماننىڭ خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا شەك ۋە شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ قورقۇنچ، ئىزتىراپ، تەشۋىش، خاتىرجەمسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئۇچۇقلاپ بەردى: «(ئىلاھلىقى) ھەققىدە ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا

[1] ئەنئام سۈرىسى 81 ـ ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
[3] لوقمان سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، زالىملارنىڭ جايى (يەنى دوزاخ) ھەقىقەتەن يامان جايدۇر.»[1]

**ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغۇچى ۋە شەك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ قورقۇشلىرىنىڭ سىرى**

ئــاللاھ تائــالانى ئىنكــار قىلىــدىغان مــۇرتەدلەر ئــادەتتە باشــقا كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قورقـۇنچ ئىچىـدە ياشـايدۇ. گەرچە ئۇلار بۇنى باشقىلاردىن يوشۇرسىمۇ بىراق ئۇلار ئەمەلىيەتتە زامانـدىن، تۈرلـۈك ھادىسـىلەردىن، پېقىـرلىقتىن، كېسـەل بولـۇپ قېلىشـتىن ۋە كىشىلەردىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ قورقىدىغىنى ئۆلۈم بولۇپ، ئـۇلار ئۆلۈمـدىن خـۇددى ئـۆزلىرىنى پـايلاپ تۇرىۋاتقـان دۈشـمەندىن، يىرتقۇچ ھايۋاندىن، قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتتىن قورققاندەكلا قورقىشىدۇ.

بۇ ھەقتە ئەخلاق پەيلاسوپى ئىبنى مەسكۇۋەي مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆلۈمدىن پەقەت ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان ھەمدە ئۇنىڭ قەيەرگە ئېلىـپ بارىـدىغانلىقىنى بىلمەيـدىغان كىشـىلەرلا قورقـىدۇ. يـاكى ئۆلۈمـدىن ‹مەن ئۆلگەنـدىن كېيىـن بەدىـنىم توپىغـا ئايلىنىـپ كېتىـدۇ. دۇنيـا بولسـا ئـۆز پېتىـى داۋاملىشـىۋېرىدۇ. ئانـدىن مېنىـڭ ھاياتلىقىمدىن قىلچە ئەسەر قالمايدۇ›، دەيدىغان ھەمـدە روھنىـڭ ۋە جاننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان كىشـىلەرلا قورقىدۇ. ياكى ئۆلۈمدىن ئېغىر كېسـەلگە دۇچـار بولـۇپ، ئۆلـۈم ئېغىـر كېسەللىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ گۇمان قىلىدىغان كىشـىلەرلا قورقىدۇ. ياكى ئۆلۈمدىن ئۇنى ئۆلۈمـدىن كېيىنكـى ئـازاب ـ ئوقـۇبەت

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 151 ـ ئايەت.

دەيـدىغان كىشـىلەرلا قورقـىدۇ. يـاكى ئۆلۈمـدىن ئۆلگەنـدىن كېيىن قانـــداق ئىشـــلارنىڭ بولـــدىغانلىقىنى بىلمەيـــدىغان ئەقىلـــدىن ئاداشـقۇچىلارلا قورقـىدۇ. يـاكى ئۆلۈمـدىن مـال ـ مۈلـۈكلىرى بىـلەن خوتـۇن، بـالا ـ چـاقىلىرىنى تاشـلاپ كېتىشـكە كـۆزى قىيمايـدىغان كىشـىلەرلا قورقـىدۇ. بۇلارنـىڭ ھەممىسـى باتىـل قـاراش ۋە گۇمـانلار بولۇپ، رىئاللىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتۇر.»

دۇرۇس، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى باتىل كۆز قاراشلاردۇر. بىـراق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن گۇمانخورلار ئەنە شۇنداق گۇمان ۋە باتىل ئىچىدە ياشاپ، ئۆلگەندىمۇ يەنىلا گۇمـان ۋە باتىـل ئۈستىدە جان ئۈزۈشىدۇ. قىسقىسى ئۇلار ھايات بىلەن مامات ئوتتۇرىسىدا گـاھ قايغۇرۇشسا، گـاھ ئىزتىـراپ چېكىشـىدۇ، گـاھ قورقـىدىن كېچىلەرنـى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشسە، گاھ تەشۋىشتىن ئۆزلىرىنىڭ گۆشىنى ئۆزلىرى يېگـۈدەك بولـۇپ كېتىشـىدۇ. بىــراق بىــز مــۆمىن كىشــىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، خاتىرجەم ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

### مۆمىن ئۆز رىزقىدىن غەم يېمەيدۇ

مــۆمىن ئــۆز رىزقىنىــڭ قولــدىن كېتىــپ قېلىشــىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، چۈنكى رىزىقلار ۋەدىسىگە خىلاپلىـق قىلمايـدىغان، بەندىسىنى ئۇنتۇمايدىغان ئاللاھنىڭ كېپىللىكىـدە بولـىدۇ. ئـاللاھ زېمىننــى بۆشـۈك ۋە كـۆرپە (سـېلىنچا) قىلىــپ يـاراتتى. زېمىنغـا بەرىــكەت بەردى، يــېمەكلىكلەر چىقىــدىغان قىلــدى، ياشــاش ئۇسۇللىرىنى بېكىتتـى، شـۇنداقلا زېمىنـدىكى بەنـدىلىرىگە رىزىـق

بىرىشكە كىيىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ۋەدە ـ قەسەملەرنى بەردى. «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر.»[1] «ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاپ بار. ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە سىلەرنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر.»[2] «نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۇستىگە ئالالمايدۇ (يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىزدۇر)، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ، ئاللاھ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»[3]

ئاللاھنىڭ ئاشۇ ۋەدىلىرى بىلەن مۆمىن ئۆزىنىڭ رىزقىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئەقىدىسى يولىدا جەڭگە چىقىشقا تۇغرا كەلسە، بالا ـ چاقىلىرىغا تارتىشىپ ئولتۇرماي ئاللاھ يولىدا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بالا ـ چاقا، ئات ئۇلاغلىرىنى ئۇلارغا ئۆزىدىنمۇ بەك كۆيۈنىدىغان مېھرىبان ئاللاھقا تاشلاپ قويۇپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا كېتىدۇ.

بىر ئايال ئاللاھ يولىدا كېتىۋاتقان ئېرىگە خۇش دەۋىتىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئېرىمنى يېگۈچى دەپ بىلىمەن، رىزىق بەرگۈچى دەپ بىلمەيمەن. ھازىر يېگۈچى كېتىپ رىزىق بەرگۈچى قېلىپ قالدى.

---

[1] زارىيات سۈرىسى 58ـ ئايەت.
[2] زارىيات سۈرىسى 22 ـ 23 ئايەت.
[3] ئەنكە بۇت سۈرىسى 60 ـ ئايەت.

**مۆمىن ئۆز ئەجىلىدىن ئەنسىرىمەيدۇ**

مۆمىن ئۆز ئەجىلىدىن خاتىرجەم يۈرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ساناقلىق كۈنلەر، چەكلىك نەپەسلەرنى ۋە مۇئەييەن بىر ۋاقىتنى بېكىتكەن. ھېچبىر كۈچ بۇ ۋاقىتنى ئۇزارتالمايدۇ ياكى كېمەيتەلمەيدۇ. «(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) ھەر بىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەنلەر بىردەممۇ ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ).»[1] «ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان. بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسان.»[2]

مۆمىن ئاللاھنىڭ ئەجەل ۋە ئۆمۈرلەرنى بېكىتىپ، ھەر بىر جاننىڭ قاچان، قەيەردە ئۆلۈشىنى پۈتۈۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

تەقدىرگە پۈتۈلسە قەيەردە ئۆلمەك،
ئۆلۈمنى كۆرىسەن شۇ يەردە بىشەك

مۆمىن بۇ ئىشىنىش بىلەن ئۆلۈم غېمى ۋە ھايات تەشۋىشلىرىدىن قۇتۇلىدۇ.

رىزىق ۋە ئەجىلىدىن خاتىرجەم بولۇش، مۆمىنگە ھاياتلىق كۈرىشىدە كۈچ ئاتا قىلغانغا ئوخشاشلا تىنچلىق ۋە بەردەملىك ئاتا

[1] ئەئراف سۈرىسى 34- ئايەت.
[2] فاتىر سۈرىسى 11- ئايەت.

قىلىدۇ. ھەججاج سەئىد ئىبنى جۇبەيرگە ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالغىنىدا سەئىد ھەججاجغا مۇنداق دېگەن:

ــ ئەگەر ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ قولۇڭدا ئىكەنلىكىنى بىلسەم، سەندىن باشقا بىرىنى ئىلاھ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ يۈرمەيتتىم!

**مۆمىن ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ**

مۆمىن ئۆلۈمدىن قورقۇش، قايغۇرۇش ئىچىدە ياشىمايدۇ. چۈنكى ئۆلۈم چوقۇم كېلىدىغان زىيارەتچى. قورقۇش ئۇنى قايتۇرالمايدۇ. قايغۇرۇش ئۇنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. «(ئى مۇھەممەد!) سىلەر قاچىدىغان ئۆلۈم چوقۇم سىلەرگە يولۇقىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيىپنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ دېگىن.»[1]

ئۆلۈم مۆمىنگە بەكمۇ ئاددىي تۇيۇلىدۇ. ئۆلۈم بۇندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (ئۇقرى دەرىجىلىك شەھىدلەر)، شەھىدلەر، سالىھلار ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ يولى. ئۇلارنىڭ ئىزىغا ئەگەشمەي، يولىدا ماڭماي ئامال يوق.

مال ـ دۇنيا مۆمىنىنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈم سەۋەبلىك ئايرىلىپ قېلىشتىن قايغۇرغۇدەك نەرسە ئەمەس، مۆمىن نېمىشقا قايغۇرسۇن؟ ئۆلۈم دېگەن مۆمىننىڭ مەڭگۈلۈك دۇنياغا، ئەبەدىيلىك نېمەتكە يول ئالىدىغان كۆۋرۈكى تۇرسا؟! «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى)

---

[1] جۇمئە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنە بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ).»[1]

ئۆلۈم دېمەكلىك پۈتۈنلەي تۈگىشىش ۋە ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىلىش ئەمەس، ئەسەرلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن يارىتىلدىڭلار، سىلەر ئۆلۈم ئارقىلىق پەقەت بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا يۆتكىلىسىلەر.»

ئۆلۈم دېگەن ئۆلۈپلا تۈگەشمەكلىك ئەمەستۇر،
ئۇ پانىيدىن مەڭگۈلۈك بىر دۇنياغا كۆچمەكتۇر.

ئۆلۈم دېگەن روھنىڭ جەسەت قەپىسىدىن چىقىپ كېتىشىدۇر، قىيامەت كۈنىدىكى قايتا تىرىلىش ۋاقتىدا روھ جەسەتكە قايتىپ كېلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشچە، سالىھلارنىڭ بىرى بولغان جەلالىددىن رۇمىي ئۆز ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھامان غۇسلى قىلىپ پاكلىنىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان. ئۇزۇن ئۆتمەي قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇنىڭ قىبلىگە ئالدىنى قىلغان ھالدا نەپەستىن قالغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ بېشىدا بىر ۋاراق قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مىسرالار يېزىلغان ئىكەن:

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 185ـ ئايەت.

ئېيتىپ قويۇڭ مېنى ئۆلوٰك كۆرگەنلەرگە،
يىغلاپ مېنى زەردە قىلىپ يوٰرگەنلەرگە.
سىلەر مېنى ئۆلوٰك چاغلاپ قالدىڭلارمۇ،
قەسەمكى، مەن ئوخشىمايمەن هېچ ئۆلوٰككە.
ياتتىم تاۋۇت ئىچىدە بىر تىنىم بىلەن،
بىر چاغلار ئۇ بولغان ئىدى كىيىم ئۆزوٰمگە.
قۇشقاچ ئىدىم تەن قەپەستە ياشايدىغان،
ئۇچتۇم ئۇندىن، ئۇ تۇتۇلدى گۆروٰلوٰككە.
مەدهىيەم بار خالاسكارىم شۇ خۇداغا،
ئورۇن قۇردى ئۇ مەن ئوٰچوٰن يوٰكسەكلەرگە.
جانسىز ياتسام مېنى ئۆلدى دەپ بىلمەڭلار،
يۆتكەلمەك بۇ، بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە.

جەلالىددىن رۇمي كىشى تېنىنىڭ مەڭگوٰلوٰك هاياتقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى يوقىلىشىنىڭ هېكمىتى ۋە ئۆلوٰمنىڭ سىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ۋەيران بولغاندىلا گوٰللىنىش بولىدۇ، قىممەتلىك بايلىقنى زېمىننى كولاپ ئىزدىمىسە تاپقىلى بولمايدۇ. سىز بىر ئۆيىنىڭ چېقىلىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسىڭىز، بۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىنا ياكى قۇرۇلۇش سېلىنىدىكەن دەپ بىلىڭ، ئۆينىڭ ۋەيران قىلىنىشى ئۇنىڭدىكى كۆموٰلوٰپ قالغان بايلىقلارنى چىقىرىۋېلىش ۋە ئۇنى يېڭىۋاشتىن سېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ». «دەرەخ چېچەك تاشلىمىغۇچە مېۋە بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك روهمۇ يوقالغۇچى تەن يىقىلىپ كونىرىغان

هايــات ســېلىۋېتىلمىگۈچە ئۆزىنىــڭ كــۆركەم، يېڭــى كىيىمىنــى كىيەلمەيدۇ ۋە يېڭىلىنالمايدۇ.»

«مـۇتلەق سـېخىي ئـاللاھ ئـۆزى بەرگەن نېمەتنـى يەنىمـۇ كاتتـا نــېمەت بېــرىش ئۈچــۈن تارتىۋالــىدۇ. مەڭگــۈ ياشاشــقا مۇۋاپىــق كەلمەيـدىغان بـۇ هايـاتنى، ئەڭ كەڭـرى، ئەڭ ئەبەدىــي، ئەڭ گــۈزەل هاياتنى بېرىش ئۈچۈنلا تارتىۋالىدۇ.»

يەهيا ئىبنى مۇئاز مۇنداق دەيدۇ: «خۇدۈكچى ئادەمدىن باشقا هەر قانداق ئـادەم ئۆلۈمگە ئۈچرىششنى يامـان كۆرمەيـدۇ، ئۆلـۈم دېـگەن ئاشىقنى مەشۇققا يېقىنلاشتۇرۇدىغان ۋاستەدۇر.»

بــۇ خىــل ئۆلــۈم قارىشــى ئۆلــۈم هەققىــدىكى قانــداقتۇر مەخسۇسلاشـقان، پەلسەپەۋىيلەشـكەن يـاكى تەسەۋۋۇپلاشـقان قـاراش بولماســتىن، بەلكــى پۈتۈنسـۈرۈك مۇسـۇلمانلار ئاممىســىنىڭ ئورتــاق قارىشى.

كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بىر تـاغلىق ئـادەمگە: يېقىنـدا ئۆلـۈپ كېتىدىكەنسىز، ـ دېيىلگەندە، ئۇ:

ـ ئۆلسەم قەيەرگە بارىمەن؟ ـ دەپ سورايدۇ. يېنىدىكىلەر:

ـ ئاللاھنىڭ ئالدىغا، ـ دېيىشكەندە، بۇ ئادەم:

ـ ۋاي ئىســت..... ســىلەرگە، مەن قېشىــدا ياخشــىلىقتىن باشـقا نەرسە بولمىغان زاتنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن قانداقمۇ قورقىمەن؟ دەيدۇ.

## ئۈمىد

مۆمىنىنىڭ ۋۇجـۇدىنى ئـوراپ تۇرىـدىغان ئۈمىـد تۇيغۇسـى بولسـا، مۆمىندىكى خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. ئۈمىد

دىگەن بۇ نەرسە بىر تۈرتكە بولۇپ، مۆمىندە ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان جەڭگىۋارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈپ، روھ ۋە بەدەنىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدۇ. ئۈمىد ھورۇننى غەيرەتكە، غەيرەتلىكنى بولسا داۋاملىق تىرىشىشقا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلارنى غەلىبە قىلغانغا قەدەر تەكرار ئۇرۇنۇشقا، ئۇتتۇق قازانغۇچىنى تېخىمۇ كۆپ ئۇتتۇق قازىنىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۈمىد ھاياتنىڭ جەۋھىرى، ئاكتىپچانلىقنىڭ تۈرتكىسى، ھايات ئەلەملىرىنىڭ يېنىكلەتكۈچىسى، ھاياتقا گۈزەللىك ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى.

ئۈمىد تولىمۇ شېرىن نەرسە، ئىشقا ئاشسۇن ياكى ئىشقا ئاشمىسۇن ئۇ ئەسلىدىنلا گۈزەل بىر نەرسە. ئاشىق شائىرغا قۇلاق سالايلى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

مەشۇقنى سېغىنىش بىر تاتلىق ئازاب،
ئۇسسۇزلۇق تاپقاندەك، كەتكەندە چاڭقاپ.
يەتسەك بىز ۋىسالغا قانچىلىك ياخشى!
يەتمىسەك قالىدۇ ياشىغان يايراپ.

ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىكنىڭ دۈشمىنى. ئۈمىدسىزلىك دىلدىكى ئىشەنچ چوغىنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇ كىشىدىكى غەلىبە ــ ئۇتتۇق ئۈچۈن باغلانغان ئۈمىد رىشتىلىرىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇ روھتىكى ھەرىكەت ئىستىكىنى ئۆلتۈرىدىغان، تەندىكى كۈچ ــ مادارنى كېرەكتىن چىقىرىدىغان ئاپەت. بىر شائىر بۇ جەھەتتە خويمۇ ياخشى ئېيتقان:

ئۈمىدسىزلىك ئاجىزلىتار ئۈمىدسىزنىڭ تېنىنى،
بوشاڭلاردىن قىلىۋېتەر ئىرادىلىك كىشىنى.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئىشتا ھالاكەت بار، بىرى ئۈمىدسىزلىك، يەنە بىرى كۆرەڭلىك. ئىمام غەزالىي مۇنداق دەيدۇ: بەخت بولسا ھەرىكەت، ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئۈمىدسىز كىشى ھەرىكەت قىلمايدۇ ۋە ئىزدەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىدا، ئىزدىگەن نەرسىسى قانچە قىلسىمۇ تېپىلماس نەرسە. كۆرەڭ ئادەم ئۆزۈم تىرىشىپ مۇرادىمغا يەتتىم، دەپ قارىغاچقا، ھەرىكەت قىلمايدۇ.

شۇنىڭدەك، قانداقلا بىر ئىنساندا ئۈمىدسىزلىك ئەدەپ كېتىدىكەن، دۇنيا ئۇنىڭغا قاراڭغۇلىشىپ، كۆزى تۇتۇلىدۇ. كەڭرى زېمىن ئۇنىڭغا تار تۇيۇلىدۇ:

بىلمەس بولۇپ قالىدۇ بىلىدىغان بولسىمۇ،
ئالغا چامداش ۋە ياكى چېكىنمەكلىك ياخشىمۇ؟

ئۈمىدسىزلىك ئىنسان روھىنى چىرىتكۈچى زەھەر، ئىنساننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋەيران قىلغۇچى قۇيۇن، زامان بويى ئۈمىدسىز ئۆتكەنلەرنىڭ ئەھۋالى ھاياتتا ئۈنۈم يارىتالماسلىق، ھاياتلىق مەنىسىنى چىندىن ھېس قىلالماسلىق بولۇپ كەلگەن.

**ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئىمانسىزلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ**

ئۈمىدسىز كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا تانغۇچىلار ياكى ئىمانى ئاجىزلار ئارىسىدىن كۆپ چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى

بىلەنلا ياشايدۇ، ئۆزىنىلا ئويلايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكەن بولىدۇ. دېمەك ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۇپۇر ئارىسىدا زىچ باغلىنىش بار. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىل ۋە نەتىجە؛ ئۈمىدسىزلىك كۇپرىنى تۇغدۇ، كۇپرى ئۈمىدسىزلىكنى تۇغدۇ. «ئى ئوغۇللىرىم بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.»[1] «ئىبراھىم: پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟ دېدى.»[2]

ئۈمىدسىزلىك كۇپرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئىشلاردىن بولۇپلا قالماستىن، تېخى شەك ـ خۇدۇك ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھقا، ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە ئادىللىقىغا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقانلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە، ھاياتقا، ئالەمگە ئۈمىدۋار قاراشتىن مەھرۇم، دۇنياغا قاپقاراڭغۇ ئەينەكتىن قارايدىغان كىشىلەردۇر. خۇددى ئەبۇل ئەلا مەئەررىنىڭ دېگىنىدەك:

تۆرەلگەنمەن دادامنىڭ گۇناھىدىن بۇ ئالەمگە،
مەن قىلمىدىم بۇ گۇناھنى ئەمدى ھېچبىر ئادەمگە.

ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ:

[1] يۇسۇف سۈرىسى 87 ـ ئايەت.
[2] ھىجىر سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

تۇغۇلغانغا بولما خۇش، ئۆلگەنگىمۇ يىغلىما،
قۇرت تۇغۇلغان، ئۆلگەنگە ئوخشار بۇ ئىش پەقەتلا.

**ئىمان ئۈمىد تۇغدۇرىدۇ**

يەنە بىر تەرەپتىن قارىساق، خۇددى ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۇپۇرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمىغاندەك، ئىمان ۋە ئۈمىدنىڭمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. مۆمىن ئەڭ ئۈمىدۋار، ئەڭ خۇشال ئىنسان. شۇنداقلا ئۈمىدسىزلىك، بىزارلىق ۋە زېرىكىشتىن ئەڭ يىراق ئىنسان. چۈنكى ئىماننىڭ مەنىسى بۇ ئالەمنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە مەخپىي قالمايدىغان، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، بەندىسىگە ئۆز ئانىسىدىنمۇ بەكرەك مېھرىبانلىق قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ كېچىسى كۈندۈزدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن، كۈندۈزى بولسا كېچىدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن قولىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە مۇكاپات بېرىدۇ، بىر يامانلىققا بىر جازا بېرىدۇ ياكى كەچۈرىۋېتىدۇ.

مۆمىن جەڭ قىلسا غەلىبىگە ئىشەنچ باغلاپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھ بىلەن بىرگە، ئۇ ئاللاھنىڭ، ئاللاھ ئۇنىڭ. «ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر، بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.»[1]

[1] سافقات سۈرىسى 172ـ ئايەت.

ئـۇ كېسـەل بولـۇپ قالسا ساقىيىشـىدىن ئۈمىـد ئۈزمەيـدۇ، گۇنـاھ قىلىـــپ قالســا مەغپىـــرەت ـ كەچۈرۈمـــدىن ئۈمىـــدىنى ئۈزمەيـــدۇ: قىيىنچىلىقـا چۈشـۈپ قالسـا ئاسـانچىلىققا چىقىشـتىن ئۈمىـدىنى ئۈزمەيدۇ. ئۇ ھەقىقەتتىن غاپىل قالغانلاردا بىرەر نـاتوغرا ئىـش بـاش كۆتۈرسـە ئۇنىـڭ ھامـان يوقىلىـدىغانلىقىغا ئىشـىنىدۇ. «بىـز ھەق ئـارقىلىق باتىلغـا ھۇجـۇم قىلىمىـز، ھەق بـاتىلنى يوقىتىـدۇ، باتىـل ناگاھـان يوقىلىـدۇ (ئـى كۇففـارلار جامائەسـى! ئـاللاھنى بالىسـى بـار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلارغا ۋاي!»[1]

ئىبنـى مەسـئۇد (ئـاللاھ ئۇنىڭـدىن رازى بولسـۇن) مۇنـداق دېگەن: ئەگەر ئۆيگە قىيىنچىلىق كىرسە ئاسانچىلىقمۇ ئەگىشىپ كىرىدۇ.

ماتېرىيالىستلار ئادەتلىنىپ كەتكەن قىلىـپ ـ رامكىـلار ۋە تاشـقى سەۋەبلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئەمما مـۆمىن تاشـقى سـەۋەبلەردىن ھالقىـپ مەۋجۇداتنىـڭ سـىرىغا قەدەر يۈرۈش قىلىپ، سەۋەبلەرنى يـاراتقۇچى ۋە سـەۋەب بولغـۇچى ئـاللاھنى تېپىۋالىدۇ.

يۇسۇفنىڭ بالىسـى يىتىـپ كەتكەنلىكىـگە ناھـايەت ئـۇزاق يىلـلار بولۇشى، بۇمۇ يەتمىگەندەك، يۇسـۇفنىڭ قېرىندىشـىنىڭ پادىشـاھنىڭ قەدەھىنـى ئوغرىلىغـان ئـوغرى سـۈپىتىدە تۇتـۇپ قېلىنىشـى يەئقۇبقـا بەكمـۇ ئېغىـر ئـازاب ئېلىـپ كەلگىـنىگە قارىمـاي، ئۇنىـڭ قەلـبىگە ئۈمىدسىزلىك يېقىن يولىمىدى.

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 18- ئايەت.

«يەئقۇب ئېيتتى: ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەبىر قىلىمەن، ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشنى ئاللاھتىن تىلەيمەن، ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ ھالىمنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[1]

**ھاياتتا ئۈمىدنىڭ زۆرۈرلىكى**

پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئۈمىد بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىلىم ـ پەن، كەشپىيات چولپانلىرى ئۆز دەۋرى قاراشلىرى بىلەن چەكلەنگەن ۋە مەۋجۇد ھالەتكە قانائەت قىلىپ ئۆتكەن بولسا، يېڭى ھەقىقەت، يېڭى بىلىملەرنى ئېچىش، ئايدىڭلاشتۇرۇشلاردا ئۈمىد ئۇلارغا روھىي مەدەت بولمىغان بولسا، ئىلىم ـ پەن ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىغا ئېرىشەلمىگەن ھەمدە ئىنسانلار ئايغا چىقالمىغان بولاتتى.

ئۈمىد ھەمراھ بولسا قىيىنچىلىق ئاسانلىشىدۇ، يىراق يېقىنلىشىدۇ، ئۇزۇن كۈنلەر قىسقىرايدۇ. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈمىدۋار ئىسلاھاتچىلارغا ياخشى نەمۇنە بولالايدۇ.

ئۇ مەككىدە تۇرغان ئون ئۈچ يىل جەرياندا خەلقنى ئۈزلۈكسىز ئىسلامغا چاقىردى. ئۇنىڭ چاقىرىقى مەسخىرىگە، ھۇجۇمغا، دوستلىرى ئازار ـ كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ئوتىنى ئۆچۈرەلمىدى.

[1] يۇسۇف سۈرىسى 83ـ ئايەت.

مۇشرىكلار ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئازار بېرىشنى كۈچەيتكەندە، ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن: «زېمىنغا تارىلىپ كېتىڭلار، ئاللاھ چوقۇم سىلەرنى تېپىشتۇرىدۇ» دېدى.

ئۇنىڭ قىشىغا دوستلىرىدىن بىرى بولغان خەبباب ئىبنى ئەرت كەلدى. ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇنى دۈمبىسىگە قىزىتىلغان تۆمۈرنى يېقىپ ۋەھشىيلىك بىلەن قىينايتتى. خەبباب رەسۇلۇللاھقا دەرد ئىچىدە: «بىزگە دۇئا قىلمامسەن؟» دېدى. ئۇ، ئاللاھنىڭ ئاد ۋە سەمۇد قەۋمىنى جازالىغىنىدەك، ئۆزلىرىنى قىيناۋاتقان كاپىرلارغا جازا چۈشۈرۈشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ دوستىنىڭ بۇ ئالدىراڭغۇلۇقىغا سەل ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بۈگۈنكى قىيىنچىلىققا سەبىر قىلىپ ئەتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش توغرىسىدا ساۋاق بېرىپ، مۇنداق دېدى:

«سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ گۆشلىرى تۆمۈر تارغاقتا تارىلىپ گۆشى ۋە سۆڭىكى ئۇيان ـ بۇيانغا ئايرىلىپ كەتكەن، چوققىسىدىن ھەرە بىلەن تىلىپ تاشلانغان بولسىمۇ بۇنداق دەھشەتلىك ئازابلار ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرالمىغان ئىدى. ئاللاھقا قەسەمكى، ئاللاھ بۇ دىننى شۇنداق ئۈستۈن قىلىدۇكى ھەتتا سەنئالىق[1] بىر كارۋان ھەزرىمەۋتكە[2] ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي بارالايدىغان بولىدۇ. لېكىن سىلەر بەك ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر!!»

---

[1] ھازىرقى شىمالىي يەمەننىڭ پايتەختى.

[2] تۈركىيەدىكى بىر شەھەر

مۇشۇنداق قىيىن شارائىتلاردا مۆمىن قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىپ يولنى يورۇتۇپ، زۇلمەتنى تارقىتىۋېتىدىغان بۇ نۇرنى نېمە دەپ ئاتاش كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئۇنى «ئۈمىد» دەپ ئاتاش كېرەك. ئەگەر خالىسىڭىز ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشىنىش دېسىڭىزمۇ بولىدۇ.

«ئاللاھ غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئاللاھ ئۇلارنى غالىب قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ (چۈنكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، سۆزى راستتۇر)، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ.»[1]

## ئىمان ۋە سۆيگۈ

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتماي تۇرۇپ ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دوستلۇق ئورناتمىغۇچە ئىمان ئېيتقان ھېسابلانمايسىلەر.»[2]

ماھىيەتتە، مۇھەببەتنىڭ تەسىرى مەمنۇنلۇققا قارىغاندا ئالاھىدە ۋە چوڭقۇرراق بولىدۇ. ئىنساننىڭ بىر نەرسىدىن ياكى بىر شەخستىن رازى بولغانلىقى ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە قەلبىنى بېغىشلىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ دېگەن مۇھەببەتنىڭ ئىشى بولۇپ، رازىلىقنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

مۇھەببەت ئادەم ۋۇجۇدىنىڭ روھى ۋە قەلبىنىڭ ئەڭگۈشتىرى، شۇنداقلا ئىنسان باللىرىنىڭ تىنچلىق كاپالەتچىسى.

[1] رۇم سۈرىسى 5 ـ 6 ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

تارتىشىش كۈچى قانۇنى پلانېتلارنى بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىش، ئوربىتا ئاتلاپ بىر ـ بىرىگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاۋاتقانغا ئوخشاش، مۇھەببەت قانۇنىمۇ ئىنسانلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە يېقىنلىق، ھەمكارلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، زۇلۇم ۋە قان تۆكۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ مۇمكىن قەدەر سادىر بولماسلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ قىممىتى بولسا قەدىمكى ۋە ھازىرقى بارلىق ئىنسانلارغا تونۇشلۇق ئىش، ئەگەر مۇھەببەت يەكسەك ئورۇنغا ئۆتىدىغان بولسا، كىشىلەر ئەدلىيە ۋە قانۇنغا موھتاج بولمىغان بولاتتى.

ئاتاقلىق سوفىي جەلالىددىن رۇمىي مۇنداق دېگەن: «مۇھەببەت ئاچچىقنى تاتلىق قىلىدۇ، توپىنى ئالتۇنغا، خاپىلىقنى شادلىققا، ئاغرىقنى ھوزۇرغا، زىنداننى باغچىغا، غەزەپنى سۆيۈنچكە ئايلاندۇرىدۇ. مۇھەببەت تۆمۈرنى يۇمشىتىپ، تاشنى ئېرىتىدۇ. ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ.»

مۇھەببەت ئىنساننى كۆك قەرىگە پەرۋاز قىلدۇرىدىغان، ھۆكەر يۇلتۇزىغا يەتكۈزىدىغان سۇنماس قانات. ماددا ۋە تەننىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ، مال ـ دۇنيانىڭ غېمىدە يۈرگەنلەر بەرىكەت تاپسۇن! بىز ئۇلاردىن ھېچنەرسە تالاشمايمىز. بىز بولساق مەڭگۈ يوقالمايدىغان مۇھەببەت دۆلىتىنىڭ ئەسىرلىرىمىز. ئىلاھىم سېنى ياشاتسۇن ئەي مېنى بىتاب قىلغۇچى مۇھەببىتىم! ئەي كىسىلىم ۋە ئاغرىقىمنىڭ دوختۇرى! ئەي قورقۇنچ ۋە تەكەببۇرلۇقۇمنىڭ دورىسى! ئەي ماھىر دوختۇرۇم! ياشاپ كەت ئەي مېنىڭ تەسكىنچىم!»

بىزدىن قايسى بىر ئادەم ئۆز كەلگۈسىدە بىر بەخت يۇلتۇزىغا ئىگە بولۇشنى قانداقمۇ ئويلىمىسۇن؟! ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن بۇ بەخت يۇلتۇزى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

بىلىممۇ؟ ئۇ بىزگە قۇرۇق مەنتىقىدىن باشقا نېمە بېرەلەيدۇ؟

ئېھتىياتمۇ؟ ئۇ بىزگە دائىم قورقۇشتىن باشقا نېمىمۇ بېرەلىسۇن؟!

خىزمەتمۇ؟ ئۇ ئاچچىق تەر، تۈگىمەس بىزارلىقتىن بۆلەك يەنە نېمە بېرەلەيدۇ؟

پۇلچۇ؟ ئۇ بىزگە خەۋپ ـ خەتەر، ئېھتىيات، قورقۇنچ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن باشقا نېمە بېرەلەيدۇ؟

ھالبۇكى مۇھەببەتچۇ؟ لىللاھ گەپنى ئېيتساق، ئۇ بىزگە تىنچلىق، ئاراملىق، ئىشەنچ بېرىدىغان، قىسقىسى، باشقا نەرسىلەر بېرەلمىگەن بەختنى بېرەلەيدىغان بىردىنبىر گەۋھەردۇر. مانا شۇ مۇھەببەت تۈرتكىسىدە ھەممە نەرسىنى، ھەممە ئىنساننى ياخشى كۆرىمىز. بىز ھەتتا نېمەتنى ياخشى كۆرگەندەك ئاپەتلەرنىمۇ ياخشى كۆرىمىز. بۇ مۇھەببەت بىرىنچىدىن، كىشىدە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئويغىتىپ، روھنى تىنىمسىز ھاياجانغا سالىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ بىر مەيىن شامال بولۇپ، قىزىپ كەتكەن جەڭ ـ توقۇنۇشلارنى بېسىقتۇرىدۇ. بىز بارلىق مەۋجۇدىيەتنى، ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىنى، ئۇنىڭدىكى ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى ئورتاق سۆيىمىز!

قېنى كىم مانا مۇشۇنداق سۆيگۈگە ئىگە بولالايدۇ؟ ئەگەر كىم بۇنىڭغا ئىگە بولالىسا، بارلىق نەرسىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

بىز بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: بۇ زور مۇھەببەتكە ئىگە بولالايدىغانلار ئىنسان باللىرىنىڭ پەقەت بىر بۆلۈكىلا بولۇپ، ئۇلار قەلبىگە ئىمان نۇرى سىڭگەن مۆمىنلەردۇر.

ئىمان مەڭگۈلۈك ۋە ساپ مۇھەببەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى. مۆمىن ھەممە نەرسىنى، ھەتتا ئاپەتلەرنىمۇ، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشى، ئۇنىڭدىكى ئۆلۈم ۋە ھاياتنىمۇ ياخشى كۆرەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەمدۇر.

**ئاللاھنى سۆيۈش**

مۆمىن ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن مەۋجۇداتنىڭ سىرىغا يېتىپ، ھاياتلىقنى بەرگۈچى، يارىتىش، بۇيرۇق مەنبەئى، بار قىلىش، كۈچ بېرىش مەنبەئى بولغان ئاللاھقا مۇھەببەت باغلايدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ياراتقان بۇ ئالەمدىكى پۇختىلىق ۋە ھېكمەتنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرىدۇ: «ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن.»[1] «ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى.»[2]

مۆمىن ئاللاھنى ئىنسان كامالەتنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ. ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ كامالىتىدىن باشقا كامالەت بارمۇ؟ بىز

---

[1] مۇلك سۈرىسى 3- ئايەت.

[2] سەجدە سۈرىسى 7- ئايەت.

كۆرۈۋاتقان نىسپىي كامالەتلەرنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ كامالىتىنىڭ چېچىلغان نۇرىلا، خالاس. بارلىق نىسپىي كامالەت ئاللاھنىڭ كامالىتى ئالدىدا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەستۇر.

مۆمىن ئاللاھنى ئىنساننىڭ گۈزەللىكىنى ياخشى كۆرگىنىدەك ياخشى كۆرىدۇ. كۆڭۈللەر ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇھەببىتىنى بېغىشلاش تەبىئىتى بىلەن يارىتىلغان. قېنى قايسى ئېھسان (ياخشىلىق) ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ياراتقىنىغا، زېمىندا خەلىپە قىلغىنىغا، ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئېھسانىغا تەڭ كېلىدۇ؟ «بىلمەمسىلەركى ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ توغرىسىدا جېدەللىشىدۇ.»[1]

مۆمىن ئاللاھنى بۇ ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىسى ۋە بالىسىنى ياخشى كۆرگەنىدىنمۇ زىيادە ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەممە نەرسىنى، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بارلىق نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ كىشىلەرنى زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن كىتابلىرىنى، ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئىسلاھاتچىلار ۋە

[1] لوقمان سۈرىسى 20- ئايەت.

ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بولغان ھەممە ئىنسانىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئۆز دۇئاسى قىلىدۇ. «ئى ئاللاھ ماڭا سېنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە سېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، سېنى ياخشى كۆرۈشنى ماڭا «سوغۇق سۇ» دىنمۇ يېقىشلىق قىلىپ بەرگىن.»

**تەبىئەتنى سۆيۈش**

مۆمىن ئىسلام ئەقىدىسى تۈرتكىسىدە ئاللاھنى ياخشى كۆرگىنىدەك تەبىئەتنى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى ياخشى كۆرىدۇ. تەبىئەت ئىنسانىنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، ئىنسانىنىڭ خىزمىتى ۋە زېمىندىكى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىشىگە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ پايدىلىنىشىغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن مەخلۇق. ئالەم مانىزىم پەلسەپىسىدە كۆرسىتىلگەندەك تېزدىن يوقىلىشقا تېگىشلىك يامانلىق ئەمەس. ئالەم ئاللاھنىڭ ئوقۇغۇلۇق، ئوقۇغۇسىز ھەممە بەندىسىگە ئېچىلغان كىتابى بولۇپ، ئۇ كىتابتا ئاللاھنىڭ قۇدرەت ۋە كاتتىلىق نىمەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان مۆجىزىلىرى خاتىرىلەنگەن.

ئاسمىنى ئالەم ۋە ئۇستۇنكى ئالەم ۋە ئۇلاردىكى ھەممە نەرسىگە ئۆز شەكلىنى بېرىپ، ياشاش يوللىرىنى كۆرسەتكەن ۋە ئالەمنىڭ يەرۇ ـ كۆكى، جاندار، ئۆسۈملۈكلىرى بويىلاپ خۇددى بىر تەننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە ئوخشاش ئۆز ئارا ماسلىق، كىرىشىملىك، رەتلىكلىك، ئۇيغۇنلۇقتىن ئىبارەت بولغان بۈيۈك بىرلىكنى، ئالەملىك گارمونىيەنى ئورناتقان ئاللاھنىڭ سەنئەت ـ ئىجادىدۇر.

بۇ ئالەمدە قالايمىقان ياكى بىكارغا يارىتىلغان ھېچنەرسە يوق. ئالەمدىكى ھەممە نەرسە مەخلۇقلارنىڭ ئىسىل تۈرى بولغان ئىنسانغا خىزمەت قىلىش، ھاياتلىقنى ئەجىلى توشقانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇش، ئاللاھنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسى بويىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان.

تەبىئەتنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش مۇشۇ تەبىئەتنىكى ئاللاھنىڭ جۇلاسى ھەمدە ئۇنىڭ بىرلىك، بارلىقىغا دالالەت قىلغۇچى تىلسىز كىتابىنى كۆرەلەيدىغان مۆمىنلەردە ئەڭ يارقىن گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق ياخشى كۆرۈش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئەڭ يارقىن ئىپادىلەنگەن. ئۇ، بۇ مۇھەببەتنى ھەتتا تاغلارغىمۇ ۋە بەلكى ئېتىكىدە دۈشمەندىن زەربە يېگەن، شۇ تۈپەيلى كۆزىگە ئانچە سىغىپ كەتمەيدىغان ئوھۇد تېغىغىمۇ ئىزھار قىلغان ئىدى.

بۇخارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ خەيبەرگە چىقتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا ئوھۇد تاغلىرى كۆرۈندى. بۇ چاغدا تاغقا قاراپ: تاغ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ تاغنى ياخشى كۆرىمىز، دېگەن ئىدى.»

**ھاياتنى سۆيۈش**

مۆمىن تەبىئەتنى ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە يەنە ھاياتنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ، بۇ ھاياتنى ئۆزىگە ئاتا ـ ئانىسى پەيدا قىلىپ بەرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت، تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك يۈك، قېچىپ

قۇتۇلۇشقا تېگىشلىك زىندان دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچ، ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەت دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمىلى ياخشى بولغان ئادەم، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى»، «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈم كەلمەستە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ۋە ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمىسۇن، ئۇ ئۆلسە ئەمىلى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، مۆمىنىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسا ياخشىلىقىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ»، «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر ئۇ ياخشى ئادەم بولسا تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلىشى مۇمكىن، يامان ئادەم بولسا، تەۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن»، «ھايات ھەرقانداق ھالەتتە ياخشى، ئەگەر ئۆلۈشتىن باشقا ئامال بولماي، ئۆلۈمنى خالىسا مۇنداق دېسۇن: ئى ئاللاھ، ئەگەر ھاياتىم ماڭا پايدىلىق بولسا ماڭا ھاياتلىق بەرگىن، ئەگەر مىنىڭ ۋاپاتىم ماڭا پايدىلىق بولسا مېنى ۋاپات تاپتۇرغىن.»

**ئۆلۈمنى سۆيۈش**

مۆمىن ھاياتنى ئۆلۈمدىن قورققانلىق ياكى ھايات لەززەتلىرىنى قوغلىشىپ، مال- دۇنيا توپلاش ۋەسۋەسىسىگە بېرىلگەنلىكتىن ياخشى كۆرمەيدۇ، بەلكى ئۇ ھاياتنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئاللاھقا ئۇچرىشىشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەببىگە ئۇچرىشىش ياكى دۇنيادا قىلىش ئىختىيارى بېرىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاسماندىكى پەيغەمبەرلەر توپىنى تاللايمەن.» ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا ئابدۇرەھمان

ئىبنى مۇلجەمنىڭ قىلىچى ئۇرۇلغاندا، ئۇ: كەئبىنىڭ رەببىگە قەسەمكى مەقسىتىمگە يەتتىم، دېگەن. بىلالنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئايالى سۇرەن سېلىپ، ۋاي ئىسىت، ئۇ بىچارىگە ئۇۋۋال بولدى، دەپ يىغلىغاندا، ئۇ: ياق ئۇنىڭغا ئەجەب ياخشى بولدى، ئۇ ئەتە دوستى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان بولدى، دېگەن.

ئاللاھنىڭ قىلىچى خالىد ئىبنى ۋەلىد پارس ۋە رۇملۇقلارنىڭ قوماندانلىرىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، خېتىدە ئۇلارنى ئىسلام تىنچلىقىغا چاقىرىپ بولغاندىن كېيىن مۇنۇلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان: «ئۇنىمىساڭلار ... مەن سىلەرگە ئۆلۈمنى خۇددى سىلەر ياشاشنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان جەڭچىلەرنى ئەۋەتىمەن.»

**كىشىلەرنى سۆيۈش**

مۆمىن بارلىق كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار مۆمىنىنىڭ ئادەمىيلىكتىكى قېرىنداشلىرى. مۆمىن بىلەن تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىنى قانداشلىق ۋە نەسەب مۇناسىۋىتى باغلاشتۇرغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن باشقا مۆمىنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق دۈشمەن باغلاشتۇرىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە جىنسىي، مىللىي كەمسىتىشكە يول قويمايدۇ. مۇسۇلمانلار بارلىق ئىنسانلار ئادەمنىڭ ئەۋلادى، ئادەم تۇپىدىن يارىتىلغان، تىللارنىڭ ۋە ئىرقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە سەنئىتىنىڭ كاتتىلىقىنى

كۆرستىدىغان دەلىل ۋە مەخلۇقلىرىدىكى بىر مۆجىزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ بىلىدۇ. «ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.»[1]

مۆمىننىڭ بارلىق ئىنسان باللىرى بىلەن بولغان قېرىنداشلىقى ئاللاھنىڭ دىنىدىكى ھالقىلىق ئەقىدە بولۇپ، مۇسۇلمان ئاللاھقا قىيامەت كۈنى مۇشۇ ئەقىدە بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

قاراڭ! موسۇلماننىڭ دىلىدا ئىنسانىيەت باراۋەرلىكى ۋە قېرىنداشلىقى قانداق ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن ـ ھە! ئۇ ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ۋە مۇھەممە ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىشنىڭ كەينىدىنلا كېلىدىغان 3 ـ دەرىجىلىك ئەقىدە. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭغا مەخلۇقلارنىڭ بارلىق جىنسىنى ھۆرمەتلەشنى كۆرسەتتى: «مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق خاتىرىلىدۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.)»[2]

[1] رۇم سۈرىسى 22 ـ ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 38ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەتلار ئۈممەتلەر ئارىسىدىكى بىر ئۈممەت بولمىغان بولسا، مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيتتىم.»

مانا بۇ، مۆمىننىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئىسلامىي ھېسسىياتى. ئۇ ئىرقىي ۋە مىللىي ئۈستۈنلۈك، يۇرتۋازلىق، سىنىپى كۈرەش ياكى شەخسىي ئۆچمەنلىكنى قوللايدىغان ھېسسىيات بولماستىن، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئومۇمىي قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ۋە مۇھەببەتكە خىزمەت قىلىدىغان ھېسسىياتتۇر.

**مۆمىننىڭ ساغلام قەلبى ھەسەت، ئۆچمەنلىكتىن خالىدۇر**

مۆمىننىڭ قەلبىدە ئىمان تۈپەيلى بارلىققا كېلىدىغان مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئاددىي مېۋىسى ــ ئۇنىڭ ھەسەد ۋە ئۆچمەنلىكتىن خالىيلىقىدۇر. ئىمان نۇرلىرى مۆمىن قەلبىدىن ھەسەت قاراڭغۇلۇقلىرىنى يوقىتىپ تاشلىغۇچى نۇر. مۆمىن بۇنىڭ بىلەن قەلبى ساغلام، باغرى پاك كۆڭ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ھەمىشە سالىھلارنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ: «ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن، دەيدۇ.»[1]

مۆمىن ھەسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ھەسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتىغاندەك، مىللەتنىڭ ۋابا كېسىلى. ئۇ ۋابا كىسىلى

---

[1] ھەشر سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

جىسمنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەندەك، روھنى تۈگەشتۈرۈدىغان ئاپەتتۇر. بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن ئىكەن:

خوپمۇ ئادىل ئىش ئىكەن بۇ ھەسەت دېگەن،
ئالدى بىلەن ھەسەتخورنى جايلايدىكەن.
يەنە بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

تاقەت قىلغىن ھەسەتخورنىڭ شۇملىقىغا،
شۇ تاقىتىڭ ئەجەل ئۇنىڭ جانلىرىغا.
ئوت جېنىدا يەپ تۈگەيدۇ ئۆز ـ ئۆزىنى،
يالماش ئۈچۈن بىرەر نەرسە تاپالمىسا.

مۆمىن ھەسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ غايىسى ئۇنى كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ھەسەت قىلىشىدىغان مال ـ دۇنيادىن يۈكسەك تۇرىدىغان نەرسىگە قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ ئىرادىسىنى ئەڭ بۈيۈك ماھىيەتكە، مەڭگۈلۈك ئاخىرەت ۋە جەننەتكە باغلايدۇ.

ئىمام بۇخارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئىككى ئىشتىن باشقا ئىشتا ھەسەت قىلىشقا بولمايدۇ: بىرى، ئاللاھ نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك بەرگەن ۋە مال ـ مۈلكىنى ھەقىقەت يولىغا ئايىماي سەرپ قىلغان ئادەم، يەنە بىرى، ئاللاھ ھېكمەت ئاتا قىلغان ۋە ئۇ ھېكمەت بىلەن ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن ئادەم.»

ھەســەن بەســرىي مۇنــداق دېــگەن: «ھەي ئــادەم بالىســى! قېرىندىشــىڭغا نــېمە ئۈچــۈن ھەســەت قىلىســەن؟ ئەگەر ئــۇ ئــاللاھ ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلغان ئادەم بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ھۆرمەت قىلغان كىشىگە ھەسەت قىلىسەن؟ ئەگەر ئۇ باشقا خىل ئادەم بولسا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاقىبىتى ۋە بارىدىغان يېرى بولغان دوزاختا ھەسەت قىلىسەن؟

ئىبنى سىرىن مۇنداق دېگەن: «مەن دۇنيا ئىشلىرىدا ھېچبىر ئادەمگە ھەسەت قىلمايمەن. ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولسا ئۇنىڭ جەننەتكە سېلىشتۇرغاندا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان دۇنياسىغا قانداقمۇ ھەسەت قىلاي؟ ئەگەر ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولسا قانداقمۇ ئۇنىڭ ئۇنى دوزاختا ئاپىرىدىغان دۇنياسىغا ھەسەت قىلاي؟!»

مۆمىن ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ. چۈنكى ئۇ شەپقەتلىك، كەچۈرۈملۈك، ئۆتۈمچان ئادەم، ئۇ ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يەتسىمۇ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا پۇرسەت بولسىمۇ كەڭچىلىك قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەت ئىگىسى، ئۇ ئۆز كۆڭلىنى خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەت بىلەن ئاۋارە قىلمايدۇ. دىمىسىمۇ بۇنداق ئادەم ئۆز قەلبىنى ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرىنىڭ چېقىشىغا قانداقمۇ تاشلاپ بېرىدۇ؟ قەلبىدە ئۆز قېرىندىشىغا دۈشمەنلىك ئوتلىرىنى ساقلاپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغان ھالدا قانداقمۇ ئارامدا ياتالايدۇ؟ بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى ئەمەللەر كۆزدىن كەچۈرۈلىدۇ، ئاللاھ شۇ ۋاقىتتا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەنلا ئىنسانىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، پەقەت

قىرىندىشىغا ئۆز ئارا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ئىنسانىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە پەرىشتىگە بۇ ئىككىسى ياخشىلانغۇچە تاشلىۋېتىڭلار دەيدۇ.»

مۆمىن ھەسەت قىلمايدۇ ۋە ئاداۋەت تۇتمايدۇ. مۆمىننىڭ ئىمانى ئۆزى نېمىنى ياخشى كۆرسە ئۇنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە، نېمىنى يامان كۆرسە قېرىندىشىغىمۇ شۇنى يامان كۆرمىگۈچە تولۇق بولمايدۇ.

ھازىرقى زامان ماتېرىيالىزمچىلىرىنىڭ بۇزۇق تەشۋىقاتلىرى ئىچىدە بۇنداق چوڭقۇر مەنالار بارمۇ؟

ئۇلارنىڭ بارلىق تەشۋىقاتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش، سىنىپلار، گورۇھلار، تەبىقىلەرنى پەيدا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ـ زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىش بولدى. ئاخىرىدا ئادەملەر دائىم كۈرەش ۋە ئەندىشە ئىچىدە ياشايدىغان، نەتىجىدە دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتكە يوشۇرۇن ئورا كولايدىغان ئىشلار تەبىئىي بىر ھال بولۇپ قالدى.

**باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش مۆمىنلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر**

ئىنساننىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىپ، ئۆزى موھتاج نەرسىنى قېرىندىشىغا سوۋغا قىلىشى، قېرىندىشىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى ئاچ قېلىشى، قېرىندىشىنى راھەتلىك قىلىشى ئۈچۈن ئۆزى جاپا تارتىشى، قېرىندىشىنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۆزى بىدار تۇرۇشى مۇھەببەت دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدۇر.

بـۇ خـىل پەرىـلەت دىنسـىزلار ۋە ماتېرىيالىسـتلار ئارىسـىدا تـولۇپ يىلتىزلىـدىن كېيىـنكى تاشـلانغان. مـۆمىنلەر ئاللاھنىـڭ رازىلىقـى ۋە ساۋابىنى ئىـزدەپ باشـقىلارنىڭ مەنپەئەتىنـى ئـۆز مەنپەئەتىـدىن ئەلا بىلىدۇ. ئەمما دىنسىزلار كىمنىڭ رازىلىقىنـى ئىزدەيـدۇ؟ ئـۇلار نېمىگە ئېرىشىش ئۈچـۈن باشـقىلارنىڭ مەنپەئەتىنـى ئـۆز مەنپەئەتىـدىن ئەلا بىلىدۇ؟

قاراڭ: مۇھاجىرلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىـرىگە يـاردەم بېـرىش ئۈچـۈن ئـۆز يـۇرتلىرى، پـۇل مـاللىرىنى تاشـلاپ مەدىــنىگە چىقتــى، ئۇلارنىــڭ يەرلىــك ئەنســار قېرىنداشلىرى ئۇلارنى كۆڭۈل خوشلۇقى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنى تەشنا ئادەم سوغۇق سۇغا دۇم چۈشكەندەك قورشىۋېلىپ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ، ئۇلارنىڭ بىرەرىنى ئۆيىگە چۈشـۈرۈش شـەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تالىشىپ كېتىدۇ. ئەنسـارلار ئـاخىرى چەك تاشـلاش ئۇسۇلىغا رازى بولىدۇ. مانا بۇ يەردە پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسالام نەسـەب ۋە قېرىنداشـلىقنىڭ ئـورنىنى ئىگەللەيـدىغان بىـر خىـل مۇناسـىۋەت بىـلەن ئـۇلارنى بىـر ـ بىـرىگە باغلايـدۇ. بۇنىــڭ بىــلەن ئۇلارنىــڭ ئارىسـىدىكى ناتونۇشـلۇق، يـۇرت ـ نەسـەب پەرقـى ئىسـلام ئـارقىلىق پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى.

قۇرەيشلىك مۇھاجىر ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: بىـز مەدىنىگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەن بىلەن خەزرەجلىك ئەنسـار سـەئىد ئىبنـى رەبىئـى بىـر ـ بىرىمىـزگە قېرىنـداش قىلىـپ قويـدى. سـەئىد ماڭـا: «مېنىـڭ ئەنسـارلار ئىچىـدە مېلىم ھەممىـدىن كۆپ، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرەي، ئىككى خوتۇنـۇمنى كـۆرگىن،

قايىسسى ساڭا ياقسا، شۇنى تالاق قىلىپ ساڭا بىرەي، ئىددىتى توشسا ئۇنى ئالغىن» دېدى. ئابدۇرەھمان سەئىدنىڭ بۇ ئىسىل پەزىلىتىگە ئوخشاشلا ئىسسىللىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ سېنىڭ ئائىلەڭ ۋە مېلىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، ماڭا بازارنى كۆرسىتىپ قويساڭ.»

ئاللاھ مەڭگۈلۈك كىتابىدا ئەنسارلارنىڭ مەيدانىنى تىلغا ئالغان. «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[1]

مەرھۇم ئۇستازىمىز دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇللاھ دەرراز «دىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

دىنلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشىدىغان بۈيۈك تۆھپىسى مەسىلەكنى تۈزىتىش، خاتا مۇئامىلىلەرنى توغرىلاش، ئادالەت قانۇنلىرىنى ئەمىلىيلەشتۈرۈش، تۈزۈمسىزلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە بۇزۇقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. دىنىنىڭ جەمئىيەتكە تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولىدىغان بىر ئىجابىي تەرىپى بار. ئۇ بولسىمۇ دىنىنىڭ مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش رىشتىسى بىلەن دىندار قەلبلەرنى

---

[1] ھەشىر سۈرىسى 9- ئايەت.

بىر ـ بىرىگە مۇستەھكەم باغلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەتتۇر. دىنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى باغلاشتۇرۇشىغا مىللەت تەۋەلىكى، تىل، قوشۇندارچىلىق ياكى ئورتاق مەنپەئەت رىشتىسىنىڭ باغلاشتۇرۇشىنىڭ ھەرقانداقى تەڭ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ خىل باغلىنىشلار ئۆز ئارا ياخشىلىق يەتكۈزۈش، ئۆز ئارا ئاسراش ئىشلىرىدا قانچىلىك رول ئويناپ كەتمىسۇن، ئۇ، پەقەت شەخسلەرنى سىرتقى قىسمىدىن باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىلەرلا بولىدۇ، خالاس. يەنە كېلىپ بۇ مۇناسىۋەتنى ئەقىدىدىكى قېرىنداشلىق، يۈكسەك بولغان ماددىي، مەنىۋى ھەمكارلىق چىڭىتمىغۇچە بۇ خىل مۇناسىۋەت ھەرخىل يوچۇقلار، دەزلەر ۋە تۈرلۈك مەنىۋى چاتاقلاردىن خالى بولالمايدۇ. مانا بۇ يەردە تارقاقلىق بىرلىككە ئايلىنىدۇ. بۇ روھى بىرلىك بىلەن مىللىتى تۈرلۈك، تىللىرى ئوخشىمايدىغان، خىلمۇ خىل خاھىشتىكى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئەبەدىي دوستلۇق مەيدانغا كېلىدۇ. بىز ئورتاق بىر خىل تۈزۈمدىكى كۆپ مىللەتلىك ئەللەردىكى كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ دىنىنىڭ ياخشىلىق يولىدا ھەمكارلىشىش پىرىنسىپى ئاستىدا ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش خەتىرىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئېغىر دەرىجىدە موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇڭلاشقا بۇ گەپ توغرا ئېيتىلغان: «ئەخلاقىي ۋە دىنىي تۈرتكىگە تايانمىغان مىللەت، يىمىرىلىپ چۈشەي دەپ قالغان، چاك كەتكەن سېپىلغا ئوخشايدۇ. مانا بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى دىن جەمئىيەت ئۈچۈن خۇددى تەندىكى يۈرەكنىڭ ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ.»

ھەر بىر ئىنسانىدا مۇھەببەت ھېسسىياتىدىن باشقا يەنە بىر ھېسسىيات ـ يەنى ئاداۋەتلىشىش، ئۆچ كۆرۈش، سەسكىنىش ھەمدە جەڭگى ـ جېدەل ۋە قان تۆكۈشكە ئېلىپ بارىدىغان يامانلىق ھېسسىياتىنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. دىن كېلىپ مانا بۇ پاسكىنا ئەۋرەزنى قانداق كۆمۈپ تاشلىدى؟

لوندوندىكى مەلۇم بىر ئىنستىتۇتنىڭ پەلسەپە، پسىخولوگىيە پروفېسسورى جود مۇنداق دەيدۇ:

ھەممىگە ئورتاق بولغان ۋە بەك ئاسان قوزغىلىدىغان ھېس ـ تۇيغۇ ئالىيجانابلىق ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسىغا قارشى كېلىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە ئەنسىرەك تۇيغۇسىدۇر. مىللەتلەر ئۈستىدىن پەقەت ئۆز غايىسى ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغانلار شۇ مىللەتلەرنىڭ يامان كۆرىدىغان نەرسىسىنى تېپىپ، قورقۇنچلۇق بىر دۈشمەننى پەيدا قىلمىغۇچە مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. مەن مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرمەكچى بولسام، باشقا بىر پلانېتقا، مەسىلەن، ئايغا بۇ مىللەتلەر قورقىدىغان بىر دۈشمەننى پەيدا قىلىشىم كېرەك. بۇ ئەسىردىكى مىللىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز قوشنىلىرىغا ئۆچمەنلىك ۋە قورقۇش ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى شۇ ھېسسىيات بويىچە ياشايدۇ ۋە شۇ ھېسسىيات بىلەن مىللىي ئاڭ كۈچىيىدۇ.»

ئۇلۇغ ئىسلام تەرغىباتچىسى ئەبۇلھەسەن نەدەۋىي ئەپەندى بۇنىڭغا قارىتا ئۇلاپلا مۇنداق دەيدۇ:

«جون ئەپەندى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن مىللەتلەردىكى ئۇرۇش مۇئەمماللىرىنىڭ ۋە مىللەتلەر رىقابىتىنىڭ يىشىمى ئادىل يىشىم، ئەقىللىگە ئۇيغۇن تەبىر بولدى. ھەقىقەتەن خەلقلەر ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاداۋەت ئۇلارنىڭ ھەممە قورقىدىغان ۋە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆز ئارا ياردەملىشىشى زۆرۈر بولغان، ھەممىنىڭ ئورتاق ئۆچلىكى كېلىدىغان بىر دۈشمىنى بولمىغۇچە تۈگىمەيدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىدىن بىرەر نەرسە كەشىپ قىلىش كەتمەيدۇ، ئىنسانىيەتكە قارشى ئاي ياكى باشقا پلانېتىدا دۈشمەن پەيدا قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ھالبۇكى ئۇنداق بىر دۈشمەن راستتىنلا پەيدا قىلىندى دېگەندىمۇ، ئۇ شۇنچە يىراق ئورۇندا تۇرۇپ نېمە ئىش قىلالىسۇن؟ دىن ـ ئىنسان تۈركۈمى ۋە ئادەم ئەۋلادىغا ئۆچ بۇ دۈشمەننىڭ مۇشۇ يەرشارىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۇنى دۈشمەن تۇتۇپ ئۇنىڭدىن قوغدىنىشى لازىملىقىنى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشتا ئورتاق ھەمكارلىشىش لازىملىقىنى ئاللىبۇرۇن ئۇقتۇرۇپ بولغان. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ھەقىقەتەن دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى دوزاخ ئەھلى بولۇشقا چاقىرىدۇ.»[1]

ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئالىمىنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى ۋە ئىبلىسنىڭ دوستلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغىلا بۆلدى. كىملەر بولۇشىدىن، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەيتاننىڭ دوستلىرى ۋە باتىلنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا قارشى جەڭ ۋە كۈرەش قىلىشنى

[1] فاتىر سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

بەلگىلىدى. ۋە مۇنداق دېدى. «مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.»[1]

بۇنىڭ بىلەن مۆمىندىكى ئۆچ كۆرۈش ھېسسىياتى ئېنىق قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، دۈشمەنلىشىش دائىرىسى بەلگىلەندى. شۇنداق ئىكەن، مۆمىن شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن دۈشمەنلەشمەيدۇ، قەبىلىۋازلىق، مىللەتۋازلىق، يۇرتۋازلىق قىلىپ دۈشمەنلەشمەيدۇ. ئۆچمەنلىك ياكى ھەسەت تۈپەيلىدىنمۇ دۈشمەنلەشمەيدۇ، يۇقىرىقىلارنىڭ بىرەرىنى سەۋەب قىلىپ دۈشمەنلەشكەنلەر مۆمىن ھېسابلانمايدۇ. مۆمىن دۈشمەنلىشىشتە ھېسسىياتىنى بىر نۇقتىغا يىغىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ توغرىسىدا دۈشمەنلىشىش، يەنى پەقەت ھەقنى دەپ دۈشمەنلىشىشتۇر. بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولسا، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەنلەشسە، ئاللاھ ئۈچۈن بەرسە، ئاللاھ ئۈچۈن بەرمىسە ئىمانى تولۇق بولغان بولىدۇ.»

**ئۆزئارا كەچۈرۈشمۇ ئەقىدىنىڭ بىر قىسمى**

ئىسلام ئەقىدىسىدە مۇسۇلماننى ئۆز دىنى ۋە ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇنى ئۆزىگە قارشىلىق قىلغانلارنى ۋە چاقىرىقىغا قارشى چىققانلارنى بارلىق ئىنسانلاردىن بەكرەك كەچۈرۈم قىلىدىغان قىلىپ قويىدىغان ئىككى ئىش بار.

[1] نىسا سۈرىسى 76 ـ ئايەت.

بىرىنچى: مۇسۇلمانلار ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقادتا ئوخشاش بولماسلىقى ئىلاھىي ئىرادىنىڭ تەقەززاسىدىندۇر، دەپ كەسكىن ئېتىقاد قىلىدۇ. «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى بىر ئۈممەت، (يەنى بىر دىندا قىلاتتى) ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى.»[1]

ئىككىنچى: ئاللاھ پەيغەمبىرىنى قارشى ئېقىمدىكىلەر بىلەن زىيادە جېدەللىشىشتىن يىراق بولۇشقا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشقا ۋە قارشى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ قىيامەت كۈنى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا، ئۇ كۈندە پىتنە قوزغايدىغان جېدەل بولمايدىغانلىقىنى جاكارلاشقا بۇيرۇدى: «ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن جېدەللەشسە، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.»[2]

ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىشەنگەن ئادەم بارلىق مەۋجۇداتنى ياخشى كۆرىدۇ، ھايات ۋە ئۆلۈم، تاتلىق ۋە ئاچچىق تەقدىرنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ياخشى كۆرىدۇ. يامان كۆرۈشكە توغرا كەلسە ئىبلىسنى يامان كۆرىدۇ، ئىبلىس گورۇھىدىكىلەرنى يامان كۆرىدۇ. يامان كۆرۈشى ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئازاپلىنىش، ھەممە كىشىگە ياخشىلىق بولۇشنى تىلەش بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ.

---

[1] ھۇد سۈرىسى 118 ـ ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى 68 ـ 69 ـ ئايەت.

مانا بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ جەننىتىگە يېتەكلىگۈچى پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى راست ئېيتتى: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتماي تۇرۇپ ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دوستلۇق ئورناتمىغۇچە ئىمان ئېيتقان ھېسابلانمايسىلەر.»

## ئېغىر كۈنلەردە چىدامىلىق بولۇش

«مۆمىننىڭ ئىشى ھەيران قالارلىق، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ئۆزىگە ياخشى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى مۆمىندىن باشقا ھېچ بىرىدە يوق ئىش، ئەگەر مۆمىنگە خۇشلۇق يەتسە، ئۇ شۈكرى قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قىلغان شۈكرىسى ياخشىلىق بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان يەتسە، سەبىر قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قىلغان سەبرىسى ياخشىلىق بولىدۇ.»[1]

ئۈمىد، ئازاملىق، مەمنۇنلۇق، مۇھەببەت، روھى خاتىرجەملىك مۆمىننىڭ كۆڭلىدىكى ئەقىدە كۆچىنىڭ تەملىك مېۋىلىرىدىندۇر، ھايات كۈرۈشىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەس بايلىقتۇر. ھايات مۇشەققەتتى ساناقسىز خەۋپ ـ خەتەر ۋە ئېغىرچىلىقلار بىلەن ئورالغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشتۇر. بۇ، دۇنيا ھاياتىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى. بۇ ئىككى تەبىئەت بولغاچقا ئىنساننىڭ ئۆز ھاياتىدا ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. شائىر دۇنيا ھاياتىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

نىتەي، ئىنسان ۋۇجۇدۇڭ دۇغ ئۈستىگە يارالغان،
سۈزمەكچىسەن ئۈنىڭدىن دەرد ـ دۇغلارنى ھەر قاچان.
سەن كۆنلەرنى زورلايسەن باشقىچىراق ئۆتمەككە،
خۇددى يانسۇن دېگەندەك سۇ ئۈستىدە ئوت ـ گۈلخان.

بۇ، ئاللاھنىڭ ھاياتقا ئورتاق، ئىنسانلارغا ئايرىم بېكىتكەن قانۇنىيتى بولۇپ، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلەر دۇنيانىڭ ئاپەت ۋە دەرد ـ ئەلەملىرىگە ھەممىدىن كۆپ دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا چاقىرىدۇ، ئاسىيلىق تەرغىباتچىلىرى قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتكە چاقىرىدۇ، باتىلنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىدۇ ... پەيغەمبەرلەر داۋاملىق مېھنەت ئىچىدە ياشايدۇ، سۈيىقەست ۋە ئازاب ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىيتى بولۇپ، ئادەم ۋە ئىبلىسنى، ئىبراھىم ۋە نەمرۇدنى، موسا ۋە پىرئەۋننى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ جەھىلنى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ياراتقان، «شۇنىڭدەك (يەنى مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن، (ئاللاھ ساڭا ئۇلارغا

قارشى ياردەم بېرىدۇ).»[1] «شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىنى دۈشمەن قىلغاندەك) ھەر بىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ يول كۆرسىتىشكە يېتەرلىكتۇر.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قايسى كىشى بەك سىنىلىدۇ دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: پەيغەمبەرلەر ئەڭ قاتتىق سىنىلىدۇ، ئاندىن قالسا تۆۋەندىكىلەر، ئۇلاردىن قالسا تۆۋەندىكىلەر، ئۇلاردىن قالسا تېخىمۇ تۆۋەندىكىلەر، ئادەم ئۆز دىنىغا قاراپ سىنىلىدۇ. ئەگەر دىنىدا مۇستەھكەم ئادەم بولسا قاتتىق سىناققا ئۇچرايدۇ، بوش ئادەم بولسا، بوشراق سىنىلىدۇ. ئاللاھ ئادەمنى دىنىغا قاراپ سىنايدۇ، بەندە زېمىن ئۈستىدە مېڭىپلا تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى بولمىسىمۇ بالادىن خالى بولالمايدۇ.»[3]

**دىنسىزلار ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ چىدامسىز كىشىلەردۇر**

تالاي تەكشۈرۈش، كۆزىتىشلەر ھايات قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا ئەڭ سەبىرسىز ۋە ئەڭ تېز سولىشىپ كېتىدىغانلارنىڭ دىنسىزلار، شۈبھىچىلەر ۋە ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، قۇرئان بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى مۇنداق دەپ سۈپەتلىگەن: «ئەگەر بىز بىرەر ئىنسانغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق (يەنى نېمىتىمىزنى بەرسەك) ئاندىن ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن)

[1] ئەنئام سۈرىسى 112- ئايەت.
[2] فۇرقان سۈرىسى 31- ئايەت.
[3] تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، كۇپرانى نېمەت قىلىدۇ.» «ئىنسان ئۆزىگە (ياخشىلىق) تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.»[1]

ئۇلار دېڭىز سەپىرىدە دولقۇن ۋە بورانلار ئارىسىدا قېلىپ، رولى، يەلكىنى ۋە تەڭشىكىنى يوقاتقان كېمىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق كېمە ئەڭ تۆۋەن بالىدىكى شامالدىمۇ داۋالغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنى ھەر تەرەپتىن دولقۇنلار ئورىۋالغان بولۇپ، بۇنداق كېمىنىڭ ھايالسىزلا سۇغا چۆكۈپ كېتىش ئېھتىمالى كۆپ بولىدۇ. دىن ئاجىز ياكى دىن پەقەت يوق مۇھىتلاردا ئۆلۈۋېلىش ئىشلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئەگەر ئۆلىۋالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق مۇھىتتىكى كىشىلەر تىنىمسىز دەرد ـ ئەلەم، ئاچچىق غەم ـ قايغۇ، سەبىرسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، مەنىسىز تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلاردىكى ھايات ئۆز ئەھمىيىتىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ.

ئۆلگەن ئەمەس ھەرگىزمۇ ئۆلۈپ راھەت كۆرگەنلەر،
ئۆلگەن دېگەن ئەمەلدە تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنلەر.
ئۆلۈككىلا ئوخشايدۇ خاپىسىراپ، قايغۇرۇپ،
ياراتقانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەر.

**مۆمىنىنىڭ چىدامچانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەنبەئى**

ئەمما مۆمىنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئىنسانلار ئىچىدىكى بالا ـ قازاغا ئەڭ سەبىرجان، قىيىنچىلىققا ئەڭ چىداملىق، كۆڭۈلسىزلىكلەر

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 49 ـ ئايەت.

ئالدىدا ئەڭ مەردانە، سالماق كىشىلەردۇر. ئۇلار دۇنيادا ئەڭ قاتتىق سىناققا ئۇچرىغۇچىلار ۋە دۇنيا ھالاۋىتىدىن ئەڭ ئاز بەھرىمەن بولغۇچىلار پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇلاردىنمۇ ياخشى ياشاشنى تاما قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى دەپ قارايدۇ. «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان، چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟ دېگەن ئىدى.»[1]

ئىبنى قەييىم دېگەن ئالىم مۇنداق دەيدۇ: ھەي ئىرادىسىز ئادەم!... بۇ يولدا ئادەم جاپا چەككەن، نۇھ خۇداغا نالە قىلغان، ئىبراھىم ئوتقا تاشلانغان، ئىسمائىل ئۆز ئاتىسى قولىدا بوغۇزلىنىشقا دۇچ كەلگەن، زەكەرىيا ھەرە بىلەن ھەرىدىۋېتىلگەن، يەھيا ئۆلتۈرۈلگەن...

**تەقدىرگە ئىشىنىش مۆمىنلەرگە قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ**

ئۇلار ھايات يولىدا ئۆزلىرىگە كەلگەن تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي كېلىشمەسلىك ۋە قارا قىسمەت بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەلۇم تەقدىر، ئەزەلىي ھېكمەت ۋە ئىلاھىي پۈتمىشكە مۇۋاپىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ئاپەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ: «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر، بىز

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 214- ئايەت.

ئـۇلارنى يارىتىشـتىن بـۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغـا يېزىلغـان، بـۇ (ئـىش) شۇبھىسىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر.»[1]

ئـۇلار تەقـدىر قىلىـش ۋە كـۆيىنىش، سـىناش ۋە يېڭىكلىتىشـنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىـدۇ. كىمكـى ئاللاھنىـڭ كۆيۈمچانلىقىنى تەقدىردىن ئايرىـپ قارايـدىكەن خاتالاشـقان بولـدۇ: «ئاتـا ـ ئانىسـىنى تەختىـدە (يېنىـدا) ئولتۇرغـۇزدى، ئـۇلار (شـاھلارغا تەزىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۇسۇفكە سەجدە قىلىشتى. ئۇ: ئـى ئاتـا! مانا بۇ كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگـارىم ھەقىـقەتەن راسـتقا چىقـاردى. پەرۋەردىگـارىم مېنـى زىندانـدىن چىقىـرىش بىـلەن، قېرىنداشـلىرىم بىـلەن مېنىـڭ ئـارامنى شـەيتان بۇزغانـدىن كېـيىن سـىلەرنى سـەھرادىن بـۇ يەرگە ئېلىـپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى. پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشـقا) ھەقىـقەتەن تەدبىرلىكتـۇر، ھـېكمەت بىـلەن ئـىش قىلغۇچىدۇر.»[2]

ئـــۇلار ئـــۆز پەرۋەردىگارىنىـــڭ كۆيۈمچانلىقىـــدىن، بـــۇ قىيىنچىلىقلارنىـــڭ ئـــۆزلىرىگە بېـــرىلگەن قىممەتلىـــك دەرس ۋە ئۆزلىرىنىڭ قەلبىـدىكى دەرتنـى كەتكـۈزۈپ، ئىمـانىنى تـاۋلاپ، روھنـى تۇرغۇنلـۇقكە ئۆگىتىـــدىغان دۇنيـــا ۋە ئـــاخىرەتكە مەنپەئەتلىـــك تەجرىبىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلام پەيلاسوپى رافىئىينىڭ بۇ سـۆزلىرى نەقەدەر جايىدا ئېيتىلغان ـ ھە! ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققـان

[1] ھەدىد سۈرىسى 22ـ ئايەت.

[2] يۇسۇف سۈرىسى 100ـ ئايەت.

مۆمىن خۇددى ئوتتا ئېرىتىلىپ، داتلىرى كېتىپ، ساپ قىسمى قالغان تۆمۈرگە ئوخشايدۇ.»

«ئازاب ـ ئوقۇبەت تۇخۇمغا ئوخشاپ كېتىدۇ، سىز ئىچىدە چۈجە بار تۇخۇمنى چۈجە ئۈچۈن زىندان دەپ ئويلامسىز؟ ھالبۇكى تۇخۇم چۈجىنى ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. چۈجىنىڭ بەلگىلىك بىر مۇددەتكىچە سەبىر قىلىشى لازىم بولىدۇ. مۇددەت توشۇپ، تۇخۇم يېرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن چۈجە يېڭى بىر جانلىق بولۇپ چىقىدۇ.»

«مۆمىن ئۆز ھاياتىدا پەقەت تۇخۇم ئىچىدىكى چۈجىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىكى ئىشى ئۆز ـ ئۆزىدىن يېتىلىشتىن ئىبارەت. تۇخۇم ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى ئۇنىڭ پۈتۈنلىنىپ كامىللىق دۇنياسىغا چىقىشىدۇر.»

**مۆمىننىڭ خۇرسەنلىك، زىيان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ھېس قىلىدىغانلىقى**

ئۇلار ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى ئىلاھىي كۆيۈنچ ۋە رەھمەتنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ، ئىلگىرىكى دەۋر ئۆلۈغلىرىدىن بىرى ئىبىتقان تۆۋەندىكى تونۇشتا بولىدۇ: «ماڭا بۇ دۇنيالىق ئىشلىرىمدا مۇسىبەت يەتسىلا مەن ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئۈچ نېمىتىنى كۆرىمەن: بىرىنچى: ئۇ مۇسىبەت دىنىمغا كەلمەيتۇ. ئىككىنچى: ئۇ مۇسىبەت ئەڭ چوڭ مۇسىبەت ئەمەسكەن. ئۈچىنچى: مەن ئاللاھنىڭ مۇسىبىتىمگە ساۋاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان نېمەت كىشىلەر ھاياتىدىكى بارلىق دۇنيا مۇسىبەتلىرىگە ئورتاقتۇر.

شۇڭلاشقا مۆمىن بولغان ئادەم ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئاللاھتىن مىننەتدار بولۇش تۇيغۇسىدا ياشىشى كېرەك.

بۇنداق قىلىش كۆپىنچە مەمنۇنلۇق ۋە راھەتنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا يولۇققۇسى نۇرغۇن بالا ـ قازا ئۇنىڭدىن توسىلىدۇ، بار بولغان نېمەت ئۇنىڭغا قالىدۇ.

تابىئىن ئالىملىرىدىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير چىداملىق، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ھېس قىلغۇچى مۆمىنلەرنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولالايدۇ. ئۇنىڭ پۇتى ئاقما كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. دوختۇرلار كېسەلنىڭ پۇتتىن بەدەنگە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋېتىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ پۇتىنى كېسىۋېتىشكە رازىلىق بېرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ناركوز دورىسى ئىچكۈزمەكچى بولىدۇ. ئۇ: مەندەك بىرئاللاھقا ئىشىنىدىغان مۆمىن ئۆزۈمنى مەست قىلىپ ئاللاھنى تونۇمايدىغان ھالغا كەلسەم قانداق بولىدۇ؟ قېنى كېلىپ كېسىۋېرىڭلار، دەيدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ پۇتىنى تىزىدىن كېسىۋېتىدۇ.

ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۈن چىقارماستىن شۈك تۇرىدۇ.

ئاللاھ بۇ ئادەمنى ئىمانىغا يارىشا سىناشنى خالىغان ئىكەن، ئۇنىڭ پۇتى كېسىلگەن شۇ كېچىدە، ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. قېرىنداشلىرى كىرىپ ماتەم تۇتقاچ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ. ئۇ: «ئى ئاللاھ! ساڭا مەدھىيە ئېيتىمەن، باللىرىم يەتتە ئىدى بىرنى ئالدىڭ، ئالتىنى قويدۇڭ، مېنىڭ تۆت ئەزايىم بار ئىدى. بىرنى ئالدىڭ ئۈچنى قويدۇڭ، ئالغان بولساڭ

ئۆزەڭنىڭ بەرگىنىڭنى ئالدىڭ، سەن ھازىر مۇسىبەت بەرگەن بولساڭ بۇرۇن ئۇنىڭدىن ساقلىغان ئىدىڭ» دەيدۇ.

**دۇنيا مۇسىبەتلىرى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدۇ**

ئىنسانىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇسىبەتلىرىگە ياخشىلىق ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما دىنىنىڭ مۇسىبىتى بولسا چورتلا زىياندىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىندانغا چۈشۈپ خار بولۇش بىلەن زىناغا ماقۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، ئۇ قايسىنى تاللىدى؟

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھېچ ئىككىلەنمەستىن دۇنيا مۇسىبىتىنى تاللىدى. «يۇسۇف: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر.»[1] ئىسلام پەيغەمبىرى ئۆز ئۈممىتىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن تەلىم بەرگەن دۇئالىرى ئىچىدە بۇ دۇئامۇ بار: «ئى ئاللاھ بىزنىڭ مۇسىبىتىمىزنى دىنىمىزدا قىلمىغىن ۋە دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىمىزنىڭ غايىسى قىلمىغىن.»

**ساۋاپنىڭ ھالاۋىتى ۋە ئاغرىقنىڭ دەردى**

ئىنسانىنىڭ ئۆز ھاياتىدا ئاپەت، خەتەرلەرگە يولۇققاندا بۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھنىڭ ساۋاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشى يەنە بىر روھى نېمەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانغا ئاپەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ نېمەت گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشىدە ئەكس ئېتىدۇ. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇسۇلمانغا يەتكەن غەم ـ قايغۇ، جاپا ـ مۇشەققەت،

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى 33- ئايەت.

ئاغرىق ھەتتاكى پۇتىغا كىرىپ كەتكەن تىكەن ئۇچۇنمۇ ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.»

سالىھلارنىڭ بىرىنىڭ تاپىنىغا تىكەن كىرىپ كەتتى، ئۇ ئاھلانماستىن تەبەسسۇم قىلدى ۋە: بىز ئاللاھنىڭ بەندىسى، بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، دېدى. بىرى ئۇنىڭغا: پۇتىڭىزغا بىر نەرسە كىرىپ كەتسە ۋاي دېمەي كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟ دېدى. ئۇ: بۇنىڭ ساۋابىنىڭ ھالاۋىتى ماڭا ئۇنىڭ ئاچچىق ئەلىمىنى ئۇنتۇلدۇردى، دېدى.

**ئىماننىڭ رولىغا دىنسىزلارمۇ قايىل**

دىنسىزلارمۇ ئۆز قانۇنلىرى ۋە قاتمال ماتېرىيالىستىك پەلسەپەلىرىنىڭ خەلققە ئېغىرچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، جىددىي پەيتلەردە سەبىر ۋە چىدام بېغىشلايدىغان مەنىۋى كۈچنى بىرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنچە مۇتەئەسسىپ سوتسىيالىستلارمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا، دىنىنىڭ خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ۋە قوزغىلىپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرۇشتىكى رولىنى نەزەردە تۇتۇپ ۋاقتىنچە دىنىنى بوش قويۇۋېتىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. شارائىت ئۇلارنى خەلقلەرنى ئۆز ئېڭىغا قايتىپ قەلبلىرىدىكى باشقا ھېچنېمە توشقۇزالمايدىغان بوشلۇقنى ئىمان بىلەن توشقۇزۇۋېلىشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئىماننىڭ جەمئىيەت ھاياتىدىكى رولى

شەخس بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدا كىرىشىپ كەتكەن، تورسىمان مۇناسىۋەت بار، شۇڭلاشقا بۇ ئىش شەخسكە، ئۇ ئىش جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت ماھىيەتتە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئارا ئورتاق مۇناسىۋەتلىشىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ياخشى شەخس يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق تىرىشچانلىق ئۆز نۆۋىتىدە ياخشى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتى خۇددى بىنالارغا ئوخشايدۇ. جەمئىيەتتىكى شەخسلەر بىنالارنىڭ خىشلىرىغا ئوخشايدۇ. خىشلار ياخشى پىشۇرۇلغان ۋە ئۇلارنى بىر - بىرىگە يېپىشتۇرۇپ تۇرىدىغان سېمونتىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاندىلا ئۇلاردىن مۇستەھكەم، پۇختا بىنا پۈتۈپ چىقىدۇ.

بىز بۇرۇن سۆزلەپ ئۆتكەن «ئىماننىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان تەسىرى» دېگەن بابقا قارايدىغان بولساق، ئىمانلىق شەخسنىڭ روھىي تىنچلىق، ئازادىلىك، مەمنۇنلۇق ئىچىدە، ئۈمىد شاماللىرى ئېسىپ تۇرغان كەڭرى مۇھەببەت سايىسى ئاستىدا ياشايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىقىدەك سۈپەتكە ئىگە ئىنسان ئىلغار ئىنسان بولالايدۇ ھەمدە ساغلام جەمئىيەت بىناسىنى قۇرۇشقا يارامىلىق ساغلام خىش بولالايدۇ. مانا بۇنداق ئاراملىق، خاتىرجەملىك، مەمنۇنلۇق، ئۈمىد، مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلۇق ھېسسىياتى بىلەن

قوراللانغان شەخسلەر جەمئىيىتى بەختكە، تەرەققىياتقا، تىنچلىققا قاراپ يول ئالغان جەمئىيەتتۇر.

تەرەققىي تاپقان، بەختلىك، ئەۋزەل بىر جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى شۇ جەمئىيەت شەخسلىرىنىڭ ئۆم ـ ئىناقلىقىدۇر. شەخسلەر ئارا مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىشىشى ۋە پارچىلىنىشى بىر جەمئىيەتتىكى ئەڭ زور پاجىئەدۇر. بۇ كىبسەل شەخسلەرنىڭ قەلبىدىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىشىپ كېتىشى، ئۆزىدىن باشقىنى ئۇنتۇشى ۋە ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھېسسىياتى ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانماسلىقى قاتارلىق ئىللەتلەردىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ ئۆز قىممىتىنى، ئۆز ھۆرمىتىنى، ئاللاھ بەرگەن قابىلىيەتكە بولغان ئىشەنچىنى ۋە نېمەت تۇيغۇسىنى يوقىتىشىمۇ بىر خىل ئېغىر روھىي ۋابادۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان كۆڭلىدىكى ئالىيجاناب تۇيغۇلار ۋە ياخشى ئەمەللەرگە بولغان قىزىقىش ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي پوچەك غايىلەر، چۈشكۈنلۈك، خارلىق، ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى قاپلىۋالىدۇ، بۇ تۇيغۇلار شەخسنى كېرەكتىن چىقىرىپ، جەمئىيەت بىناسىنى ۋەيران قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر جەمئىيەت ھېسسىياتنىڭ ئەقلنى بېسىپ چۈشمەسلىكى، ئىمتىياز ۋە ھوقۇقنىڭ ھەقىقەتنى، ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ بۇرچ ـ مەجبۇرىيەتنى، شەخسى مەنپەئەتنىڭ ئاممە مەنپەئىتىنى بېسىپ چۈشۈشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇئامىلە ۋە ئالاقىلەرنى بىر ياقلىق قىلىدىغان تۈزۈملەرگە موھتاج بولىدۇ. بۇنداق تۈزۈملەر ئەلۋەتتە كىشىلەر روھىيىتىنى ئىسلاھ

قىلىش، ۋىجدانىنى ئويغىتىش ۋە ئەخلاق تەربىيەسىگە تايىنىپ ئورنىتىلىدۇ. ئۇلارسىز ئىلىپ بېرىلغان ھەرقانداق قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ياكى ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش خۇددى قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە بىنا سالغانغا ئوخشايدۇ. «ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.»[1]

بىز تۆۋەندە ئىماننىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قانداق ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ جەمئىيەتنى قانداق قىلىپ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈدىغانلىقىنى، ماتېرىيالىستلارنىڭ باشلىرىنى تۆۋەن سالغۇزىۋېتىدىغان دەرىجىدە ئېنىق كۆرۈۋالايمىز.

## ئىمان ۋە ئەخلاق

«ئەخلاقى ئەڭ ياخشى مۆمىن ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىندۇر.»[2]

**ھايۋانغا ئۆز تەبىئىتى يېتەرلىك**

ئەگەر بىز ھايۋانلار دۇنياسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ئۇلاردىكى تۇغما تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا تۇرمۇشنى توغرا تەشكىللەش ۋە ئىشلارنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش جەھەتلەردە ئوبدانلا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، بىز چۈمۈلىلەر توپىنىڭ قىشلىق ئۈچەك تۇرمۇشىغا ئوزۇقلۇق توپلاش ئۈچۈن قانداق ھەمكارلىشىپ ۋە ماسلىشىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆزەتكىنىمىزدە،

---

[1] رەئد سۈرىسى 11- ئايەت.
[2] تىرمىزىي رىۋايىتى.

بولۇپمۇ بىر خانىش، چىشى ۋە ئۇرغاچى ھەرىلەردىن تەركىب تاپقان ھەسەل ھەرە پادىلىقىدىكى ھەر بىر ھەرەنىڭ ئۆز ئىشىنى قانچىلىك ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنداۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بىر بىرى بىلەن زىچ ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشلىرىنى كۆزەتكىنىمىزدە يۇقىرىقى ئەھۋالنى گەۋدىلىك بايقايمىز. مانا بۇمۇ شۇ جانلىقلارغا قانداق ياشاش، قانداق قوغدىنىش جەھەتتە ئاللاھ ئۇلارغا ئىلھام بىلەن تەبىئىي يوسۇندا بىلدۈرگەن بۇ ئىنچىكە تۈزۈملەر ئۈستىدە ئويلىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىبىتقاندا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بارلىق - بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىدا مۇنداق كېلىدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: ‹تاغلارغا، دەرەختلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن، ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر(يەنى گۈل - چېچەكلەر) دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن› ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىفا بولىدىغان رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) ئويلايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار.»[1]

**ئىنسان تەبىئىتى تولىمۇ مۇرەككەپ**

ئىنساننىڭ تەبىئىتى تۈرلۈك، خىلمۇ خىل بولۇپ، چۈشىنىش تولىمۇ قىيىن، ئىنساننىڭ تەنھالىق تەبىئىتى ئۇنى شەخسىيەتچىلىككە

[1] نەھل سۈرىسى 68-، 69- ئايەتلەر.

ۋە مەنمەنچىلىكىكە ئۇندەيدۇ، ئىجتىمائىي تەبىئىتى ئۇنى ھەمكارلىشىشقا ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىشكە ئۈندەيدۇ. ئىنساندا ماددىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئۈندەيدىغان تەبىئەت ۋە روھنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئۈندەيدىغان تەبىئەت تەڭلا مەۋجۇد بولىدۇ. سەۋەبى ئىنسان مۇرەككەپ بىر مەخلۇق. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى زېمىن ۋە ساماۋى پارچىدىن، جەسەت ۋە روھتىن، شەھۋەت ۋە ئەقىلدىن، ئىنسانلىق ۋە ھايۋانلىقتىن، پەرىشتىلىك ۋە شەيتانلىقتىن تەركىب تاپقان. شۇڭلاشقا بەزى پەلسەپىلەردە ئۇنىڭ روھى ۋە ماددىي ئالەم بىلەن بىر تۇتاشلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنسان ئىككى دۇنيانىڭ گىرەلىدانى.»

ئەنگلىيە پەيلاسوپى بېرتراند روسسېل مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنساننىڭ تەبىئىتى باشقا ھەرقانداق ھايۋاننىڭ تەبىئىتىدىن كۆپ چىگىش. ئىنسان دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار مۇشۇ چىگىشلىكتىن تۇغۇلىدۇ. ئۇ ھەرە ۋە چۈمۈلىدەك جۈغۈم ياشايدىغان مەخلۇق ئەمەس، يولۋاس ۋە شىرلاردەك يالغۇز، مۇستەقىل ياشايدىغان مەخلۇقمۇ ئەمەس. ئۇ ئىجتىمائىي ھايۋانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بەزى تەبىئەت ۋە ھەۋەسلىرى ئىجتىمائىي، بەزىلىرى شەخسى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىجتىمائىي تەرەپ، شەخسى تەرەپنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالغاندىلا نامايان بولىدۇ. شەخسى تەرەپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خۇسۇسى ئىشلىرىنى مۇستەقىل قىلىشنى ياخشى كۆرۈشىدە، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش ئويىدا بولماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بىز تولۇق ئىجتىمائىي ئەمەس، شۇڭلاشقا بىز گە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەخلاق ۋە ئەخلاق يېتەكچىلىرىگە موھتاج. ھالبۇكى ھەرە ۋە چۈمۈلە

قاتارلىق جانىدارلار بۇ خىل نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولماستىن، بەلكى ئۆز تويىنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئىتىگە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ياشايدۇ.»

قانداق نەرسە ئىنسانغا توغرا، ساغلام ئەخلاقى قائىدىلەرنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ؟ قانداق نەرسە غايىگە يەتكۈزىدىغان ئەگرى-توقاي يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئىنساننى توغرا يولدا مېڭىشقا نېمە ئىلھاملاندۇرالايدۇ؟

قانۇنمۇ؟

ئەخلاق پەلسەپىسىمۇ؟

ياكى دىنمۇ؟

بىز تۆۋەندە بۇ ئۈچ تېمىنىڭ ھەر بىرىگە ئېنىق چۈشەنچىلەرنى بېرىپ ئۆتىمىز.

**قانۇن يەككە ھالدا ئىنساننىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلالمايدۇ**

قانۇن جەمئىيەت ئىشلىرىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش ۋە ئالاقە ئىشلىرىغا چەك قويۇش ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر بولغان نەرسە. لېكىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى يەككە ھالدا ياخشى كونترول قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نوپۇز كۈچى ئاشكارا ئىشلارغا، دائىرىسى ئومۇمى بولغان مۇناسىۋەتلىرىگىلا ئۆتىدۇ. مەخپى ۋە خۇسۇسىي ئىشلارغا ئۆتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش ئەمەس، جىنايەتچىلەرنى جازالاشتۇر. بۇ قانۇنلارنى ئۆزگەرتىش ئاسان، ئۇنىڭ ماددىلىرىنى ھاۋايى - ھەۋىسىگە بويسۇندۇرۇش ئاسان، جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشمۇ تەس ئەمەس، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، گۇناھ ۋە

بۇزۇقچىلىقنى تۈگىتىشتىن ئاجىز كەلگەن قانۇن، ياخشى ئىشقا تۈرتكە بولۇش، ئادالەتكە ئىلھام بېرىش قاتارلىقلاردىن تېخىمۇ ئاجىز كېلىدۇ. بىز ئىنسان قانۇنلىرىنى ئادالەت ۋە ھەقىقەتكە ماس كېلىدىكەن دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ھەرقانداق ھالەتتە بولمىسۇن يەنىلا ئۇنىڭ روھى كۈچى يوق، ئۇنىڭ كۈچى ئۇنى قوغداش ۋە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئۈتەۋاتقان ھۆكۈمەتتە بولىدۇ.

جامالىددىن ئافغانىي ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈللەرنى ئادالەت پىرىنسىپىغا تولۇق باغلىيالمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئۇ ئاشكارا زوراۋانلىقنى توسيالايدۇ، ئېنىق جىنايەتنى چەكلىيەلەيدۇ. ئەمما نىقابلانغان، ساختا ھەل بېرىلگەن باتىل، ئىسلاھات بويىقىدا بويالغان رەڭگارەڭ بۇزغۇنچىلىقلارنى ئۇلار قانداقمۇ توسۇپ قالالىسۇن؟ ھۆكۈمەت يەنە تالايلىغان ھىيلىلەر، يوشۇرۇن سۇيىقەستلەر، يەڭ ئىچى خىيانەتلەر، كۆز بويامچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىپ ئۇلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرالايدۇ؟

مەنسەپدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى كۆپىنچە شەھۋەتنى ئەقلىنى بېسىپ چۈشكەن كىشىلەر بولۇپ چىقىدۇ. قانداق بىر ياردەمچى رەھبەر ئۆز باشلىقىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭ ئەقلىنى بېسىۋالغان شەھۋەتلىرىگە بويسۇنۇشتىن چەكلىيەلەيدۇ؟ ئاجىز پۇقرالار، بىچارە خەلقلەرنى ئاشۇنداق شەھۋەتكە قۇل بولغان ئەمەلدارلارنىڭ يامانلىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىدىن نېمە قۇتقۇزالايدۇ؟

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللاھ دەرراز «دىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ھەمكارلىشىش بولمىسا

جەمئىيەتنىڭ بىجىرىملىكى يوقىلىدۇ. بۇ ھەمكارلىشىش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى رەتكە سالغۇچى قانۇن بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ. بۇ قانۇن ئۆز نۆۋىتىدە قانۇننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغدايدىغان، جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قانۇن ئورگانلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

زىمىن يۈزىدە قانۇننىڭ ئىززەت ئابرۇيىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، سىياسەت ـ تۈزۈملەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش جەھەتتە ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ دىنغا يەتمەيدىغانلىقىغا بىز ئىقرار.

بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، ئىنسان ئىختىيارى ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەردە ئۇنىڭغا ـ كۆرگىلى، تۇتقىلى، بولمايدىغان، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا مەخسۇس ئورنى بولمايدىغان، ئىدىيە ۋە ئاڭدىن ئىبارەت پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان روھىي ئامىلنىڭ قوماندانلىق قىلىدىغانلىقى بىلەن باشقا ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى بىر توپ كىشىلەر بۇ خىل ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇلار ئىنسان ئېڭى ۋە ئىدىيىسىنى جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن تەسىر ئالىدىغان نەرسىلەر دەپ قارىدى.»[1]

ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كۆپلەپ تارقاتقاندا دىنى ۋە ئەخلاقى تەربىيە رولىغا تايانماستىنمۇ جەمئىيەتنىڭ تىنچ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ دەپ قاراش

[1] ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى بۇ سۆزنىڭ تىغ ئۇچى ماركسىزمچىلارغا قارىتىلغان ـ ت.

ئاپ ــ ئاشكارا خاتالىق. چۈنكى ئىلىم ـ پەن ئىككى بىسلىق قورال بولۇپ، قورۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ئىشلەتكىلى بولغىنىدەك، بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيران قىلىشقىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئىلىم ـ پەننىڭ ياخشى خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ئەخلاقى نازارەتچى ئۇنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇ نازارەتچى ئەقىدە ۋە ئىماندىن ئىبارەت.

**ئەخلاق پەلسەپىسى ئەسقاتمايدۇ**

ئەخلاق پەلسەپىسى ھاجەتنى قامدىيالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئەخلاق پەلسەپىسىنى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن سەۋىيىسىز ئاممىغا ئۆزلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، ئەخلاق پەلسەپىسى پەقەت چەكلىك ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا ئۆزلىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىمۇ يەنە چەكلىك بولۇپ، قەلبلەرگە دىن ئورۇنلاشقاندەك مەھكەم ئورۇنلىشالمايدۇ.

كىشىلەر قايسى ئەخلاق پەلسەپىسىگە ئەگىشىدۇ؟ ھەر بىر پەيلاسوپنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پەلسەپىسى بار تۇرسا. ۋىلىيام جېمىس ۋە باشقىلارنىڭ «پراگماتىزم» پەلسەپىسىگە ئەگىشەمدۇ؟ ئارتىپۇ ۋە ئېپىكور تەشۋىق قىلغان «ھوزۇر ــ ھالاۋەت» پەلسەپىسىگە ئەگىشەمدۇ؟ ياكى نىتزي تەرغىب قىلغان «ھوقۇق» پەلسەپىسىگە ئەگىشەمدۇ؟ ياكى كانت تەرغىب قىلغان «بۇرچ» پەلسەپىسىگىمۇ؟

مۇئەييەن ئەخلاقىي خىسلەتلەرنى تۇتقا قىلىپ ياشىغان ئىنسان نېمە مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ؟ ئۇ ئەقىل قانائەتلىنىدىغان، كۆڭۈل رازى بولىدىغان مۇكاپاتمۇ؟ ياكى تۈزلەڭ چۆلدە تەشنا ئادەم قېشىغا كەلسە ھېچنېمە تاپالمايدىغان سەرابمۇ؟

ئۆز مىللىتى ۋە جەمەتى يولىدا قۇربان بەرگەن، ئۇلارنى قوغداپ زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟ ئىنسان كۆڭلى مانا بۇلارنى بىلگەن چاغدىلا ئارام تاپىدۇ.

**ئەخلاق پەلسەپىسى ئەمەس ئەخلاق كېرەك**

بىزنىڭ ئەخلاق پەلسەپىسىنى رەت قىلغانلىقىمىز ھەرگىزمۇ ئەخلاقنىڭ ئۆزىنى رەت قىلغانلىقىمىز ئەمەس.

ئەخلاق بولسا پەزىلەتلىك شەخسنىڭ قاياشى، ئىلغار جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى. ئەخلاقلىق خەلق مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ، ئەخلاقنى يوقاتقان خەلق تۈگىشىدۇ:

زىيان يەتسە مىللەتنىڭ ئەخلاقىغا،
ئۇ ھەمراھ ئاھۇ ـ زارلار ساداسىغا.

ئەخلاقنىڭ ئومۇمىي دىنلار، خۇسۇسەن ئىسلام دىنىدىكى ئورنى يۈكسەكتۇر. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى بۇندىن ئارتۇق ماختىمىغان: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇنۇ بىر سۆزگە ئىخچاملاپ مۇنداق دېگەن: «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.»

ئىسلام ئالىملىرىدىن ئىبنى قەييىم ھەزرەتلىرى مۇنداق دېگەن: «دىن دېمەك ئەخلاق دېمەكتۇر، كىم ئەخلاقىي جەھەتتە سەندىن

ئۇستۇن تۇرىدىكەن، ئۇ دىنىدىمۇ سەندىن ئۈستۈندۇر»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى يۇقىرىقى سۆزنى تەستىقلايدۇ: «ئەخلاقى ئەڭ ياخشى مۆمىن ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىندۇر.»

مانا بۇ، ئەخلاقنىڭ دىن ۋە جەمئىيەتتىكى ئەھۋالى. بىز بۇنىڭدىن ئەخلاقنىڭ دىنىنىڭ مۇھىم بىر تۈۋرۈكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

**دىن بولمىسا ئەخلاق بولمايدۇ**

دىن يالغۇز ئەخلاقنى يۈكسەلدۈرۈشكە چاقىرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى چىگىتىدۇ. ئومۇمىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى بېكىتىدۇ، توغرا كىشىلىك ئىستىل ئۈچۈن نەمۇنە تىكلەپ، كىشىلەرنى شۇ بويىچە ياشاشقا ئۈندەيدۇ، ئۇلارنى بۇزۇلۇش ۋە ئاينىشتىن چەكلەپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى يولدىكى جازا ۋە مۇكاپاتنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا قويىدۇ.

گېرمانىيە پەيلاسوپى فىشت «دىندىن ئايرىلغان ئەخلاقنىڭ رولى بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى گەندى مۇنداق دېگەن: «دىن بىلەن ئەخلاق بىر ـ بىردىن ئايرىلالمايدۇ، دىن ئەخلاقنىڭ روھى، ئەخلاق دىنىنىڭ ھاۋاسى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۇ زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ ياشنىشىغا ئوزۇق بولغىنىدەك دىنمۇ ئەخلاقنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئوزۇقتۇر.»

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان پۈتۈن جاھان ئەنگلىيىلىك سودىيە دىنىنگ ئەپەندىنىڭ سابىق ۋەزىر بىرۇف ۋە ئۇنىڭ ئاشنىسى كىللىر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جىنسىي سەتچىلىك توغرىسىدىكى

دوكلاتىدىن خەۋەر تېپىپ كەتتى. دىنىنىڭ ئەپەندى 850 سۆزلۈك دوكلاتنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاخىرىدا تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن شۇنداق دەيدۇ: «دىن بولمىغان يەردە ئەخلاقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەخلاق بولمىغان يەردە قانۇننىڭ كۈچى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.»

دىن مىسلىسىز پاك مەنبە بولۇپ، دىن ئارقىلىق ياخشى ئەخلاق بىلەن يامان ئەخلاقنى ئايرىغىلى بولىدۇ. دىن ئىنساننى داۋاملىق ئۇنىڭ دىققىتىدە بولىدىغان، ئۇنىڭغا ھەرىكەت نىشانى بولىدىغان ئەڭ يۈكسەك نەمۇنىلەرگە باغلايدۇ، دىن شەخسنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى چەكلەيدۇ. شەخسنى ئادەتنىڭ باشقۇرۇپ كېتىشى ۋە ھەۋەس بالالىرىدىن قوغدايدۇ. شەخسنى ئۇلۇغۋار ئىنسانىي غايىلەر ۋە نەمۇنىلەرگە بويسۇندۇرىدۇ. شۇنداقلا شەخستە ئەخلاق قەسىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئاساس بولىدىغان ئويغاق ۋىجدانىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

**ئىمان ۋە يۈكسەك نەمۇنىلەر**

دىنسىز ۋە ئېتىقادسىز ئىنساننىڭ غايىسى، غېمى نېمە؟ ھاياتىدىكى ۋەزىپىسىچۇ؟

ئۇنىڭ غايىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشمۇ؟ ياق، ئۇ ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، تىنچلىقنى خالىمايدۇ، ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق ئىرادە ۋە كۈچنى زېمىندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىش، ئۆز سۆزى بىلەن پەخىرلىنىش، كۈچى ۋە ھۆكمىنى نامايان قىلىشلارغا ئىشلىتىدۇ. ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش يولىدا ئىنسان

كاللىسىدىن مۇنار ياساپ ئۇ مۇنارنى بىگۇناھلار قېنى بىلەن بوياپ چىقىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇنىڭ شوئارى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

دۇنيا بىزنىڭ ھەر قاچان، ئۆزىمىز بەگ ھەمدە خان،
كۆزىمىزگە سىغمىغان ياشالمايدۇ تىنچ ـ ئامان.
بىز بار يەردە باشقىغا ئاسان كۈن يوق، ئارام يوق،
چېقىلىمىز ھەر كىمگە خالىغانچە ـ خىرامان.
قۇچاقتىكى بوۋاقلار قېتىلغاندا قاتارغا،
بىزنى بوزەك قىلغاننى يەر بىلەن قىلار يەكسان.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر پايدا بېرەلمىسەڭ زىيان كەلسۇن قولۇڭدىن،
پايدا بەرمەك، زىيان سالماق يىگىتلىك يوسۇنۇڭدىن.

ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىدىكى كىشىلەر قاتارىدىن بولىدۇ. «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلار) نىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ.»[1]

ئەمما مۆمىن بۇيۇك ۋەزىپە ئۈچۈن ياشايدۇ. يۈكسەك نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئاللاھنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈش، ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئاللاھتىن ساۋاپقا ئېرىشىشنى

[1] رەئد سۈرىسى 25- ئايەت.

نىشان قىلىپ ياشايدۇ ۋە ئۇنى تۇتقا قىلغان ھالدا ئۆلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ياخشىلىققا ئىنتىلىپ ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى باسىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ مۇنۇ سۆزى دائىم ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولىدۇ: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان ماللار، ئوغۇللار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك). (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بار بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رىزاسى بار، ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن دەيدۇ. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەبىر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچىلاردۇر.»[1]

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 14ـ 17 ـ ئايەت.

مۆمىننىڭ يۈكسەك غايىسى ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئاللاھنىڭ ساۋابى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى ئاللاھقا يەتكۈزگۈچى ئامىللار بىلەن توشقۇزۇۋېتىدۇ. ئۇنى دائىم ئاللاھ ۋە ئاخىرەتنى ئۈمىد قىلىپ ياشايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈش كىشىنى ھايۋانلار، يىرتقۇچلار ۋە ئىبلىسلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن قوغداپ قالىدۇ.

بەزى يازغۇچىلار كىشىلەرنى چەكتىن ئېشىشقا قۇترىتىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار دېيىلسە، ئۇلار بۇ چاقىرىقنىڭ مەنىسىنى ئىنسانلىقتىن ئىلاھلىق دەرىجىسىگە يېتىڭلار، دېگەن ئۇقۇمدا چۈشىنىۋالىدۇ. بۇ توغرىلىقتىن تولىمۇ يىراق خىيال. مۆمىننى ئاللاھنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىشنىڭ مەنىسى: كامالەتسىرى ئۆرلەش ۋە ئىلغارلىششقا دائىم ئۇرۇنۇش دېگەنلىكتۇر. مۆمىننىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلغارلىششى ئىلاھىي كامالەت نۇرىدىن قۇدرىتى يەتكەنچە ئىنسانلىقىغا لايىق ئۈلۈش ئېلىشتۇر.

ئاللاھ بىلگۈچى، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچىدۇر، مۆمىن ئۆزىنىڭ چامى يېتىشىچە بىلىم ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولۇشقا ئۇرۇنىشى كېرەك.

ئاللاھ كۆيۈمچان ۋە مېھرىباندۇر، مۆمىنمۇ ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يېتىشىچە كۆيۈمچان بولۇشقا تىرىششى كېرەك.

ئاللاھ ئۆزكۈچ (ئۆزگىدىن بىھاجەت ـ سەمەد) ۋە سېخى ـ بىرەرمەندۇر، مۆمىنمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق چامىنىڭ يېتىشىچە بىھاجەتلىك ۋە سېخىلىك بىلەن سۈپەتلىنىشكە تىرىششى كېرەك.

ئـاللاھ سـەبىرچان ۋە ھەلىمـدۇر، مۆمىنمـۇ ئۆزىنىـڭ ئىنسـانلىق قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە سەبىرچان ۋە كەڭ قورساق بولۇشقا ئىنتىلىشـى كېرەك.

ئاللاھ تىزگىنلەپ تۇرغۇچىـدۇر، مۆئمىنمـۇ يـاۋۇزلار ۋە ھەددىدىـن ئاشـقۇچىلار ئالدىـدا كۈچتۈڭگـۈر بولۇشـقا تىرىششـى كېـرەك، ئـاللاھ پەسكەشلىكنى مەنسىتمەيدىغان، ئالىيجانـاب زاتتـۇر، مۆمىنمـۇ رەزىـل قىلمىشلار ۋە ناچـار ئىشـلاردىن ئـۆزىنى ئۈسـتۈن تۇتۇشـقا تىرىششـى كېرەك.

ئـاللاھ يېڭىلمەســتۇر، ئىنتىقــام ئالغۇچىــدۇر، مــۆمىن كــاپىرلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ۋە ئۆزىنى بوزەك ئەتكەن زالىم كۈچلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقا تىرىششى كېرەك.

ئـاللاھ ياخشـى ئىشـقا كـۆپ سـاۋاپ بەرگـۈچى، كـۆپ مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر، مـۆمىن ئـۆزىگە ياخشـىلىق قىلغـان كىشـىگە مۇكاپـات بەرگۈچى، يامانلىق قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلغۇچى بولۇشى كېرەك.

ئاللاھ توغرا يول ئۈستىدىدۇر، ئىنسـان ئەگـرى ـ توقـاي يـوللاردا ئېزىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن توغرا يول تېپىشقا تىرىششى كېرەك.

ئـاللاھ بـارلىق مـۇكەممەل سـۈپەتلەر بىـلەن سـۈپەتلەنگۈچىدۇر، بـارلىق نۇقسـاندىن پـاك، خـالى زاتتـۇر، مـۆمىن چامىنىـڭ يېتىشـىچە كەمچىلىكتىن خـالى بولـۇش ۋە كامـالى سـۈپەت بىـلەن سـۈپەتلىنىش نىشانىنى ئۆزىنىڭ دىققەت مەركىزى قىلىشى كېرەك.

ئىنسـانىنىڭ روھىيىتـى ئۈچـۈن ئاللاھنىـڭ ئەخلاقـى بىـلەن ئەخلاقلىنىشتىنمۇ ئـۈتە تەسـىرى زور ۋە ئۈلـۈغ يەنە قانـداق ئىلھـام بار؟!

مۆمىن ئۆز دىققەت نىشانى قىلغان ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ياخشى ئەمەل بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا يەنە قانداق بۈيۈك ئارزۇ بار؟!

**دۇنيا مەنپەئەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەخلاققا كەلتۈرىدىغان زىيىنى**

ئىنسانىيەت ئەخلاقىنىڭ بىجىرىملىكىگە ئەڭ كۆپ خەتەر ۋە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە بولسا، تۆرلۈك دۇنيا مەنپەئەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېزىتقۇ ھەۋەسلىرىدىن ئىبارەت.

دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق بولۇپ كېتىش ھەممە خاتالىقلارنىڭ باشلامچىسىدۇر، دۇنيانى قوغلىشىش ھەممە ئاپەتلەرنىڭ يىلتىزىدۇر. كىشىلەر دۇنيانى دەپ قېرىندىشىنى سېتىۋېتىدۇ، دۇنيانى دەپ باللار ئاتىسىنى ئۆلتۈرىدۇ، دۇنيانى دەپ كىشىلەر ئامانەتكە خيانەت قىلىدۇ، ۋەدىگە ئەمەل قىلمايدۇ، توختامنى بۇزىدۇ. دۇنيانى دەپ ھەقىقەتتىن تانىدۇ. سودىگەر ــ سېتىقچىلار ئالدامچىلىق قىلىدۇ، كەم بېرىدۇ. رەھبەرلەر زالىملىق، پارىخورلۇق قىلىدۇ. روھى ئاجىز ئادەملەر مۇناپىقلىق، ساتقۇنلۇق قىلىدۇ. دۇنيانى دەپ ئالىملار ئۆزى بىلىدىغان ھەقنى يوشۇرىدۇ، ئۆزلىرى باتىل دەپ تونۇيدىغان نەرسىلەر بىلەن پەتىۋا ــ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. دۇنيانى دەپ مۇخبىرلار يالغان ۋە ساختىنى تەشۋىق قىلىدۇ. دۇنيانى دەپ شائىرلار ئاقكۆڭۈل، باغرى ساق ئادەملەرنى ھەجۋى قىلىدۇ، ھاراقكەش زوراۋانلارغا مەدھىيە قەسىدىلىرىنى توقۇپ چىقىدۇ.

دۇنيانى دەپ قانلار تۆكۈلىدۇ. ھۆرمەتلەر ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ. قانۇنلار دەپسەندە قىلىنىدۇ. دىن، ئابرۇي، ۋەتەن، ئىپپەت ـ نومۇس، ۋە بارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەر سېتىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا ئۈچۈن بولىدۇ. دېمىسىمۇ، ھاياتنى ياخشى كۆرۈش ئىنساننىڭ تەبىئىتى. ئەگەر بۇ تەبىئەت بولمىغىنىدا زېمىن ئاباد بولمايتتى، ھايات دەرىخى چېچەكلىمەيتتى. كىشىلەرگە تۇرلۇك ئارزۇلارنى ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمەت قىلىپ بېرىلگەنلىكى ھېكمەتكە قارشى ئەمەس، لېكىن بارلىق خەتەر كىشىلەرنىڭ دۇنيا مۇھەببىتىگە غەرق بولۇشى ۋە دۇنيا ئىستەكلىرىگە بېرىلىپ كېتىشتىن كېلىدۇ. شۇڭا ئىسلام پەيغەمبىرى بىزگە ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن: «ئى ئاللاھ! دۇنيانى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن.»

ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنگەن كىشى دۇنيا ھەۋەسلىرىدىن ئۈستۈن تۇرالايدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ دۇنياغا خىتاپ قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «نېرى كەت، ئەي بايلىق، باشقىلارنىڭ يېنىغا بار، ماڭا تۇساتتىن ئۇچراپ قالدىڭمۇ؟ ياكى ماڭا ئاشىق بولدۇڭمۇ؟ مەن سېنى يانغىلى بولمايدىغان ئۈچ تالاق بىلەن قويۇۋەتتىم.» ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئېيتىدۇ: «ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بورا ئۈستىدە ئىكەن، ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىقىنىدىكى بورا ئىزلىرىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەي رەسۇلۇللاھ، بۇنىڭدىن ياخشىراق سېلىنچا سالساڭچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى: مەن بىلەن دۇنيانىڭ نېمە

ئىشى؟ مەن بىلەن دۇنيا خۇددى پىزغىرىم ئىسسىق بولغان بىر كۈندە سەپەر قىلىۋېتىپ، دەرەخ سايىسىدا بىر پەس سالقىنداپ ئارقىدىن يۈرۈپ كەتكەن يولۇچىغا ئوخشايدۇ». دېمەك، ئىمان مۆمىننى دۇنيا ھەۋەسلىرىدىنمۇ مەڭگۈلۈك بولغان نەرسىگە باغلايدىغان بىردىنبىر رىشتە.

ئىمان دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە ئېزىقتۇرىشىغا قارشى ئىگىسىگە كۈچ ئاتا قىلىدىغان مىسلىسىز گۆھەر.

مۆمىن دۇنياغا ئىگە بولىدۇ، دۇنيا مۆمىنگە ئىگە بولالمايدۇ. دۇنيا مۆمىننىڭ قولىنى تولدۇرالايدۇ، قەلبىنى تولدۇرالمايدۇ. سەۋەبى مۆمىن دۇنيادا كۆچمەن ياكى مۇساپىردەك ياشايدۇ. دۇنيادا بۇ روھ بىلەن ياشىغان ئادەم ھەر قانداق بىر بايلىققا ئىگە بولۇش قايغۇسىدىن يىراق بولىدۇ. ئۇ ئۆزى زېمىندا كېتىۋاتسىمۇ قەلبى ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

مۆمىن دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ كەلمەيدىغانلىقىغا، ئاللاھتىن قورقۇپ ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامازنىڭ ئاللاھنىڭ قېشىدا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ يولىدا ئەتىگەن ۋە كەچلەردە قىلىنغان سەئيى ـ ھەرىكەتنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ياشايدىغان بىردىنبىر ئادەم. لېكىن بۇنىڭ مەنىسى مۆمىن ھاياتتا تىرىكچىلىك قىلماي ئولتۇرۇشى، ئۆزىگە ھاياتنىڭ ياخشى، ئېسىل نەرسىلىرىنى ھارام قىلىشى ياكى بۇ دۇنياسىنى كاپىرلار ۋە بۇزۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا تاشلاپ قويۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ھەرگىز ئۇنداق

ئەمەس. ئەكسىچە مۆمىن دۇنيانى ئابادلاشتۇرۇشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، دۇنيادا قۇل ئەمەس خوجايىن بولۇپ ياشاشقا بۇيرۇلغان.

بەلكى، مۆمىن ئاخىرەتنى ئۆزىنىڭ ئاداققى تىرىشىش نىشانى قىلغان، دۇنيانى غايىسى ئەمەس قورالى، مەنزىل ئەمەس ئۆتەر يولى قىلغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك.

ئاخىرەتكە كەسكىن ئىشەنمەيدىغان ئادەم ئۆز ھەۋەسلىرىدىن كۆڭۈل ئۈزەلمەيدۇ. ئۆز مەستلىكى ۋە لەززەت ـ خۇمارىدىن كېچەلمەيدۇ. شۇڭا ئۆمەر ھەييامدەك كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى دېيىشلىرى بىزنى ھەيران قالدۇرالمايدۇ. ئۇ شۇنداق يازىدۇ:

دېيىشەر بەزىلەر شالىنى چېچىپ:
دوزىخىي بولىسەن ھامان مەي ئىچىپ.
مەن دېدىم: مەي ئىچىپ تاپقان ھوزۇرۇم،
جەننەتكە كىرگەندىن كېتىدۇر ئېشىپ.

* * *

قېنى ئۇ مەرد ئۆلپەت، قېنى ناشتا مەي،
دەرد چۈشتى يارىدار يۈرىكىمگە، ھەي ...
ئۆچ نەرسە بار، ئۇنى قاتتىق سۆيىمەن:
نەغمە، مەي، ئاي يۈزلۈك، دېسەم شۇنى دەي.

بۇ ئادەم بۇ گەپلەرنى دېگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاخىرەتكە قىلغان گۇمانى ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىنى بېسىپ چۈشكەن. ئەگەر ئۇ

ئاخىرەتكە ھەقىقىي ئىشەنگەن بولسا، جام، مۇزىكا ۋە ئاي يۇزلۇك پەرىلەر ئاللاھنىڭ ساۋابى ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ تۇيۇلغان بولاتتى.

ئىمان تەبىئىي ئىستەك ۋە شەھۋەتلەردىنمۇ، ئادەت كۈچىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان يېڭىلمەس، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈچتۇر.

**تەبىئىي ئىستەك ۋە ئىمان كۈچى**

تەبىئىي ئىستەكنىڭ ئىنساننى قوزغاتقۇچى ئالاھىدە كۈچ ئىكەنلىكى شەك سىغمايدىغان ھەقىقەت. لېكىن مۆمىن ئۆزىنىڭ ياشاش غايىسى قىلىۋالغان ئالىي ئۆلچەملەر ئۇنى يۇقىرىقى كۈچتىن ھالقىپ چۈشۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

خۇسۇسەن جىنسىي ئىستەك ئەڭ كۈچلۈك ۋە قارشى تۇرغۇسىز بىر تەبىئىي ئىستەك بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا پسىخولوگىيە ساھەسىدە ئىنسانىدىكى بارلىق پائالىيەتچانلىقنى جىنسقا باغلاپ چۈشەندۈرۈشلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، فىروئىدنىڭ جىنسىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى غەيرىي ئىنسانىي قاراشلار بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ باشقا ئىستەكلىرى، روھىي ئامىللىرى ۋە ئىچكى تۈرتكىلىرىدىن بىخەۋەر قالغان ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىزاھلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكىدەك ئورۇن يوق.

مانا بۇ جىنسىي ئىستەك ياشلاردا ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ياشلار تۇرمۇشقا بولغان تونۇش ۋە تەجرىبىسىنىڭ ئازلىقى، نەپسىنىڭ قۇترىتىشى، جىنسىي ھەۋىسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن بەئەينى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. جىنسىي ھەۋەس كۈچى

ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلارنى كىشىلەر كۆزىدىن ياكى قانۇنىنىڭ جازاسىدىن خالى جايدا پۇرسەت بولسىلا ئۆزىگە ھالال بولمىغان ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن نېمە توسالايدۇ؟ ئۇنى ئىماندىن باشقا ھېچنەرسە توسۇپ قالالمايدۇ.

مانا بۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسى:

ياشلىق دەۋرىدىكى يىگىتلىكى ئۇرغۇپ تۇرغان يۇسۇفنى پۇقەرا ئەمەس، بەلكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيىدىكى ئايال خوجايىنى، مەرتىۋىلىك گۈزەل ئايال ئىشىك ـ دەرىزىلەرنى تاقاپ شارائىتنى تەق قىلىپ ئۆز يېنىغا چاقىرىدۇ. قۇرئاندا بۇ ھەقتە: «يۇسۇف ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: بېرى كەل! دېدى. يۇسۇف: خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەققەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، مېنى ئەڭ ياخشى كۈتتى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەققەتەن نىجات تاپمايدۇ، دېدى.»[1] دەپ بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ ئازدۇرۇش ئالدىدا تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق بولدى؟ ھالبۇكى ئۇ، كىشىنىڭ ئەقلىنى يوقىتىدىغان ئازدۇرۇش ئىدى. زىلەيخا بارلىق ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ پەيلىنى يۇمشىتىپ، قەتئىيلىكىنى بوشاشتۇرماقچى بولدى. زىلەيخا بۇنى قول ئاستىدىكى ئاياللارغا بوغۇلۇش ۋە ئاچچىق ئىچىدە ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مانا بۇ، سىلەرنىڭ مېنى

[1] يۇسۇف سۈرىسى 23- ئايەت.

ئەيىبلىشىڭلارغا سەۋەب بولغان ھېلىقى ئادەم، مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنە بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلمىسا چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ، دېدى.»[1]

لېكىن ياش يۇسۇف ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دېدى: «يۇسۇف: ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن قايتۇرمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، دېدى.»[2]

ئازدۇرۇش مۆمىنىنىڭ ۋىجدانى بىلەن گۇناھنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئارىسىدا بولغان ئىدى، قىزىقتۇرۇشلار مەغلۇپ بولۇپ، ئىمان يېڭىپ چىقتى.

شۇ پەيتتە ئۇزۇن مۇددەت ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كۆڭۈل رىغبەتلىرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا قىينىلىۋاتقان ياش زىلەيخادىكى بىردىنبىر ئىستەك گۈزەل، نەۋقىران بىر يىگىتنىڭ ۋىسالىگە يېتىش تەشنالىقى ئىدى. ناۋادا يۇسۇفنىڭ سولىنىپ قېلىشى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئىمان توسالغۇسى يوق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىرەر ئىش قىلىپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى...

ئېيتىلىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ياشىغان، ئېرىدىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ قالغان بىر ئايال كېچىلىرى يالغۇزلۇق ئازابىدا پۇچۇلىنىپ مۇنداق دەر ئىكەن:

نېمانچە تاڭ ئاتماس بۇ مۇدھىش كېچە،
يارىممۇ يوق بۇندا ئويۇن ئەتكۈچە.

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى 32- ئايەت.

[2] يۇسۇف سۈرىسى 33- ئايەت.

خۇدادىن قورقمسام بۇنداق ياتقۇچە،
كۆڭلۈمنى ئاچاتتىم تازا يەتكۈچە.

ئاچچىق كۈچى ئىنساننى بىر تىلغا ئىككى تىل قايتۇرۇشقا، ئىنتىقام ئېلىش، ۋەيران قىلىشقا قۇترىتىدۇ. ئىنسان بۇ ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قوداڭشىپ كەتكەن يىرتقۇچ ياكى ۋەيران قىلغۇچ بورانغا ئايلىنىدۇ. شەيتان غەزەپ چوغىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تاشلايدۇ.
بۇ ھېسسىياتنىڭ تىزناقلىرىنى نېمە يۇلالايدۇ؟ يېلىنجاۋاتقان بۇ چوغقا نېمە تەمكىنلىك سۈيىنى قۇيالايدۇ؟
پەقەت ئىمان، ئىمانلا مۆمىننى ئاچچىقنى يۇتۇشقا، زۇلۇم قىلغانلارنى كەچۈرۈشكە، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.
بىر كۈنى بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە سۆزلەۋېتىپ ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويىدى. ئۆمەر ئۆزىنىڭ بىر پادىشاھ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغانلىقى تۈپەيلى ئاچچىقىدا ئۇنى جازالاش ئويىغا كەلدى ـ يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ ئادەمگە مۇنداق دېدى: «شەيتان ماڭا پادىشاھلىق ئىززىتىم بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلدى، ھازىر سېنى جازالاپ ئاخىرەتتە سەن ئۈچۈن جازالىنىمەنمۇ؟ تۇر، ئاللاھ بېشىڭنى ئامان قىلغاي، بىزگە تولا گەپ قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.»

**ئىمان شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ**

شەخسىيەتچىلىك ياكى لەززەت قوغلىشىش ئىستىكى ئىنساندىكى بېسىش قىيىن بولغان بىر خىل كۈچلۈك تەبىئەت، ئىنسان بۇ تەبىئەتكە بويسۇنۇپ كېتىشتىن ساقلىنالمايدۇ. لېكىن ئىمان كۈچى

شەخسىيەتچىلىك تەبىئىتىنى يىمرىپ تاشلاپ ئۇنى يول قويۇش ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش تەبىئىتىگە ئۆزگەرتىدۇ. مۆمىننى ئەرزىمەس مال ـ دۇنيا، راھەت ـ پاراغەتتىن رىشتە ئۈزدۈرۈپ يۈكسەك غايىگە باغلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە ئېيتىپ بەرگەن تۆۋەندىكى ۋەقەلىكتە ئىماننىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى روشەن ئىپادىلىنىدۇ: «ئىككى ئادەم بىر تۈركۈم مىراس توغرىسىدا جېدەللىشىپ قالدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قۇرۇق دەۋادىن باشقا تۇتامغا چىققۇدەك پاكىتى يوق ئىدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ھەر ئىككىسى ‹بۇ مىنىڭ ھەققىم› دەيتتى ۋە ھەمراھىنىڭ ھەققىنى ئىنكار قىلاتتى. بۇ ئىككىيلەن شەخسىيەتچىلىك تولغان قەلبلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھۆكۈم سوراپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دېدى:

ـ مەن بىر ئىنسان، سىلەر مەندىن جېدەل ئايرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر، ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار گەپدانراق بولۇشۇڭلار مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھەققىنى بۇيرۇپ قالسام، ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ئوتىدىن بىرپارچىنى بۆلۈپ بەرگەن بولىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەسىرچان سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئىماننىڭ تارىنى چېكىپ، ئۇلاردا ئاللاھ ۋە قىيامەت كۈنىدىن قورقۇش تۇيغۇسى ئويغاندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن بايا بىر ـ بىرىدىن تالاشقان نەرسىنى ئەمدىلىكتە بىر

بىرىگە ئىتتىرىشكىلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا شۇنداق دېدى:

بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى مىراسنى ئادىللىق بىلەن ئۆز ئارا بۆلۈڭلار، ئاندىن چەك تاشلاڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا يول قويۇڭلار» مانا بۇ يەردە ئىماندىن ئۇيغانغان ۋىجدان سۆزى مەسىلىنى ئايرىپ بەردى. تاشقى ھۆكۈم ھەتتا قانۇنمۇ ھەقىقەتنى ئېنىقلاشتىن ئاجىز كېلىدىغان، ھېچ پاكىتسىز كېتىۋاتقان بۇ تالاش ـ تارتىشتا ئاخىرى ئادىلانە ھۆكۈم چىقىرىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ئىككى مۆمىن ئادەمنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇنى ئېيتىشتىكى مەقسىتى مۆمىنلەرنىڭ پاك، ديانەتلىك، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدىغان خىسلەتكە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئىدى:

«بىر ئادەم بىر ئادەمدىن قورۇ ـ جاي سېتىۋاپتۇ، سېتىۋالغۇچى ساتقۇچىنىڭ قورۇسىدىن بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋېلىپ، ساتقۇچى ئادەمگە:

ـ ئالتۇنۇڭنى ئالغىن، مەن سەندىن زېمىن سېتىۋالدىم، ئالتۇن سېتىۋالمىدىم، ـ دەپتۇ. ساتقان ئادەم سېتىۋالغۇچىغا:

ـ مەن ساڭا زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى قوشۇپ ساتقان، ـ دەپتۇ.

ئىككىيلەن ئالتۇننى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشىپ، ئاخىرى بىر ئادەمنىڭ قېشىغا ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشنى سوراپ بېرىپتۇ. ھۆكۈم قىلغۇچى ئادەم:

ـ بالاڭلار بارمۇ؟ دەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

ـ ئوغلۇم بار، ـ دەپتۇ. يەنە بىرى:

ـ قىزىم بار، ـ دەپتۇ. ھۆكۈم چىقارغۇچى كىشى مۇنداق دەپتۇ:

بۇ ئالتۇننى ئىشلىتىپ ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇڭلار، ئۆزەڭلارمۇ ئىشلىتىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار».

نېمىدېگەن ئېسىل روھ ـ ھە! ئىككى ئادەم، ئۇلار ئالدىدا بىر كوزا ئالتۇن، ئۇلار ئالتۇننى تالىشىپ ئۇرۇشمايدۇ، تېخى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشىپ: ئۇ سېنىڭ، ئۇ سېنىڭ .... دېيىشىدۇ. بىز مۆمىن ئەمەس ئادەمنىڭ دائىم بۇ مېنىڭ، بۇ مېنىڭ، دەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

**ئادەت كۈچى ۋە ئىمان كۈچى**

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۈچلۈك ئىمان ئىنسانىيەتنىڭ قۇترىغان ئىستەكلىرى ئالدىدا ئارا تۇرالايدۇ، ئىنسانىنى ھەددىدىن ئېشىشتىن، ئازغۇنلۇقتىن ساقلايدۇ. ئۇنى ياخشى، توغرا، پايدىلىق يولغا يۈزلەندۈرىدۇ، لېكىن ئىنسان يالغۇز ئىستەك كۈچىگىلا بويسۇنمايدۇ. ئىنساننى ئىستەكلەردىن سىرت يەنە بىر نەرسە باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۈچى زور، تەسىرى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئادەتتۇر.

ئادەت كۈچى ئىنساننىڭ بىر ئىشقا مايىل بولۇشى، ئاندىن بۇ مايىللىققا ئەگىشىپ ئۇ ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلىپ كۆرۈشى، قىلغاندىمۇ بىر قېتىمدا توختىماي، نەچچە قېتىملاپ، كۈن ـ ئايلاپ تەكرار قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئۇنىڭ نىرۋىسىدىن ئورۇن ئىگىلەيدۇ. مانا شۇ باسقۇچتىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ

خىل ئادەتلىك قىلمىش ئاسانغا چۈشىدۇ. ئادەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەت ئىگىسى ئادەت قىلغان ئىشنى قىلىشتا ئارتۇقچە ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. بۇنداق ئادەت باسقۇچىغا يەتكەن ئىشتىن قول ئۈزۈشمۇ ئۇنچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

**«ئادەت كۈچى» ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى**

بەزى تەتقىقاتچىلار شۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان زېمىن ئۈستىدە مېڭىپ يۈرىدىغان بىر ئادەتلەر يىغىندىسى بولۇشقا ئاز قالدى.» روسسۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان قۇل ھالەتتە تۇغۇلىدۇ، قۇل ھالەتتە ئۆلىدۇ، ئىنسان تۇغۇلغان كۈنى بۆشۈك تانىسى بىلەن تېڭىلسا، ئۆلگىنىدە بولسا كېپەنگە ئورىلىدۇ. يەنى بۆشۈك بىلەن لەھەت ئارىلىقىدا ئادەتنىڭ تۇتقۇنى، ئەنئەنىنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ.»

كونىلار «ئادەت ئىككىنچى خۇي» دېگەن. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن كۈچ جەھەتتە ئادەتنىڭ «بىرىنچى تەبىئەت»كە يېقىنلىشىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان. بىرىنچى تەبىئەت بولسا ئىنسان بىلەن بىرگە يارالغان، ئىنسانغا تۇغما سۈپەت ـ ئالاھىدىلىك بولۇپ كەتكەن تەبىئەتتۇر.

ئىنسان نۇرغۇن نەرسىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان بىر ئۈسكۈنىگە ئوخشايدۇ. كۆز كۆرىدۇ، قۇلاق ئاڭلايدۇ، ئاشقازان ھەزىم قىلىدۇ ۋە باشقىلار. مانا بۇ بىزنىڭ بىرىنچى تەبىئىتىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئىنسانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور بولىدۇ. ئەگەر بىرەيلەن قۇلىقى بىلەن كۆرۈش، كۆزى بىلەن ئاڭلاشقا ئۇرۇنسا، مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ بويسۇنۇشى مۇقەررەر بولغان تەبىئەت.

ئىنسانىنىڭ بىرىنچى تەبىئىتىگە كىيىن قوشۇلغان ئىشلار «ئىككىنچى تەبىئەت» ياكى «ئادەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭمۇ كۈچى زور بولىدۇ. بىزنىڭ ھاياتتا تۇتقان يولىمىز ۋە ئادەتلەنگەن ئۇسۇلىمىزنىڭ بىزنى باشقۇرۇش كۈچى تەبىئەت كۈچىگە يېقىن تۇرىدۇ. بىز ھاياتىمىزنىڭ باشلامقى يىللىرىدا ئەركىنمىز، بۇ چاغدا ئادەت بىزنى باشقۇرمايدۇ. بىز ئۆسۈپ يېتىلسەك 90 پىرسەنت ئىشىمىز، يېيىش، ئىچىش ئۇسۇلىمىز، سۆزدىكى، سالامدىكى، يۈرۈش ـ تۇرۇشتىكى، مۇئامىلىدىكى خاسلىقىمىز ئادەت ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇنى دىققەت قىلماستىن، كۆپ ئويلانماستىن قىلىۋېرىمىز، ئۇنىڭدىن چەتنەش بىزگە قىيىن چۈشىدۇ. ھاياتىمىز بىزنىڭ باشتا ئادەت قىلغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنىڭ تەكرار ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مانا بۇ ئادەت كۈچىنىڭ ئىنسانغا مەيلى ئۇ ياخشى ياكى كوللېكتىپ بولسۇن قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئادەتلىرى ياخشى بولسا، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن بەخت تاپىدۇ. ئەگەر زىيانلىق، ناچار ئادىتى بولسا، ئۇ ئىنسان نېمىدېگەن بەختسىز ـ ھە! ئۇ تەنگە زىيانلىق نەرسىنى يەيدۇ. ئەقلىنى بۇلغايدىغان نەرسىنى ئىچىدۇ. تېنىنى سىقىپ بوغىدىغان كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئۆزىنى ناچار، خۇنۇك كۆرسىتىدىغان قىلمىشلارنى قىلىدۇ. بۇ ئادەت كۈچىنىڭ ئۇنى باشقۇرۇپ كەتكىنى، ئادەتنىڭ ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ئىرادىسىنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقان زابوي ـ ھاراقكەشلىكلەر، نەشە ـ بەڭ تارتىشلار، قىمارۋازلىقلار، تۈرلۈك چاكىنا قىلمىشلار بۇنىڭغا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

### ئىماننىڭ كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك

شەخس ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئادەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ ئادەتكە قارشى ئىش قىلىش لازىم. ئادەتكە قارشى بۇ جەڭدە كۈچلۈك نىيەت، پولاتتەك تەۋرەنمەس ئىرادە، ئۈمىدسىزلىك ياكى ئىككىلىنىش تەۋرىتەلمەيدىغان ئىشەنچ بىلەن قوراللانمىغان ئادەم پەقەت غەلىبە قىلالمايدۇ. مانا بۇ، جەمئىيەتلەرگە تارقالغان ھەرخىل يامان ئادەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىش يولى.

ئادەت ئۈستىدىن ئېغىر جازالار ياكى چەكلەش قانۇنلىرىمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ. بىز بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ نۇرغۇن قانۇن ۋە جازالارنىڭ ئادەت كۈچى ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆردۇق.

ئۇنداقتا، بىزگە ئادەتنى يېڭىپ، ئۇنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغان نەرسە نېمە؟

ئۇ ئىمان، ئىمان كىشىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىش، روھنى ئۇرغۇتۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى ۋە بەردەملىك ئاتا قىلىدۇ. ئىماننىڭ ئالدىدا ئادەت، ئەنئەنە توسالغۇلىرى بىتچىت بولىدۇ.

### ئىككى خىل ھاراق چەكلەش ۋە ئۇنىڭ نەتىجە پەرقى

ئىماننىڭ جەمئىيەت ۋە شەخس ھاياتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، كىشىلەرنى قىيىن بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلدۇرۇپ، ناچار ئىشلاردىن قول ئۈزدۈرۈش قاتارلىقلاردىكى رولىنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بىر ئىشتىكى ئىككى خىل پوزىتسىيىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى

زامان تارىخى ۋە قەدىمكى زامان تارىخىدىن ئېلىنغان بۇ ئىككى خىل پوزىتسىيە بىزگە ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئاجىز كەلگەن مەسىلىنى ئىمان ئاپپاراتى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىرىنچى پوزىتسىيە ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدا بولۇپ ئۆتتى. ئامېرىكىدا ھاراق ئىچىش ۋە مەست يۈرۈش ئادىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ھۆكۈمەت شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەت بويلاپ ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندىن سىرت ھاراق ئىشلىمچىلىكى ۋە ھاراق ئىستېمالىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ھۆكۈمەت ھاراق چەكلەش قانۇننى ئىجرا قىلىشقا پۈتۈنلەي ئاجىز كەلگەنلىكىنى سەزدى. چۈنكى جەمئىيەتتە يەككە ۋە كوللېكتىپ ھالدىكى ھاراق ئىستېمالى، ھاراق ئەتكەسچىلىكى، ھاراق تىجارىتى، خۇپىيانە ھاراق چىقىرىش ھەمدە ھاراقنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈر، كۈچلۈك تۈرلىرىنى ياساپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشتەك ئىشلار كەڭ تۈردە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، قاتتىق چەكلەنگەنسېرى قانۇن كۆزگە ئىلىنمىغان ئىدى.

بۇ چەكلەشنىڭ ئادەتتىكى قانۇن ياكى بىرەر مۇستەبىتنىڭ خەلققە ھۆكۈمەت كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىقارغان بۇيرۇقى ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ مۇھىم تەرىپى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىگە پايدىلىق ئىشنى قانۇن قىلىش، بۇزۇقچىلىق ۋە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشنى چەكلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئاساسى قانۇنلۇق دېموكراتىيە دۆلىتىدە پارلامېنت يولى بىلەن چىقىرىلغان قانۇن ئىدى. بۇ قانۇن خەلق رايىدىن ئۆتكەن ھەمدە ئۇلار ھاراقنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق، نېرۋىنى كېرەكتىن چىقىرىدىغان، مەدەنىيەتنى

ۋەيران قىلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ۋە ئىلمىي پاكىتلار ئاساسىدا ياخشى ئاڭقىرىشقان ئىدى.

1918 ـ يىلى ئەتراپىدا ئامېرىكىدا ئەل رايىنى سىناش ئىشى باشلاندى. 1919 ـ يىلى ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھاراقنى چەكلەش توغرىسىدا يېڭى ماددا تۇرغۇزۇلدى ھەمدە شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا بۇ قانۇن ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش بۇيرۇقى بىلەن كۈچكە ئىگە قىلىندى.

بۇ چەكلەش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا ئامېرىكا تەۋەسىدىكى بارلىق دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە كۈچلىرى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىندى.

1 . ھاراق ئەتكەسچىلىكىگە قارىتا بارلىق دېڭىز ئارمىيىسى قىسىملىرى پورت ۋە دېڭىز قىرغاقلىرىنى نازارەت قىلدى.

2 . ھاۋا ئارمىيىسى بوشلۇق قاتناش لىنىيەلىرىنى نازارەت قىلدى.

3 . ھۆكۈمەت سىستېمىسى تولۇق ئىشقا سېلىندى. ھاراققا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ زىيىنىنى بايان قىلىش بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدەك گېزىت ـ ژۇرناللار، كىتاب ـ بېتىكلەر، سىن ـ سۈرەتلەر، تارقاتما بىروشۇرلار، كىنو، تىياتىر، سۆز ـ سۆھبەت، لېكسىيە ـ سۆز سالمىلارنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بۇ قانۇن تەشۋىقاتى بىلەن توشۇپ كەتتى.

دۆلەتنىڭ ھاراقنى چەكلەش خىراجىتىگە سەرپ قىلغىنى 60 مىليون دوللاردىن ئېشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. كىتاب ۋە ھەرخىل تارقاتمىلار 10 مىلياردقا يەتتى. 14 يىل ئىچىدە چەكلەش قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا ئىشلىتىلگەن خىراجەت پۇلى 250 مىليون

فوندقا يەتتى. شۇ جەرياندا 300 ئادەم ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىدى. 532 مىڭ 335 ئادەم تۈرمىگە كىردى. قەرز 16 مىليون فوندقا يەتتى. مۇسادىرە قىلىنغان مال ــ مۈلك 404 مىليون فوندقا يەتتى. لېكىن ئامېرىكا خەلقى ئىچىدە ھاراق تىجارىتى ۋە ھاراق ئىچىش جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاخىرى 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، ھاراق ئىشلەمچىلىكى ۋە ھاراق ئىستېمالىنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

دېمەك، قانۇن مەغلۇپ بولدى. ھۆكۈمەت ئاجىز كەلدى. دۆلەت ئاپپاراتلىرى خىزمەت ئۆتىيەلمىدى. خەلق ئېڭىدا ھاراقنىڭ زىيانلىقلىقى ئومۇملاشقان ۋە ھەممە بىردەك تونۇشقا كەلگەنلىكىگە قارىماي، ئەھۋال شۇنداق بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئەقلىي قانائەت باشقا، ئىرادە ئىشى باشقا نەرسە.

غەربلىك يازغۇچىلارنىڭ بىرى ھەقلىق ھالدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«كۈچ ۋە ئىرادە بىلەن بىرەر غايىگە يەتمەكچى بولۇش چوقۇم ئۆزىنى ئۇنتۇش ۋە رىيازەتكە كۆنۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى ئىنسان ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان ئەڭ ئالىي بىر غايىگە يېتىش ئۈچۈن ھاياتتا قاتتىق چېنىقىش كېرەك. دىنى پىرىنسىپلار بولمىغان شارائىتتىكى تونۇش ۋە چۈشەنچىلەرنى ھە دېگەندە ھەۋەس ــ خاھىشلار يېڭىپ تاشلايدۇ. ھالبۇكى دىنى پىرىنسىپلار بولسا ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كۈچ ــ قۇدرىتى، ئاكتىپچانلىقى، پىلان مايىللىقى قاتارلىقلارنىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولۇپ كەلەلدى.»

**دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەلىرى مەغلۇپ بولغان يەردە ئىمان غەلىبە قىلدى**

يەنە بىر پوزىتسىيە ئىلگىرىكى ئەرەب ـ ئىسلام تارىخىدىن ئېلىنىدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن دەۋردە ھاراق ئەرەب جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق ۋە ئەڭ كۆپ تارقالغان ئىستېمال بويۇمى ئىدى. ھاراق ئۇلارنىڭ تومۇرىدا قان ئورنىدا ئاقاتتى، شۇ تۈپەيلى ھاراقنى ماختاش، ئولتۇرۇشلار، ئۈلپەتلەرنى سۆيەتلەش سەنئىتى ئىجاد قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شائىرى ئۆزىنىڭ ھاراققا بولغان دوستلۇقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئۆلسەم مېنى كۆمۈپ قويۇڭ تال تۈۋىگە،
ئوزۇق بولغاي بۇ تېنىم تال تەنىسىگە.

داڭلىق شائىر ئىمرەئۇلقەيسگە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاندا دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى جامنى قويۇشقا ۋە ئۈلپەتلىرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ ۋە مۇنۇ سۆزنى ئېيتىدۇ: «بۈگۈن ھاراق ئىچىمىز، ئىشنى ئەتە قىلىمىز.»

جاھىلىيەت جەمئىيىتىدە ھاراق ئىچىشتىن ساقلانغان شەخسلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھاراقلارغا تۈرلۈك ئىسىملارنى، سانسىز لەقەملەرنى قويۇشى ئۇلارنىڭ ھاراققا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: مۇدامەت (توختىماي ياغىدىغان يامغۇر مەنىسىدە)، سەلاپەت (ئەڭ ياخشى مەي)، ئەرراھ (خوشلۇق)، سەھبا (بىر تۈرلۈك ھاراق)، ئىبنەتۇل ئۇنقۇد (ساپاق قىزى)، ئىبنەتۇلكەرم

(ئۆزۈم قىزى)، بىنتۇت دەنان(ئىپدىش قىزى)... دېگەندەك ئىسىملار يۈزدىن كۆپرەككە يېتىدۇ. ئۇلاردا ھاراق سودىسىمۇ قالتىس گۈللەنگەن.

ھاراق توغرىسىدا بۇ ئىككى ئايەت: «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرۇلۇق سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ دېگىن.»[1]، «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار.»[2] چۈشكەندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ساھابىلەرنىڭ ھاراق كەسكىن چەكلەنمىدى دەپ داۋاملىق ھاراق ئىچىۋەرگەنلىكى، ھاراقنىڭ ئەرەبلەر كۆڭلىدە چوڭقۇر ئورنى بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھاراققا قاتتىق ئامراق ئىكەنلىكىگە پاكىت بولالايدۇ.

ئىسلام دىنى ئۇلارغا كۆيۈنگەن ۋە دىنىنى ئاسانلاشتۇرغان ھالدا، ھاراقنى ئۇلارغا تەدرىجىي چەكلىدى. ئاخىرىدا مائىدە سۈرىسىنىڭ كەسكىن چەكلىگەن ئايىتى چۈشتى: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار، شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى

[1] بەقەرە سۈرىسى 219 ـ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن قىماردىن) يانماسسىلەر؟»[1]

بۇ يەردە ئاجايىپ بىر ئەھۋال كۆرۈلىدى، كىشىلەر قەدەھ، جاملىرىنى سۇندۇرۇپ، قېشىدىكى ھاراقلارنى يوللارغا تۆكۈۋېتىشكە باشلىدى، ھەتتا مەدىنە شەھىرىنىڭ يوللىرى كىشىلەر تۆكۈۋەتكەن ھاراقلار دەستىدىن ماڭغۇسىز بولۇپ كەتتى.

ئەبى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراق قەتئىي چەكلىنىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەي جامائەت! ئاللاھ ھاراقنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئاللاھ ئۇنى چەكلەپ ئايەت چۈشۈرۈشى مۇمكىن. ھاراق ساقلىغان كىشىلەر بولسا، دەرھال ھاراقلىرىنى سېتىپ پايدىلىنىۋالسۇن.» كۆپ ئۆتمەي ھاراق قەتئىي چەكلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ھاراقنى ھارام قىلدى، بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ قېشىدا ھاراق بولسا، ئۇنى ئىچمىسۇن ۋە ساتمىسۇن.» شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆيلىرىدىكى ھاراقلارنى سىرتقا ئەپچىقىپ تۆكۈۋېتىشتى.»[2]

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئبكە ھاراق قۇيۇپ بېرىپ ئولتۇراتتىم. بىرەيلەن كېلىپ: ھاراق چەكلەندى... دېۋىدى، ئەبۇ تەلھە: تۇر ئەنەس، ھاراقنى تۆكۈۋەت، دېدى. مەن ھاراقلارنى تۆكۈۋەتتىم.»[3]

---

[1] مائىدە سۈرىسى 90- 91- ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بىر نەچچەيلەن سورۇن تۈزەپ، ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتۇق، بىز ھاراقنى ھالال دەپ ئىچەتتۇق، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. دەل مۇشۇ چاغدا ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەت چۈشتى. دەررۇ ئۈلپەتداشلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارغا ئايەتنى ئوقۇپ بەردىم، ئۇلار ئايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەس ـ بەستە ھاراق جاملىرىنى كۆتۈرۈشۈۋاتقان قوللىرى شىپپىدە توختاپ، لىۋىگە تەككۈزەي دەپ قالغان ھاراقلىرىنى يەرگە تۆكۈۋېتىشتى ۋە: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ھاراق ئىچىشتىن ياندۇق، ياندۇق، دېيىشتى.»[1]

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنساننىڭ ئادەت، ھەۋىسى ھەمدە كۆڭۈل خۇمارىغا ھەرقانچە قارشى بۇيرۇق بولسىمۇ، مانا بۇنىڭدەك ئاكتىپلىق بىلەن بويسۇنۇش، ئاۋاز قوشۇشتىكى تېزلىك، نەپس ئۈستىدىن غالىب كېلىش كۆرۈلۈپ باققانمۇ؟

**ۋىجدان بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئىنساننىڭ قەلب قاتلىرىدا بىر پىنھان كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، مىكروسكوپ بىلەن كۆزەتكىلى ھەتتا ئۇنى ئاناتومىيە ياكى فىزىئولوگىيىلىك ۋاستىلەر بىلەنمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر خىل مەنىۋى كۈچ بولۇپ، ئىنسان ئۆز كۆڭلىدە ئۇ كۈچنىڭ خۇددى ھەممىنى بىلىدىغان «موللا تاپقاق» تەك ئۇنى دائىم زۆرۈر ئىشقا باشلاۋاتقانلىقىنى، ھەمىشە شىمال تامنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان

---

[1] تەبەرىي رىۋايىتى.

ماگنىتلىق يىڭنە (كومپاس) گە ئوخشاش ئۇنى ھەر دائىم ياخشى ئىش تەرەپكە تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ كۈچ سىر ئاچىدۇ، يولغا باشلايدۇ، بۇيرۇيدۇ، توسىدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ. قىزىقتۇرىدۇ. باشقۇرىدۇ. ئىجراقىلدۇرىدۇ. ئەخلاقشۇناسلار ئۇنى «ۋىجدان» دەپ ئاتىدى.. ئىسلام ئۇنى «قەلب» دەپ ئاتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا سوئال سورىغۇچىغا: «ياخشىلىق دېگەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل توختايدىغان، دىل تىنچلىنىدىغان نەرسىدۇر، يامانلىق دېگەن ئازغۇنلار يول چىقىرىپ بەرسىمۇ كۆڭۈل توختىيالمايدىغان، دىل تىنچلىنالمايدىغان نەرسىدۇر.» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىر ھەدىستە: «قەلبىڭدىن پەتۋا سورىغىن، كىشىلەر مەيلى ساڭا پەتۋا بەرسۇن، بەرمىسۇن» دېگەن.

ئۇ ئىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىرلەشتۈرىدىغان، ئىخچاملايدىغان كۈچ. ئۇ ئىنساننى زۆرۈرنى قىلىشقا، گۇناھتىن ساقلىنىشقا، قول يىغىشقا ئۈندەيدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا بويسۇنسا ئىنسانغا خوشلۇق، مەمنۇنلۇق، بويسۇنمىسا دەرد ـ ئەلەم بار. مانا بۇ دىل ياكى قەلب ئەخلاقنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئاساسى يۆلەنچۈكى. ئۇ ھەر دائىم ياخشى ئەخلاققا قىزىقتۇرىدۇ. يامان ئەخلاقتىن تارتىدۇ. ئۇ ئەخلاقنى نازارەت قىلىدىغان قاراۋۇل.

ھەرقانداق جەمئىيەت تۈرلۈك قانۇنلارنى يولغا قويۇش، قارارلارنى چىقىرىش، لايىھە، نىزامنامىلەرنى تۈزۈش، دۆلەت خادىملىرىنى قوزغىتىش بىلەن ھەقىقىي تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ. گەرچە بۇ ئىشلارنىڭ بارچىسى زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەقەت تىرىك قەلبلەر بارلىققا كەلگەن، ئويغاق ۋىجدانلار تەل

بولغان شارائىتتىلا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇمىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق بىر مەشھۇر ھېكمەت بار: «ئادالەت قانۇنىنىڭ تېكىستىدە ئەمەس، قازىنىڭ ۋىجدانىدا.»

بۇ ۋىجدانىنىڭ ھۆكۈمدارلار ۋە ئىجراچىلارغا نىسبەتەن بولغان ئەھمىيىتى. ئەمما قانۇن ئاستىدا باشقۇرۇلۇۋاتقانلار مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنى ۋىجدان چەكلەپ تۇرمىسا قانۇن چەكلەپ بولالمايدۇ.»

**ئىماننىڭ ۋىجداننى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولى**

ئىمان ۋىجداننىڭ ئەڭ زور ياردەمچىسى. ئۇنىڭغا ئىنىرگىيە يەتكۈزگۈچى «گېنىراتور»، ئۇنى ھەرىكەت كۈچى، ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق بىلەن تەمىن ئەتكۈچى «ئېلېكتىر ئېقىمى.»

مۆمىنىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئاللاھ توغرىسىدىكى ئەقىدىسى، ئىككىنچى بولۇپ ھېساب ۋە جازا توغرىسىدىكى ئەقىدىسى ئۇنىڭ ۋىجدانىنى دائىم ئويغاق ۋە سەگەك قىلىشۇتىدۇ.

مۆمىن: مەن قەيەردە بولسام ئاللاھ مەن بىلەن بىللە، سەپەردىمۇ، ئۆيدىمۇ، ئوچۇقچىلىقتىمۇ، يىنھاندىمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر ئىش مەخپىي قالمايدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ: «سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىكى قايسى نەرسىلەرنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقىتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن ھېچ قايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر.»[1]

[1] يۇنۇس سۈرىسى 61- ئايەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن قىيامەت كۈنى ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىغا، ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى ياكى جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىغا، ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوققا چىقمايدىغانلىقىغا، بەلكى ئىلاھىي «خاتىرە» گە ئۆزى قىلغان بارلىق ئەمەل ـ ئەتمىشلىرىنىڭ تولۇق يېزىلىپ ماڭىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ: «ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردە سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلەر) نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.»[1] بۇ خاتىرىلەر سەل قاراپ يوقىتىپ قويۇلمايدۇ، ياكى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆچۈپ كەتمەيدۇ: «ئۇ دەپتەرلەر جازا كۈنى ئۆز ئىگىلىرىگە ئۇچراشقانغا قەدەر، ئاللاھنىڭ قېشىدا ساقلىنىدۇ، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەملىنى بويىنىغا ئېسىپ قويىمىز، (يەنى ئىنساننىڭ ئەملى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغاندەك، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قىلمىش پۈتۈكىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) قىلمىش پۈتۈكۈڭنى ئوقۇغىن، بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە دېيىلىدۇ.»[2]

ئۇ يەردە ياخشى ـ يامان ئەمەللەر ماھىيەت ۋە سۈپىتى نامەلۇم بولغان نازۇك ئىلاھىي تارازا ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ئاندىن ئىلاھىي ھېساب باشلىنىدۇ: «بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى ـ يامان

---

[1] ئىنفىتار سۈرىسى 10 ـ 12 ـ ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 13ـ 14ـ ئايەت.

ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر، ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر، ياخشى ئەملى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر.»[1]

شۇنىڭدىن كېيىن بىر گۇرۇھ جەننەتكە، بىر گۇرۇھ دوزاخقا كىرىدۇ: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، (ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكارنى تاپالمايدۇ.»[2]

ئاخىرەتنىكى جازاغا قارىتىلغان بۇ ئەقىدە بىلەن مۆمىن پەرۋەردىگارىدىن كۆزەتسىرەپ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، ئاقىۋەتىنى ئويلاپ ئۆز ئىشىغا ھوشيار بولىدۇ، زۇلۇم ۋە خىيانەت قىلمايدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ غادىيىۋالمايدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قاچمايدۇ، ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىگە تەگمەيدۇ، ئەتە ھېسابىدىن قورقىدىغان ئىشنى بۈگۈن قىلمايدۇ، ئىچىدە ئۈيۈلىدىغان ئىشنى تېشىدا سادىر قىلمايدۇ. سوپى شائىر ئېيتقان بۇ تۈيۇمچىنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلىدۇ:

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 8-، 9- ئايەتلەر.
[2] نىسا سۈرىسى 173- ئايەت.

«مەن يالغۇز»غۇ دېمىگىن يالغۇز قالغان پەيتىڭدە،
بىراق دېگىن: بىر كۈچ مېنى كۈزەتمەكتە ئۈستۈمدە.
بىخەۋەر دەپ ئويلىما ئىشلىرىڭدىن ئاللاھنى،
سەن يوشۇرغان بارچە ئىش ئاشكارا ئايان ئەسلىدە.

بىراۋ بىر دانا كىشىدىن قۇرئان كەرىمدىكى «ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەملا ئېرىشىدۇ.»[1] دېگەن ئايەت قانداق ئادەمگە قارىتىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ دانا شۇنداق دېگەن ئىكەن: ئۇ، پەرۋەردىگارىدىن كۆزەتسىرىگەن، ئۆز ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان، ئاخىرەتكە ئوزۇق تەييارلايدىغان ئادەمدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئەلى تىرمىزىي شۇنداق ئېيتىدۇ: «سەندىن نەزىرى ئۈزۈلمەيدىغان زاتنىڭ كۆزەتلىكى بولغىن، مىننەتدارلىقىڭنى سەندىن نېمىتى ئۈزۈلمەيدىغان زاتقا بىلدۈرگىن. سەن ئۇنىڭسىز ئۆتەلمەيدىغان زاتقا بويسۇنغىن، سەن ئۆزۈڭ ئىگدارچىلىقى ۋە كۈچى ئىچىدىن چىقالمايدىغان زاتقا باش قويغىن.»

زۇننۇن مىسرىي بەندە نېمە بىلەن جەننەتكە كىرەلەيدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «بەش ئىش بىلەن، يەنى ئۆز يولىدا

[1] بەيىينە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

قايرىلماي مېڭىش، توختىماي تىرىشىش، پىنھان ۋە ئوچۇقچىلىقتا ئۆزىنى ئاللاھقا كۆزەتلىك بىلىش، پۇختا تەييارلىق بىلەن ئۆلۈمنى كۈتۈۋېلىش، ئۆزى ھېساب بېرىشتىن بۇرۇن ئۆز ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش.»

ھەسەن بەسرىي قىيامەت سۈرەسىنىڭ 2- ئايىتىدە كەلگەن: «ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى» دېگەن سۆز توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۆمىن ھەرقاچان ئۆزىنى سوراقلاپ تۇرىدۇ: بۇ سۆزۈم بىلەن نېمىنى كۆزلىدىم؟ بۇ يېيىشىم ـ ئىچىشىم بىلەن نېمىنى كۆزلىدىم؟ دېگەندەك، پاسىق ئىش قىلىدۇ ـ يۇ، ئۆز ئۆزىنى سوراق قىلمايدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىگە ھېساب تۇرغۇزغانلار مۆمىنلەردۇر، دۇنيادا ئۆزىدىن ھېساب ئالغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ھېساب يېنىك بولىدۇ، قىيامەت كۈنىدىكى ئېغىر ھېساب، دۇنيادا ئۆزىدىن ھېساب ئالماي ئىش قىلغانلارغا كېلىدۇ. ئاندىن ھېسابنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: مۆمىن ئۆزىنى قىزىقتۇرىدىغان بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە مۇنداق دەيدۇ: «سېنى ياقتۇرۇدىغانلىقىم ۋە ساڭا ئېھتىياجىم بارلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، لېكىن شۇنداقتىمۇ مەندىن يىراق تۇر، سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا توسۇق بار.» مانا بۇ، ئىش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشتۇر.

مۆمىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قالسا، دەررۇ ئۆزىگە خىتاب قىلىدۇ: «مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ ئەزىزرايى خۇدا! مەن بۇ ئىشتا ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن، ئاللاھ خالىسا بۇ ئىشنى ئىككىنچىلەپ

قىلمـايمەن.» مانـا بـۇ بولسـا خاتـالىق سـادىر قىلغانـدىن كېيىنكـى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشتۇر.

مالىــك ئىبنــى دىنــار مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــۆز نەپســگە، ســەن ئانــداقچىنىڭ ھەمراھــى ئەمەســمۇ؟ ســەن مۇنــداقچىنىڭ يولدىشــى ئەمەسـمۇ؟ دەپ نەپسـنى سـۆكۈپ، ئـۇنى يـۈگەنلەپ، بۇرنىغـا چۆلـۈك سالالايدىغان، ئاندىن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۇنىڭغـا دائىملىـق ھەمـراھ قىلىپ قويالىغان، ئاللاھنىڭ كىتابى ئۇنىڭ رەھبىرى بولغـان ئـادەمگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.»

ئىبــراھىم تەيمــى مۇنــداق دەيــدۇ: «مەن نەپســمنى جەننەتــتە تۇرغانـدەك مەڭـزەتتىم ـ (تەسـەۋۋۇرقىلدىم) دە، ئۇنىـڭ مېـۋىلىرىنى يېــدىم، دەريالىرىــدىن ســۇ ئىچــتىم، جەنــنەت قىزلىــرى بىــلەن بوپۇنلاشتىم، ئارقىدىن ئۇنى دوزاختا تۇرۇۋاتقان ھالـدا مەڭـزەتتىم ـ دە، ئۇنىڭـدىكى زەققـۇم دەرىخىنىـڭ مېۋىسـىدىن يېـدىم. يىرىـڭ ـ زەردابلاردىــن ئىچــتىم، كىشــەن ـ زەنجىــرلەر ئىچىــدە قىينالــدىم. تېپىرلىدىم. ئاندىن نەپسمگە قـاراپ: ھەي، نەپسـم! سـەن ئەمـدى نېمىنى خالايسەن؟ دېسـەم، نەپسـم: دۇنياغـا قايتىـپ ياخشـى ئىـش قىلىۋىلىشنى خالايمەن، دېدى. مەن دېدىمكى: سېنىڭ ئۈمىدىڭ شـۇ بولسا قېنى شۇنداق قىلغىن.»

مانا بۇ، مۆمىنىنىڭ ئۆز نەپسىنى ئـويغىتىش ئۈچـۈن تۇتقـان يـولى. ئەگەر خالىساڭ ۋىجداننى ئويغىتىش دېسەڭمۇ بولىدۇ. ئۇ كەلگۈسـىنى بۈگۈنكى رېئاللىقتەك، كەلگۈسـنى ھـازىردەك خىيـال قىلىـپ ئانـدىن نەپسگە ھەر ئىككى كۆرۈنۈشـنى كۆرسـتىپ بولـۇپ: «تـاللا ۋە ئەمەل قىل» دېدى.

تۆۋەندىكى سۇمەتىنىڭ تەۋبىسىمۇ يەنە شۇنداق ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش قاتارىدىندۇر. ئۇ بىر كۈنى ئۆزىدىن ھېساب ئالدى. ئۇ ئاتمىش ياشقا كىرگەن ئىدى، كۈنلىرىنى ھېسابلاپ بىقىۋىدى، 21 مىڭ 500 كۈن چىقتى. ئۇ يىغلاپ كېتىپ مۇنداق دېدى: «ۋاي ئىست! ئاللاھقا 21 مىڭ 500 گۇناھ بىلەن ئۇچرىشارمەنمۇ؟ ئەگەر كۈندە ئون مىڭ گۇناھ قىلغان بولسامچۇ؟ ئۇنداقتا ھالىم قانداق بولار!»

مۆمىننىڭ ۋىجدانى مۆمىنگە چىقارغان جازا ھۆكۈملىرىنى مۆمىن تەخىرسىز قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەبى تەلھە ئەنسارىي نامازدا تۇرغاندا كۆڭلى بىغدىكى نېمەتلەرگە كېتىپ قالغانلىقتىن، ئۇ شۇ بېغنى نامازدىكى ئېزىقىشقا كاپارەت ھېسابىدا پۈتۈنلەي سەدىقە قىلىۋەتكەن.

### ھاياتلىق ساھەلىرىدە دىنىي ۋىجداننىڭ رولى

مانا بۇ، ئىماننىڭ ۋىجداننى شەكىللەندۈرۈش، ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا كېپىللىك قىلىشتىكى رولى. ئەخلاقنىڭ ئاساسى تىرىكى بولغان بۇ دىنىي ۋىجدان ئىلغار جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپكى ئاساسى بولالايدۇ. بۇلارنى پەيلاسوپلار چۈشىدە كۆرۈپ، خىيالىدا تەسەۋۋۇر قىلغان ياكى قەغەزلەرگە ئۆرنەك قىلىپ يېزىپ بېقىشقان بولسا، ئىمان ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا نەق رېئاللىققا ئايلاندۇردى. بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇنىڭ مىساللىرى تەق تۇرۇپتۇ.

### ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا

ھەر قانداق بىر دۆلەتتە ئىگىلىك ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرگە بەلگىلىمە بويىچە باج بەلگىلىنىدۇ. لېكىن بىز پۇقەرالارنىڭ ھەر

ئامالالار بىلەن باج تۆلەشتىن قېچىۋاتقانلىقىنى، باج مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قۇتۇلۇشقا بارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

بۇنى ئىسلامدىكى زاكاتقا سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ، بۇ مۇ بىر خىل نىسبەتلىك باج بولۇپ، ئىسلام ئۇنى مۇسۇلمانغا ئىبادەت دەپ بەلگىلىگەن. مۇسۇلمان بۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشالايدۇ. مۇسۇلمان ئۇنى كۆڭلى خوش، قەلبى مەمنۇن ھالدا تاپشۇرىدۇ ۋە رەببىگە دۇئا قىلىدۇ. «ئى ئاللاھ ئۇنى ماڭا پايدا قىلىپ بەرگىن، زىيان قىلىپ بەرمىگىن.» ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئېسىل مېلىنى بېرىشكە تىرىشىدۇ، زاكات ئالغۇچى ئەمەلدار ھېساب ئېلىشتىن بورۇن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، ئۆز قېشىدىكى مالنىڭ ھامان تۈگەيدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ قېشىدىكى بولسا مەڭگۈ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۇبەي ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى. بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كەلسەم ئۇ ماڭا بارلىق چارۋىلىرىنى تىپلاپ بەردى. مەن ئۇلارنىڭ سانى بويىچە ھېساب قىلىپ زاكاتقا ئون ئايلىق بولغان بىر بوتىلاقنى بېكىتتىم. مەن ئۇنىڭغا: بوتىلاقنى بەرگىن، ئۇ ساڭا كەلگەن زاكات دېسەم، ئۇ ئادەم: بوتىلاقنىڭ سۈتى يوق، بېلى قاتمىدى، مىنگىلى ۋە يۈك ئارتقىلى بولمايدۇ، ماۋۇ تۆگە ياش، چوڭ، سېمىز، بۇنى ئالغىن دېدى. مەن ئۇنىڭغا: بۇيرۇلمىغاننى ئالمايمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېقىن جايدا بار، ماقۇل كۆرسەڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ماڭا دېگەن گېپىڭنى دېگىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماقۇل كۆرسە

سۆزۈڭنى قوبۇل قىلاي، ئەگەر رەت قىلسا مەنمۇ ئالمايمەن دېدىم. ئۇ گېپىمگە ئۇناپ، ھېلىقى سېمىز چوڭ تۆگىنى يېتىلەپ مەن بىلەن ماڭدى. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئەلچىلىرى مېلىمدىن زاكات ئالغىلى بېرىپتىكەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇنىدىن ئىلگىرى مېلىمغا ھېساب تۇرغۇزمىغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ماللىرىمنى جۇغلاپ بەردىم، ئۇ ھېسابلاپ زاكاتقا بوتىلاق كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇ سۈتسىز ھەم بىلى قاتمىغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ياش چوڭ تۆگىنى ئال دېسەم ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ تۆگە مانا مۇشۇ، بۇنى قوبۇل قىلسىلا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ساڭا بەلگىلەنگىنى بوتىلاق ئىكەن. سەن ئۆزلۈكۈڭدىن ياخشىسىنى بەرگەن بولساڭ ئاللاھ ساڭا مۇكاپات بەرسۇن، ئۇنى سەندىن قوبۇل قىلدۇق، ـ دېدى.

ئۇ ئادەم خوش بولۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ، مانا ئالسىلا، ـ دېدى.

رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۇنى ئېلىپ قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ مېلىغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى.»[1]

**جىنايىتنى ئېتىراپ قىلىش ۋە جازانى ئۈستىگە ئېلىشتا**

قانۇن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قاتتىق جىسمانىي جازالارنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن جىنايەتچىلەر قانۇن ئاپپاراتى ۋە ساقچىلارغا تۇيدۇرماي قانۇنىي جازادىن قېچىشقا ۋە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا قانۇن كۈچى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشىدۇ. پاش بولۇپ

[1] ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان.

قالغۇدەك بولسا، ئۆزلىرىنىڭ جىنايىتىنى قانۇن تونىغا ئوراش ياكى مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقدارلارغا پارا بېرىش يوللىرى بىلەن جازادىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولىدۇ، قانۇن تورىدىن قۇتۇلۇش يوللىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ھەممىنى قوللىنىپ كۆرىدۇ.

ئىمان قانۇنى جىنايەتچىگە بەلگىلىگەن جازاغا قارايدىغان بولساق، باشقىچە ئەھۋالنى كۆرىمىز. ئىنسانلىق تەبىئىتى بىلەن مۆمىن گاھىدا خاتالىشىپ گۇناھ سادىر قىلىپ سالىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ۋىجدانى تېزلا ئويغىنىدۇ. ئۇ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، جىنايەت ۋە ئاسىيلىق يۇكىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ ئۆزىگە جازا بېرىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، بۇ جازانىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا ئۆزىگە ئاقلىغۇچى بولۇشىنى ۋە گۇناھىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. جىنايىتىگە بېرىلىدىغان جازانىڭ قامچىلاش، قولىنى كېسىش، ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشلارنىڭ قايسى بىرى بولۇشى ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ.

بۇ ئەر مالىك ئىبنى مائىز بولىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم: زىنا قىلدىم، مېنى گۇناھىمدىن پاكلاپ قويۇشلىرىنى سورايمەن، ــ دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

ــ ھەر قاچان سىلىغان ياكى قۇچاقلىغان ۋە ياكى سۆيگەن بولۇشىڭ مۇمكىن؟ دېدى. ئۇ ئادەم سۆزىنى نەچچە رەت تەكرارلاپ، چالما كېسەك قىلىش بىلەن بولسىمۇ ئۆزىگە ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىپ، گۇناھىدىن پاكلاپ قويۇش تەلىپىدە چىڭ تۇردى.

رەسۇلۇللاھ ئاخىرى ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ جازانى چىدام بىلەن، ساۋاپ ئۈمىد قىلغان، ئاللاھنىڭ ئەپۇسى ۋە كەچۈرۈمىنى ئارزۇ قىلغان ھالدا كۆتۈۋالدى.

بۇ سەھرالىق ئايال غامىدىيە بولىدۇ: ئۇ زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ قورسىقىدا زىنا تۆرەلمىسى تەۋرەيدۇ. ئۇنى مۆمىنلىك ۋىجدانى ئازاپلايدۇ. ئۇ پاھىشىنى مەخپىي قىلغان بولسىمۇ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارا پاكلىنىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

«‹مەن زىنا قىلدىم، مېنى پاكلاپ قويسىلا› دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ ئايال ئەتىسى يەنە كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ مېنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىدىلا؟ سىلى مېنى مائىزنى قايتۇرماقچى بولغاندەك قايتۇرماقچىمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن زىنا قىلىپ ھامىلىدار بولدۇم، دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇنداق ئىش يوقتۇ؟، بېرىپ تۇغۇۋەرگىن›، دېدى.

ئايال قايتىپ تۇغۇتنى كۈتتى، ئۇ كۈنلەر ۋە ئايلارنى ۋىجدان ئازابى ئىچىدە ئۆتكۈزدى، ئۇ ئاخىر تۇغدى، بالىسىنى زاكىداپ ئېلىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا:

— مانا، تۇغقان بالام، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ:

— بېرىپ ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىلغىچە ئېمىتكىن، ـ دېدى.

ئايال ئۆيىگە قايتتى. يىگىرمە تۆت ئاي ئېمىتىش مۇددىتى تۈگەپ بولغۇچە بۇ ئايال قىلغان گۇناھىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرۋېتەلمىدى. مەھكىمىنىڭ چاقىرىقى ۋە ساقچىنىڭ ھەيدەكچىلىكى يوق ئەھۋالدا بۇ ئايال ئۆزىگە راۋا كۆرگەن

ئاقىۋەتكە ئۇچراش ئۈچۈن ئىختىيارى ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا يەنە كەلدى. ۋە بالىنى رەسۇلۇللاھقا سۇندى، بالىنىڭ قولىدا بىر پارچە نان تۇراتتى، ئايال: مانا، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىپ، تاماققا كۆندۈردۈم، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئاخىرى ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈم قىلدى. ئۇنى مەيدىسىگە كەلگۈدەك ئورا كولىتىپ ئورىغا كىرگۈزدى. كىشىلەر ئۇنى تاش بوران قىلدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد بىر تاش ئېلىپ ئايالغا ئاتقاندا، ئۇنىڭ بېشىدىن قان چاچراپ چىقىپ خالىدنىڭ يۈزىنى بويىۋەتتى. خالىد ئۇنى تىللىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىدنىڭ ئايالنى تىللىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ: تىلىڭنى يىغ ئەي خالىد، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ ئايال مەدىنە ئاھالىسىدىن يەتمىش ئادەمگە يەتكۈدەك چوڭقۇر تەۋبە قىلدى، ئۆزىنى ئاللاھ ئۈچۈن قۇربان قىلغاندىنمۇ ئارتۇق تەۋبىنى تاپالامسەن؟ دېدى.»[1]

**قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ۋە ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرۇشتا**

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ساتماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. لېكىن يارلىق ـ پەرمانلارنىڭ خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى كۆرىدىغان كۆزى بارمۇ؟ قانۇننىڭ بارلىق خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى تۇتالايدىغان قولى بارمۇ؟

قانۇن بۇنداق قىلالمايدۇ.

بۇ ساھەدە ئىمان ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. بۇ يەردە بىر ئانا بىلەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ مەشھۇر ھېكايىسى بار: «ئانا پايدىنى كۆپ

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئـېلىش ئۈچـۈن سـۆتكە سـۇ ئارىلاشـتۇرماقچى بولـدۇ، قىـز ئۇنىڭغـا مۆمىنلەرنىڭ ئەمرىنىڭ يارلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

ئانـا: مۆمىنلەرنىـڭ ئەمـرى هـازىر نەدە؟! ئـۇ بىزنـى كۆرەلەمـدۇ؟ دەيدۇ، قىز ئۇنىڭغا بۇ ئۆتكۈر جاۋابنى قايتۇرىدۇ: مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى بىزنـى كۆرمىســە، مۆمىنلەرنىــڭ ئەمرىنىــڭ پەرۋەردىگــارى بىزنــى كۆرىدىغۇ !!»

تەبەرىـي مۇنـداق دەيـدۇ: «مۇسـۇلمانلار مەدائىنغـا غازاتقـا بېرىــپ، غازاتتىن كېيىن غەنىمەتلەرنى جۇغلاشقا باشلىدى. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ غەنىمىتىنــى ئېلىــپ كېلىــپ غەنىــمەت يىغقۇچىغا تاپشـۇردى. ئۇنىـڭ هەمراهلىرى:

ــ بىز بۇنداق ئـادەمنى كـۆرۈپ باقمىغـان، بىزنىـڭ قىشـىمىزدىكى غەنىمەتــلەر ئۇنىڭكىنىــڭ يېرىمىغىمـۇ تەڭ كەلمەيـدۇ، ــ دېـدى. بىــر نەچچەيلەن ئۇنىڭغا:

ــ بىرەر نەرسە ئېلىپ قالدىڭمۇ دېدى. ئۇ:

ــ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئاللاهتىن قورقمىغان بولسام ئـۇنى سىلەرگە ئەكېلىپ بەرمەيتتىم، ــ دېـدى، ئـۇلار ئـۇ ئادەمنىـڭ شـۇنچە سەمىمىيلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

ــ سەن كىم بولىسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سـىلەرنىڭ مېنـى ماختىماسـلىقىڭلار ۋە باشـقىلارغا مېنــى سـۆزلەپ يۈرمەسـلىكىڭلار ئۈچـۈن ئىسـمىمنى دەپ بەرمەيــمەن، لــېكىن مەن ئاللاھقــا تەشــەككۈر ئېيــتىمەن ۋە ئۇنىــڭ بەرگەن ساۋابىغا رازى بولىمەن، دېدى.

ئۆمەرنىڭ قېشىغا ئۆزى يېنىك، قىممىتى يۇقىرى غەنىمەتلەر ئىنتايىن كۆپ يىغىلدى. ئۇلارنى مۇكاپات ۋە ئالقىش ئىزدىمەستىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان قوشۇن تاپشۇرغان ئىدى. ئۆمەر ھەيرانلىق بىلەن:

ــ ئۇنى تاپشۇرغان جەڭچىلەر ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك كىشىلەر ئىكەن، ــ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ:

ــ مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن مەككىگە بارىدىغان يولدا كېتىۋاتاتتىم، بىر پادىچى تاغدىن قويلىرىنى ھەيدەپ بىز تەرەپكە چۈشتى، ئۆمەر ئۇنىڭغا:

ــ ھەي پادىچى بىزگە قوينى سېتىپ بەرگىن، ــ دېدى. پادىچى:

ــ مەن قۇل، ــ دېدى. ئۆمەر ئۇنى سىنىماقچى بولۇپ: ــ خوجايىنىڭغا بۆرە يەپكەتتى، ــ دېسەڭ بولىدىغۇ، ــ دېۋىدى، ئۇ ئۆمەرگە:

ــ ئاللاھ نەدە؟ دەپ سوئال قويدى.

ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە قۇل بىلەن بېرىپ ئۇنى خوجايىنىدىن سېتىۋالدى ۋە ئازات قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

ــ سېنى دۇنيادا بۇ سۆز ئازات قىلدى. بۇسۆزنىڭ سېنى ئاخىرەتتىمۇ ئازات قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ــ دېدى.

**سىياسەت ۋە ھاكىمىيەت ساھەسىدە**

گەرچە سىياسەت، ھاكىمىيەت ساھەسى كۆپىنچە چاغلاردا كىشىلەرنى زۇلۇم، مەغرۇرلۇق، ھەددىن ئېشىشقا ئېلىپ بارىدىغان

بىر ساھە بولسىمۇ، مانا مۇشۇ ساھەدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۇنجى ئىسلام خەلپىلىرىدىكى دوستىنغا يان باسمايدىغان، دۈشمەنگە زۇلۇم، ناھەقچىلىك قىلمايدىغان، تەبىقەۋازلىق قىلمايدىغان يېتۈك ئادالەتپەرۋەرلىك خىسلىتى توغرىسىدا تارىختا تەسىرلىك خاتىرىلەر قالغان. ئەلۋەتتە ئۆلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۆمىنچە ۋىجدان ئۇلارنى ئەنە شۇنداق شەرەپلەرگە سازاۋەر قىلغان. مانا شۇ ۋىجدان، ھاجەت ئادا قىلىش ئۈچۈن باغقا كىرگەندە: «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ! شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ خەتتاپ جەمەتى ئاللاھتىن قورقسۇن، ياكى ئاللاھ سېنىڭ جاجاڭنى بەرسۇن» دەپ ئەنەس باغنىڭ سىرتىدا توۋلىسا، شۇنداق قوپاللىقنىمۇ ھېچ نېمە بولمىغاندەك، كۆتۈرۈپ كېتەلەيدىغان ئۆمەردەك خەلپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ۋىجدان ئۆمەرنى مەشھۇر «رەمادە يىلى» دەپ ئاتالغان ئاچارچىلىق يىلىدا نان ۋە مايدىن باشقا ھېچنېمە يېمەيدىغان قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ تىللىرى قارىداپ كەتكەن. بەزىلەر بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: پۇقرالار ئاچ، مەن توق يۈرسەم، مېنىڭ ئەلگە باش بولىدىغان نەرىم قالىدۇ؟

بىر كۈنى ئاچلىقتىن سارغىيىپ كەتكەن بىر كىچىك قىزنى كۆرۈپ: بۇ كىم؟ دېدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا:

ـ ئۇ مېنىڭ قىزىم بولىدۇ، سەن بىزنى قولۇڭدا بار ئاشلىقتىن قىسقاندىن كېيىن بولغۇلۇقمىز شۇ، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـ ھەي ئابدۇللاھ سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا ئاللاھنىڭ كىتابى بار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سىلەرگە ئاللاھنىڭ بەلگىلىگىنىدىن باشقا

ھېچنېمە بېرەلمەيمەن. سىلەر مېنىڭ سىلەرگە ھەقلىق بولمىغان نەرسىنى بېرىپ خائىن بولۇشۇمنى خالامسىلەر؟! دېدى.

ئىبنى كەسىر ئۆمەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ۋە شانلىق ئىش - پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئاللاھتىن بەك قورقاتتى. تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ئىدى، ئاللاھ توغرىسىدا قاتتىق قول ئىدى. كىيىمنى تېرە بىلەن ياماپ كىيەتتى. شۇنچە ئابرۇيلۇق تۇرسىمۇ تۇلۇمنى مۈرىسىگە قويۇپ سۇ ئەكىلەتتى، ئېشەككە توقۇم سالماي مىنەتتى، ئاز كۈلەتتى. چىگە ئارقان بىلەن چۇلۇۋۇرلانغان تۆگىگە مىنەتتى. بىرىنى مازاق قىلمايتتى، ئۇنىڭ ئۈزۈكىگە «ھەي ئۆمەر، ئۆلۈم ئەڭ يېتەرلىك نەسىھەت» دېگەن سۆز ئويۇلغان ئىدى.

جەئد ئىبنى ھۇبەيرە مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا شۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، يېنىڭغا ئىككى ئادەم كېلىدۇ، بىرسى سېنى ئۆز ئائىلىسى ۋە مالىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بىرسى قولىدىن كەلسىلا سېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشتىن يانمايدۇ، شۇڭا سېنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە پايدىلىق، سېنى يامان كۆرىدىغان ئادەمگە زىيانلىق ھۆكۈمنى بېرەرسەن، ـ دېگەندە، ئەلى جاۋابەن: ـ بۇ ئىش ئۆزۈمنىڭ ئىشى بولغان بولسا شۇنداق قىلاتتىم. لېكىن، بۇ دېگەن ئاللاھنىڭ ئىشى» دەيدۇ.

شۆئبى مۇنداق دەيدۇ: ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ساۋۇتىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ كېيىن ئۇنى بىر ناسارانىڭ قېشىدا ئۇچراتتى. (ناسارا ساۋۇتنى ئۇنىڭغا بەرگىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن) ئەلى ئۇنى قازى شۈرەيھنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئەلى ئېيتتى:

ــ بۇ ساۋۇت مېنىڭ، مەن بۇ ساۋۇتنى ئۇنىڭغا ساتمىغان ھەم بەرمىگەن. شۇرەيھ ناساراغا دېدى:

ــ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ سۆزىگە نېمە دەيسەن؟ ناسارا:

ــ ساۋۇت مېنىڭ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ.

شۇرەيھ:

ــ ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟ دەيدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ گۇۋاھچىم ئىككى ئوغلۇم دەيدۇ ۋە ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى گۇۋاھلىققا چاقىرىدۇ.

شۇرەيھ:

ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، بالىنىڭ ئاتىغا گۇۋاھچى بولالمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ شۇرەيھ توغرا ئېيتتى، مېنىڭ پاكىتىم يوق، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ ساۋۇت ناساراغا ھۆكۈم قىلىندى. ناسارا ساۋۇتنى ئېلىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا بىردىنلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مانا بۇ، پەيغەمبەرلەر بېرىدىغان ھۆكۈم، پادىشاھ مېنى ئۆز قازىسى ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. قازى پادىشاھنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ساۋۇت سېنىڭ ئىدى، ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن سىففىنغا كېتىۋاتقۇچە ئۇنى چۈشۈرۈپ قويغانىدا، مەن ئۇنى ئېلىۋالغان ئىدىم، ـ دېدى.

ئەلى:

ـ مۇسۇلمان بولغىنىڭدا، ئەمدى ئۇ سېنىڭ بولسۇن، ـ دېدى.

خەلىپە ۋە قازىنى باشقۇرۇپ تۇرغان نەرسە مۆمىنچە ۋىجدان ئىدى. مۆمىن پادىشاھ ئۆز ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن ھوقۇق ئىشلەتمىدى ياكى قازىغا ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىشقا بەلگە بەرمىدى. قازى پادىشاھنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ تۇرغان بولسىمۇ پادىشاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن دەۋانى ھىيلە بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرمىدى. ئىمان شەرىئىتى ھەممىگە ھۆكۈمران، پادىشاھ ياكى پۇقرا، مۇسۇلمان ياكى ناسارا بولسۇن ھەممىگە باراۋەردۇر.

ئەلى ئۈچ تەڭگىگە سېتىۋالغان كۆڭلەكنى كىيەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «ماڭا ئۆيۈ ۋەجىم ئىچىدىن كىشىلەر ئارىسىدا چىرايلىق يۈرگۈدەك ۋە ئۆيىات يېرىمنى يۆگىگىدەك بىر نەرسىنى ماڭا تىگىل قىلىپ بەرگەن خۇداغا مەدھىيە ئېيتىمەن.»

ئەلى ئۆزى پادىشاھ تۇرۇقلۇق بازارلاردا يالغۇز يۈرەتتى. ئېزىپ كەتكەن ئادەمگە يول كۆرسىتەتتى. ئاجىزلارغا ياردەم بېرەتتى. باققال ۋە سېتىقچىلارنىڭ يانلىرىدىن ئۆتسە ئۇلارغا قۇرئاننى ئېچىپ: «ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى ئاقىۋەت) تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىپ مۇنداق دەيتتى: «بۇ ئايەت ئادىل ۋە كەمتەر پادىشاھ، ئەمەلدار ۋە كۈچى بار كىشىلەر توغرىسىدا چۈشكەن.»

---

[1] قەسەس سۈرىسى 83- ئايەت.

ئـاخىرەت دۇنياسـىغا ۋە ئاللاھنىـڭ قېشـىدىكى ياخشـى ئـاقىۋەتكە ئىشتىياق باغلاش بۇ يوكسەك نەمۇنىلەر ۋە بۈيۈك ئىشلارنىڭ رېئاللىققا چىقىشىدىكى يوشۇرۇن ئامىل.

ئۆمەۋىيلەرنىڭ توغرا يولدىكى خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابـدۇلئەزىز توغرۇلۇق مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دېدى: «كىشىلەر مالىك زاھىـت، دېيىشىدۇ. مىنىڭ قانـداق زاھىـدلىقىم بـار ئىـكەن؟ ھەقىقىـي زاھىـت دېگەن ئۆمەر ئىبنـى ئابـدۇلئەزىزدۇر. دۇنيـا ئۇنىـڭ ئالـدىغا ئېغىزىنـى ئېچىپ كەلگەن بولسىمۇ دۇنيانى پۈتۈنلەي تەرك ئەتتى.»

راست، ئۇ خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلىدىمۇ كىيىدىغانغا بىرلا كۆڭلىكى بار ئىدى. كـۆڭلەكنى ھەر يۇغانـدا ئۇنىـڭ قۇرۇشـىنى كۈتـۈپ ئۆيـدىن چىقالمـاي ئولتـۇراتتى. ھـالبۇكى ئـۇ بەكمـۇ باياشـات ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن يىگىت ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۈزۈم ئېلىپ يېيىش ئۈچۈن بىر تەڭگە قەرز سورىدى. ئايالى بەرگىلـى پـۇل تاپالمىغانـدىن كېـيىن ئۇنىڭغا: سەن خەلىپە تۇرسـاڭ خەزىنەڭـدە ئـۈزۈم سـېتىۋالغۇدەك پـۇل يوقمۇ؟ دېدى. ئۇ:

ــ مېنىــڭ بۇنــداق قىلىشــىم ئەتە جەھەنــنەم ئوتــدا ئــازاب ۋە زەنجىرلەر ئىچىـدە تېپىرلىشـىمدىن ئاسـانراق، دېـدى. ئـۇ خەلىپىلىـك تەختىــدىكى چېغىــدا جەمئىيەتــتە قازىخانىغــا دەۋا كەلمەيــدىغان دەرىجىدە ياخشـىلىنىپ كەتـكەن. ئـۇ ھەرقانـداق بىـر ھەق ئىگىسـىگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ جاكارچىسى ھەركـۈنى شـۇنداق دەپ جاكـارلاپ تـۇراتتى: قەرزدارلار بـارمۇ؟ تـوي قىلىـدىغانلار بـارمۇ؟ يېتىملار بارمۇ؟ قىسلغانلار بارمۇ؟ ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىمىز!

ئۇ ئادىل، دۇنيا سۆيمەس، ئېزىلگۈچىلەرگە ياردەم بېرىدىغان، ئۆز جەمەتىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان خەلىپە بولسىمۇ يەنە مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، ئۆمەر سېنىڭ رەھمىتىڭگە لايىق ئەمەس. لېكىن رەھمىتىڭ ئۆمەرنى تېپىشقا لايىقتۇر.

بىر ئادەم ئۇنى ماختاپ ئۇنىڭغا: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللاھ سەن ئارقىلىق ئىسلامغا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلدى»، دېگەندە ئۇ جاۋابەن: «بەلكى ئاللاھ ئىسلام ئارقىلىق ماڭا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلدى» دېدى.

ئۇ ھەقىقەتنى ئۆز ۋايىغا يەتكۈزدى، ئۇ پەقەت ئىسلام مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، ئىمان زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى.

مىساللارنى كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق. چۈنكى مۆمىن كىشىلەر ئېلىپ بارمىغان ھۆكۈمدارلىق، مۆمىن ۋىجدانلار يۈرگۈزمىگەن سىياسەت شائىر دېگەندەك بولىدۇ.

دۇمباقتەك يىراقتىن ئاڭلىنار ياڭراق،
ئىچ ــ قارنى ياخشىلىق دېگەندىن يىراق.

**تىجارەت ۋە مۇئامىلە**

ئىمام غەزالىي مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ دۇكىنىدا بەزىسى بەش تەڭگىلىك، بەزىسى ئون تەڭگىلىك رەختلەر سېتىلاتتى. ئۇ يوق چاغدا ئۇنىڭ خىزمەتكارى بەش تەڭگىلىك رەختتىن بىرنى بىر سەھرالىققا ئون تەڭگىگە ساتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن چىقىپ ھېلىقى سەھرالىقنى

ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنى كۆن بويى ئىزدەپ ئاخىر تاپتى ۋە ئۇنىڭغا: خىزمەتكارىم خاتالىشىپ ساڭا بەش تەڭگىلىك مالنى ئون تەڭگىگە سېتىپتۇ دېدى. ھېلىقى سەھرالىق ئەرەب:

ــ ھەي، مەن رازى بولۇپ ئالدىمغۇ، ــ دېدى. ئۇ:

ــ رازى بولغان بولساڭمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز رازى بولمىسا بولمايدۇ، ئۈچىنىڭ بىرىنى تاللىغىن، پۇلۇڭغا ئون تەڭگىلىك رەخت ئالغىن، ياكى ساڭا بەش تەڭگىنى ياندۇرۇپ بېرەي، ياكى پۇلۇڭنى ئېلىپ رەختنى ياندۇرۇپ بەرگىن، ــ دېدى. ئاخىرى ئۇنىڭغا بەش تەڭگىنى قايتۇرۇپ بەردى. غەزالىي يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيدىنىڭ دۇكىنىدا 400 تەڭگىلىك، 200 تەڭگىلىك تونلار سېتىلاتتى. يۇنۇس بىر قېتىم نامازغا ماڭغىنىدا قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى دۇكانغا قارىتىپ قويۇپ كەتتى. بىر تاغلىق ئەرەب كېلىپ 400 تەڭگىلىك تون سورىدى. ئۇ ئوغۇل بۇ تاغلىققا 200 تەڭگىلىك توننى ئېلىپ بەردى. تاغلىق ئەرەب تونىنى كۆرۈپ بېقىپ، ياقتۇردى ۋە باھاسىنىمۇ خوپ كۆرۈپ 400 تەڭگىگە سېتىۋالدى. ئەرابى توننى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا نامازدىن يانغان يۇنۇس ئۇنى كۆرۈپ ئۆز دۇكىنىدىكى تون ئىكەنلىكىنى بىلدى ــ دە، ئۇنىڭدىن توننى قانچىگە سېتىۋالدىڭىز، دەپ سورىدى. خېرىدار:

ــ 400 تەڭگە، ــ دېدى. يۇنۇس:

ــ ئىككى يۈز تەڭگىدىن ئارتۇقچا يارىمايدۇ. يۈرۈڭ، بېرىپ ياندۇرۇۋېلىڭ، ــ دېدى. خېرىدار:

ــ بۇ تون شەھىرىمىزدە 500 تەڭگىگە يارايدۇ، مەن رازى بولۇپ ئالدىم، ــ دېدى. يۇنۇس:

ـ مەن بىلەن قايتىڭ، دىنىدىكى سادىقلىق ۋە كۆيىنىش دۇنيادىكى پۇتكۈل نەرسىدىن ياخشى، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنى دۇكانغا قايتۇرۇپ كېلىپ 200 تەڭگىنى قايتۇرۇپ بەردى. يۇنۇس بۇ توغرۇلۇق ئوغلىغا كايىپ:

ـ ئاللاھتىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟ قورقمىدىڭمۇ؟ شۇنداقمۇ پايدا ئالغان بارمۇ؟ مۇسۇلمانغىمۇ مۇشۇنداق ئالا كۆڭۈللۈك قىلامسەن؟ ئۇلارغا مۇشۇنداق كۆيۈنەمسەن؟ دەپ قاتتىق كايىدى. ئوغۇل:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خېرىدار ئۆزى رازى بولۇپ ئالدى، دېدى. يۇنۇس بولسا، ئۇنىڭغا يەنە كايىپ:

ـ سەن ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمەيدىغان ئىشنى ئۇنىڭغا راۋا كۆرەمسەن؟ـ دېدى.

ئادەتتە سودىگەرلەرنىڭ پايدا پەرەسلىك تەبىئىتى ئۈستۈن كېلىپ، ھە دېگەندە ئۇلارنى قىزىلكۆزلۈك ۋە باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا سۆرەپ بارىدۇ. لېكىن ئىمان غالىب كەلگەن شارائىتتا يۈكسەك كىشىلىك پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپلىرى ئالدىدا پۇل ـ مال ئەرزىمەس ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

بۇلار بۇرۇنقى دەۋرلەرگىلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىكى ياخشى جەمئىيىتىگىلا خاس نەمۇنىلەر ئەمەس. ئىمانىنىڭ ئىسلام يۇرتلىرىدىكى كىشىلەر ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، سان، سۈپەت ۋە دەرىجە جەھەتتە ئىلگىرىكىگە يەتمىسىمۇ يەنىلا تا بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇستاز ئەبۇلھەسەن نەدەۋى بىر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ھىجازدا خېلى ئۇزۇن يىل تۇرغان ئىشەنچلىك دىنى قېرىنداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەككىنىڭ تىجارەتچىلىرى ئۆز قوشنىسىغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇش، بىر ـ بىرىگە سەمىمىي بولۇش ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش جەھەتتە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىكەن. بىر تىجارەتچىگە زىيان چىققان ياكى تۈزۈك سودا قىلالمىغان بولسا، ئۇنىڭ شۇ كۈنىدە كۆپ پايدا ئالغان قوشنىسى چۈشتىن كېيىن دۇكىنىغا خېرىدار كەلسە، خېرىدارغا تەمكىنلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن: «يېنىمدىكى دۇكاندىن ئېلىڭ! مېنىڭ قېشىمدا بار مالنى شۇ دۇكاندىنمۇ تاپالايسىز، بۈگۈن ئۇنىڭ سودىسى ياخشى بولمىغاندەك قىلىدۇ، مالنى ئۇنىڭدىن سېتىۋالغىنىڭىز تۈزۈك» دەيدىكەن.

ئاۋىستىرىيەلىك پروفېسسور مۇھەممەد ئەسەد (لىيو فولد فايس) ئۆز نۇتۇقلىرىدىن بىرىدە بۈيۈك ئىسلام ـ ئەرەب شەھىرى دىمەشق كىشىلىرىنىڭ ئېسىللىقى توغرۇلۇق سۆز قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

«دىمەشق شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى روھىي خاتىرجەملىككە قول قويىدۇم. ئۇلارنىڭ بۇ مەنىۋى ئىشەنچىنى يولدىكى سودا بوتكىلىرىدىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىچىككىنە بوتكىلاردىكى شۇ تىجارەتچىلەر ئۆتكەن ـ كەچكەن خېرىدارلارنى چاقىرىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەنسىرەش ۋە ھەسەت دېگەندىن ئەسەرمۇ بولمايدۇ. ھەتتا بىرەر دۇكانچى بىر ئاز ئىشى چىقىپ قالىدىغان بولسا، قوشنا سودىگەرنىڭ دۇكىنىغا خېرىدار ئولىشىۋالغان بولسىمۇ دۇكىنىنى تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ.

مەن ئۇ يەردە ئەڭ كۆپ كۆرگەن ئىش شۇ بولدىكى، بىر ئىگىسى يوق دۇكانغا بىر خېرىدار كېلىپ، دۇكانچىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ قالسا ياكى باشقا دۇكانغا يۆتكىلىشكە تەمشەلسە، ئۇ دۇكانغا قوشنا بولغان دۇكانچى دەرھال كېلىپ خېرىداردىن نېمە لازىملىقىنى سورايدۇ ۋە خېرىدار ئىزدىگەن مالنى ئۆز دۇكىنىدىن ئەمەس، شۇ ئىگىسى يوق دۇكاندىن ئېلىپ ساتىدۇ ۋە ساتقان پۇلنى ئورۇندۇقتا تاشلاپ قويۇپ ئۆز دۇكىنىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئىنسان ياۋروپادا بۇنىڭدەك ئالقىشقا ئەرزىيدىغان ئىشنى كۆرەلەمدۇ؟

**ئۆز ئارا ئەسقىتىش ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن بىلىشتە**

ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشتىن تۇغۇلغان ۋىجداننىڭ رولى ئۆزئارا باراۋەرلىك، بىر ـ بىرى ئۈچۈن جانۇ ـ مالىدىن كېچىش قاتارلىق ئىشلاردا ياخشى گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق ۋىجدانغا ئىگە ئادەم ئۆزىگە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئۆز قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، قېرىندىشى ئۈچۈن ئۆزى ئەڭ ئامراق بالىسىغا ياكى ئائىلىسىگە چىقىم قىلمايدىغان ۋاقتىنى، تىرىشچانلىقىنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ. ئىمان بىلەن روھىي تەرەققىي قىلىدۇرغان ئادەم ئۆز مەنپەئىتىدىنمۇ دىنىي قېرىندىشىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىدۇ. ئۆزى ئەڭ موھتاج بولۇپ تۇرغان نەرسىنى قېرىندىشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مەردلەرچە سوۋغا قىلىدۇ. ئۇ ئىشلارنى قانۇنىنىڭ رەسمىيىتى، ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپى، ئورگانلارنىڭ نازارىتى، ياكى جازانىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ قىلمايدۇ. ئۇنداق قىلدۇرغان نەرسە دەل ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ياخشىلىق قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئىمان تۈرتكىسىدۇر.

مالىك مۇنداق دەيدۇ: بىر مىسكىن ئائىشەدىن يېمەكلىك تىلىدى. ئائىشە روزا تۇتقان بولۇپ، ئۆيدە بىر ناندىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىككىلەنمەستىن خىزمەتچىسىنى مىسكىنگە ناننى بېرىشكە بۇيرۇدى. خىزمەتچى قىز: «ئۇنى بەرسەك سىزنىڭ ئىپتار قىلىشىڭىزغا نان قالمايدۇ، باشقا نەرسىمۇ يوق»، ــ دېدى. ئائىشە يەنىلا مىسكىنگە ناننى بېرىشكە بۇيرۇدى. بەزىلەر بۇ مىسكىنگە بېرىدىغىنى پەقەت بىر نان بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىشە ئۇنىڭدىن كېچەلىگەن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئۇلار تارىخشۇناسلار ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ باقسۇن:

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سوفيان ئائىشەگە 80 مىڭ تەڭگە ئەۋەتتى. ئائىشە روزا تۇتقان ھەم كىيىمى يىرتىق ئىدى، ئۇ بۇ پۇللارنى قولىغا تېگىپ بىر سائەت ئىچىدىلا قولىدا بىر تەڭگىمۇ قالدۇرماستىن پېقىرلار ۋە مىسكىنلەرگە تارقىتىپ بەردى. خىزمەتچى قىز ئائىشەگە: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى، سىزنىڭ ئىپتارلىقىڭىزغا گۆش سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر تەڭگە بولسىمۇ قالدۇرمىدىڭىزغۇ؟ دېدى. ئائىشە: ھەي قىزچاق، بۇرۇنراق ئېسىمگە سالغان بولسىڭىز قالدۇرار ئىكەنمەن، دېدى.

ئۆيدە ئۆزى ئىپتار قىلغىلى بىر ناندىن باشقا نەرسە بولمىسىمۇ، شۇ ناننى مىسكىننىڭ قورساق تويغۇزۇشى ئۈچۈن بەرگەن روزىدار ئايال، ئۆزىنىڭ ئاچ قورسىقىنى، يىرتىق كىيىمىنى ئېسىگە ئالماستىن 80 مىڭ تەڭگىنى باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بېرىۋەتتى.

«مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى زەينەپ بىنتى جەھشىمۇ ئائىشىگە ئوخشاش ئىدى. بەرزە بىنتى باتىئ

مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىملىق سوۋغات تارقىتىشتا ئۆمەر زەينەپكىمۇ بىر ئۇلـۇش ئەۋەتتــى. ســوۋغاتنى كۆتــۈرگەن ئــادەم زەينەپنىــڭ ئــۆيىگە كىرگەندە، زەينەپ: ئاللاھ ئۆمەرگە مەغپىرەت قىلسۇن! مەنـدىن باشـقا ھەمشىـرىلەر بـۇ سـوۋغاتقا بەكـرەك لايىـق ئىـدى، دېـدى. كەلگەنـلەر: «بۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ»، دېيىشىدۇ، ئۇ: «ئاللاھ پاكتۇر»، دېـدى ۋە پۇللارنىڭ ئۈستىنى رەخت بىلەن يېپىپ قويۇۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئـۇ مېنى قولۇمنى رەختنىڭ ئاستىدىن تىقىپ پۇلدىن بىر سىقىم ئېلىپ ئـۇنى يـۇرتتىكى قـولى قىسـقا كىشـىلەرگە ھەمـدە ئـۆز تۇغقـانلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم يېتىم ـ يېسىرلارغا ئاپىرىپ تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. مەن دېگىنى بويىچە ئۇنىڭدىن ئاپىرىپ تەقسىم قىلىۋەردىم، ئــاخىرى رەخــت بــارا ـ بــارا پەســلەپ پۇلنىــڭ چېچىلىــپ قالغــان قالــدۇقلىرىلا قالــدى. مەن: ئــاللاھ ســاڭا مەغپىــرەت قىلغــاي ئــى مۆمىنلەرنىــڭ ئانىســى، ئــاللاھ بىــلەن قەســەمكى بۇنىڭــدا بىزنىــڭ ھەققىمىــزلا قالــدى دېيىــشىم ئــۇ: رەختنىــڭ ئاســتىدا قالغــانلىرىنى ئىشلىتىڭلار دېدى. رەختنى ئېچىپ قارىساق ئاران 85 تەڭگە قالغان ئىكەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ 400 تىللانى بىـر قاپچۇققا سالدى. ئانـدىن خادىمغا بـۇنى ئۇبەيـدە ئىبنـى جەرراھقـا ئاپىرىـپ بەرگىـن، ئانـدىن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان بولـۇپ، پـۇلنى قانـداق قىلىـدىغانلىقىغا نەزەر سالغىن دېدى. خادىم پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بـاردى ۋە ئۇنىڭغـا: مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بۇنى ھاجىتىڭگە ئىشلەتسۇن دەپ سىزگە ئەۋەتتى دېـدى. ئەبـۇ ئۇبەيـدە: ئــاللاھ ئۇنىڭغـا رەھــمەت قىلسـۇن، دېـدى ۋە قىزىنى چاقىرىپ: بۇ يەتتىنى پالانىغا، بۇ بەشنى پالانىغا بەرگىـن دەپ

بىرىنچىسى ئاخىرىدا ھەممىنى تۇگەتتى. خادىم ئۆمەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۆمەر يەنە بىر قاپچۇققا ئوخشاش پۇل سېلىپ:

ــ بۇ پۇلنى مۇئاز ئىبنى جەبەلگە ئاپىرىپ بەرگىن، ئاندىن ئۆيىدە ئولتۇرغان بولۇپ پۇلنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆزەتكىن، ــ دېدى. خادىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭغا:

ــ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بۇ پۇلنى ھاجىتىڭگە ئىشلەتسۇن دەپ سىزگە ئەۋەتتى، ــ دېدى. مۇئاز:

ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي، ــ دېدى. ئاندىن قىزىنى چاقىرىپ پالان ئۆيگە مۇنچىلىك، پۇستان ئۆيگە مۇنچىلىك ئاپىرىپ بەرگىن دەپ يولغا سالدى. ھەر قېتىم قايتىپ كەلسە يەنە يولغا سالدى. بىر چاغدا مۇئازنىڭ ئايالى چىقىپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىز كەمبەغەلمىز، بىزگە بېرىڭ، ئۆيدە ئىككى دىناردىن باشقا پۇل قالمىدى، ــ دېدى. خادىم قايتىپ كېلىپ ئۆمەرگە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۆمەر خۇرسەن بولۇپ:

ــ ئۇلار بىر ــ بىرىنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، ــ دېدى.

ئىبنى سەئىد مۇنداق دېدى:

ــ ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن بىر پارچە يەرنى 40 مىڭ دىنارغا سېتىۋالدى. ئاندىن ئۇ يەرنى كەمبەغەل تۇغقانلىرىغا، ھاجەتمەن كىشىلەرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا بۆلۈپ بەردى.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ سودا كارۋىنى مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە مەدىنە شەھىرى تەۋرەپ كەتتى. ئائىشە: بۇ نېمە ئاۋاز دەپ

سورىغاندا ئۇنىڭغا: ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ سودا كارۋىنى قايتىپ كەپتۇ، دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئائىشە:

ـ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «مەن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە گاھى يىقىلىپ گاھى ئۆرە بولۇپ ئاخىرىدا چۈشۈپ كەتمەي ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم.» بۇ سۆز ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفكە يەتكەندە: «كارۋانغا قېتىلغان تۆگىلەر ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر سەدىقە» دېدى. ئائىشەنىڭ بۇ سۆزى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفكە نىسبەتەن ئۆز ماللىرىدىن ئارتۇق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم سەدىقە قىلىۋەتكەن تۆگىلىرىنىڭ سانى 500 ئىدى. بۇ ئەر ئاشۇنچىۋالا كۆپ تۆگىلىرى ۋە سودا ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇنچە ئاسانلا سەدىقە قىلىۋەتتى.

ئەنەس مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ تەلھە مەدىنە ئىچىدىكى خورمىزارلىقى ئەڭ كۆپ ئادەم ئىدى. ئۇ مال ـ مۈلكى ئىچىدە مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى بەيرۇھا ئىسىملىك خورمىزارلىقنى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ باغقا كىرىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ سۈزۈك سۈيىدىن ئىچەتتى. ئال ئىمران سۈرەسىنىڭ 92 ـ ئايىتى چۈشكەندە ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ‹ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر› دەپتۇ. مەن

ۋەجىم ئىچىدە بەيرۇھاغا بەكرەك ئامراق، ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتتىم. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ياخشىلىق ۋە ساۋاپىنى ئۈمىد قىلىمەن، باغنى ئاللاھ سىلىگە كۆرسەتكەن جايغا ئىشلەتسىلە دېدى. رەسۇلۇللاھ: بارىكاللاھ! بارىكاللاھ! پايدىلىق مال! پايدىلىق مال، دېدى.»

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ساھابىسىگە قوي كاللىسى ھەدىيە قىلىنغاندا، ئۇ: پالانى بۇنىڭغا مەندىن بەكرەك موھتاج ئىدى» دېگەن. ھەدىيە قىلغۇچى ئادەم ساھابە كۆرسەتكەن ئادەم قېشىغا ئاپارسا ئۇ ئۆزىدىنمۇ بەك موھتاج دەپ قارىغان ئادەمگە بېرىشنى ھاۋالە قىلغان، بىرى بىرىگە ھاۋالە قىلىۋېرىپ ھەدىيە يەتتە كەمبەغەلگە سۇنۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ھېلىقى ساھابىگە قايتىپ كەلگەن.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز، بۇ دېگەن ئايرىم ئادەملەردە كۆرۈلگەن ئىشلار، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئىشلار بىر پۈتۈن جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. بۇنداق مىساللارنى سۆزلەپ كەلسەك بەك كۆپ بولۇپ، بىز پەقەت ئازراقلا توختالدۇق، مانا شۇلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى ۋە ساپاسىنى، پۇل ۋە ھاياتقا بولغان قارىشىنى ئەمەلىي تەسۋىرلەپ بېرىشكە يېتەرلىك.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

«بىزگە شۇنداق بىر زامان كەلدىكى، بۇ زاماننىڭ ئادەملىرى ئۆزىنىڭ پۇل - مېلىنى ئۆز مەنپەئەتىگە ئىشلىتىشتىن كۆرە مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلىتىشنى ھەقلىقرەك كۆرىدۇ.»

ئــۆز دەۋرىــدە مۇســۇلمانلار جامائەتچىلىكىنىــڭ كــۆپ قىســمىنى تەشــكىل قىلىــدىغان ئەنسارلارنىڭ ئــۆز مەنپەئەتىــدىن باشــقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، قېرىنــداش، دوســت بولۇشــتىكى ئىلغــار ئىــش ـ ئىزلىــرى ئۇلــۇغ قۇرئــان كەرىمــدە مۇنــداق تىلغا ئېلىنىدۇ: «ئۇلاردىن (يەنــى مۇھــاجىرلاردىن) مەدىنىــدە يەرلىــك بولغان، ئىمانى كۈچلــۈك بولغــانلار (يەنــى ئەنســارلار) يېنىغــا ھىجــرەت قىلىــپ كەلگەنلەرنــى (يەنــى مۇھــاجىرلارنى) دوســت تۇتىــدۇ، ئۇلارغــا بېرىلگەن نەرسىلەرگە ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلــۇق (مۇھاجىرلارنىــڭ مەنپەئەتىنــى) ئۆزلىرىنىــڭ (مەنپەئەتــى) دىــن ئەلا بىلىــدۇ. ئــۆز نەپســىنىڭ بېخىللىقىــدىن ســاقلانغۇچىلار مەقســەتكە يەتكۈچىلەردۇر.»[1]

**ئۆمسە پىكىرلەر ۋە ئۇلارغا رەددىيە**

يۇقىرىقىلاردىن بىــز دىــن ۋە ئىمانىنىــڭ ئېســىل ئەخلاقنــى بارلىققــا كەلتــۈرۈش ۋە ئويغــاق ۋىجــدانلارنى تەربىيەلەشــتىكى رولىنــى ئېنىــق چۈشــەندۇق. ئىمــان بارلىققــا كەلتــۈرگەن ئىنســانىي نەمــۇنىلەردىن مىساللارنى كۆرسەتتۇق. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەر بىلەن زېمىن ئۈســتىدە مېڭىــپ يــۈرگەن، ئۇلارنىــڭ تېنــى بىــلەن بىرلىشــىپ كەتكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەنلەشكەن، ئادەملەشكەن پەزىلەتــلەر ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، دىن ۋە ئىماننىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرىنى مىساللار بىــلەن دەلىلــلەپ ئولتۇرۇشــنىڭ ھــاجىتى يــوق. چــۈنكى قايســى بىــر

[1] ھەشر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

تارىخشۇناسىنىڭ:«شۋېيتسارىيەلىك دىن تارىختا ئىنسانىيەتنى ياۋايىلىقتىن ئايرىپ چىققان ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ بولغان» دېگىنىدەك، دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ۋە مەدەنىيەت يارىتىشتىكى تەسىر كۈچىگە كۆز يۇمۇپ بولمايدۇ.

پەيلاسوپ بۇنيامىن كەيد: «بارلىق مەدەنىيەتلەر دىنىنىڭ ئەخلاققا قاراتقان ئۇ دۇنيالىق جازا ـ مۇكاپاتلىرى ئاساسىدا بەرپا بولغان» دەيدۇ.

بەلكىم، بەزى كىشىلەر دىنىنىڭ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋىتىنى بارلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بۇ يەردە بۇ گەپكە ئاتاقلىق ئوبزورچى «تارد» ئۆزى دىنغا ئىشەنمىسىمۇ ئەمما ئەخلاق ـ پەزىلەتنى نەزەرگە ئالىدىغان بەزى دىنسىزلارنىڭ كۆڭۈللۈك ھاياتىنىڭ ئىزچىل بىر دىنى تەربىيەگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

مانا بۇ دىني تەربىيەنى يازغۇچى كارلىل ئەپەندى خرىستىئان دىنغا مەنسۇپ بولغان «ئۆچمەس نۇر» دەپ ئاتايدۇ.

ئاتاقلىق ئەدىب رىنانمۇ ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزىدە ئەنە شۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز دىندىن ئىبارەت بىر بۇيۇك سايە ئاستىدا ياشاۋاتىمىز، ناۋادا بىزدە مۇشۇ ـ ئۆزۈلمەس نۇر ـ يوقىلىپ كەتسە، بىزدىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ يالغانچىلىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق ئىستەكلىرىنى قانداقمۇ تىزگىنلەر.»

دۇنياغا داڭلىق رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋىسكى ئىنسان ئاللاھتىن يۈزئۆرىگەن چاغدا قانداق بولۇپ شەيتانلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بىر كىتاب يازغان.

بۇ، دىنغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭلا ئېھتىياجى بولماستىن، بەلكى دىنلىق، دىنسىز بولسۇن بارلىق ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەر ئورتاق تەن ئالىدىغان ھەقىقەتتۇر.

دىنسىزلار ئىچىدە دىن خۇراپات بولسىمۇ لېكىن ھايات دىندىن ئايرىلىپ بېجىرىم بولالمايدۇ، ئەخلاق دىندىن ئايرىلالمايدۇ، دەپ قارايدىغانلار بار. يەنە بىرلىرى: «ئالالھ مەۋجۇد بولمىسا بىزنىڭ ئۇنى ئىجاد قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ، بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىلاھقا ئىشىنىشنىڭ روھىيەت ۋە ھاياتتىكى رولىنى سەزگەنلىكىدۇر. فرانسىيىلىك مەشھۇر ئەدىب ۋولتىر دىنسىزلارنى مەسخىرە قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ئالالھنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن نېمىدەپ گۇمانلىنىسىلەر؟ ئەگەر ئالالھ مەۋجۇد بولمىغان بولسا ئىدى، ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلغان. خىزمەتچىم نەرسىلىرىمنى ئوغرىلىۋالغان بولاتتى.»

ئۈچىنچى بىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن دوزاخنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، لېكىن شۇ دوزاخقا ئىشىنىشنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلاپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، شۇنداق قارايمەنكى، ئەگەر بىر ياش دوزاخنى يوق دەپ قاراپ قالغىنىدا ئۇ ھېچ ئىشقا قوۋۇشمايدىغان بولۇۋالىدۇ. ئەخلاقنىڭ ۋەزىپىسى بولسا قىسمەنلىكتە ئوموملىۇقنى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە كەلگۈسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر. دىنىنىڭ نىشانىمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. خۇددى ھوفدونج ئوتتۇرىغا قويغاندەك دىن دېمەك ئالىيجاناب ئىنسانىي قەدىرىيەتلەر ھەمىدە قىممەتلەرنى قوغداش دېمەكتۇر. دىندىكى مۇكاپات ۋەجازادىن ئايرىلىپ قالغاندا ئەخلاقمۇ قۇرۇق ئۆلچەمگە

ئايلىنىدۇ. مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى يوقىلىدۇ. ياشلار گۇناھلىق قىلمىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش ئورنىغا، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق زېرەكلىكى ۋە بىلىملىرىنى ئاتا ـ ئانا، ئۇستازلىرىنىڭ تەۋسىيەلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ.»

**ئاللاھتىن ۋە قىيامەتتىن قورقۇشنىڭ شەخسنى تەربىيەلەشتىكى رولى**

يۇقىرىقىلار دىنسىزلارنىڭ دىنىنىڭ كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئىستىل جەھەتتىكى تەسىرىگە بەرگەن باھالىرىنىڭ بىر قىسمى. لېكىن يەنە ئاللاھتىن ۋە ئاخىرەتتىكى ھېسابتىن ئاگاھلاندۇرۇدىغان دىن يولى ئەركىن، تەرەققىي قىلغان، مۇستەقىل خاراكتېردىكى ئادەملەرنى تەربىيەلەشكە زىيانلىق دېگەندەك ئىغۋالارنى ھېلىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر تارقىتىپ يۈرمەكتە.

بىز ئىلگىرىكىلەرگە قوشۇمچە قىلىپ ئۇلارغا مۇنداق دەيمىز: تەربىيەنى قورقۇش ئامىلىدىن تامامەن خالى ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەن گەپ بىر سېپى ئۆزىدىن ئەيىپاچتى داۋراڭ، ئارتۇقچە خىيالدۇر. خۇددى ئاللاھ ياراتقان بويىچە ـ ئۈمىد قىلىدىغان، قورقىدىغان، ئارزۇ قىلىدىغان، ئەنسىرەيدىغان ئىنسانىنىڭ ئەمەلىيىتىنى توغرىدىن توغرا ئىنكار قىلغانلىق. قورقۇشقا توغرا كەلسە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، مەخلۇقلارنى ياراتقۇچى، بارلىق ئىشلارنىڭ ئىگىسىدىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى بارلىق قورقۇنچ كۆزنەكلىرىنى تاقاش كېرەك. چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق مەخلۇقتىن قورقماسلىق لازىم (كىشىلىك تەبىئەت تەقەززاسى بىلەن بىرەر نەرسىدىن قورقۇش باشقا گەپ). مانا بۇ ئەمەلىيەتتە

جەڭگىۋارلىق بولىقى، كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەئىدۇر. مانا بۇ مۆمىنلەرنىڭ ھالىتى: «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ ئاللاھنىڭ غەيرىدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، ئاللاھ (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر.»[1] «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»[2] «ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقۇتىدۇ. ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار.»[3]

دانالار ئېيتىمىشلىرىدىن بىرىدە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭدىن قورقۇتىدۇ، كىمكى ئاللاھتىن قورقمايدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ھەممە نەرسىدىن قورقۇتىدۇ.»

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى 54 ـ ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى 175ـ ئايەت.

مۆمىننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىدىن قورقۇشى ئادىل قورقۇش بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىنى جازالىشىدىن قورقىدۇ. بۇ ياخشى ئادەمنى يامان ئادەمنىڭ گۇناھى ئۈچۈن جازالايدىغان زالىم پادىشاھنىڭ جازالىشىدىن قورققانغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ قورقۇش بالىنىڭ توغرا يولدىن چىقىپ كەتسە دادىسىنىڭ ئۆزىگە ئاچچىقلىشىدىن قورقۇشىغا ئوخشايدۇ. مۆمىن بۇ قورقۇش بىلەن بىرگە، ئاللاھنىڭ ئەپۇسىغا ئۈمىد باغلايدۇ، رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكىگە ئارزۇ قويىدۇ.

قۇرئان كەرىم خۇدادىن قورقۇش ۋە ئۈمىدلىنىش تۇيغۇسىنىڭ نورمال دەرىجىدە بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقكەن، مۆمىننىڭ ئاللاھقا ئۈمىدنى بەك باغلاپ كېتىپ، جازاسىدىن خاتىرجەم بولۇشى توغرا بولمىغىنىدەك، ئاللاھتىن قورقۇشىنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىدىن ئۈمىد ئۈزۈش دەرىجىسىگە ئاپىرىۋېتىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: «ئۇلار ئاللاھنىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا ئاللاھنىڭ ئازاب قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ.»[1]

ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى سۈپەتلىرىنىڭ مۆمىننىڭ ئىدىيىسىنى بۇ تەڭپۇڭلۇققا ئىگە قىلىش رولى بار: «(ئاللاھ) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، (ئاللاھ) ئىنئام ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.»[2]

[1] ئەئراف سۈرىسى 99- ئايەت.
[2] غافىر سۈرىسى 3- ئايەت.

قېنى ئەمدى يۇقىرىقىدەك، قورقۇش غايىۋى تەربىيەگە قارشى كېلىدۇ، شەخسنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قاراش توغرا بولامدۇ؟ ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىڭ.

**دوكتۇر ھېنرى لانكىنىڭ دىنىي تەربىيەگە قارشى تۇرغۇچىلارغا بەرگەن رەددىيىسى**

بىز دىنىي ۋە دىنىنىڭ تەربىيەدىكى رولىنى كەمسىتكۈچى كىشىلەرگە تەپسىلىي رەددىيە بېرىشنى ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە دوختۇرى: «ئىمانغا قايتىش» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى دوكتور ھېنرى لانك ئەپەندىگە تاپشۇرىمىز. ئۇ ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئېقىملىرى تارقىتىۋاتقان بىر قىسىم نەزەرىيەلەرنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «بالىلار تەربىيەسى بولسا مۇشەققەتتى كۆپ، ئىنچىكە، چىگىش ھەمدە تولىمۇ مۇھىم بولغان بىر ۋەزىپە. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا بىر ئاز زىددىيەتلىك، كۆپ قىرلىق بولۇپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى ھەرقانچە ئاددىي بولغان تەقدىردىمۇ دادىلار ئۇنى ھەل قىلار چاغدا قانداقتۇر بىر تاشقى ياردەمگە قاتتىق موھتاج بولىدۇ.

شۇنىسى تەبىئىي ئىش بولىدىكى، دىنىي ئەقىدىلەردىن يىرگىنىدىغان دادىلار بالىلار تەربىيەسىدە دىنىي ئەقىدىلەرنى كېرەك قىلمىغان ئەھۋالدا دىنىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان قانداقتۇر بىر يېڭى تەربىيە تايانچى ۋە مىتودىنى تېپىشنىڭ كويىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ جەھەتتە بالىلار پسىخولوگىيىسىدىن باشقا بىر نەرسىنى تاپالمىدى. بىراق، بالىلار پسىخولوگىيىسى تېخى ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيتتى. چۈنكى بۇ ئىلىمگە قىلىنغان ئىشەنچ بۇ چاققا قەدەر پەقەت نەزەرىيىۋى ئىشەنچ بولۇشتىن نېرىغا بارالمىدى. ھازىرقى

دەۋردە بۇ ئىلمدىكى نەزەرىيىلەر سانسىز بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ئىلمىي پاكىت تېخىچە مەيدانغا چىققىنى يوق. شۇڭا، دادىلار بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكرەك بولغان ـ جىسمانىي جازا روھىي تەرەپكە زىيانلىق، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بالىنى بىر ئىشقا كۆچ ۋە بېسىم بىلەن زورلىماستىن ئۇنى ئۆزى قىلىشقا قايىل قىلىش كېرەك. بالىنى دۆشكەلىمەسلىك، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۇلارنىڭ پۇل ـ مالنىڭ قىممىتىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا تەرتىپلىك سوۋغا ـ سالام بېرىپ تۇرۇش لازىم، بىر قىسىم بالىلار تىرىككەك، چۈس تەبىئەتلىك كېلىدۇ. بۇلارغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللانماسلىق، ئاتىلار ئۆزلىرى ۋە باشقىلار قىلغاننى ئۇلارغا زورلاپ قىلدۇرماسلىق كېرەك، دېگەنلەرگە ئىشىنىشكە باشلىدى.

ئەپسۇسكى بۇ نەزەرىيىلەرنى كۆچكە ئىگە قىلىدىغان بىرەر ئىلمىي ياكى ئەقلىي پاكىت مەيدانغا كەلمىدى. بەلكى ئەكسىچە بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ئىلىم ئىسمى بىلەن راۋاجلىنىپ كەتكەن بۇ ئويلار بۆگۈنكى كۈندە ۋەيران بولۇپ، دىنغا قايتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە دىنىنىڭ ئەخلاقنى تۈزەش، يۈرۈش ـ تۇرۇشنى كونترول قىلىش ۋە بالىلارنى تەربىيەلەشتىكى ئۇسۇللىرىغا ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، بالىغا: «بۇ ياخشى، چۈنكى ئاللاھ بۇنىڭغا بۇيرۇغان، بۇنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ. رازى بولىدۇ ۋە بۇنىڭغا جەننەت بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ. ماۋۇ يامان، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭدىن توسقان، ئۇ ئاللاھنى غەزەپلەندۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ ئۇ ئىشقا

دوزاخ بىلەن جازا بېرىدۇ» دېيىشتىنمۇ ياخشى تەربىيە يوقلۇقىنى تونۇپ يېتىۋاتىدۇ.

بىز نۇرغۇن ئاتىلارنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق: باللىرىمىز ئەقىل يېشىغا يەتمىگۈچە ئۇلارنى دىنى دەرسلەر ياكى ئىبادەت سورۇنلىرىغا بارغۇزمايمىز.

ئەپسۇسكى ئۇلار ئۆزىگە مۇنداق بىر سوئالنى قويۇپ بېقىشمىدى: «شۇنداق بولغاندا، ئۇ باللار توغرا ـ خاتانى ئايرىيالايدىغان كۈچلۈك تۇيغۇغا ئېرىشەلەمدۇ؟ ئۇلار بىز باللىق دەۋرىمىزدىن باشلاپ ئىشىنىپ كەلگەن ئەخلاقىي ئۆرنەكلەرگە ئىشىنەمدۇ؟»

بىز يۇقىرىدا بەزى ئىشلارنى خاتا، بەزى ئىشلارنى توغرا دەپ ئۆتتۇق. چۈنكى ئاللاھ شۇنداق بايان قىلدى. ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ كىتابى شۇنداق ئۇقتۇردى. ئىشلارغا مانا مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلىش بالا ئۈچۈن تەبىئىي ھەمدە باشلانغۇچ تەربىيە يولى بولالايدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ياخشى بولۇشىدا شەك يوقتۇر. بىز ئۆزىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق ئەنە شۇ تەربىيە ئارقىلىق ئەڭ ئەقەللىيسى نۇرغۇنلىغان ياخشى ۋە يامان ئىشلارنى تونۇغان ئىدۇق. ئەمما ھازىر بولسا باللىرىمىزغا بولسا ھە دېسە بۇنداق قىلىش خاتا، ئۇنداق قىلىش توغرا، دەيدىغان بولۇپ قالدۇق. چۈنكى بىز شۇنداق قارايمىز، ياكى بولمىسا جەمئىيەتكە شۇنداق قاراش ئومۇملىشىپ كەتكەن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بىزنىڭ باللىرىمىز تۇرمۇشىمىزدىكى ئاساسلىق ئەخلاقىي قىممەتلەرنى دىنى ئەقىدىلەرگە تايانمىغان ھالدا ئۆزىدە ھازىرلىيالارمۇ؟ بىز بولساق ئۇ قىممەتلەرنى ئۇلارنىڭ بىر ئىلاھىي مەنبەدىن

كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن قايتىدىن تەن ئېلىشاتىمىز.

ئۇ، دىنىنىڭ ئاتىلارغا بالىلىرىنى تەربىيەلەش، ئەخلاقىنى تۈزىتىش، ئۇلاردا ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتە قانچىلىك ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بالىلار باراۋەر ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىتى ياكى ئىرسىيىتى بويىچە خىلمۇ خىل بولىدۇ. بۇ تەبىئەت ياكى ئىرسىيەت ھەرقانچە بەك ياخشى بولسىمۇ ئاساسى ئادەتلەرنى تۈزۈمسىز ئورناتقىلى بولمايدۇ. بالىنىڭ تۈزۈمدىن نارازىلىقى بولسا ۋە ئەكسىچە ئىش قىلسا بالىدا ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ھەرقانچە ئۇرۇنغان بىلەنمۇ بىكار، بۇنداق چاغدا بالىنىڭ بۇ ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ھەرقانداق ئۇنۇملۇك ئۇسۇل ياكى مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك چارىلەرنى قوللىنىش كېرەك. بالىلىرىدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغانلار ئەمەلىيەت جەريانىدا باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا قاتتىق موھتاج بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

بىز ئەقلىي ۋە روھىي ھەر ئىككى تەرەپتىن تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ ياردەم مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ دىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا ئىشىنىش ئاتىلارنى پەرزەنت تەربىيەسىدە ھازىرمۇ ۋە كېيىنمۇ ھامان موھتاج بولىدىغان تەربىيە تايانچىغا ئىگە قىلىدۇ.

دېمەك، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئەخلاق، ئادەتلىرىنى قانداق تۈزەش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان شۇ ئاتىلارنىڭ غېمىنى بالىلارنىڭ ئەخلاقىنى

دەسلىنىشىدىن تارتىپ شەكىللەندۈرۈدىغان دىنىي تەسىرلا يېنىكلىتەلەيدۇ.

ئۇلار ماھىيەتتە ھەل بولغۇسىز بىر مۇشكۇللۇككە دۇچ كەلگەن. چۈنكى ئۇلار بۇ يەردە تالىلىۋالغان يول كىشىلەر قەلبىدە يارىتىقۇچىغا ھەمدە ئۇنىڭ ئىلاھىي ئەخلاق قائىدىسىگە ئىشىنىش پەيدا قىلىدىغان ئاشۇ غايەت زور كۈچنىڭ ئورنىنى ھەر قانچە قىلسىمۇ تولۇقى بىلەن باسالمايتتى.

ئۆزلىرىنى بىلىملىك چاغلىغان ۋە ھوش ـ كاللىسىنى ئىشلەتكەنلىكتىن ئىمانىدىن ئادا ـ جۇدا بولغان ئاشۇ ئاتىلارنىڭ داۋاملىق نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز.

بۇ تېڭىرقىغۇچىلار قانداقمۇ ئۆز بالىلىرىنىڭ غەمگۈزارى بولالايدۇ؟

پەرزەنت تەربىيەسىدە ئىشەنچلىك دىنىي پاناھگاھ مەۋجۇد بولمىسا، ھەر بىر دادىنىڭ بۇ ئىشتا جىددىي ئويلىنىشى ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

بالىنىڭ چوڭ بولۇپ، قورامىغا يېتىشكە ئەگىشىپ مۇرەككەپلىككە تولغان جەمئىيەت، مەكتەپ، قوشنىلار، ساۋاقداشلىرى ۋە شەھەر تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل يۈزلىنىشلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تۈرلۈك ئىللەتلەر يىلتىز تارتىدۇ ـ دە، تەربىيە ئىشىدا ھەر خىل قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدۇ. بۇ كۈنلەردە كۆپلىگەن ئاتىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر قاتار چىگىش مەسىلىلەرگە يولۇقۇشى يۈقىرىقى ھەقىقەتنى ياخشى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

دىن ـ ئۇ مىسلىسىز كۈچتۇر، ئۇ ئىنساننىڭ ئاشۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مۇشكۇل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا، ئاتىلار بالىلار ۋە

بارلىق جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ بېشىنى قوچۇۋاتقان چىگىشلىكلەرنى يېشىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئاللاھ بار، ئۇ ياخشىلىق، يامانلىقنى ئەڭ ئالىي ئايرىغۇچى دېگەن ئىدىيىنى ناھايىتى كىچىك چېغىدىلا قوبۇل قىلغان بالا ئۆزىنى ياخشى ئادەت تەربىيەسىگە ئۈندەيدىغان قىممەتلىك تۆرتكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

دىنى دەرسلەر ۋە دىنى سورۇنلار، ئىبادەتخانىلارغا دائىم قاتناپ تۇرۇش بالىنىڭ يۇمران قەلبىدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغانلىقىنى بۇ جەھەتتە ئىلىپ بېرىلغان كۆپلىگەن سىناق ۋە تەكشۈرۈشلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ئادەتتە ئىبادەت سورۇنلىرىدا يا ئانىداق يا مۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بالىلارنىڭ ئىبادەت سورۇنلىرىدا نەسىھەت ئاڭلاشلىرى قانچە كۆپ بولسا، بىزنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە ھەق ـ ناھەق، ياخشى ـ يامان، شەخسىيەتچىلىك ۋە كەڭ قورساقلىق قاتارلىق چۈشەنچىلەرنىڭ ساغلام ئاساسلىرىنى يىلتىز تارتقۇزۇشىمىزغا ئالاھىدە ياردىمى تېگىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئىشلار ئاخىرقى ھېسابتا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ھەمدە ئاللاھنىڭ ئىلاھانە ئەخلاق ئۇدۇمنى ئاشۇ مەنبەلەرنىڭ ئاساسى دەپ تونۇشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا دىنى دەرسلەرگە قوۋلاق سالىدىغان بالىنىڭ خۇسۇسى ئادەتلىرى ئۇنداق يەرلەرگە بارمايدىغان بالىلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. بۇ، مېنىڭ ئون ملڭ شەخس ئۈستىدە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمدىن كېيىن چىقارغان يەكۈنۈم.

باللارغا بېرىلىدىغان دىنىي دەرسلەرنى ئۇلار ئۆزلىرىگە دېيىلگەن سۆزلەرنى چۈشەنمىسىمۇ قوبۇل قىلالايدىغان ياش باسقۇچىدىن باشلاپلا ئۆتۈشتە چېكىدىن تولۇق كېرەك. بۇ باسقۇچ بولسا باللارغا ئۆز ھەۋەس ۋە ئىستەكلىرىنى يوكسەك ئۆلچەملەرگە قانداق بويسۇندۇرۇشنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك پەيتى. ئەگەر ئاتىلار باللارنى ئاڭلىغان نەرسىنى چۈشەنگۈدەك ياشقا يەتمىگۈچە دىنىي دەرسلەرگە ئەۋەتمەسلىكتە چىڭ تۇرسا، ئېنىقكى ئۇلار ئۆزلىرىگە پۈشايمان كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بالا ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى چۈشىنەلەيدىغان ياشقا يەتكەندە بۇزۇلغاننى تۈزەشنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك پەيتلەر قولدىن كېتىپ قالغان بولىدۇ.

ئۇ، تەلىم ـ تەربىيە توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى بۇ سەممىي سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «تەلىم تەربىيە ساھەسى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى بويىچە ئىزدىنىپ كۆرۈلگەن ئاساسلىق ھەقىقەتلەر ۋە تونۇشلارنى بىر يەرگە توپلاپ چىقىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق. شۇنداق قىلغاندىلا ئىنسانىيەت قولغا كەلتۈرگەن پارچە ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئادەتلەرنى قوغداپ قىلىشقا، شۇنىڭ بىلەن ئىدىيە ـ ئاڭدىكى كۆرەڭلىكلەرنى شەخسىيەتسىز، مەنمەنلىكتىن خالىي بولغان بىر ھايات شەكلىگە بويسۇندۇرۇشقا ئىمكان تۇغۇلىدۇ. سىز يىراق ئۆتمۈش قىممەتلىرى بىلەن ھازىرقى زامان غايىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن دىنىدىنمۇ بەكرەك ئەسقاتىدىغان قورالنى تاپالمايسىز.»

بەزىلەر «ۋىجدان» دىن بىلەن ئىماننىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى بولالايدۇ، دەپ قاراشماقتا. ئۆز ۋاقتىدا ياۋروپادا چېركاۋ ۋە خرىستىئان روھانىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلچە ئالاقىسى بولمىغان يېڭىلىنىۋاتقان تۇرمۇش شەكىللىرى ھەمدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا ئەتەي ئارىلىشىۋېلىشلىرى، زوراۋان پادىشاھ، ئەمەلدارلار بىلەن ئېغىز، بۇرۇن يالىشىپ جەمئىيەت ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنىدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىغان بۇرژۇئا مۇتەپەككۇر، زىيالىيلىرىمۇ شۇنداق ئويلاشقان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار چېركاۋ ۋە ئۇنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق سىستېمىسىغا ئائىت بارلىق نەرسىلەرگە قارشى چىققان، ئۇلار دىننىڭ ئورنىغا «ۋىجدان»نى دەسسىتىپ، ئۇنى ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ھەق- ناھەق پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسىي قىلىش كېرەك دېگەن ئىدىيىنى تەرغىب قىلغان. ئەمما ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىگەن. كېيىن ئۇلار تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۆزلىرىنىڭ بۇ سولچىل ھەرىكەتنى بارا- بارا توختىتىشقا باشلىغان. دوكتۇر، ئۇستاز ئەبدۇلھەلىم مەھمۇد «ئىسلام ۋە ئەقىل» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «غەربتە چېركاۋ دائىرىلىرى بىلەن ئۇلارغا قارشى قوزغالغانلار ئارىسىدا ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان دەھشەتلىك كۈرەش ئاخىرلىشىپ، ۋەزىيەت تىنچلانغان ۋە تۇرمۇش رىتىمى ئۆز ئىزىغا چۈشكەن بىر چاغدا غەرب ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئىنقىلابنىڭ يېتەكچى پرىنسىپلىرى، غايە، نىشانلىرىنىڭ ئۈنۈمسىز قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە كەڭ

كۆلەملىك ئىزدەندى، نەتىجىدە ئىلگىرىكى نۇرغۇن قاراشلىرىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار بۇ جەرياندىكى بارلىق نەرسىنى كۆزەتتى. ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرگەن مەسىلىلەر ئىچىدە ۋىجدان مەسىلىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تارىختا بولۇپ ئۆتكەن تالايلىغان ھادىسىلەر، زور ئىشلارنى «ۋىجدان» نۇقتىسىدىن تۇرۇپ كۆزدىن كەچۈرۈپ ئاخىرى دوكتۇر ئاندىرى كىرىسون ئېيتقان بۇ يەكۈنگە كەلدى: «ھەر دەۋر ۋە ھەر جايدىكى ئىنسانلار ۋىجدان بويىچە ئىش قىلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ كىشىلەردىكى ۋىجداننىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ، نېمىشقا دېگەندە، ياشىغان دەۋرى ۋە ماكانى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئادالەت ۋە ياخشىلىق ئۇقۇمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ».

پروفېسسور ئاندىرى كىرىسون بىزگە يەنە نۇرغۇن مىساللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى لاتىن، يۇنان دەۋرلىرىدە قۇللۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھەر قانچە ئالىيجاناب ئادەممۇ ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئېلىپ- سېتىلىشى ۋە ھايۋانلارچە مۇئامىلە قىلىنىشلىرىغا تەبىئىي ئىشتەكلا قارايتتى».

«قەدىمكى رىم قانۇنلىرىدا ئاياللار ۋە بالىلارنى ئەرنىڭ مۈلكى دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىككى قىزى بولسا، ئۇنىڭ ئىككى قىزدىن بىرىنى قۇل بازىرىدا سېتىش ھوقۇقى بولاتتى. ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزدى، دېگەن گۇمان بىلەنلا جازانى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قانۇنلۇق، دەپ قارايتتى. ئاددىي بىر نەرسە ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان ئادەمنى كۆرسىمۇ ئازراقمۇ بىئاراملىق ھېس قىلمايتتى.»

لېكىن بىز بۇ بىر ئەسىر ئىچىدە تۈرلۈك رايونلاردا يۈز بەرگەن ۋىجدان ئىپادىلىرىنى سېلىشتۇرساقمۇ يەنىلا ھەددى ھېسابسىز پەرقلەرنى تاپالايمىز.

دوكتور ئەبدۇلھەلىم مەھمۇد دوكتور ئاندرى كىرىسوننىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مىساللار پەقەت دېگىزنىڭ تامچىسىلا، خالاس. بۇ يەردە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب ۋىجدانلىرىنى ئىسلام دەۋرىدىكى ۋىجدانلارغا، جاھىلىيەتتىكى بۇتپەرەس ۋىجدانلارنى ئىسلامدىكى مۇسۇلمان ۋىجدانلارغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق ھەددى ھېسابسىز مىساللار چىقىدۇ. بارلىق سېلىشتۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسى — ۋىجداننى ئەخلاقنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى قىلىشلىق پەقەتلا ھاماقەتلىك ۋە بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، دېگەندىن ئىبارەت

كىشىلەرنى ۋىجدانغا شۇنچە چوڭ ئورۇن بەرگۈزگەن نەرسە دەل ئايرىم گورۇھلار ئارىسىدا تارقالغان ـ ۋىجدان تۇغما ئاڭ خاراكتېرلىك بىر خىل پاك، ئۇلۇغۋار كۈچ، دېگەن قاراش ئىدى. يۇقىرىقى ئۆگىنىشلەرمۇ ۋىجداننىڭ ھەقىقەتەن بىر تۇغما ئاڭ خاراكتېرلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى، بىراق ئۆز تەبىئىتى بويىچە ساقلىنىپ قالالمايدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ ھەر بىر ئىرقتىكى چېلىقىشى ئىرق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ۋىجدان گەرچە تۇغما كۈچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى ئوزۇقلانغان مەدەنىيەت ۋە ئىرسىيەت چەمبىرىكى بويىچە شەكىللىنىدۇ. ئۇ بىر شەخستە شەخس يېشىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى بىر مۇھىتتىن يەنە بىر مۇھىتقا يۆتكىلىشى، ئۇنى ئەقلىي بىلىم ياكى روھىي تەربىيە بىلەن

تەمىنلەيدىغان كىتابلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئارىلىشىۋاتقان دوستلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

ئەخلاقنى ياخشى ئاساس ئۈستىگە قۇرىمىز دەيدىكەنمىز دىنغا قايتىشىمىز كېرەك. بىز ئۇنىڭدىن ھىدايەت ۋە توغرا يول تېپىشقا ياردەم ئالىمىز. چۈنكى دىن بارلىق ئىۋەنلەردىن خالى بىردىنبىر مەنبەدۇر.

ئىسلام دىنى ئەخلاق ساھەسىدە توغرىلىق ۋە مۇكەممەللىككە ئىنتىلگەن قەلبلەرگە كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى ئىبنى سىنا ۋە باشقا ئىسلام ئالىملىرىمۇ ئوچۇق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلۇغ ئالىم ئىبنى سىنا شۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى بولسا جەمئىيەتكە، ئائىلىگە، شەخسكە قارىتا ئەڭ مۇكەممەل بولغان قانۇنىي، ئەخلاقىي تۈزۈملەر يىغىندىسىدۇر.» ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى بىر قاتار ئەسەرلىرىدە تەكرار تىلغا ئالغان.

دىن ئاتالمىش «ۋىجدان» ئۈچۈن يېتەكلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئەگەر ۋىجدان بىلەن دىنىنىڭ بۇ مۇناسىۋىتى ھاياتلىقنىڭ قايسى بىر مەزگىلىدە بۇزۇپ تاشلىنىدىكەن، شۇ ھامان ۋىجدان ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە سالمىقىنى يوقىتىپ تاشلاپ، تۇراقسىز، ئېغىشچان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەردائىم دىنىنىڭ قوماندانلىقىغا موھتاج.

## ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قۇربان بېرىش روھى

بارلىق ئىدىئالىزمچى ۋە رېئالىزمچى ئەخلاقشۇناسلار ئوتتۇرىسىدا قاراش بىر خىللىقى بولماسلىقىدىن قەتئىيىنەزەر ئىنساندىكى

«مەنچىللىك»، ئىنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا «شەخسىيەتچىلىك» ئۇنىڭ تۇغما تەبىئەتلىرىدىن بىرى. «شەخسىيەتچىلىك»نىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى روھى تۈرتكىلەرنىڭ بىرى بولۇشىغا يارىشا ھالدا ئىنسان بارلىق ياخشىلىق، مەنپەئەتنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىگەللەشنى ئويلايدۇ. مانا بۇنى زېمىننىڭ ئابادلىقى، ئۇنىڭدىكى ھاياتنىڭ دائىملىقى ھەمدە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاللاھى ھېكمەت تەقەززا قىلغان. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىنسانغا بۇرچ يۈكلەش ۋە زېمىندە خەلىپە قىلىش مەزمۇنىدىكى سىناقنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن بىرى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر ئىنساندا تۇغما كوللىكتىۋىزملىق خاھىشمۇ بولىدۇ، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۆزى يەككە ھالدا ئىنساندىكى «مەنچىللىك» خاھىشىنى ھەر قانچە قىلسىمۇ بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ھەرقانداق ئىنسان بارلىق ھوزۇر ـ ھالاۋەتنى پەقەت بىر ئۆزىلا كۆرۈشنى خالايدۇ. تېخى ئىنسان قىرىغانسېرى ئۇنىڭدىكى دۇنياغا بولغان ئاچكۆزلۈك ياشىرىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى سۆزىدە ئىنساننىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى ئۈچۈق ئېچىپ بەرگەن. «ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشتىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ دېگەن.»[1] «ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن.»[2]

[1] ئىسرا سۈرىسى 100 ـ ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 128ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ ئىنساننىڭ دۇنياغا بولغان ئامراقلىق، مال ـ مۈلككە بولغان ھېرىسلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغا ئالتۇنى بولسا، ئۈچ جىلغا ئالتۇنى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.»

ئىنساننى شەخسىيەتچىلىك خاھىشى تارتىپ كەتسە، ئۇ كۆپىنچە، تىنچلىقنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، بىرەر غايە، ئورۇنلىما ياكى بىرەر قۇتلۇق ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا خەتەرگە ئاتلىنىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق تىنچلىق ئىزدەش روھى جەمئىيەتتە ئومۇملىشىپ كەتسە چوقۇم تەرەققىيات چەرخى توختاپ قالىدۇ. مەدەنىيەت نۇرى ئۆچىدۇ، ھەقىقەت بەلگىلىرى يوقىلىدۇ، ياخشىلىق بۇلاقلىرى سوغۇلىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىدىيىلىرى پەقەت مېلىنى چىقىم قىلىش، جېنىنى، ئىسسىق قېنىنى پىدا قىلىش، ۋەتىنى، ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن كېچىش ئاساسىدىلا ئۆز ئۇستۇنلۈكىگە ئېرىشكەن. بىز نوقۇل ئىدىيە، پىكىر ساھەسىگىلا ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش، بىناكارلىق، ئىقتىساد، سانائەت، تىجارەت ساھەلىرىگە قارىساقمۇ ئۇلاردا مەيدانغا كەلگەن كاتتا ئىشلار، زور كۆلەملىك قۇرۇلۇشلار، بۈيۈك ئىنقىلابلارنىڭ پەقەت ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ خەتەرلەرگە قورقماي تەۋەككۇل قىلىش، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۆز سالامەتلىكىدىن غەم يەيدىغان ئادەم كۆزگە كۆرۈنگىدەك ئىش قىلالمايدۇ. قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئەرەب شائىرى تۇغرائىي ئۆزىنىڭ «لام» قەسىدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئەتەي تىنچلىقنى قوغلاشقان قالار يۈكسەككە ئاشماقتىن،
ئۆتەر ئۆزىنى ئالداپلا بولۇپ ھۇرۇن ۋە ياتقاقتىن.
سېنىڭ مەيلىڭمۇ شۇ بولسا زېمىن ئاستىغا قاز لەخمە،
ۋە ياكى كۆككە قوي شوتا، قېنى مەندىن يىراق تۇرغىن.

ئەبۇ تەييىب مۇتەنەببىي مۇنداق دەيدۇ:

توسما مېنى چوققىلارغا ئۆرلەشتىن،
ئويمانلاردا ئەركەك ئۈچۈن نېمە بار؟
تەر تۆكمەستىن شانۇ- شەرەپ چۈشەيسەن،
قىلىقىڭدىن مۇتەنەببىي ئۇيۇلار.

مىللەتنىڭ شان - شەۋكىتىنى تىكلەش، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، تارىخىي بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىش كۆزلەنگەن ھەرقانداق بىر جەمئىيەت چوقۇم تىنىمسىز تىرىشچانلىقلار، تەپەككۈردىن سوۋۇمايدىغان ئەقىللەر، جاپادىن تالماس بىلەكلەر، ھەقىقەت يولىدىكى جاپانى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئازاپىنى شېرىن سانايدىغان، ئۆزى ھەقىقەت ۋە ھىدايەت دەپ ئىشەنگەن يولدا ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئۆلۈمنى ھەرقاچان قارشى ئالالايدىغان ئادەملەرگە موھتاج بولىدۇ.

بۇنداق ئادەم قەيەردە يېتىشتۈرۈلىدۇ؟ قايسى مەكتەپتىن چىقىدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ تۈردىكى ئىنسانلارنى چىقىرالايدىغان بىردىنبىر مەكتەپ ئىمان مەكتىپىدۇر.

ئىمان، ئىنسانغا دۇنيا ھەۋەسلىرى ۋە ئارزۇ ئىستەكلىرىنى تۆۋەن، ئەرزىمەس قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مۆمىن ئاچلىقنى باسقۇدەك تائام، ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك كىيىم بىلەنلا يېتەرلىنىدۇ. ئۇ كۆڭلى خوش، ۋىجدانى ئارام ئالغان، يۈرەكلىك ھالدا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ھەقىقەت يولىدىكى جەڭلەرگە كىرىپ كېتىدۇ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈم كېلىپ قالسا، ئۇ ئۆلۈمنى خۇرسەنلىك بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆلۈمنىڭ كەينىدە جەننەت بارلىقىغا ئىشىنىدۇ: «ئاللاھنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ) ھەممىدىن كاتتىسىدۇر.»[1]

مۆمىن كۆپىنچە ھەق يولىدا نېمە بەرسە مەيلى ئۆلگۈر(نەقد) بولسۇن ياكى نىسى بولسۇن ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى دائىم ئۆزىنىڭ بەرگەن قۇربانلىرى ئۈچۈن ئادىل مۇكاپات ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ماتېرىيالىزمچى پەيلاسوپلار بۇ تەرەپنى دىندىن خالى ئەخلاق مۇكاپاتلىرى بىلەن ھەمدە ياخشى ئىش قىلغان، بۇرچىنى ئادا قىلغانلارغا رازىمەنلىك، خوشاللىق، ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان ۋىجدان ئاتلىق نەرسە بىلەن قاندۇرماقچى بولۇشتى. لېكىن ئۇلار ھەقىقەت يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىپ، جېنىنى سېلىپ بەرگەن، شېھىد بولۇپ ئۆلگەنلەرگە قانداق مۇكاپات بېرىشتە تېڭىرقاپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇلارچە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا رازىمەنلىك، خوشاللىق دېگەن نەرسىلەر بولمايتتى. ئۆلۈم بىلەن پۈتكۈل ئىش ئاياغلىشاتتى. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتقا ئىشىنىش بولسا مانا بۇ تۈگۈنني يېشىپ بېرىدۇ.

---
[1] تەۋبە سۈرىسى 72- ئايەت.

بۇ توغرۇلۇق ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا (يەنە غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلەر ياكى (غازاتقا كېتىۋېتىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلەر، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر.»[1]

مۆمىنىنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان ماددىي، مەنىۋى، روھىي، جىسمانىي تەرەپتىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرى قانچىلىك ۋە قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ياخشىلىقلار دەپتىرىدە ئۇلارنىڭ نامىغا يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن زەررىچىلىكمۇ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت، ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاپ) يېزىلىدۇ. ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ.»[2]

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 157ـ ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى 120ـ، 121 ـ ئايەت.

## ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە پىداكارلىق روھىنىڭ مۆمىنلەرچە نەمۇنىلىرى

بىرەر مۆمىنىنىڭ جىھاد ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشقا چاقىرغان بىرەر ئايەتنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ قېلىشى ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئىدى. ئۇ شۇ هامان ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايتتى، ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىممەتلىك نەرسىلىرى ۋە ئۆز هاياتىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىدى. ئەبۇ تەلھە ئەنسارى بەرائەت سۈرەسىنى ئوقۇۋېتىپ: «يالغۇز ۋە توپ بولغان هالدا ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلار هەممىڭلار چىقىڭلار، ئاللاھ بىرىڭلارنىڭمۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن يەرگە كەلگەندە بالىلىرىغا: «ئەي ئوغۇللىرىم! مېنى جىهاد ئۈچۈن جابدۇپ قويۇڭلار!»، دېدى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن ئەي ئاتا، سىز رەسۇلۇللاھ بىلەن تا ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئەبۇ بەكرى بىلەن تا ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئۆمەر بىلەن تا ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر بىرلىكتە جەڭ قىلدىڭىز، ئەمدى بولغاندا سىزنىڭ ئورنىڭىزدا جەڭنى بىز قىلىمىز!»، دېيىشتى. ئۇ: «ياق، زادى مېنى جابدۇپ قويۇڭلار!»، دەپ تۇرۇۋالدى. ئوغۇللار ئۇنىڭغا جەڭ جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ بەردى. ئۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن دېڭىزغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ كېمە ئۈستىدە ۋاپات بولدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى دەپنە قىلغۇدەك بىرەر قۇرۇقلۇق تاپالماي يەتتە كۈندىن كېيىن بىر ئارالنى تاپتى ۋە ئۇنى شۇ ئارالغا دەپنە قىلدى.

بىر كۆزى ئەما سەئىد ئىبنى مۇسەييەب جەڭگە چىقتى. باشقىلار ئۇنىڭغا، سەن بىر ئاغرىقچان تۇرساڭ! دېگەندە ئۇ: ئاللاھ يېنىك ۋە ئېغىر هالەتتە چىقىشنى تەلەپ قىلغان، مەن جەڭگە قاتنىشالمىساممۇ مەسلىھەت بېرەلەيمەن، يۈك ـ تاقلارنى ساقلاپ بېرەلەيمەن، دېدى.

شام ئۇرۇشىدا قېرىلىقتىن قېشى كۆزىگە ساڭگىلىغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا: «ھەي تاغا، ئاللاھ سەندىن بۇۋەزىپىنى قالدۇرغانغۇ!»، دېۋىدى، ئۇ: «ھەي باللىرىم، ئاللاھ بىزنى يېنىك ۋە ئېغىر ھالەتتە چىقىشقا بۇيرۇدى»، دېدى.

بەزى يۇرۇشلەردە ئاتا بىلەن ئوغۇل جىھادقا چىقىشتا بەسلىشىپ، ئۆز ئارا چەك تاشلىشاتتى. چەك ئوغۇلغا چىقسا، ئاتا ئوغلىغا: ئوغلۇم، ماڭا يول قويغىن، مەن سېنىڭ داداڭ! دەيتتى. ئوغۇل ئۇنىماي؛ ئۇ دېگەن جەننەت! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى باشقا نەرسە بولغان بولسا ساڭا ئۆتنۈنەتتىم، دەيتتى.

ئەنسارلاردىن ئەمر ئىبنى جەمۇھ ئېغىر ئاقساق ئىدى. ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىدىغان تۆت ئوغلى بار ئىدى. ئوھۇدقا يۈرۈش قىلغان كۈنى، ئۇ باللىرىنى ئۆزىگىمۇ جەڭ جابدۇقى تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى. باللىرى ئۇنىڭغا: ئاللاھ سەندىن جىھادنى قالدۇرۇۋەتتىغۇ ؟! سەن چىقمىساڭمۇ بىز تېتىيمىز، دېدى. ئەمر رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوغۇللىرىم مېنى سەن بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشتىن توستى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن شېھىد بولۇپ جەننەتكە مۇشۇ ئاقساق پۇتۇم بىلەن دەسسەشنى ئۈمىد قىلىمەن! دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «قارا، ئاللاھ سەندىن جىھادنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن»، دېدى ۋە ئوغۇللىرىغا: «ئۇنى چىققىلى قويساڭلار بولماسمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا شېھىدلىك رىزقىنى ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس»، دېدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئاتلىنىپ چىقىپ ئوھۇد كۈنى شېھىد بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەنسارلارغا: «ئەي ئەنسارلار گۇرۇھى، ئاراڭلاردا ئاللاھقا بەرگەن

قەسىمدە دادىل تۇرىدىغانلار بار. ئەمر ئىبنى جەمۇھ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى» دېدى.

پىداكارلىق نەمۇنىلىرىدىن يەنە بىر نەمۇنە بولۇپ ئۇ، راھەت، بايلىق، پاراۋان، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى قۇربان قىلىش ئورنىغا ئاللاھ يولىدا ئەزىيەت، قىيىنچىلىق تارتىش ۋە ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قىلىشلارغا رازى بولغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيردۇر: ئۇ پاراۋان ئائىلىدە تۇغۇلغان، باياشاتلىق ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ئۆسكەن بالا ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا تولىمۇ مېھرىبان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ ئەڭ ياخشى تاماقلار بىلەن باقاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا بارلىق مېھرى مۇھەببىتىنى، كۆيۈنۈشىنى بېغىشلاپ چوڭ قىلدى. بۇنىڭدەك ئەركە، دۆلەتمەن يىگىتنى بۇنداق ھالاۋەتلىك، تىنچ، كەڭتاشا ھاياتنى تاشلاپ، قىيىنچىلىق تولغان ھاياتنى تاللاشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ئۇنى ئائىلىسىدىن خۇشاللىق بىلەن ئايرىلىشقا، بايلىق ۋە ئابروينى چۆرىۋېتىپ دىنى بىلەن ھەبەشىستانغا، ئاندىن مەدىنىگە مۇساپىر بولۇشقا نېمە تۈرتكە بولدى؟ ئۇ مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن يۇرتتا، ئوھۇد ئۇرۇشىدا شەھىد بولىۋىدى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا يەتكۈدەك كېپەنلىك تاپالمىدى. تاپقان كىيىم بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يۆگىسە پۇتى، پۇتىنى يۆگىسە بېشى ئېچىلىپ قالدىغۇ؟ ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغىنى ئىماندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

مۇسئەبنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۇنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مەككە يىگىتلىرى ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئەركە، قەددى قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئانىسى ناھايىتى باي

ئايال بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىسسىل كىيىملەرنى كىيگۈزەتتى، ئۇ مەككە ئاھالىسى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئەتىر ئىشلىتىدىغان يىگىت ئىدى، ئاياغلارنىڭ ئىسسىلىنى تاللاپ كىيەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەرقەم ئىبنى ئەرقەمنىڭ قورۇسىدا تۇرۇپ كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىۋاتقان چاغدا مۇسئەب بۇ قورۇغا كىردى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولدى ۋە ئانىسىنىڭ ھەمجەمەتلىرىدىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ يۈردى. ئەمما ئائىلىسىدىكىلەر بىلىپ قىلىپ ئۇنى ئۆيىگە سولاپ قويىدى. ئۇ ھەبەشىستانغا قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق ھىجرەتتە قېچىپ كەتتى. كېيىن مۇسۇلمانلار يېنىپ كەلگەندە بىللە يېنىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ قاتاڭغۇر بىر ئادەمگە ئايلانغان ئىدى.

خەبباب ئىبنى ئەرت مۇنداق دەيدۇ:

ــ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ھىجرەت قىلدۇق، ئىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇق، ئارىمىزدىن قىلغان ئەجرى، بەرگەن بەدىلىنىڭ ئازراق مېۋىسىنىمۇ كۆرەلمەي كەتكەنلەر بولدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيىر شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۇھۇد كۈنى شېھىد بولغاندا ئۇنى كېپەنلەشكە بىر تال كۆڭلەكتىن باشقا نەرسە تېپىلمىدى. بىز كېپەن بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ياپساق پۇتى ئېچىلىپ قالاتتى، پۇتىنى ياپساق بېشى ئېچىلىپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھ بىزگە: كۆڭلەكنى باش تەرىپىگە يېپىپ پۇتىغا ئىزخىر (چىغ) نى كېپەن قىلىڭلار دېدى.

رەسۇلۇللاھ بۇ يىگىتنىڭ ئۆز كىيىمى بىلەن كېپەنلەنگەن جەسىتىگە قاراپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا مۇنداق دېدى: سېنى

مەككىدە كۆرگىنىمدە، سەندىن ئېسىلراق كىيىم كىيىدىغان، چىكە چېچى سەندىنمۇ چىرايلىق ئادەم يوق ئىدى. سېنى ئەمدى بولسا يەڭسىز كىيىم ئىچىدە چاچلىرىڭ پاخپايغان ھالدا كۆرۈۋاتىمەن.

ئۇبەيد ئىبنى ئۆمەير مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇسئەبنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئېگىشىپ تۇرۇپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «(ھەممە ئىشتىڭدا) ئاللاھقا يۈزلەنگىن، ئاللاھ (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.»[1]

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال چىقىم قىلىش نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: بەقەرە سۈرەسىنىڭ: «كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ساۋاب بېرىدۇ» دېگەن ئايىتى چۈشكەندە ئەبۇ دەھداھ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئاللاھ قەرزدىن بىھاجەت تۇرۇپ بىزدىن قەرز سورايدىغۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: شۇنداق، ئۇ سىلەرنى بەرگەن قەرزىڭلار بىلەن جەننەتكە كىرگۈزمەكچى، دېدى.

ئەبۇ دەھداھ: مەن رەببىمگە قەرز بەرسەم ئۇ مېنىڭ، بالىلىرىم ۋە ئايالىم بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇشۇمغا كېپىل بولامدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: ھەئە، دېۋىدى، ئەبۇ دەھداھ: قولۇڭنى سۇنساڭ! دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: مېنىڭ ئىككى بىغىم بار، بىرى تۆۋەندە، بىرى يۇقىرىدا،

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى 3ـ ئايەت.

ئاللاھقا قەسەمكى ئۇ ئىككىسىدىن باشقا مۈلكۈم يوق، ئۇنىڭ ئىككىلىسىنى ئاللاھقا قەرز قىلىپ بېرىۋەتتىم، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئىككىسىنىڭ بىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن قەرز بەرگىن، بىرىنى ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن قالدۇرغىن دېدى. ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ، سېنى گۇۋاھ قىلىمەنكى ئىككى باغنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان600 تۈپ خورمىسى بارىنى ئاللاھ ئۈچۈن بەردىم دېدى. رەسۇلۇللاھ: ساڭا ئاللاھ بۇ قەرزىڭ بىلەن جەننەت ئاتا قىلسۇن دېدى. ئەبۇ دەھداھ ئۆيگە كەلدى. ئايالى باغدا بالىلىرى بىلەن تۇراتتى. ئۇ گەپنى بۇ شېئىر بىلەن باشلىدى:

رەببىم، سېنىڭ ھىدايىتىڭ بولغاچ چىراغ يولۇمغا،
مەن خاتىمە بەردىم بۆگۈن شېرىك دېگەن زۇلۇمغا.
بولسامۇ مەن قەۋەت ئامراق ئاشۇ كاتتا بېغىمغا،
ئۆتنە بولۇپ كەتتىلەر ئۇ، جەننەتتىكى بېغىمغا.
ئۆكۈنگىلى مەن يوق بۆگۈن قىلغان ئۇشبۇ ئىشىمغا،
بۇ بەرگىنىم كېلەر ھامان قوشلىنىپ ئۆز قولۇمغا.
ئېلىپ چىققىن ئەي ئانىسى بالىلارنى قېشىمغا،
ئەمدى بۇ باغ بىزنىڭ ئەمەس، كۆڭۈللار بۇ ئۇقۇمغا.
قىلغان ياخشى ئەمەللا ئەس قاتار بۇ جېنىمغا،
بولۇپ تاڭلا قىيامەت، قالغاندا باش قېتىمغا.

ئايالى: سوداڭ پايدىلىق بولغاي! ئاللاھ ساڭا سېتىۋالغان نەرسەڭدە بەرىكەت بەرگەي! دېگىنىچە بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

بىر ياخشىلىق، شادلىقتىن بولغايدى بۇ بىشارەت،
سەندەك ئادەم قىلادۇر پۇل ـ مېلىنى ساخاۋەت.
ئاللاھ بىزنى باي قىلدى نېمەتلەرگە ئالامەت،
بىرىپ شۇنداق ھەر تۈرلۈك خورمىلاردا ھالاۋەت،
بەندە قانچە تىرىشسۇن، قۇتاتمىغاي جىنايەت،
بىكار كەتمەس كىچىلەر تارتقان جاپا ـ رىيازەت.

ئاندىن بۇ ئايال باللارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىكى خورمىلارنى چىقىرىۋېتىپ. يانچۇقلىرىدىكى خورمىلارنى تۆكتۈرۈۋېتىپ باشقا بىر باغقا چىقىپ كەتتى.

رەسۇلۇللاھ: «ئەبۇ دەھداھنىڭ جەننەتتە كەڭ قورۇسى ۋە باراقسان خورمىسى بار بولدى» دېدى.

ئىسلام تارىخى، پەيغەمبەرلەر تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تارىخى ھەقىقەت يولىدا ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشتە ئاجايىپ نەمۇنىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە تولۇق بولىدۇ. بۇ نەمۇنىلەر ۋە مۆجىزىلەرنى ئىماندىن باشقىسى يارىتالمايدۇ!

## كۈچ

ئىنسانىنىڭ ھاياتتا نۇرغۇن ئارزۇلىرى، يېقىن ـ يىراق نىشانلىرى بولىدۇ. لېكىن ئۇلارغا يېتىدىغان يول ئۇزۇن ھەمدە تۈرلۈك ئەگرى ـ توقايلىقلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى تەبىئەتتىن ۋە ئاللاھنىڭ تەبىئەتكە ئورناتقان

قانۇنىيەتلىرى تەرىپىدىن بولسا، بەزىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن بولىدۇ. ھەر ئىنساننىڭ بۇ توسالغۇلارنى يېڭىپ ئۆز نىشانى ۋە ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت، دائىملىق كۈرەش ئىچىدە ياشىمىقى تەبىئىي.

مانا مۇشۇنداق ھايات سەپىرىدە ئىنسان ئۆزىگە يۆلەنچۈك بولىدىغان، ئۆزىگە كۈچ بېرىدىغان، ئالدىدىكى توسالغۇلارنى بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغان بىر كۈچكە نەقەدەر موھتاج ـ ھە!

بۇ كۈچ ئەقىدە باغرىدىن ۋە ئاللاھقا ئىشىنىش مەيدانىدىن باشقا يەردە تېپىلمايدۇ.

ئاللاھقا ئىشىنىش بىزگە روھى كۈچ بولۇپ ياردەم بېرىدۇ. مۆمىن ئاللاھنىڭ پەزلىدىن باشقا نەرسىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن باشقا نەرسىدىن قورقمايدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ يېنىدا تۇرسا ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ قولىدا قورال بولمىسىمۇ كۈچلۈك، خەزىنىسىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش بولمىسىمۇ باي، كەينىدە يېقىنلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولمىسىمۇ غالىب، ھاياتلىق دېڭىزىدا ئۇنىڭ ھايات كىمىسى كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنى ۋە دېڭىز بورانلىرىنىڭ تەھدىدى ئاستىدا قالغان ئەھۋالدىمۇ ئۇ يەنە دادىل ھالدا ئۆز سەپىرىنى داۋام ئەتكۈزىۋېرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلساڭلار، شۇ دۇئايىڭلار بىلەن تاغلار يوقالغان بولاتتى.»

شەخستىكى بۇ كۈچ بارلىق جەمئىيەتنىڭ كۈچ مەنبەئىدۇر، كىشىلىرى بۇنداق كۈچكە ئىگە بولغان جەمئىيەت نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!

دوستىغا ياردەم بەرمەيدىغان، دۈشمەنگە خىرىس قىلالمايدىغان، ئىش تەۋرىتەلمەيدىغان، باشلامچى بولالمايدىغان، نانقىپى، مىشچانلار ياشىغان جەمئىيەت نېمىدېگەن بەختسىز ـ ھە!

**مۆمىندىكى كۈچنىڭ مەنبەلىرى ـــ ئاللاھقا ئىشىنىش**

مۆمىن كۈچلۈكتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ كۈچى ئۇ ئۆزى ئىشىنىدىغان، تەۋەككۈل قىلىدىغان، ھەر جايدا ئۆزى بىلەن بىللە دەپ بىلىدىغان، مۆمىنلەرگە ياردەم بەرگۈچى، سەپسەتىۋازلارنى مەغلۇپ قىلغۇچى، بۈيۈك، ھەممىدىن ئالىي ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن: «كىمكى ئاللاھقا يۆلىنىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[1] «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە ھېچ كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتىن باشقا كىم سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ؟ مۆمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن).»[2]

ئىمان مېۋىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش لايغەزەللەرنىڭ مىشچانلىقى ياكى ھورۇنلارنىڭ ئىزىلەڭگۈلۈكى ئەمەس. ئۇ بىر ئىنساننى ئالغا سۈرگۈچى كۈچ ۋە روھى ئىنىرگىيە بولۇپ، مۆمىننىڭ ۋۇجۇدىنى خىرىس، بەرداشلىق روھىغا توشقۇزۇپ تاقابىل تۇرۇش كۈچىگە چۆمدۈرىدۇ. مۆمىنگە قەتئىي نىيەت ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە بېغىشلايدۇ.

[1] ئەنفال سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى 160ـ ئايەت.

مۆمىن ئۆز كۆڭلىنى، ئۆزى ھەقلىقىگە ئىشەنگەن ھەقىقەتتىن ئالىدۇ. ئۇ بۇ كۆڭلىنى ئۆتكۈنچى شەھۋەت ھەۋەسى، تەسادىپىي غىدىق، شەخسىي مەنپەئەت، ئەخمىقانە تەرەپبازلىق ئۈچۈن ئىشلەتمەيدۇ. بىرەر ئىنسانغا تاجاۋۇز قىلمايدۇ. بەلكى ھەقىقەت ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ھەقىقەت زەپەر قۇچۇشقا تېگىشلىك، سەپسەتە يوقلىشقا تېگىشلىك. «بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل تۇرماستىن يوقىلىدۇ.»[1] «ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى، باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ، دېگىن.»[2]

قادىسىيە جېڭىدىكى مۇسۇلمانلار قوماندانى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ ئەلچىسى ــ رەبىئە ئىبنى ئامىر پارس قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى رۇستەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. رۇستەمنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھاپىزەتچىلىرى، قوشۇنلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇقلىرى بەھەيۋەت ۋە سۈرلۈك بىر كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئۇ ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماستىن دىقماق ئېتى، قوپال قالقىنى، ئاددىي كىيىملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. رۇستەم ئۇنىڭغا:

ـ كىمسەن... سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟ دېدى. ئۇ رۇستەمگە:

ـ بىز كىشىلەرنى بەندىگە چوقۇنۇشتىن يالغۇز بىر ئاللاھقا چوقۇنۇشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن ئۇنىڭ كەڭرىچىلىكىگە،

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 18ـ ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 81 ـ ئايەت.

دىنلارنىڭ جەبرىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەرمىز، دېدى.

مۆمىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىش بىلەن بىر تەۋرەنمەس گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بىر مۇستەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان ۋە مۇستەھكەم بىر تۈۋرۈككە تايانغان بولىدۇ: «كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇدنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»[1]

**مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىشىنىش**

مۆمىن ئۆز كۆچىنى ئۆزى ئىشىنىدىغان مەڭگۈلۈكتىن ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي ھاياتى بۇ دۇنيادىكى چەكلىك بولغان ئۆتكۈنچى كۈنلەرلا ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر. ئۇ پەقەت ئۆلۈم ئارقىلىق بۇ چەكلىك ھاياتتىن ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك ھاياتقا يۆتكىلىدۇ. نەزم:

ئۆلۈم دېگەن ئۆلۈپلا تۈگەشمەكلىك ئەمەستۇر،
ئۇ پانىدىن مەڭگۈلۈك بىر ئالەمگە كۆچمەكتۇر.

ئەنسارلاردىن ئۇمەير ئىبنى ھەمام بەدرى ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرگە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مۇشرىكلار بىلەن ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ چىدام

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 256- ئايەت.

بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئارقىسىغا چېكىنمەي ئالغا باسقان هالدا ئۆلگەن ئادەمنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى! دەۋەتتى. ئۇنىڭغا: نېمىگە شۇنداق دەيسەن ھەي ھەمامنىڭ ئوغلى؟ دېيىلگەندە، ئۇ: مەن بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىدا بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ ئاۋۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلۈشلا قاپتۇغۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: ھەئە، دېدى. ئۆمەير بۇ چاغدا خورما يەۋاتقان ئىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ: مەن مۇشۇ خورمىلارنى يېيىش ئۈچۈن ياشامدىمەن؟ جەننەت ھاياتى تۈگىمەس ھايات! دېدى ـ دە، قولىدىكى يەپ بولالمىغان خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، شېئىر ئوقۇغان ھالدا جەڭگە كىرىپ كەتتى:

تۇرالايمەن قانداق چۈشمەي مەيدانغا،
ئاۋاز قوشماي جىهاد دېگەن پەرمانغا،
ساۋاپلىقلا ئەسقاتىدۇ ئىنسانغا،
باشقا ئىشىڭ ئۆتۈپ قالار بىر يانغا،
بارغان چاغدا شۇ ئاخىرەت تامانغا.

ئەنەس ئىبنى نەزىر ئوھۇدتا قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇچرىدى، ئۇ سەئدكە: ھەي سەئد، نەزىرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، ماڭا ئوھۇد تېغى تەرەپتىن جەننەتنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، ـ دېدى ۋە كۆپ ئۆتمەي شېھىد بولدى.

**تەقدىرگە ئىشىنىش**

مۆمىن ئۆز كۈچىنى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۆزى ئىشىنىدىغان تەقــدىردىن ئالــدۇ. ئــۇ ئــۆزىگە يەتــكەن مۇســىبەتنىڭ ئاللاھنــىڭ رۇخستى بىلەن يەتكەنلىكىنى، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ئـۆزىگە پايـدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ: «ئېيتقىنكى: بىزگە پەقەت ئاللاھنـىڭ تەقــدىر قىلغــان نەرســىسى يېتىــدۇ، ئــۇ بىزنــىڭ مەدەتكــارىمىزدۇر. مــۆئمىنلەر ئــاللاھقىلا تەۋەككــۇل قىلســۇن (يەنــى مــۆمىنلەر ھەمــمە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن).»[1]

مــۆمىن: رىــزقىم تەقســىم قىلىــپ بىكىــتىلگەن، ئەجىلىــم بەلگىلەنگەن، بىرەرسى ئــاللاھ ماڭــا تەقسىم قىلغــان رىــزىقتىن مېنــى ئايرىۋېتەلمەيــدۇ، ئــاللاھ ماڭــا پــۈتكەن ئەجەلنــى قىسقارتىۋېتەلمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئەقىدە ئۇنىڭغا چەكسىز ئىشەنچ ۋە غـايەت زور كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

ئېيتىلىشــىچە: بىــر ئــادەم جەڭچــى بولــۇپ ئــاللاھ يولــدا ئۇرۇشــقا ماڭغىنىــدا، تىزىملىغــۇچىلار ئــۇنى توســۇپ، بالىلىرىنىــڭ يېتىم قېلىشــىدىن قورقۇتسـا، ئــۇ: ئــاللاھ بۇيرىغانــدەك بويســۇنۇش بىزنــىڭ قەرزىمىــز، ئــاللاھ بىزگە ۋەدە قىلغاندەك رىزىق بېرىش ئاللاھنىڭ قەرزى، دېگەن ئىكەن.

ئــۇنى توســۇپ گەپــكە كىرگــۈزەلمىگەنلەر ئۇنىــڭ ئــۆيىگە بېرىــپ ئۇنىڭ ئايالىنى ئېرى جەڭگە كەتسە تۇرمۇشــتا قىينىلىــپ قېلىشــىدىن قورقۇتسا، ئايال ئۇلارغا ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن مۇنـداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن:

---

[1] تەۋبە سۈرىسى 51- ئايەت.

ـ ئېرىمنــى رىزىــق بەرگــۈچى ئەمەس يېگــۈچى دەپ بىلىــمەن، يېگۈچى كەتسىمۇ رىزىق بەرگۈچى قالىدىغۇ!!
ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ جەڭلەرگە مۇنداق دەپ كىرەتتى:

بېشىمدا بار هامان ئۆلۈش يا ياشاش،
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا يوق مەندە توختاش.
چۈنكى مەن ئۆلمەيمەن ئەجەل تولمىسا،
تولسا گەر ئەجىلىم بىكار جان ئاياش.

سەييىد جەمالىددىن ئەفغانىي مۇنداق دەيدۇ: قازا ۋە قەدەرگە قىلىنغان ئاڭلىق ئېتىقادقا، جۈرئەت ۋە ئالغا بېسىش تەبىئىتى، جەڭگىۋارلىق ۋە قورقۇمسىزلىق پىسخىكىسى ئەگىشىپ كېلىدۇ. بۇ ئېتىقاد شىرلارنىڭ يۈرىكى تىترىگۈدەك هالاكەتلەرنى بوسۇپ ئۆتۈشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئېتىقاد كۆڭۈللەرگە ئىغىشماسلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۆتۈرۈش، قورقۇنچلارنى يوقىتىۋېتىش تەبىئەتلىرىنى ئاتا قىلىدۇ. كۆڭۈلگە سېخىلىق ۋە مەردلىك تەبىئىتىنى سىڭدۈرىدۇ.
مۇسۇلمانلار تۇنجى قېتىم قوزغالغاندا كۆپلىگەن مەملىكەت ۋە رايونلارنى تېزلىكتە ئىشغال قىلدى. ۋە ئۇ يەرلەردە ئۆز هاكىمىيەتلىرىنى ئورناتتى. ئۇلار مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە دۆلەتلەرنى يېڭىشتە جاهاننى هەيرەتتە قالدۇردى. ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئىسپانىيە ۋە فرانسىيە چېگرىسى بولغان بىيرىنىيە تېغىدىن جۇڭگو چېگرىسىغىچە كېڭەيدى. ئۇلار سانى ئاز هەم ياراقلىرى كەمچىل، تۆرلۈك رايونلارنىڭ مۇهىت ـ شارائىتىنى، ئۇ

يەرلەردىكى خىلمۇ خىل مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىلمەيدىغان قوشۇن تۇرۇقلۇق سەكسەن يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن خانلىقلارنى يەڭدى، ئىمپېرىيىلەرنى مۇنقەرز قىلدى. بۇ ئەلۋەتتە ئادەتتىن تاشقىرى كاتتا مۆجىزە.

ئۇلار دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇپ، چوڭ تاغلارنى ئۆرىۋەتتى ۋە زېمىن ئۈستىدە ئادالەتكە تولغان ئىككىنچى بىر زېمىننى قۇرۇپ چىقتى. تالايلىغان تاغ چوققىلىرى ئۇلارنىڭ ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا يانچىلدى، ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغانلارنىڭ باشلىرىدىن تاغ ۋە تۆپىلىكلەرنى ياسىۋەتتى. ئۇلارنى بۇنداق مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا يېتەكلىگىنى پەقەت قازا ـ قەدەرگە ئىشىنىش ئىدى.

### قېرىنداشلىققا ئىشىنىش

مۆمىن ئۆز كۆچىنى ئۆزىنىڭ مۆمىن قېرىنداشلىرىدىن ئالىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قېرىندىشى دەپ قارايدۇ، ئۇ بار چېغىدا ئۇلار ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇ يوق ۋاقتىدا ئۇلار ئۇنىڭ مال ـ ۋاران، ئۆي مۈلۈكلىرىگە قاراپ قويىدۇ، ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئۇلار ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇ يالغۇز قالسا ئۇلار ھەمراھ بولىدۇ، ئۇ يىقىلىپ چۈشسە ئۇنى يۆلەيدۇ، ئۇ ئاجىز كەلگەندە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇ ئىش قىلغاندا ئۇلارنى يېنىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئۇرۇش قىلغاندا ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنى تەركىبىدە جەڭ قىلىۋاتقان بىر مۆمىن ئۆزىنى مىڭ ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن جەڭ

قىلىۋاتقانـدەك ھـېس قىلىـدۇ، ئـۇ ئاشـۇ مـىڭ ئـادەمنى ئـۆز تېنىـدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، مۆمىنىنىـڭ ئۇلارغـا بولغـان سۆيگۈسـى ۋە ئـامراقلىقى ئـۇنى ئەنە شـۇنداق تۇيغۇغـا كەلتۈرىـدۇ. رەسـۇلۇللاھ مۆمىنىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئالىدىغان كـۈچىنى سىمۋوللاشـتۇرۇپ مۇنـداق دەيـدۇ: «مـۆمىن بىـر ـ بىرىنـى چىڭىتىـپ تۇرغـان بىنـا خىشلىرىغا ئوخشايدۇ.»

يالغۇز بىر خىش ئاجىز، ئۇنى سۇندۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما ئـۇ باشـقا خىشلار بىلەن بىرىكىپ بىنا تېمىغا ئايلانغانـدا باشـقا خىشـلار بىـلەن ئـاجراتقىلى بولمايـدىغان دەرىجىـدە باغلىنىـدۇ. ئـۇ خىشـنىڭ كـۈچى بىنانىڭ كۈچى بولىدۇ.

ئېيتىلىشـىچە، مۇسـۇلمانلارنىڭ بىـر قوشـۇنى بىـلەن دۈشـمەن قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا بىر دەريا بـار ئىـدى، مۇسـۇلمانلارنىڭ قومانـدانى ئۇلارنى دەرياغا كىرىشكە بۇيرۇدى. مۇسۇلمانلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ دەرياغا سەكرەشتى. دۈشـمەن دەريانىـڭ ئـۇ قېتىـدا ھەيرانلىـق بىـلەن ئۇلارغا قارايتتى. مۇسۇلمانلار دۈشـمەنىنىڭ كـۆزىچە دەريـا ئوتتۇرىسـىدا سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر بېشىنى چىقىرىپ ئالغا شۇڭغۇيتتى. دۈشـمەنلەر ئۇلارنى نېمە قىلىدىغانـدۇ، دەپ ھـاڭ ـ تـاڭ قېلىشـىپ، ئـاخىرى، بىـر مۇسـۇلماننىڭ قاچىسـى سـۇغا چۈشـۈپ كەتكەنـدە ئۇنىـڭ: قاچـام... قاچام... دەپ تووۋلىغانلىقىنى، بارلىق مۇسـۇلمانلارنىڭ قېرىنداشـىنىڭ قاچىسىنى تېپىش ئۈچۈن دەرياغا چۈشكەنلىكىنى ئـۇقتى. دۈشـمەنلەر ئالاقزادىلىـك ئىچىـدە: ئـۇلار بىرىنىـڭ قاچىسـى چۈشـۈپ كەتكەنـگە شـۇنچىۋالا قىلىشـا، بىـز ئۇلارنىـڭ بىرىنـى ئۆلتـۈرۈپ قويسـاق ئـۇلار قانچىلىـك قىـلار؟ دېيىشـىپ قورقۇنچقـا چۈشـتى. شـۇنىڭ بىـلەن

ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بىردىنلا بوشىشىپ، غەيرەتلىرى سۇندى ــ دە، ئۇرۇشتا ھېچ قانچە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولدى.

**ئىمان قانچىلىك بولسا كۈچمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ**

مۇسۇلمانىنىڭ يېڭىلمەس ئاللاھقا، ئۆچمەس ھەقىقەتكە، ئۆزگەرمەس تەقدىرگە، ئۈزۈلمەس مەڭگۈلۈككە، سۇسلاشماس، راستچىل قېرىنداشلىققا ئىشىنىشى، ماددىي قورال كۈچىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان بىر مەنىۋى كۈچنى ئۇرغۇتىدىغان مەنبەلەردۇر.

ئىنساننىڭ ئۇ كۈچتىن ئالىدىغان نەسىۋىسى ئىمانىنىڭ مىقدارىغا بېقىپ بولىدۇ.

بىز ئۇ كۈچنىڭ رەسۇلۇللاھتىن قالسا مۆمىنلەر ئىچىدىكى ئىمانى ئەڭ كۈچلۈك كىشىدە نامايان بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ خىلمۇ خىل شارائىتلاردا گەۋدىلەنگەن كۈچى قانتىق قول خەلىپە ئۆمەرنى مۇنداق دېگۈزىدۇتەكەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى بۇ مىللەتنىڭ ئىمانى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلسە يەنە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى بېسىپ چۈشەتتى.»

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان كۈنى مۇسۇلمانلار ئالاقزادىلىككە چۈشتى، بۇ ئۇشتۇمتۇت ۋەقە ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ھەتتا ئۆمەر: كىمكى مۇھەممەد ئۆلدى، دەيدىكەن ئۇنىڭ بېشىنى مۇشۇ قىلىچىم بىلەن چاپىمەن! دەيتتى. ئەبۇ بەكرى خالايىق ئارىسىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى: كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىمەن، دەيدىكەن،

مۇھەممەد ئۆلدى. كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن، دەيدىكەن، ئاللاھ تىرىكتۇر! ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ!... ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.»[1]
ئۇنىڭ يەنە بىر پوزىتسىيىسى: ئەتىسى مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى شامغا ئەۋەتىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇسامە باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ماڭدۇرۇشتا ئىككىلىنىپ قالدى ۋە ئەتىكى كۈنىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئىشلار ۋە ئېھتىماللىقلارغا توشۇپ كەتكەنلىكىنى، ھەر قايسى قەبىلە ۋە شەھەرلەردىكى ئەرەبلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلىسا توپىلاڭ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ، ئەبۇ بەكرىدىن بۇ قوشۇننىڭ مېڭىشىنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئەبۇ بەكرى ئۇلارغا قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مېنى يىرتقۇچ ئالىدىغان بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇغىنىدەك ئۇسامەنى ئەۋەتىمەن، ئەگەر شەھەردە مەندىن باشقا ئادەم قالمىسا، مەن ئۆزۈم بېرىپ ئىجرا قىلىمەن!»
ئۇنىڭ يەنە بىر پوزىتسىيىسى تەرەپ ـ تەرەپتىن جاھىلىيەتنىڭ قەبىلىۋازلىقلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان شۇ پەيتلەردە پەيدا

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 144ـ ئايەت.

بولغـان زاكـات بەرمىگـۈچىلەر ۋە دىنـدىن يىنىۋالغۇچىلارغـا قارشـى ئۇرۇش باشلانغاندا كۆرۈلدى. مۇسۇلمانلار رەسـۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىـدىن كېيىن يامغۇرلۇق كىچىدىكى قويدەك پىتىراپ كەتكەن ئىدى. ئائىشـە مۇنداق دەيدۇ:

«ھەتتـا بەزى مۇسـۇلمانلار ئەبـۇ بەكـرىگە: ئـى رەسـۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسـى، سـېنىڭ بـارلىق ئەرەبـلەر بىـلەن ئۇرۇشۇشـقا كۈچـۈڭ يەتمەيدۇ، ئەمـدى ئۆيـۈڭگە كىرىـپ، ئىشـىكىڭنى تاقـاپ، سـاڭا ئۆلـۈم كەلگەنگە قەدەر رەببىڭگە ئـارام خـۇدا ئىبـادەت قىلغىـن...، دېيىشـتى. لېكىن كۆزى ياشلىق، كەمتەر، يىپەكـتەك يۇمشـاق، شـامالدەك رايىـش، ئانا قەلبىدەك مېھرىبان بۇ ئادەم بىردىنلا دېڭىزدەك جۇشقۇن، شـىردەك ھەيۋەتلىك بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ، ئۆمەرگە قـاراپ ۋارقىرىـدى: ‹ھەي خەتتاپنىڭ ئـوغلى! جاھىلىيەتتىكى نـوچى ئەمـدىلىكتە توخـۇ يـۈرەك بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ۋەھيي ئاخىرلاشتى، مەن تىرىك تۇرۇپ ئـۇ كـۈچىنى قالامـدىكەن؟ ئـاللاھ بىـلەن قەسـەمكى، ئەگەر ئـۇلار رەسـۇلۇللاھقا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان چۇلۋۇر چاغلىق بىر نەرسىنى ماڭا تاپشۇرۇشتىن بـاش تارتىـدىكەن، ئۇلارغـا قولـۇم قىلىـچ تۇتالىسـىلا چوقـۇم ئـۇرۇش ئاچىمەن›.»

**مۆمىن ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىدا ئىمان كۈچىدىن بارلىققا كېلىدىغان مېۋىلەر**

**تۇغقان ۋە ياتلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش**

ھەرقانداق ھالەت ۋە ھەر قانداق چاغدا راستچىل، ئادىل بولۇش بۇ مەنىۋى كۈچنىڭ مېۋىسى ۋە ئىپادىلىرىدىن بىرى.

مۆمىن خاتا يولغا مېڭىپ قالسا، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىگە تاناماستىن، باشقىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن ئۆز خاتالىقىنى ئاقلىماستىن ياكى باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىماستىن ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ ئاچچىق بولسىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىگە ياكى ئاتا ـ ئانىسىغا، ياكى يېقىنلىرىغا گۇۋاھچى بولۇشقا توغرا كەلسىمۇ ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن راستچىللىق بىلەن گۇۋاھچى بولىدۇ، يان باسمايدۇ، يېقىنلىق ياكى دوستلۇققا بېقىنىپ قالمايدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ بىرىگە ئىسلامدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە جازا ھۆكۈم قىلغان، ئوغلى شۇ قېتىملىق جازا بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى خورما مېۋىلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى باھالاپ كېلىش ئۈچۈن خەيبەرگە ئەۋەتتى. خەيبەرنىڭ مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمى مۇسۇلمانلارغا، يېرىمى يەھۇدىلارغا تەئەللۇق ئىدى. ئابدۇللاھ خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاۋاتقاندا، يەھۇدىيلار ئاياللىرىنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: بۇنى ئېلىپ، بىزگە كېلىدىغان مەھسۇلات ئۆلۈشىنى ئازايتىپ بەرگەن بولسىڭىز، دېدى. ئابدۇللاھ: ھەي يەھۇدىيلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە سىلەرنى ھەممىدىن بەك ئۆچ كۆرىمەن، لېكىن بۇ ئۆچلىكىم بىلەن سىلەرگە ناھەقچىلىك قىلمايمەن، ئەمما سىلەر بەرمەكچى بولغان پارا ھارام، بىز مۇسۇلمانلار ئۇنى يېمەيمىز، دېدى. تەسىرلەنگەن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى تۇتالماستىن: ئاسمانلار ۋە زېمىن مۇشۇ ھەقىقەت بىلەن بەرپادۇر، ـ دەپ تاشلىدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزگە بىر ئوغلىنىڭ مىڭ تەڭگىلىك كۆز قويۇلغان بىر ئۈزۈك سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكەندە، ئۇ ئوغلىغا خەت يازدى: «گەپ شۇكى، مىڭ تەڭگىلىك كۆز قويۇلغان ئۈزۈك سېتىۋالغىنىڭنى ئاڭلىدىم، بۇ خېتىم قولۇڭغا تەگكەن ھامان ئۇ ئۈزۈكنى سېتىپ پۇلى بىلەن مىڭ پېقىرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغىن! ۋە ئۈنىڭ كۆزىنى تۆمۈردىن قويدۇرۇپ، ئۈنىڭغا: ‹ئۆز قىممىتىنى تونۇغان ئادەمگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن› دەپ خەت ئويدۇرغىن! ...»

**دۈشمەننىڭ ماددىي كۈچلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق**

مۆمىنىنىڭ قىيىن شارائىتلاردىكى قەيسەرلىكى، خەتەرلىك پەيتلەردە مۇستەھكەم تۇرۇشى بۇ كۈچنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى، ئۇ دۈشمەنلىرىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قورقمايدۇ. كۆڭلىدىكى بارلىق قورقۇشىنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېتىدۇ، ئۇ پەقەت ئۆز جىنايىتىدىن ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىدىنلا قورقىدۇ.

ئۇنىڭغا دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ دېيىلسە ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئوقۇيدۇ: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.»[1]

ئۇنىڭغا دۈشمەننىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۆپ دېيىلسە ئۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ: «شۈبھىسىزكى كاپىرلار مال ـ مۈلكىنى

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 249 ـ ئايەت.

(باشقىلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىرى ئۇلار يېڭىلىدۇ، كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ.»[1]

ئۇ، دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىر ۋە قىلتاقلىرى بىلەن قورقۇتۇلسا، ئاللاھنىڭ بۇ سۆزى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). ئاللاھ مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر.»[2]

ئۇنىڭغا دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى كۈچلۈك دېيىلسە، ئۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىنى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ (ئازابىدىن) توسىيالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى.»[3]

ئۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ماڭىدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قارايدۇ، ئاللاھنىڭ قىلىچى بىلەن دۈشمەننى ئۆلتۈرىدۇ. «(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى 54 ـ ئايەت.
[3] ھەشر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزىگە) ئاللاھ ئاتتى.»[1]

مۆمىننى ماددىي قىممەت ۋە سان ـ سىپىرلار ئۆزىگە ئەل قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ بەزى ئادەملەرگە قارامىلىق ۋە تەۋەككۇلچىلىك بولۇپ تۇيۇلىدىغان پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ئەسىر ئۆزىنىڭ «تارىخ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار پارىس يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ مەدائىن شەھىرىگە كىرىشكە دەجلە دەرياسى توسالغۇ بولۇپ قالدى. بۇ، ھۆل ـ يېغىن كۆپ ياغقان يىلى بولۇپ، دەجلە دولقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس جەڭچىلەرنى توپلىدى. ئۇ ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئوقۇغاندىن كېيىن:

ـ مەن بۇ دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ كېتەيلىمىكىن دەيمەن، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ ـ دېدى. جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى:

ـ ئاللاھ بىز بىلەن ساڭا زىياننى خالىمايدۇ، شۇنداق قىلايلى، ـ دېيىشتى.

كېسىپلا ئۆتۈش خەتەرلىك بولغاچقا، ئۇلارغا ئوزۇپ ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

«ئاللاھتىن ياردەم تىلەيمىز، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىمىز، ئاللاھ بىزنى ساقلاشقا يېتەرلىك، ئاللاھ ئەجەب ياخشى ھامى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ دوستلىرىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۆز دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ، دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، كۈچ ـ

[1] ئەنفال سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

قـۇۋۋەت ھەممـــدىن ئۈســتۈن ۋە ئۇلـۇغ ئاللاھنــىڭ ئىلكىدىـــدۇر» دېگەنلەر.

جەڭچىلەر خۇددى قۇرۇقلۇقتا كېتىۋاتقانـدەك سۆزلەشكەن ھالـدا بىـر ـ بىـرىگە ئۇلۇشـۇپ دەريـادىن ئۆتۈشـتى، ئۇلارنىـڭ زىچلىقىـدىن دەريانىڭ ئۇ قېتى كۆرۈنمەي قالغان ئىدى.

كـاپىر ۋە مۇنـاپىقلار مۇسـۇلمانلاردىكى بـۇ ئـالىي روھقـا قـاراپ، بۇنى كۆرەڭلىك دەپ ئويلايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئاز ھەم قـورال ـ ياراقلىرى كەمچىل، كۈچ سىېلىشتۇرمىسىدا كاپىرلار بىـلەن كـۆپ پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، كۆپ سانلىق كاپىرلار بىـلەن رىقابەتلىشـەتتى ۋە يېڭىپ چىقاتتى. بۇ ھەرگىز مەغرۇرلۇق ۋە قـاراملىق ئەمەس. بـۇ ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشتىن كېلىـپ چىققـان كـۈچ. «ئـۆز ۋاقتىـدا مۇنـاپىقلار ۋە دىللىرىـدا كېسـەلى(يەنى شـەك) بـارلار: بـۇلارنى (يەنـى مۇسـۇلمانلارنى ئۇلارنىـڭ دىنـى ئـالدىـدى) دېـدى، كىمكـى ئاللاھقـا يۆلىنىـدىكەن (ئـاللاھ ئۇنىڭغـا ئەلـۋەتتە يـاردەم بېرىـدۇ): چـۈنكى ئـاللاھ غـالىبتۇر، ھـېكمەت بىـلەن ئـىش قىلغۇچىدۇر.»[1]

### سۆز، ھەرىكەتتە سەممىي بولۇش

مۆمىنىنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچـۈن سـۆز، ھەرىـكەت ۋە نىيەتتە سەممىي بولۇشىمۇ يۇقىرىقى كۈچىنىڭ مېۋىلىرىدىن بىـرى. بىز مۆمىنىنىڭ ئۆزىگە ماددىي مەنپەئەت كەلتۈرمەيدىغان ھەمدە ئۇنىڭ شەخسىي ھەۋىسىگە ياتمايـدىغان ئىشلاردىمۇ ياخشى ئـىش قىلىـپ،

[1] ئەنفال سۈرىسى 49- ئايەت.

يامان ئىشقا قارشى تۇرغانلىقنى كۆرىمىز، مۆمىن شۆھرەت تېپىش، ماختىنىش، كىشىلەرنى خۇش قىلىشنى ئويلاپ كەتمەستىن، بەلكى نام ـ شۆھرەتتىن نامسىزلىقنى، داۋراڭسىز تەر تۆكۈشنى ئارتۇق بىلىدۇ، ئۇ مەخپىي شېرىكنىڭ تېيىلغىقىدىن كۆڭلىنى يىراق قىلىش ئۈچۈن، بار چىغىدا بىلىنمەيدىغان، يوق چىغىدا ئىزدەلمەيدىغان، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان مەخپىي تەقۋادارلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، كۆزلەرگە كۆرۈنمەي يەر ئاستىدا تۇرۇپ دەرەخنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان يىلتىزدەك، بىنانى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشتىن تۇتۇپ تۇرىدىغان بىنا ئۇلىدەك بولۇشقا تىرىشىدۇ.

بەزى خاتىرىلەردە ئىنسانىنىڭ ھەقىقەتكە يۈزلەنگەن چاغدىكى مەنىۋى كۈچى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. بۇ تەسۋىر ئىنسانىنى ھەقىقەت مەيدانىدا زېمىن، تاغلار، تۆمۈر، ئوت، سۇ ... قاتارلىقلاردىنمۇ ۋەزنى ئېغىر قىلىۋېتىدۇ.

بىر ئىلاھىي ئېيتىمىشتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئاللاھ زېمىننى ياراتقان ۋاقىتتا زېمىننى سوزدى ۋە كېڭەيتتى. زېمىننى تاغلار بىلەن چىڭىتىپ مۇقىملاشتۇردى. پەرىشتىلەر تاغنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەيران قېلىپ: ئى رەببىمىز تاغدىنمۇ قاتتىقراق بىر نەرسە ياراتتىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. ئاللاھ:

ـ ھەئە، تۆمۈرنى ياراتتىم، ـ دېدى، پەرىشتىلەر:

ـ تۆمۈردىنمۇ قاتتىق بىر نەرسە ياراتتىڭمۇ؟ دەپ سورىدى، ئاللاھ:

ـ ھەئە، سۇنى ياراتتىم، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ سۇدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە ياراتتىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. ئاللاھ:

ـ ھەئە، شامالنى ياراتتىم، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ شامالدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە ياراتتىڭمۇ؟ دېدى. ئاللاھ:
ـ ھەئە، ئادەم بالىسىنى ياراتتىم، ـ ئۇ ئوڭ قولىدا سەدىقە بەرسە، سول قولىغا تۇيدۇرمايدۇ، ـ دېدى.»

مۆمىنىنىڭ نىشان ـ دەرىجىسىنىڭ روشەنلىكى، يولىنىڭ داغدامىلىقى، قورقۇتما ـ تەھدىدلەرنىڭ ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەسلىكى، پايدا ـ مەنپەئەت ھېرىسمەنلىكى، ئۆمىسە ھەۋەس ياكى غالىب شەھۋەتنىڭ ئۇنى يولدىن ئازدۇرالماسلىقىمۇ مۆمىندىكى ئەنە ئاشۇ ئىمان كۈچىنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى مېۋىلىرىدىن بىرى. ئۇ دائىم ياخشى ئىشقا چاقىرىدۇ. يامان ئىشتىن غەزەپلىنىدۇ، ئۇنى توسىدۇ. يامان ئىشنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ، كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ، بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، قەلبىدە ئۇنى يامان كۆرىدۇ. بۇ قەلبىدە يامان كۆرۈش ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر. بۇنىڭ تۆۋىنىدە زەررىچىلىك ئىمان بولمايدۇ.

### قورقۇنچ ۋە كېچەلمەسلىكتىن ئازاد بولۇش

قورقۇنچ ۋە كېچەلمەسلىكتىن ئازاد بولۇش ئىنساندىكى يۇقىرىقى كۈچنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى.

ئىنسانىغا دۇنيا ئاددىي تۇيۇلسا ۋە ئۆلۈمگە پەرۋا قىلمىسا، ئۇنىڭغا زېمىنىنىڭ مۇستەبىت خاقانلىرى ۋە پادىشالىرىمۇ ئاددىي تۇيۇلىدۇ. ئۇنداق ئادەم ئالتۇنغا تاشقا قارىغاندەك، قىلىچ ۋە ئوقلارغا بىر تال تاياقچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاددىي بىر نەرسىگە قارىغاندەك قارايدۇ. كېچەلمەسلىك بىلەن قورقۇنچ قەلبلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. كىشىنى

قۇللـۇق، دەپسـەندىلىككە چۈشـۈرۈپ قويـدۇ. دۇنياغـا ئـامراقلىق ۋە ئۆلۈمدىن قورقۇش يوق يەردە ئاجىزلىق بولمايدۇ.

بىـز پىرئەۋنىـڭ سـېھىرگەرلىرىنىڭ ئاللاھقـا ۋە ئـاخىرەتكە ئىشـەنگەن چاغـدا، دۇنيـانى ۋە هايـاتنى ئـاددىي سـانىغانلىقىنى، ئۆلۈمـدىن قورقمىغـانلىقىنى تـاغلاردەك مۇسـتەهكەم تـۇرۇپ پىرئەۋنگە مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆردۇق: «نېمىنى هۆكۈم قىلساڭ شـۇنى هۆكـۈم قىلغىـن، سـېنىڭ هۆكمىـڭ پەقەت بـۇ دۇنيـادىلا ئۆتىدۇ.»[1]

## زالىملار ۋە هەددىدىن ئاشقان هوقۇقدارلارنى كۆزگە ئىلماسلىق

ئۇمەۋىيلەرنىڭ مەشهۇر خەلىپىسى هىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىـر كۈنى تائۇس يەمانىينى مەجلىسكە چاقىردى، تائۇس كىـرگەن ۋاقىتتـا هىشامغا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى دېمەستىن ئەسسالامۇئەلەيكۇم هىشام، ـ دېـدى ۋە ئۇنىـڭ ئۇدۇلىغـا كېلىـپ ئولتـۇردى. ئانـدىن: ئەهۋالىـڭ قانــداق؟ هىشــام، ـ دېــدى، هىشــام ناهــايىتى غەزەپلىنىــپ ئــۇنى ئۆلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پـۈكتى ۋە غەزەپ بىـلەن: «هەي تـاۋۇس، سـەن نېمە دەپ بۇنداق قىلىشقا پېتىندىڭ؟ دېدى. تاۋۇس نېمە قىپتىمەن؟ دېــدى. هىشــام ئاچچىقــدىن يېرىلغــۇدەك بولــۇپ: كەشــىڭنى گىلەمنىــڭ ئۈســتىگە ســالدىڭ، قولــۇمنى ســۆيمىدىڭ، ماڭــا مۆمىنلەرنىـڭ ئەمىـرى، دەپ سـالام قىلمىـدىڭ، نـامىمنى ئاتىمىـدىڭ، رۇخسىتىمسىز ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ ئەهۋالىڭ قانـداق هىشـام دېـدىڭ؟» دېدى. تاۋۇس مۇنداق دېدى:

[1] تاها سۈرىسى 72۔ ئايەت.

«كەشمنى گىلەمنىڭ ئۈستىدە سىلشىمدىكى سەۋەب: مەن ئۇنى هەركۈنى بەش قېتىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ئالدىدا سالىمەن، قولۇڭنى سۆيمىگەنلىگىمنىڭ سەۋەبى، مەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن: بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىنى سۆيۈشى هالال ئەمەس، پەقەت ئامراقلىقتىن ئايالىنىڭ قولىنى سۆيسە، ياكى بالىسىنىڭ قولىنى سۆيسە بولىدۇ. ساڭا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى دەپ سالام بەرمەسلىكىمدىكى سەۋەب: سىياسىتىڭگە هەممە ئادەم رازى ئەمەس، يالغان ئېيتىشنى خالىمىدىم. ئۇدۇلۇڭدا ئولتۇرغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: دوزاخقا كىرىدىغان ئادەمنى كۆرەي دېسەڭ ئۆزى ئولتۇرۇۋالغان، چۆرىسىدە تۇرغان خەلق ئۆرە تۇرغان ئادەمگە قارىغىن. هىشام ئاچچىقىدىن يېنىپ: ماڭا نەسىهەت قىلغىن، دېدى. تاۋۇس مۇنداق دېدى: «مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: جەهەننەمدە بادرىدەك توم يىلانلار، خېچىردەك يوغان چايانلار بار بولۇپ، بۇلار خەلقنى ئادىل باشقۇرمىغانلىكى ئەمەلدارلارنى چاقىدۇ.»

لىۋىيىدىن چىققان ئىسلام قەهرىمانى ئۆمەر مۇختارنى كۆردۇق. ئۇ ئىتالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ۋە ئىتالىيەنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەڭ زامانىۋى قورال‌لار بىلەن قوراللانغان ئارمىيىسىگە ئۆزىنىڭ ناهايىتى ئاز، قورالسىز ياكى يېرىم قورال‌لىق مۆمىن جەڭچىلىرى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن تۇرۇپ، دۈشمەنلىرىگە نەچچە قېتىم فاجىئەلىك زەربە بەردى. بارلىق ماددىي كۈچى تۈگىگەن بولسىمۇ دۈشمەنگە بىر مىنۇتمۇ تەسلىم بولمىدى. ئۇ ئىتالىيە ئارمىيىسىگە دائىم: زەمبىرەك

قىلىچىمىنى سۇندۇرۇۋېتەلىگىنى بىلەن باتىل ھەقىقەتنى سۇندۇرۇۋېتەلمەيدۇ، ــ دېيىتتى.

ئۆمەر مۇختار كېزىككە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، كېسەل ئازابىدىن ئۇنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ، قوۋۇرغىلىرى تىترەيتتى. ئۇ شۇنداق تۇرۇپ يەنە ئەسكەرلىرىگە؛ مېنىڭ جەڭدە سىلەر بىلەن بىللە ئۇرۇشالماي قالماسلىقىم ئۈچۈن مېنى ئارغامچا بىلەن ئاتقا باغلاپ قويۇڭلار، ــ دېيىتتى.

مۇستەملىكىچى ئارمىيە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇ ئۆلۈمنى مەردانە قىياپەت، مەسخىرىلىك تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى. ھۆكۈم ئىجرا بولۇشتىن ئىلگىرى بەزى ئاۋدوكاتلار ئۇنىڭغا: كەچۈرۈم تەلەپ قىلغىن، بىز سېنى بوشىتىش ئۈچۈن يول ماڭىمىز، دېگەن بولسىمۇ ئۇ دىمىغىنى قېقىپ قەتئىيلىك بىلەن:

ــ مېنى قويۇۋەتسەڭلەرمۇ يەنە سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، ــ دېگەن ئىدى.

ھىندىستاندا مەۋلانا ئەبۇلكەلام ئازادتەك بۈيۈك ئالىمنى كۆردۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ۋە خەلقنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئېچىلغان سوت يىغىنىدا جاۋابكار ئورنىدا تۇرۇپ مەھكىمە ھەيئىتىگە 36 بەت ئەتراپىدىكى ئاجايىپ بىر باياناتنى چىقارغان. مانا بۇ، مۆمىنلىك ئىززىتىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. تۆۋەندىكى ئۇ سۆزلىگەن ئۇلۇغ تارىخى خىتابىنىڭ بىر قىسمى: «ھەئە، مەن ھازىرقى ھۆكۈمەتنى زالىم دېدىم، سېنىڭچە مەن بۇنى دېمىسەم نېمە دەيمەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇ تاپتا مەن

مەندىن بىر نەرسىنى ئۆز ئىسمىدىن باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاشنى، قارىنى ئاق دېيىشنى تەلەپ قىلىنىۋاتقىنىغا بەكمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن.

مەن دېگەن مۇسۇلمان، مۇسۇلمان بولغانلىقىم ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشۇم، ئۇنى ئۆچ كۆرۈشۈم ۋە ئۇنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىشىم ۋاجىپ. ئىسلام دىنى ئىنسان ھوقۇقىنى فرانسىيە ئىنقىلابىدىن ئون بىر ئەسىر بۇرۇن جاكارلىغان. جاكارلاپلا قالماستىن، بەلكى كامالەتتە چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت جۇمھۇرىيىتىگە تۈپ قانۇن قىلىپ بەلگىلىگەن.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلماندىن ھەقىقەتتىن ئېغىز يۇمۇشنى ۋە زۇلۇمنى زۇلۇم دەپ ئاتىماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىق، ئۇنىڭدىن ئۆز مۇسۇلمانلىقىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلغانلىق بىلەن باراۋەر، سىلەر بىر ئادەمدىن ئۆز دىنىدىن يېنىشنى تەلەپ قىلىشنى ئۆزۈڭلارغا لايىق كۆرمىگەن ئىكەنسىلەر، مۇسۇلماندىن زۇلۇمغا قارشى سۆز قىلىشتىن توختاشنى تەلەپ قىلىشىڭلار لايىق ئەمەس.

ھەقىقەتكە ئىشىنىش ۋە ھەقىقەتنى ئېلان قىلىش ئىسلام ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئىسلام ھاياتى بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى يوقىلىپ چىققان بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمان مىللىتىنى شۇ ماددا ئۈستىگە قۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇلارنى بارلىق ئالەمگە ھەقىقەت گۇۋاھچىلىرى قىلىپ تەيىنلىدى. گۇۋاھچىنىڭ ئۆز گۇۋاھلىقىنى ئېيتىشقا سەل قارىماسلىقى ۋاجىپ بولغىنىدەك، مۇسۇلماننىڭ ھەقىقەتنى ئۈستۈن قىلىشتا سۈرەلمىلىك قىلماسلىقى، ئۆزى قانداق جايدا بولمىسۇن، ئۇتقا تاشلانغان

تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى تارقىتىشى ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشى قەتئىي ۋاجىپ.

تەۋھىد ئىسلامنىڭ ئاساسى، تەۋھىد مۇسۇلمانلارغا قورقۇش ۋە باش ئېگىشنىڭ ئۇلۇغ بىر ئاللاھقىلا بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھتىن ئۆزگىدىن قورقۇش ۋە باش ئېگىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ غەيرىدىن قورققان، باش ئەگكەن ئادەمنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق شېرىكنىڭ تەۋھىد بىلەن مەڭگۈ بىر يەرگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئىسلامنىڭ باشتىن ئاخىر بولغان ئومۇمى چاقىرىقى ھەقىقەت يولىدا ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، ھەقىقەت يولىدا پىداكار، جۈرئەتلىك، باتۇر بولۇشقا چاقىرىش بولدى.

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ ئاللاھنىڭ غەيرىدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، ئاللاھ (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر.»[1] «ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاباد قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجاملاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ).»[2] «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى

[1] ئەھزاپ سۈرىسى 39ـ ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى 18ـ ئايەت.

مۇرتەد بولىدىكەن (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.»[1]

«ئاللاھ بەندىسىگە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقۇتىدۇ، ئاللاھ گۇمران قىلغان ئادەمنى ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.»[2]

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە زالىم پادىشاھ ئالدىدا ھەقنى سۆزلىگەن ئادەم شېھىدلەرنىڭ خوجىسىدۇر.»[3] «جىھادنىڭ ئەڭ ياخشىسى زالىم پادىشاھ ئالدىدا ھەقىقەتنى سۆزلىمەك.»[4] «رەسۇلۇللاھ ئۆز ساھابىلىرىدىن قانداق يەردە بولسۇن ھەقىقەتنى سۆزلەشكە ۋەدە ئالاتتى.»[5]

ئىسلام مىللىتى ھەقىقەتنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ، كۆپ قۇربان بېرىشلەرگە ئوخشايدىغان بىر قۇربان بېرىش دۇنيانىڭ ھېچ بىر يېرىدە كۆرۈلۈپ باققىنى يوق.

مۇسۇلمانلاردىن چىققان ئالىملار، مەشھۇر زاتلار، قوماندان ـ سەركەردىلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى شۇ قۇربان بېرىشلەرنىڭ بىر قىسمى، خالاس.

---

[1] مائىدە سۈرىسى 54- ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى 36- ئايەت.

[3] ھاكىم رىۋايىتى.

[4] ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر رىۋايىتى.

[5] ئىككى ئىمام رىۋايىتى.

ئىنگلىز ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانغا، پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەت يولىدىكى ئۆلۈمگە خۇشال بولۇش، ئاپەت، خەتەر دولقۇنلىرىدا شىددەت بىلەن ئۈزۈش، ھەقىقەتتىن سۈكۈت قىلىشنى قوبۇل قىلماسلىقلارنى بۇيرۇغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. مۇسۇلمانلار ھىندىستاننىڭ 124 خىل جازا قانۇنىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما بۇ جازا قانۇنلىرى مۇسۇلماننى ئۆز دىنىدىن ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ياندۇرالمايدۇ.»

مەۋلانا ئەبۇلكالام ئازات ئۆزىنىڭ ئاللاھقا، ھەقىقەتكە، تەقدىرگە، ئاخىرەتكە بولغان ئىمان كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن، بېسىمغا پىسەنت قىلماستىن ئوت يالقۇنىدەك سۆزلىرى ۋە ھۆججەتلىرىنى ياغدۇرىۋېتىدۇ. ئاندىن سودىيەگە قاراپ مۇنداق دەيدۇ:

سەن، ھەي سوتچى، مەن ساڭا مېنىڭ ئەھۋالىمغا چۈشۈپ قالغان بۇرۇنقى مۆمىنلەرنىڭ سۆزىدىن باشقا سۆز قىلمايمەن: «قانداق ھۆكۈم قىلساڭ شۇنداق ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ.»[1]

**تارىخ گۇۋاھ ئەمەلىيەت**

يۇقىرىدىكىسى دىللاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، قەلبىنىڭ كۈچلۈك رەھبىرى بولغان ئىماننىڭ ئەھۋالى. بۇنداق ئىمان ئۆز ئىگىسىگە چەكسىز ئىشەنچ، بوشاشماس ھىممەت، ئۈچمەس ئۈمىد، توختاۋسىز تۆرتكە، تەۋرەنمەس ئىرادە ئاتا قىلىدۇ. بۇنداق مۆمىن دۇنياغا ئىگە بولىدۇ، لېكىن دۇنيا ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدۇ. مال جۇغلايدۇ، لېكىن

[1] تاھا سۈرىسى 72- ئايەت.

مال ئۇنى ئۆزىگە قۇل قىلالمايدۇ. ئۇنى نىمەت ئورايدۇ، ئەمما ناشۈكۈر قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاپەت چۈشىدۇ، ئەمما ئۇنى يېڭەلمەيدۇ. قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئىرادە، كۈچىگە كۈچ قوشىدۇ. ئۇ ئوتتا قىزىتىلغانسېرى پاك ۋە سۈزۈكلىشىدىغان ئېسىل ئالتۇنغا ئوخشايدۇ.

يۇنان پەلسەپىسى، رىم مەدەنىيىتى، ھىندىستان ھېكمىتى ۋە جۇڭگو سەنئىتىگە ئىگە ئەمەس ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىققان كۈچى ئاجىز بىر جامائەنى، دۇنيانىڭ چۈلۈۋۈرىغا ئىگە بولىدۇ، كىسرا پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ، قەيسەر ئىمپېراتورلۇقىنى بىتچىت قىلىدۇ، تۆت ئەسىردىن ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يېڭى دىن ۋە يېڭى مەدەنىيەت تارقىتىدۇ، دېسە كىممۇ ئىشىنەر ئىدى؟

بۇنىڭ سىرى دەل ئىمان ئەمەسمۇ؟!

ھەبەش قۇل بىلالغا خوجايىنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپكە قارشىلىق قىلغۇدەك، ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشامغا قارشى تۇرغۇدەك كۈچ ئاتا قىلغان نەرسە مۇشۇ ئىمان ئەمەسمۇ؟!

ئاز قوشۇننى كۆپ قوشۇن ئۈستىدىن، ئوقۇقسىزلارنى مەدەنىيەتلىكلەرئۈستىدىن غالىب قىلغىنى مۇشۇ ئىمان ئەمەسمۇ؟!

كۆچمەن چارۋىچى ئەرەبلەرنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ، قولىدا قىلىچ كۆتۈرۈپ، تۇرالغۇ، چېدىرلارنى ئاتلىرىغا يۈكلەپ قوزغىلىپ، پارىس پادىشاھلىرى، رىم ئىمپېراتورلىرى ئالدىغا بېرىپ: «بىز سىلەرنى بەندىگە چوقۇنۇشتىن يالغۇز بىر ئاللاھقا چوقۇنۇشقا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەرمىز»

دېيىشكە تـۆرتكە ۋە ئىلهـام بولغـان نەرسـمۇ ئىمـان، پەقەت ئاشـۇ ئىمان ئەمەسمۇ؟!

**ئاجىزلىششىنىڭ سىرى**

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھـۋالى بۇرۇنقىغا ئوخشـماي قالـدى، ئۇلار كېڭىيىپ بولۇپ تارىيىپ قالدى، كۆچىيىپ بولـۇپ ئاجىزلىشـىپ قالـدى. سـەۋەبى ئىمـان ئۇلارنـىڭ ۋۇجۇدىغـا ھۆكـۈمران ۋە ئىـش ـ ئەمەللىرىگە رەھبەر بولالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىمانى ئۇلارنىـڭ مۇسـۇلمان زېمىنىدا تۇغۇلغانلىقى ھۆكمى بىلەن «جۇغراپىيىلىـك» ئىمـان بولـۇپ قالدى. ئىمان ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلك، تۇرالغۇغا ۋارىسلىق قىلغىنىـدەك ئاتـا ـ بوۋىلىرىــدىن ئالــدىغان مىراسـى بولـۇپ قالــدى. بۇنــداق تەسىرسىز، جانسىز، ئىنكاسسىز، ئۇيقۇچـان ھـالەتكە چۈشـۈپ قالغـان ئىمان قەلبلەرگە قانداقمۇ كۈچ بېغىشلىيالايدۇ؟ كۆڭۈللەرگە قانـداقمۇ ئىرادە ۋە غەيرەت ئاتا قىلالايدۇ؟

رەسۇلۇللاھ مۇسـۇلمان مىللىتىنىـڭ ئاجىزلىشـىپ دۈشـمەنلىرى ئالدىدا خار بولىدىغان ۋاقتىدىكى ئاجىزلىق ۋە خارلىق ئـامىللىرىنى خويمـۇ چوڭقـۇر ئېچىـپ بەرگەن ئىــدى. مانــا بۈگــۈنكى كۈنــدە رەســۇلۇللاھنىڭ ســۆزلىرى نەق ئىســپاتلىنىۋاتىدۇ. ئــۇ مۇنــداق دېگەن: «ئاچ قورساقلار بىر قاچا ئاشقا تەڭ ئولاشقاندەك مىللەتـلەر سىلەرگە قارشى يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان دەۋرگە ئاز قالـدى، دېـدى. ساھابىلەر: ئـۇ كۈنـدە بىزنىـڭ ئـازلىقىمىزدىن شـۇنداق بولامـدۇ؟ دېـدى. رەسـۇلۇللاھ: يـاق، بەلكـى سـىلەر كـۆپ، لـېكىن سـۇنىڭ كۆپۈكلىرىـدەك ئـاجىز، ئـاللاھ سـىلەرنىڭ ھەيـۋە ـ سـۈرۈڭلارنى

دۈشمىنىڭلار قەلبىدىن تارتىۋېتىدۇ، قەلبىڭلارغا ئاجىزلىق تاشلىنىدۇ، دېدى. ساھابىلەر: ئۇ ئاجىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى قايسى؟ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش، دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ھەقىقىي ئاجىزلىقنىڭ تۈپ مەنبەئى ئىنسانىنىڭ شەخسىي ھاياتى ۋە دۇنياسىغا بەك ئېشىنىپ كېتىشى، ئۆزىنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىرىغا بېقىنىپ ئېغىر كىشەنلەرگە ئەسىر بولۇپ ياشىشى، كۆڭۈل ئىستەكلىرىنىڭ ئۇنى بارماقتىكى ئۈزۈكتەك ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋېلىشى، ماددىي ھەۋەسلەرنىڭ ئۇنى چەكلىك دائىرىدە مەقسەتسىز ھالدا ئايلىنىۋېرىدىغان كۆزى تېڭىق جۇۋاز كالىسىدەك ئايلاندۇرۇپ يۈرۈشىدۇر.

دۇنيا مۇھەببىتى شۇنداق نەرسىكى، ئۇ، كىشىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايال ياكى ئۆزىنىڭ ئەلدىن پىنھان ئىشلىرىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورققان سۆھبەتدىشى ئالدىدا ئاجىز، بىچارە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان قاتتىق قول بىر پادىشاھنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئۆلۈمدىن قېچىش ئادەملەرنى خار ھاياتنى شەرەپلىك ئۆلۈمدىن ئارتۇق كۆرىدىغان، ھەر كۈنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ ياشايدىغان ھاياتنى ئۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ياشايدىغان بىر ئۆلۈمدىن ئارتۇق كۆرىدىغان قىلىۋېتىدۇ:

كىم ئۆلمەس شەرەپلىك قىلىچ ئاستىدا،
خارلىقنى كۆتۈرۈپ ياشار باشىدا.

بىر گاھىدا، كىشىلەردىن ئىشلىرىدا ئۆزلىرىگە يېتەكچى ــ پېشىۋا بىلىدىغانلار، ئۆزىنى دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە نىگىزىگە يەتكەن خىلى يارامىلىق دىندارلاردىن سانايدىغانلار ئىچىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالىمىز، ئۇلاردا ئېغىر دەرىجىدىكى ئەبگا ـ لەقۋالىق، بىچارىلىك، ئۆلۈمتۈك ـ ئىزىلەڭگۈلۈك ئىپادىلىرى كۆرۈلىدۇ، بەزىلەر خاتالاشقان ھالدا ئۇلارنى ھەقىيقى مۆمىنىنىڭ ھالىتى، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئىمان بۇنداق ساختا كۆرۈنۈش ۋە يالغان قىياپەتتىن بىزاردۇر، ئىمان بولسا شۇنداق بىر كۈچكى ئۇ ئىنسانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسى، ئەخلاق ـ ئىستىلى، ئىسمى ھەمدە جىسمى بىلەن بىردەكلىكتە ئىگەدۇر. ئۆمەر بىر ئادەمنىڭ نامازدا ئۆلۈمتۈكلەرچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تولىمۇ قورقۇمسىرىغان قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە شۇئان بىرىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئۆز قولىدىكى قامچا بىلەن نوقۇپ كۆتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ دىنىمىزنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟ ئاللاھ جېنىڭنى ئالسۇن، بېشىڭنى كۆتۈر، قورقۇش دېگەن گەدەندە ئەمەس، قەلبتە بولىدۇ، دەيدۇ.

ـ ئەي ئاللاھ! ساڭا مۇناپىقلارچە قورقۇش ئىزھار قىلىپ سېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېگەن دۇئا ئۇنىڭ مەشھۇر دۇئالىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا مۇناپىقلارچە قورقۇش ئىزھار قىلىش دېگەن نېمە؟ دېيىلگەندە، ئۇ: قەلب قورقمىسىمۇ، بەدىنىنىڭ قورققاندەك تۇرۇشى دېگەن ئىدى. ئابدۇللاھنىڭ قىزى بىر قىسىم ياشلارنىڭ يولدا ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

ھەيرانلىقتىن: ئۇلار نېمە قىلىدىغانلار؟ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا: ئۇلار تەقۋادار زاھىدلار، دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئۇ: ئۆمەر ماڭغىنىدا ھەيۋەت بىلەن تېز ماڭاتتى، كىشى گەپ قىلسا قۇلاق سالاتتى، ئۆتكۈدەك ئۇراتتى، مانا ئۇ ھەقىقىي زاھىت ئىدى، دېدى.

شۇنچە تەمكىن ۋە سىرلىق رەسۇلۇللاھ ماڭسا، گويا ئېگىزدىن چۈشۈۋاتقاندەك تېز ماڭاتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھتىن چىرايلىقراق ئادەمنى كۆرگىنىم يوق. قۇياش گويا ئۇنىڭ يۈزىدە كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭدىن تېز ماڭىدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم، ئۇ ماڭسا كىشىگە ئۇنىڭغا يەر قاتلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىز قىينىلىپ ماڭساق، ئۇ ئېرەن قىلماي ماڭاتتى.

## مېھرىبانلىق

كۆيۈمسىز ئىنسان بەئەينى تۆمۈر ــ تەسەك ۋە تاش ــ داڭگالغا ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ گۆش، قان ۋە سۆڭەكتىن ئىبارەت تۇپراقلىق قاتلىمىدا بولمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل روھىي جەۋھەر ۋە ئىلاھىي لاتاپەت (نازۇكلۇق) بولۇپ، ئىنسان ئەنە شۇ ماھىيىتى بىلەن شەيئىلەرنى ھېس قىلىدۇ، بىلىدۇ، تەسىرلىنىدۇ، ھاياجانلىنىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ، مېھىر بېرىدۇ. مانا بۇ بىر جانلىق قەلبنىڭ ئىشى.

مۆمىننىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ يۇمشاق، مېھرىبان، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تېتىك قەلب بىلەن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدۇر. مۆمىن تۈرلۈك ھادىسىلەر ۋە ئادەملەرگە مۇشۇ قەلبى

بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، ئاجىزغا ئىللىق بولىدۇ، غەمكىنگە ئىچ ئاغرىتىدۇ، مىسكىنگە كۆيۈنىدۇ، ھاجەتمەنگە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. ئۇ مۇشۇ مېھرىبان، تېتىك قەلبى بىلەن ئازار بېرىشتىن ساقلىنىدۇ، جىنايەتتىن قاچىدۇ. ئۇ مۇشۇ تەرىپى بىلەن ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن بىر تىنچلىق، ئاسايىشلىق مەنبەئىگە ئايلىنىدۇ.

**مۆمىندىكى مېھرىبانلىق ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىدىن كەلگەن**

مۆمىن بىر مېھرىبان قەلب ئىگىسى، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ھەمدە ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىكى مەنىلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا گەۋدىلەندۈرۈش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بۈيۈك غايىسىدۇر.

ئىلاھىي ئەخلاقنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكرەكى بولسا ئىلاھنىڭ ھەممە نەرسىگە تەڭ يېتىپ بارىدىغان، دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى قاپلىغان ئۇلۇغ مېھرىبانلىقىدۇر.

ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەندە ئەسىرلەر ئىچىدىن كۆكسى ئېچىلىپ كەتكەن بىر ئايال سۈتىنى ئېمىتىشكە بالا ئىزدەپ ئاخىرى ئەسىرلەر ئارىسىدىن بىر بوۋاقنى كۆرۈپلا ئۇنى باغرىغا باسقان. رەسۇلۇللاھ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشقا بىرلەشتۈرۈپلا ئەتراپتا تۇرغان ساھابىلەرگە ئىلاھى مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت بۇ زور چۈشەنچىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «سىلەر بۇ ئايال بالىسىنى ئوتقا تاشلايدۇ، دېسە ئىشىنەمسىلەر؟ دېدى. ساھابىلەر؛ ياق، ئىشەنمەيمىز، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ دېدى:

ئـاللاھ بولسـا بەنـدىلىرىگە شـۇ ئايـال ئـۆز بالىسـىغا كۆيۈنگىنىـدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدۇ.»

ئاللاھنىڭ «شەپقەتلىك، مېھرىبان» دېگەن ئىككى ئىسمى ئۇنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئىسىملاردۇر. بۇ ئىككى ئىسىم «ئاللاھ» دېگەن ئۇلۇغ سۆزدىن قالسىلا ئەڭ مەشـھۇر ئىسـىملار بولـۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۆمىن ھەرقاچان ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇماقچى ياكى بىرەر سۈرىنى باشلىماقچى بولسا: «ناھايىتى شـەپقەتلىك ۋە مېھرىبـان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېيىش بىلەن باشلايدۇ.

ئىمـــام غەزالىينىـــڭ «ئاللاھنىـــڭ گـــۈزەل ئىســـىملىرىنىڭ ئىزاھاتىدىكى ئـالى مەقسـەت» دەپ ئاتالغـان كىتابىـدا ئىسـملەرنى شەرھلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا ئىنسانىنىڭ بۇ ئىسىملاردىن ئالىدىغان نەســبە ـ ئۈلۈشــلىرىنى بايــان قىلغــان. ئــۇ «شــەپقەتلىك ۋە مېھرىبـان» دېـگەن ئىككـى ئىسـىمغا ئېنىقلىمـا بېرىـپ بولغانـدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: بەنـدىنىڭ «شـەپقەتلىك» دېـگەن ئىككـى ئىسـىمدىن ئالىـدىغان مېۋىسـى، ئاللاھنىـڭ غاپىـل بەنـدىلىرىگە شەپقەت قىلىپ ئـۇلارنى غەپـلەت يولىـدىن سـىلىق ـ سـىپايە يـول بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ ئاللاھقا قايتۇرۇش، ئاسىيلارغا ئازاب كـۆزى بىـلەن قارىمـاي رەھـمەت كـۆزى بىـلەن قـاراش، ئالەمـدە بولۇۋاتقان ھەممە گۇناھنى ئۆز گۇناھىدەك كۆرۈپ ئـۇ گۇنـاھلارنى يـوقىتىش يولىـدا كۈچىنىـڭ بـارىچە تىرىشچانلىقىنى ئايىماسـلىق، ئاسىيلارنى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ياكى رەھـمەت دەرگاھىدىن يىراقلاپ كېتىشـتىن قۇتقـۇزۇپ قىلىشـتۇر. مانـا بـۇلار شەپقەت ھېسابلىنىدۇ.

بەنــدىنىڭ مېھرىبــان دېــگەن ئىســمىدىن ئالــدىغان ئۈلۈشــى ھــاجەتمەن ئــادەمنى تاشلىۋەتمەســتىن ئۇنىڭغــا كۈچىنىــڭ يېتىشــىچە ياردەم قىلىش، ئــۆز مــال ـ مۈلكى، ئــابرۇيى يــاكى باشــقىلارنىڭ قــولى ئارقىلىق ئۇنى پېقىرلىقتىن قۇتقۇزۇش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئەگەر ھېچنــېمە قىلالمىســا ئۇنىــڭ زىيىنــى ۋە موھتاجلىقىغــا ھېسداشــلىق قىلىش، ئۇنىڭغا قايغۇرۇش، دۇئا قىلىش بىلەن ياردەم قىلىشىدۇر. مانا بۇ مېھرىبانلىق.

**شەپقەتسىز ئادەم شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ**

مۆمىن: مەن دائىم ئاللاھنىــڭ شــەپقىتىگە موھتــاج، دۇنيــادا مۇشــۇ ئىلاھى شەپقەت بىلەن ياشايمەن، ئــاخىرەتتە مۇشــۇ ئىلاھــي شــەپقەت بىلەن نىجات تاپىمەن، دەپ بىلىدۇ. لېكىن ئــۇ كىشــىلەرگە شــەپقەت قىلمىغــۇچە ئاللاھنىــڭ شــەپقىتىگە يەتكىلــى بولمايــدىغانلىقىنىمۇ ئىشــنىدۇ: «ئــاللاھ ھەقــقەتەن بەنــدىلىرى ئىچىــدىكى شــەپقەتلىك كىشىلەرگە شەپقەت قىلىدۇر»، «زېمىندىكىلەرگە مېھرىبــان بولــۇڭلار، ئاســماندىكى زات ســىلەرگە مېھرىبــان بولــىدۇ»، « شەپقەتســىز ئــادەم شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇر.»

مۆمىنىنــىڭ رەھــم ـ شــەپقىتى مــۆمىن قېرىنداشــلىرى بىلەنــلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ خۇددى بىر بۇلاق بولــۇپ، بــارلىق كىشــىلەرگە تېگىش بولغان رەھم ـ شەپقەت بىلەن بۇلدۇقلاپ تۇرىــدۇ. رەســۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: «بىر ـ بىرىڭلارغا مېھرىبان بولمىغۇچە ئىمــان ئېيتقــان بولمايســىلەر، دېۋىــدى. ســاھابىلەر: ھەممىمىــز بىــر ـ بىرىمىــزگە مېھرىبــانغۇ، دېــدى. رەســۇلۇللاھ: ئــۇ ســىلەرنىڭ بىرىڭلارنىــڭ ئــۆز

ھەمراھىغا بولغان مېھرىبانلىقى ئەمەس، لېكىن ئۇ ئومۇمى مېھرىبانلىقتۇر، دېدى.»[1] ئۇ ھەم مۆمىنلەرنىڭ قۇرئاندىكى سۈپەتلىرىدىن بىرى: «ئۆز ئارا سەبىر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆز ئارا شەپقەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر.»

بەلكى ئۇ، تىللىق ئىنساندىن ئۆتۈپ تىلسىز ھايۋانغىمۇ يېتىدىغان مېھرىبانلىقتۇر. مۆمىن ھايۋانغا رەھىم قىلىدۇ ۋە ئۇ توغرۇلۇق ئاللاھتىن قورقىدۇ. ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا بۇ ھايۋانلار توغرۇلۇق جاۋابكار بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە: تەشنا ئىتنى سۇغارغان گۇناھكارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى، جەننەت دەرۋازىلىرى ئۇنىڭغا ئېچىلغانلىقىنى، دوزاخ دەرۋازىسىنىڭ مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئايالغا ئېچىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. باشقا گۇناھى يوق مۈشۈك باغلىغاننىڭ گۇناھى مۇشۇ بولسا، پەقەت ـ رەببىمىز ئاللاھ، ـ دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭلىغان كىشىلەرنى ناھەق تۈرمىگە سولىغانلارنىڭ جازاسى قانداق بولار؟

بىر ئادەم: ئى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ قوينى بوغۇزلاشقىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭغا رەھىم قىلساڭ ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلىدۇ، دېدى.[2] ئۆمەر بىر ئادەمنىڭ قوينى بوغۇزلاش ئۈچۈن پۇتىدىن سۆرەپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ: ئىسىت ساڭا... ئۇنى ئۆلۈمگە چىرايلىق يېتىلىگىن، دېدى.

---

[1] تەبەرانىي رىۋايىتى.

[2] ھاكىم رىۋايىتى.

تارىخچىلار مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئاس مىسىرنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ چېدىرى ئۈستىدە بىر كەپتەر ئۇۋا تۇتتى، ئەمر كۆچمەكچى بولغاندا ئۇۋىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ چېدىرنى چۇۋۇسا ئۇۋىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چېدىرنى چۇۋىمىدى، كېيىنچە چېدىر ئەتراپىغا ئۆيلەر سېلىنىپ، بۇيەر «چېدىر كەنتى»، دەپ ئاتالدى.

ئىبنى ھەكەم خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تەرجىمھالىدا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ھاجەت بولمىسا ئات چاپتۇرۇشنى مەنئى قىلغان، ئۇ يول قاراۋۇللىرىغا پەرمان چىقارغان: ئۇلاغلارغا ئېغىر يۈكلەرنى سېلىشقا، تۆمۈر ئۇچلۇق تاياقلارنى سانجىپ ھەيدەشكە يول قويۇلمىسۇن، مىسىر ۋالىيسىغا مۇنداق پەرمان ئەۋەتكەن: مىسىردا تۆگىگە مىڭ رەتل (454 كىلوگرام) يۈك باسىدىغان تۆگىچىلەر بارلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇ پەرمان قولۇڭغا يەتسە بىلگىنكى، مەن تۆگىگە 600 رەتل (274 كىلو) دىن ئارتۇق مال باسىدىغان ئادەمنى تونۇمايمەن.

مانا بۇ ھاياتنىڭ ھەربىر ساھەسىنى قاپلاپ ئۆلگۈرگەن، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان رەھىمدىللىك، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئىشىنىش ئېلىپ كەلگەن خۇش پۇراقلار بىلەن تاش يۈرەكلەر يۇمشايدۇ، داغال كۆڭۈللەر يۇمرانلىشىدۇ.

ئۆمەرگە قارىمامسىز ـ جاھىلىيەتتە قاتتىق قول ۋە قوپاللىق بىلەن داڭق چىققان ئۆمەرنى ئىمان قانداقلارچە يۇمشاتتى؟ ئىمان ئۇنىڭ قەلبىدىن يۇمشاقلىق ۋە رەھىمدىللىك بۇلاقلىرى تەپچىرەتتى. ئېيتىلىشىچە: ئۇ جاھىلىيەتتە ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى تىرىك كۆمۈۋەتكەن، ئەمما ئۇ ئىسلامدا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان ۋاقتىدا

يىراق بىر شەھەردە مۇدۇرۇپ كەتكەن قېچىر ئۇچۇنمۇ ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنى جاۋابكار ھېسابلايدىغان ئادەم بولغان.

مانا مۇشۇنداق ئەقىدە، ئەخلاق بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ھەتتا دۇشمەن بىلەن قىلغان جەڭلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن. بىز ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ بىر قېتىملىق غازاتقا كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئايالنى كۆرگىنىدە ئاچچىقلانغىنىدىن مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرىمىز: «بۇ ئايالنى ئۆلتۈرمىگۈلۈك ئىدى». ئۇ ئاياللار، قېرىلار، بالىلار ۋە جەڭگە قاتناشمىغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشنى قەتئىي چەكلىگەن ئىدى.

ئۇنىڭ جەڭچىلىرىمۇ قاتتىق قوللۇق، رەھىمسىزلىك، قارا كۆڭۈللۈك قىلماستىن، ئۆز رەھىمدىللىكى، ياخشىلىقى بىلەن يولىدا ئىش قىلاتتى. ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ قوشۇنىنى ئۇزىتىشتىن ئۇلارغا تاپىلايدۇ: «ئاياللارنى، قېرىلارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمەڭلار، بارغان يېرىڭلاردا چىركاۋدا ئىبادەت قىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە تەگمەڭلار.» ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە قارشى قورال كۆتۈرمىگەن پۇقەرا ـ دېھقانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.»

ئەبۇ بەكرى ئالدىغا دۇشمەن قوشۇنى قوماندانلىرىدىن بىرىنىڭ كېسىلگەن بېشى كۆتۈرۈپ كېلىنگەندە ئۇ باشنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە ئاچچىقلىنىپ: بۇنىدىن كېيىن ئالدىمغا باش ئېلىپ كېلىنمىسۇن، دەيدۇ، ئۇنىڭغا: ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالسا مۇشۇنداق قىلىدۇ دېيىلگەندە، ئۇ: پارسلار ۋە رۇملۇقلارغا

ئەگىشەمدۇق؟ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى ياكى خەت يېتەرلىك، دېگەن.

شۇنىڭدەك ئىسلام جەڭچىلىرى جەڭ قىلىشتىمۇ شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل بولغان ئىدى. ئۇ جەڭلەردە قاتتىق مەجبۇر بولمىغۇچە قان تۆكۈلمەيتتى. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ گوستاۋ لوبوۇن بۇنى مۇلاھىزە قىلىپ مۇنداق دېگەن:: تارىختا ئەرەبلەردەك ئادىل ۋە رەھىمدىل ئىشغالىيەتچىلەر كۆرۈلۈپ باقمىغان.»

**تۈرلۈك قەبىھ جىنايەتلەر دىنسىزلىق ۋە تاش يۈرەكلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر**

ئىمانلىق قەلبلەر شەپقەت ۋە مېھردىن خالى بولمايدۇ، ئاللاھ ۋە ئاخىرەتكە تېنىش بولسا ئىنسان قەلبىنى مېھرىسىز، قاتتىق قىلىۋېتىدۇ. قورقۇنچلۇقلىقىدىن تەنلەر شۈركىنىدىغان ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ دەل ئاللاھ ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان تاش يۈرەكلەردىن چىقىدۇ. ئەگەر تارىخ بېتىنى ئاقتۇرساق ئۇنىڭدىكى مىسلىسىز جىنايەتلەرنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن قورقمايدىغان، ئاخىرەتتىكى ھېسابنى ئويلىمايدىغان كىشىلەرنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئوغۇللارنى بوغۇزلاپ، قىزلارنى ھايات قالدۇرغان زالىم پىرئەۋنمۇ ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ قىلمىشلارنى قىلغان: «پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا زۇلۇم قىلىپ (ئىمان ئېيتىشقا) بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايمىز (يەنى قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىش يوق، ھېساب ئېلىنىشمۇ، جازاغا تارتىلىشمۇ يوق) دەپ گۇمان قىلدى.»

كوممۇنىستلارنىڭ مەۋسۇل، كەركۇك ۋە ئىراقتا ئىلىپ بارغان ئاممىۋى قىرغىنلىرى، كىشىلەرنى تىرىك كۆمۈشى، جەسەتلەرنى كوچىلارغا، دىڭىز ساھىللىرىغا تاشلىۋىتىشى ئۈلارنىڭ قەبىھ، تاش يۈرەك نىمىلەر ئىكەنلىكىگە ئەڭ روشەن پاكىت بولالايدۇ.

رىمنى كۆيدۈرۈۋەتكەن نەيرۇن ۋە ماكسىم گوركىغا يازغان بەزى خەتلىرىدە: «تۆتتىن بىر قىسىم دۇنيا خەلقىنى كوممۇنىستلاشتۈرۈش يولىدا قالغان ئۈچ قىسىم خەلقنى ئۆلتۈرۈش مەن ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش» دىگەن لىنىنمۇ بۇنىڭ ياخشى دەلىلى.

ۋىنگىرىيە ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭدا تۆكۈلگەن قانلار، كوممۇنىستلارنىڭ 1980 ـ يىلى ئافغانىستاندا تۆككەن قانلىرى بۇنىڭغا ئەڭ كۈچلۈك پاكىت بولالايدۇ.

بەلكى كوممۇنىستلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىشقان ۋەھشىي مۇئامىلىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ تولىمۇ تاش يۈرەك، قارانىيەت بىر نىمىلەر ئىكەنلىكىگە تىخىمۇ روشەن دەلىل بولالايدۇ. مەشھۇر ژۇرنالىست ئەلى ئەمىين مۇنداق دەپ يازىدۇ: رۇسىيىلىك يازغۇچى ميشىل فاديىۋ يېزىپ چىققان «كوممۇنىستلارغا نىمە بولدى؟» دىگەن كىتابتا لىنىن ئۆلگەندىن كىيىن لىنىننىڭ ياردەمچىلىرى ئىچىدىن ستالىننىڭ قولىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى توغرىسىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان مەلۇماتلار بار:

ستالىن سوۋىت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزى كومتېتى سىياسي بىيوروسىنىڭ لىنىن ئۆلگەندىن كىيىن سەپلەنگەن ۋە ستالىننى سايلاشقا قاتناشقان بارلىق ئەزالىرىنى قولغا ئىلىپ يوقاتتى. لىنىن ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن بارلىق مىنىستىرلەرنى

خائىنلىق تۆھمىتى بىلەن تۈرمىگە تاشلىندى ۋە ناھەق ئۆلتۈردى.

ستالىننىڭ سايلىنىشىغا قىزغىن ئاۋاز قوشقان ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەۋاتقان ھەرقايسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرىدىن 80 كىشىگە تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن ئۆلۈم جازاسى بەردى. كوممۇنىستىك پارتىيىنى قۇرۇشقا قاتناشقان 53 پارتىيە رەھبىرىدىن 43 نى يوقاتتى.

1936 ـ يىلدىكى ئاساسى قانۇننى تۈزۈشكە قاتناشقان 27 قانۇن كومىتېتى ئەزاسى ئىچىدىن 15 نى يوقاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مەجلىسىنىڭ 80 ئەزاسى ئىچىدىن 70 نى يوقاتتى. قىزىل ئارمىيەنىڭ بەش مارشالىدىن ئۈچنى يوقاتتى، سوۋېت دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 80 ئەزاسىدىن 70 نى يوقاتتى. 1932ـ يىلى تۈزۈلگەن مىنىستىرلار سوۋېتى ئەزالىرىدىن توققۇز مىنىستىرنى يوقاتتى.

قىزىل ئارمىيەنىڭ 60 پىرسەنت قوماندانىنى ۋە 30 مىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى يوقاتتى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى يۇقىرىقىدەك غايەت تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى رۇسىيەدە ئەركىنلىك يوق، دۆلەت باشلىقى ئۆزىگە قارشى تۇرغان ھەرقانداق كىشىنى يوقىتالايدۇ. ئۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ھەرقانداق ئەركىن ئاۋازغا كەڭچىلىك قىلماستىن ئۇنىڭغا: «توختا، بىرى كەل، سېنى ئادالەتكە يەتكۈزۈپ قوياي» دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلالايدۇ.

مىشىل فادىيىۋ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ قەبىھ جىنايەتلەر ۋە قورقۇنچلۇق قاسساپلىقلارنىڭ سەۋەبى يالغۇز ئەركىنلىكنىڭ يوقلىقىلا

ئەمەس. گەرچە ھەرقايسى ئەللەردە كۆپلىگەن مۇستەبىت ھۆكۈمدارلار ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئۆز دوستلىرىغا، ياردەمچىلىرىگە، پارتىيىداشلىرىغا قىلغان زىيانكەشلىكنى ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ قىلمىغان ئىدى. دېمەك، يۇقىرىقىدەك بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ ئىمانسىزلىقى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلاردا ئىنساندىن ئىنسانغا يېتىدىغان نورمال مېھىر ـ شەپقەتنىڭمۇ پۈتۈنلەي ئۆلگەنلىكىدىن كۆرۈش كېرەك.

**مۆمىنلەرنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ئىككى مىسال**

مۆمىن قەلبلەر باشقىلار تەرىپىدىن تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەر، ئازارچىلىقلەرگە ئۇچرىسا ئىشنى ئادالەت بىلەن بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ياكى بىرگە بىر ئۆچ ئېلىش تەلىپىدە تۇرۇۋالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مەردانىلىك بىلەن كەڭچىلىك، كەچۈرۈم قىلىشقا ئىنتىلىدۇ: «ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەبر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەبر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر.»[1] «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن

[1] نەھل سۈرىسى 126- ئايەت.

يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تونۇسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.»[1]

بۇ يەردە پارلاق ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى تەسىرىگە ئائىت مىساللارنى كەلتۈرمەكچى بولغىنىمىزدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن قىسقىچىلا قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى خەلىپىسىنى مىسال قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىمىز.

بىرىنچى مىسال: بۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ۋەقەسى: يەھۇدىيلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك پەيدا قىلىشى ۋە خەلىپىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ قىلىشقا قۇترىتىشى بىلەن قوزغىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەر ئۇنىڭ قورۇسىنى قورشىۋالدى. لېكىن خەلىپە ئۆزىنىڭ قېنى تۆكۈلىدىغان ئىش بولسىمۇ، كۈچكە كۈچ، قورالغا قورال ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنى خالىمىدى. ئېيتىلىشىچە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر توپىلاڭچىلار ئوسماننى قورشىۋالغان كۈنى ساۋۇتنى كىيىپ قىلىچنى ئېسىپ ماڭغاندا، ئوسمان چىقىپ ئۇنىڭغا قورالنى تاشلاشقا قەتئىي بۇيرۇق قىلغان، ئابدۇللاھ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلغان.

زەيد ئىبنى سابىت ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

ـ ئەنسار جەڭچىلەر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلار: خەلىپە خالىسا ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى بولىمىز، دەۋاتىدۇ دەپ ئىككى قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ ئوسمان: ھاجەتسىز، ـ دېگەن.

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

ئامىر ئىبنى رەبىئە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوسمان بىلەن ھويلىدا ئىدىم، ئۇ ماڭا: بۇيرۇقۇمغا بويسۇنۇشنى ۋاجىپ دەپ قارايدىغان ھەر قانداق ئادەمگە بۇيرۇق قىلغىن: ئۇلار قولىنى يىغىپ قورالىنى تاشلىسۇن، دېدى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ قورالىنى تاشلىدى.

بەزى قوماندانلار: ئوسمان بىزنى جەڭدىن توستى، ئەگەر رۇخسەت قىلغان بولسا توپىلاڭچىلارنى بىر زەربە بىلەن سۈرۈپ قوغلاپ چىقىراتتۇق، دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ خەلىپە ئۆزىگە ياردەم بېرىش ۋە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قان تۆكۈشكە يول قويمىدى ۋە توپىلاڭنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ـ نەسىھەت ئارقىلىق تىنچىتىشقا ئۇرۇندى.

ئوسمان ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ: مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش پەقەت ئۈچ ئىش ئۈچۈنلا ھالال: ئىماندىن يېنىش، ھالال جۈپتى بولسىمۇ زىنا قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇ ئۈچ ئىشنى سادىر قىلمىغان مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھارام. مەن بۇ ئۈچ ئىشتىن بىرەرسىنى سادىر قىلدىممۇ؟ دېدى. توپىلاڭچىلار جاۋاب بېرەلمىدى.

ئوسمان ئۇلارغا تەكرارلاپ: ھەي خالايىق، مېنى كىشەنلەش توغرا بولسا مېنى كىشەنلەڭلار دېدى. توپىلاڭچىلار بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. ئوسمان: ئەگەر زۇلۇم قىلغان بولسام ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن، زۇلۇم قىلىپ سالغان بولسام مەغپىرەت تىلىدىم! دېدى. ئۇلار يەنە گەپ قىلمىدى.

خەلىپە سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ توپىلاڭچىلارغا قارشى قىلىچ سۇغۇرماسلىققا قەتئىي بۇيرۇق قىلدى. ئاخىردا توپىلاڭچىلار قىلىچنى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويىدى. خەلىپە

بويىنىدا بىر ئادەمنىڭ قىنى بار ھالەتتە ئاللاھقا ئۇچراشنى خاھلىماي، پاك ھالدا كەتتى.

مەئىبەد خۇزائى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا: ئىبىتقىنا، ئوسمان قەستكە ئۇچرىغاندا سەن قايسى ئورۇندا ئىدىڭ؟ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ياردەم بەرمىدىڭ؟ دېدى. ئەلى: ئوسمان بىزنىڭ ئىمامىمىز، ئۇ ئۇرۇش قىلىشتىن مەنئى قىلىپ كىمكى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغىرىدىكەن ئۇ مەندىن ئەمەس، دېگەن. ئەگەر توپىلاڭچىلارنى ئۆلتۈرگەن بولساق ئۇنىڭ بۇيرىقىغا ئاسىيلىق قىلغان بولۇپ قالاتتۇق، دېدى.

مەئىبەد: ــ ئوسماننىڭ ھېچ قارشىلىق كۆرسەتمەستىن ئۆلتۈرۈلگىچە بولغان پوزىتسىيىسى قانداق ئىدى؟ ــ دېدى. ئەلى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ئادەم ئوغلى ھابىلنىڭ ئۆز قېرىندىشى قابىلنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا بىلدۈرگەن پۇزىتسىيىسىدە تۇرغان ئىدى: «ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن.»[1]

ئىككىنچى مىسال: مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپتۇر. ئۆز ۋاقتىدا خاۋارىجلار گۇرۇھىنىڭ ئادەملىرىدىن شۇبەيبۇلئەشجەئىي ۋە ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم ئىككىسى ئەلىنى مەسجىدنىڭ ئىشىكى كەينىدە كۈتۈپ تۇراتتى. ئەلى ئادىتى بويىچە سۈبھى يورۇماستا، كىشىلەرنى نامازغا ئويغىتىش ئۈچۈن

[1] مائىدە سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ مەسجىد دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقاندا شۇبەيىب ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرغان ئىدى، تەگمەي قالدى. ئىبنى مۇلجەمنىڭ ئۇرغان قىلىچى ئەلىنىڭ پىشانىسىگىلا تەگدى. ئەلى شۇئان: «كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم، شېھىدلىك ئارزۇيۇمغا يەتتىم» دېدى. مەسجىدكە كەلگەن كىشىلەر تېز سۈرئەتتە قاتىللارنى قورشىدى. شۇبەيىب كىشىلەر ئارىسىدىن قېچىپ كەتتى. ئەمما ئىبنى مۇلجەم بۇ قەبىھ جىنايىتى بىلەن توختىماستىن كىشىلەرگە قىلىچى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يوچۇق ئېچىپ قاچاي دېگەندە ھاشىم جەمەتىدىن بولغان مۇغىرە ئىبنى نەۋفەل بىر گىلەمنى ئۇنىڭ بېشىغا تاشلاپ تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. مۇغىرە كۈچلۈك ئادەم ئىدى، ئۇ ئىبنى مۇلجەمنىڭ مەيدىسىدە ئولتۇرۇۋالدى. كىشىلەر ئەلىنىڭ قېشىغا توپلىشىپ، قاتىلنى قانداق قىلىشنى سوراشتى. ھەممە بويسۇنىدىغان ئەمىر ئۆزىنىڭ قاتىلى توغرۇلۇق نېمە دېدى؟

ئۇ: «ھايات قالسام ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، ئۆلۈپ كەتسەم سىلەر بىر تەرەپ قىلىڭلار، ئەگەر قىساس ئېلىشنى ئارتۇق كۆرسەڭلار ئۇنى قىينىماي بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆلتۈرۈڭلار، ئەپۇ قىلىشىڭلار تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر» دېدى.

مانا بۇ قالتىس ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە ئىمان سۆزى ئەمەسمۇ؟

دەپ بېقىڭچۇ، ئەگەر بۇ ئەمىرلىك ياراتقۇچىدىن قورقمايدىغان، مەخلۇققا رەھىم قىلمايدىغان ماتېرىيالىستلارنىڭ قولىدا بولغان بولسا، بۇ قاتىلنىڭ جەمەتى ۋە گۇرۇھىدىن قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىلەر جانلىرىدىن ئايرىلغان بولاتتى؟!

# ئىمان ۋە ئىشلەپچىقىرىش

بـــۇ يەردىكـــى ئىشـــلەپچىقىرىش تـــار مەنـــدە ئىقتىســـادىي ئىشلەپچىقىرىشنى، كەڭ مەنىدە ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى كۆرسـەتـىدۇ. بەزىـلـەر: دىـن ۋە ئۇنىـڭ ئەقىـدىلىرىگە ئىشـىنىش ئىنساندىكى ھاياتنى سۆيۈش تۇيغۇسى ۋە ماددىي ئەمگەككە بولغان رىغبەتنى يوقىتىپ تاشلاش ھەمدە ئىنساننى ئىنسان تالللىۋالغۇچى ئەمەس، بەلكى زورلانغۇچى، ھاياتى دۇنيا ئەمگەك قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدۇ دېگەن تونۇشقا گىرىپتار قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ ياكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا توسالغۇ بولىدۇ. دىنغا ئىشىنىش جەمئىيەتكە تارىلىپ كەتسە جەمئىيەت نۇرغۇن زىيان تارتىدۇ ۋە روناق تاپالمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆمسە ئويلار بولۇپ، بۇلارنى دىن ۋە ئىماننى چۈشەنمەيدىغانلار تارقاتقان. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئىمان ھەققىـــدە ئىنســـاپ بىـــلەن ئويلىنىـــدىغان بولســـا ئۇنىـــڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ چوڭ تۈرتكىسى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. بۇلار يەنە پۇختا باشقۇرۇش ۋە ئاقىلانە يېتەكچىلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە قىزغىن ئەمگەك روھى بولغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈچلۈك تۈرتكە ۋە خورىماس قوزغاتقۇچ كېرەك. دۇنيادا ئىماندىنمۇ تەسىرى كۈچلۈك تۈرتكە ۋە قوزغاتقۇچ تېپىلامدۇ؟

**ئىمان ۋە ئىش ـ ھەرىكەت**

ھەقىقىــي ئىمــان ھاياتقــا نىســبەتەن ھېچقانــداق رېئــال تەســىرى بولمايــدىغان، پەقەت كۆڭۈلــدە بىلىــپ قويىســىلا بولىــدىغان نەرســە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئېتىقاد، ئەمەل، ئىخلاس دېمەكتۇر. ھەدىس قاتـارى بىر سۆزدە ئىماننىڭ ماھىيىتى مۇنداق كۆرسىتىپ بېرىلگەن: «ئىمـان دېــگەن قــۇرۇق ئــارزۇ يــاكى ئېغىــزدا دەپ قويىســىلا بولىــدىغان گەپ ئەمەس، بەلكى ئۇ قەلبكە ئورۇنلاشقان ۋە ئەمەل (ئىــش ـ ھەرىــكەت) بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسىدۇر.»

قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ يەتمىشتىن كۆپرەك ئايىتىــدە ئىمـاننى ئەمەل بىلەن جۈپلەپ بايان قىلدى. ئــۇ ئەمەل دەپلا قويماســتىن «ياخشى» ئەمەلنــى تەلەپ قىلــدى. «ياخشــى ئەمەل» دېــگەن بــۇ ســۆز قۇرئــان كەرىمنىــڭ كــۆپ ئۇقۇملــۇق ئىبارىلىرىــدىن بىــرى بولــۇپ، ئــۇ، ئــۆز نۆۋىتىــدە دۇنيــا ۋە دىنىنــى، روھىــي ۋە مــاددىي ھاياتنى ئورتاق ياخشــلايدىغان بــارلىق ئەمەللەرنــى ئــۆز ئىچىــگە ئالىدۇ.

مــۆمىن ئــاخىرەتتە بەخــتكە ۋە دۇنيــادا غەلىــبىگە ئېرىشىشــىنىڭ ئەمەلــگە بــاغلىق ئىكەنلىكىــگە، ئــاخىرەتتىكى جەننەتنىــڭ بىــغەرەز، ھۇرۇن، بىغەملەرگە ئەمەس، بەلكى ئىشچان، تىرىشچان، ئىشنى پۇختا قىلىــدىغانلارغا مەنســۇپ ئىكەنلىكىــگە ئىشــىنىدۇ: «ســىلەر (دۇنيــادا) قىلغــان (ياخشــى) ئەمەلىڭــلار بىــلەن ۋارىــس بولغــان جەنــنەت ئەنە شۇدۇر.»[1]

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى 72ـ ئايەت.

**ئاخىرەتتىكى بەختكە قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەل بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ**

ئىسلام ئەقىدىسى جەننەتنى ئۆزلىرىنىڭ مونوپولى ياكى ئاتا مىراسى سۈپىتىدە مىراس ئالىدىغان تۇرالغۇسىدەك ھېسابلايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن دىنغا مەنسۇپ بولۇشى ياكى ئايرىم ئۇنۋان، دەرىجىلەرگە ئىگە بولۇشى بىلەنلا ئۆزلىرىنى جەننەتكە ھەقلىق ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇلىرى ۋە ئەرزىمەس تامالىرىنى يوققا چىقىرىپ، بارلىق ئىشتا راست ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنى ئۆلچەم قىلىپ بېكىتتى: «ئۇلار: يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ، دېيىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار، دېگىن. كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەملىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابىنى بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.»[1] بۇنىڭ بىلەن جەننەتكە بارىدىغان يولنىڭ ئاللاھقا ۋە ياخشى ئەمەلگە يۈزلىنىش ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى.

بۇ يالغۇز يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭلا ئەمەس، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بىر تۈركۈم خىيالپەرەسلەرنىڭمۇ تۇتقان مەيدانىدۇر. ئۇ ئەخمەقلەر ئۆز كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگىشىپ قۇرۇق ئارزۇلارنى

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 111-، 112- ئايەت.

قىلىشىپ يۈرگەن ۋە ئىمان ئېيتىپ قويۇپ ياكى مۇسۇلمانچە نامدا ئاتىلىش بىلەنلا ئۆزلىرىگە جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ جەننەتكە تىنچ، خاتىرجەم ھالدا كىرىپ كېتىمىز دەپ خىيال قىلىشقان ئىدى. لېكىن قۇرئان ئاللاھنىڭ مۇكاپات قانۇنىنىڭ بەندىلىرىگە ئادىل، كەسكىن ئىكەنلىكىنى، ئۇ قانۇنىنىڭ ئالدىدا دوستلۇق، گۇرۇھ، مىللەت ئايرىسىدىكى پەرقنىڭ كېرەككە كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويدى.

**بۇ دۇنيادا ئەمەل بىلەن ئۇتۇق قازىنىش**

ھېچكىمنىڭ خىيالى ئەمەل بىلەن مەقسەتكە يېتىش ۋە بەختكە ئېرىشىش پەقەت ئاخىرەتكىلا قارىتىلغان چېغى، دېگەن يەرگە كېتىپ قالمىسۇن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يېگانە پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ جازا ۋە مۇكاپات قانۇنى پەقەت بىر خىللا بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»[1]

قۇرئان ئۇقتۇرغان ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى ئاق نانچى ـ ھورۇنلارنى كۈتكىنىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ. بەلكى ئاللاھنىڭ دۇنيادا ئىشلىگىنىگە بېقىپ تارتۇقلاش قانۇنىيىتى مۆمىن ۋە كاپىرغا ئورتاقتۇر. دىنى ياكى ئېتىقادى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىشلىگەنگە بېرىدۇ، ئىشلىمىگەن مەھرۇم قالىدۇ. مۆمىن بۇ ئېتىقاد تۈرتكىسىدە ئاللاھنىڭ ئالەمدىكى قانۇنىغا

---

[1] زىلزىلە سۈرىسى 7ـ 8 ئايەت.

قارشى ئىش قىلىپ ۋەيران بولماسلىق ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىدىن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ.

**مۆمىن ئۆز ئىشىنى خۇدادىن قورقۇپ پۇختا، ياخشى قىلىدۇ**

مۆمىن ئاللاھنىڭ ئۆزىنى زاۋۇتتىمۇ، ئېتىزدىمۇ، ئىشقىلىپ ھەرقانداق ھالەتتە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان مۇستەھكەم ئېتىقادى، چوڭقۇر سېزىمى ئاستىدا ئىشلىرىنى ئۆزلۈكىدىن قىلغاندىن سىرت، پۇختا ـ بېجىرىم قىلىشقا تىرىشىدۇ. «ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە ئېھساننى پەرز قىلدى.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئېھساننى ئىبادەت نۇقتىسىدىن مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن: «ئېھسان: سەن ئاللاھقا گويا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغايسەن، سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.» ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس قىلىش يالغۇز ئىبادەتتىلا بولماستىن، مۆمىننىڭ ھەرقانداق بىر ئىشىدا بولىدۇ. مۆمىننىڭ ئىش قىلىشتىكى دائىملىق شوئارى: «پەرۋەردىگارىمنى رازى قىلىمەن»دىن ئىبارەت. ئىسلام پەيغەمبىرى مۆمىنلەرگە مۇنداق تەلىم بەرگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەلنى پۇختا قىلىشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» بۇ يەردىكى ئەمەل دۇنيا ئىشلىرى ياكى ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى كۆرسىتىدۇ.

جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كارخانىلار، زاۋۇتلار ۋە شىركەتلەردە ئىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئىدارە ـ ئورگانلاردا بىر كۈنلۈك ئىشنىڭ بىر قانچە كۈنگە سوزۇلۇپ كېتىشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئورۇنداۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىشىنى «خوجا كۆردى» گە قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ خىزمەتچىلەردە ئېغىر دەرىجىدە خۇدادىن قورقماسلىق، ئاخىرەتتىكى ھېسابنى ئويلىماسلىق ئىللەتلىرىنىڭ ساقلىنىشى ھەمدە مەسئۇلىيەت، سەمىمىيلىك، ۋىجدان تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكى بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك، ئۇندىن باشقا كىشىلەردە ئىمان ـ ئېتىقادتىن كېلىپ چىقىدىغان روھى خاتىرجەملىك ھالىتىنىڭ بولماسلىقمۇ ئىشلارنىڭ كۈتۈلگىنىدەك ئورۇنلانماسلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب. ئەمما مۆمىن بولسا ئۆزىدىكى ئىسلامى پەزىلەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئەقلىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى ساقلىغان ھالدا ياشايدىغان بولغاچقا، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ھەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى مەسئۇلىيەتنى ئېنىق تونۇغان ھالدا، روھلۇق كەيپىيات بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيدۇ. دېمەك يۈكسەك ئېتىقادى تۇيغۇغا ئىگە بولغان شەخسلەرلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ساغلام، پايدىلىق يوسۇندا تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

**مۆمىنىنىڭ ۋاقىت قارىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى**

مۆمىنىنىڭ ۋاقىت قارىشىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆز ئىلكىدىن ئەمەل ۋە نەتىجىسىز قۇرۇق چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇ بىرەر پايدىلىق ئىلىم، ياخشى ئىش، سەدىقە جارىيە، ياكى ياخشى ئەۋلاد قالدۇرۇپ كېتىشنى ئۆزى قالدۇرغان بۇ ئىزدىن كىشىلەرنىڭ پايدىلانغىنىغا يارىشا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ساۋاپ تېپىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەمراھى ئەبۇ دەردا دېگەن كىشىدۇر. ناھايىتى قېرىپ كەتكەن ئەبۇ

دەردا زەيتۇن كۆچتى سېلىۋاتاتتى، بەزىلەر ئۇنىڭغا: سەن بەك قېرى ئادەم تۇرۇپ بۇ كۆچەتنى سېلىۋاتامسەن؟ بۇ مۇنچە يىل ئۆتمىگۈچە مېۋە بەرمەيدۇ دېگەندە، ئۇ: مېۋىسى باشقىلارغا تەگسىمۇ ساۋابى ماڭا يەتسە، نېمە بولىدىكەن؟ــ دېگەن ئىكەن.

**ئىبادەتلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش**

بەزىلەر: بارلىق ئەقىدىلەر ئۆزىگە ئىشەنگۈچىلەرگە ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئالىدىغان تۈرلۈك ئىبادەتلەر، ساۋابلىق ئىشلار، مۇراسىم دېگەندەكلەرنى بەلگىلەيدۇ. دىنلار ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بۇنداق بەلگىلىمىلەر ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دىنىدا ھەركۈنى ئوقۇلىدىغان بەش ۋاق نامازنى مىسالغا ئالساق، ناماز ئىش ۋاقتىنى ئالىدۇ، ئىشلىگۈچىلەرگە توسالغۇ بولىدۇ، بۇ زامانىۋىلىشىش، تېز تەرەققىي قىلىش ۋە مىللەتلەر ئارا رىقابەت كۈچەيگەن بۈگۈنكى دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئومۇمى دىنلاردىكى ئىبادەت كىشىلەرنىڭ پەقەت ئازغىنە ۋاقتىنى ئالىدۇ. ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىنى ئۆزىگە دىن قىلىپ بەلگىلىگەنلەر ئۆزلىرىگە جاپا سالىدۇ، ئۆزىنى ئەخمەق قىلىدۇ.

ئىبادەت ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئازغىنە ۋاقىت ئۇلار داۋاڭ سالغاندەك ھاياتقا ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا زىيان يېتىپ كېتىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئىبادەت ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئازغىنە ۋاقىت ئىنىرگىيە يەتكۈزگۈچى، ھىممەتنىڭ بىلەي تېشى، كۈچ تۇغدۇرغۇچى، رودا ھالەتتىكى كۆڭۈلنىڭ ھايات

جەڭگاھىغا ئەڭ كۈچلۈك، ساپ ۋە ئۆتكۈر ھالدا قـايتىش ئۈچـۈن تاۋلىنىشىدۇر.

بىـر نەرسـىگە بىۋاسـىتە كۆرۈلـىدىغان مـاددىي تەرىپىنـى چىقىـش قىلىپلا باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ماددا بىلەن روھقـا تىـنچ، يوشـۇرۇن ھالـدا كۆرسـىتىدىغان ئاكتىـپ تەسـىرىگە كـۆز يۇمـۇش رېئاللىققـا قىلىنغـان ئاسىيلىقتۇر.

نوبىـل مۇكاپاتىغـا ئېرىشـكەن فرانسـىيىلىك يـازغۇچى ۋە تاشـقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئالېكسىس كاررلنىڭ تۆۋەندە ئېيتقانلىرى نېمە دېگەن لىللاھ سۆزلەر ـ ھە!

«ناماز بىزنىڭ بۇ كۈنلىرىمىزگىچە تونۇپ يېتىلگەن ئاكتىپچانلىق پەيـدا قىلغـۇچى ئەڭ چـوڭ كـۈچ بولۇشـى مـۇمكىن، مەن ئـۆزۈم بىـر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى كۆردۈمكى، ھە دېگەندە دورا كار قىلمايـدىغان، دوختـۇرلار داۋالاشـقا نـائىلاج قالـدىغان كـۆپلىگەن بىمـارلار نامـاز ئوقۇشـقا كىرىشسـە كېسـىلىدىن ئوڭـايلا سـاقىيىپ كېتىدىكەن.»

«نامـاز خـۇددى رادىئاكتىــپ ئېلمېنــت «رادى» غـا ئوخشـاش يورۇقلـۇق مەنبەئـى، سـېپى ئۆزىـدىن كـۈچ، جۇشـقۇنلۇق پەيـدا قىلغۇچىـدۇر. كىشـىلەر نامـاز ئـارقىلىق جۇشـقۇنلۇقى چەكسـىز بىـر كۈچكە سىغىنىۋاتقىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك تۇرغان جۇشقۇنلۇقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.»

«بىز ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، قەلبلىرىمىزنى ئـالەمنى نـازارەت قىلىدىغان ئۇلۇغ كۈچكە بـاغلايمىز ۋە ھايـات قىينچىلىقلىرىغـا قارشـى ياردەم تىلەپ، ئۇ كۈچكە يېلىنىپ، يالۋۇرىمىز. بەلكى شۇ يېلىنىشىنىڭ

ئۆزى بىزنىڭ كۆچىمىز ۋە قىزغىنلىقىمىزنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھقا چىن قەلبتىن بىر قېتىم يالۋۇرغان ئادەمگە، بۇ يالۋۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىسىز.»

بولۇپمۇ، ئىسلام دىنىدىكى نامازنىڭ تەسىر دائىرىسى ئەڭ كەڭ، رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. ناماز يالۋۇرۇش ۋە قۇللۇق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە پاكىزلىق، مەدەنىيەت، تەنھەرىكەت ۋە ئەخلاقىي تەربىيەدۇر. ناماز ئىسلام بەلگىلىگەن ئۆملۈك تۈزۈمى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرگە نەمۇنىلىك ئىجتىمائىي پرىنسىپلارنى ئۆگىتىدىغان جانلىق مەكتەپ؛ ئۆز ئارا باراۋەرلىك، سۆيگۈ، بۇرادەرلىك، قېرىنداشلىققا ئۆگىتىدىغان ئىلمىي تەربىيە سورۇنى.

شەپەق قىزارماستا ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىپ، پەرۋەردىگارىغا ناماز ئوقۇۋېتىپ، تاڭ قۇياشىنى كۆڭلى خۇشخۇي، قەلبى شاد، قىزغىن، روھلۇق، تېمەن ھالدا كۈتۈۋالغان ئادەم ئىشلەپچىقىرىشتا زىيان تارتىپ قالارمۇ؟!

قايسىدۇر بىر تەتقىقاتچى ئىسلام دىنىدىكى جامائەت نامىزىنىڭ مۇسۇلمان ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەت بىلەن قەسەمكى، كۈرەش ۋە ئىشلىش ھۆكۈمران بولغان، زىددىيەت ئاساسى ئېقىمغا ئايلانغان، چوڭقۇر ئاداۋەت نەرىلىرىگە توشقان بۈگۈنكى ھايات ۋەزىيىتىدە ئىنساننىڭ ھەر كۈنى بەش قېتىم مۇكەممەل تىنچلىق، باراۋەرلىك، دوستلۇق مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىلىشى ئەلۋەتتە چوڭ نېمەت، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ مول نېمەت. چۈنكى ئۇ ھاياتنى پاك ــ پاكىزە بىر يەكۈنلەش ۋاقتىدۇر. ئىنسان تۈرلۈك زىددىيەت، كۈرەش، دۈشمەنلىشىش، ئاداۋەتلىشىشلەر

قاپلىغان جەمئىيەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ياشايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ناماز بىلەن بولاردىن ھەر كۈنى بەش قېتىم يىراقلىشىدۇ ۋە ھەقىقىي باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق، دوستلۇقنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇ ئۈچ نەرسە ئىنسانىيەت بەختىنىڭ ھەقىقىي مەنبەئىدۇر.

شۇڭلاشقا، ئىنساننىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چىقىرىدىغان ۋاقتى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەنپەئەتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان، بىكار زايە كېتىدىغان ۋاقىت بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھاياتنى ياشاشقا لايىقلاشتۇرىدىغان ئۇلۇغ دەرسلەرنى ئۆگىنىدىغان ئەڭ ياخشى مەشغۇلات ۋاقتىدۇر. ئاشۇ قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ھايات ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئىنسان ئەۋلادىنىڭ مەڭگۈلۈك مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ئايلىنىدۇ.»

**مۆمىن ئاللاھنىڭ زېمىنىنى ئىشلەش بىلەن ئاۋاتلاشتۇرىدۇ**

بەزىلەر خىيالغا غەرق بولۇپ كېتىپ، مۆمىننى تەركىدۇنيا بولۇپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن «كەپە»دە راھىب بولىدۇ، ياكى «خانىقا»دا دەرۋىشلىك قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ، بۇنداق راھىبلىق ۋە دەرۋىشلىك خىزمەت، ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئاپەت بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن مۇئەييەن جايلاردىكى بەزى دىنلاردا كۆرۈلگەن تەركىدۇنيالىق قىلمىشنى ئىسلام ئەقىدىسى تونۇمايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىگە بولغان مۆمىن جاپاكەش، ئىشچان، ھاياتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئۇنىڭغا بېرىدىغان،

بۇنىڭدىن ئالدىغان، ئاللاھنىڭ ئادەم ئەۋلادىنى زېمىنغا خەلىپە قىلغاندىكى ئىرادىسىگە لايىق ئىش قىلىدىغان، ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشايدىغان مۆمىندۇر.

ئىسلام ئەقىدىسىدە يەھۇدىيلاردا كۆرۈلگىنىدەك، كىشىلەرنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىن ئالاقە ئۈزۈپ، تولۇق ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىرەر كۈن يوق. ئىسلامدىكى بىر ھەپتىنىڭ ھەممىسى ئىشلەش، خىزمەت كۈنلىرىدۇر، توغرا نىيەت بىلەن قىلىنغان دۇنيالىق ئىشمۇ ئىسلامدا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ، ئىسلام دىنىدىكى ھەپتىلىك بايرام ـ جۈمە كۈنى، ئاللاھ ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.»[1]

مانا بۇ، مۇسۇلمانىنىڭ جۈمە كۈنىدىكى ھاياتى: ئۇ نامازدىن ئىلگىرى ئىشلەيدۇ، ئېلىم ـ سېتىم قىلىدۇ، نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە، ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ناماز ئوقۇشقا ماڭىدۇ. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن زېمىنغا تارىلىپ ئاللاھنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدەيدۇ.

---

[1] جۇمۇئە سۈرىسى 9-، 10- ئايەت.

ئىبتىلىشچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جۈمە نامىزىدىن كېيىن بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ مەسجىد تۈۋرۈكلىرىگە يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇلاردىن سىلەر نېمە ئادەملەر؟ دەپ سورىغان، ئۇلار: بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز، دېگەندە، ئۆمەر ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن سىلكىشلەپ ئۇلارنى ئورنىدىن قوپۇرىۋەتكەن ۋە: بىر ئادەم رىزىق ئۈچۈن ئىشلىمەي ئولتۇرۇۋېلىپ: ئى ئاللاھ ماڭا رىزىق بەرگىن دېسە، ئاسماندىن ئۇنىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ياغمايدۇ. قۇرئاندا ئاللاھ تائالا: «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن زېمىنغا تارىلىپ ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇڭلار ۋە ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تىلەڭلار» دېگەن تۇرسا، ـ دېگەن.

**ئاخىرەتكە ئىشىنىش دۇنيانى چەتكە قاقمايدۇ**

بەزىلەر ئاخىرەتكە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىش دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەشنى ۋە دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ، ئاخىرەتكە يۈزلىنىش دۇنيادىن يۈز ئۆرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

بىز قەلبلەر، نىشانلار ۋە نىيەتلەرگە قارىساق بۇ سۆز توغرا چىقىدۇ، دۇنيانى ئۆز غايىسى قىلغان ئادەم قەلبىنى دۇنياغا قانچە باغلىغانسېرى ئاخىرەتتىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ، بۇنىڭ ئەكسى يەنە ئەكسىچە بولىدۇ.

ئەمما مۆمىندىن دۇنيا توغرىسىدا تەلەپ قىلىنغىنى: ئاخىرەتنى مەقسىتى، غايىسى ۋە نىشانى قىلغان ھالدا دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەش، تىرىشىش، كۈرەش قىلىش، دۇنيانى قۇرۇش، ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر.

مۆمىن دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى قىلىپ ياشايدۇ. ئۇ بۇ ئېكىنزارلىققا ئىشلەيدۇ، تەر تۆكىدۇ، لېكىن تولۇق ھوسۇلنى ئاخىرەتتە يىغىۋالىدۇ. «ئېيتقىنكى: ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ) ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر.»[1]

مۆمىن يەنىلا مىللەت جىسمىدىكى ئىشچان ئەزا ۋە مىللەت تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قايناق قان بولۇپ، مىللەتنىڭ كۈچىيىشىگە، ھەرىكىتىگە، ئالغا بېسىشىغا ھەسسە قوشىدۇ، ئۇ دېھقانچىلىق قىلسا ئەڭ ياخشى قىلىدۇ، ھۈنەر قىلسا پۇختا قىلىدۇ. ئۇ، دۇنيالىقتىكى ھەرقانداق ئىشنىڭ ماھىر رولچىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى دېھقانچىلىق، تىجارەت ۋە ھۈنەر-سەنئەتنىڭ ھەر قانداقىغا ئۇستا ئىدى، ئۇلارنى ئاخىرەتكە ئىشىنىش دۇنياغا ئىشلەشتىن توسۇپ قويمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «قىيامەت بولغاندا بىرىڭلارنىڭ قولىدا بىر تۈپ كۆچەت بولغىنىدا، ئەگەر ئۈلگۈرەلىگەن تەقدىردە، ئۇنى تىكىۋەتسۇن»[2] قىيامەت قايىم بولۇۋاتسا، بىرەر مەخلۇقنىڭ ئۇ كۆچەتتىن پايدىلىنىشىدا ئۈمىد يوق تۇرۇپ، ئۇ كۆچەتنى نېمە ئۈچۈن تىكىدۇ؟ مانا بۇ، بىر ئەمگەكنى گەرچە ئۇنىڭدا پايدا بولمىسىمۇ، ئۇ پەقەت بىر ئەمگەك بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلەش ھەم سۆيۈش ئۈچۈندۇر.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى 32- ئايەت.

[2] ئەھمەد ۋە بۇخارىي رىۋايىتى.

**ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش تىرىكتاپ بولۇۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس**

«ئاسماندىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ياغمايدۇ.»

بۇ كەسكىن جاۋاب بىلەن كۆڭۈللەرنى غەش قىلىدىغان بەزىبىر گۇمانلار يوققا چىقىدۇ. دېمىسىمۇ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش مۆمىنىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى: «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.»[1]

بۇ تەۋەككۇلنىڭ مەنىسى ئىنساننىڭ ئاللاھ بەلگىلىگەن سەۋەبلەرنى تاشلىۋېتىشى ياكى ئۆزىگە ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش ئۇچرىشىنى تەمە قىلىپ، ئاسماندىن بېشىغا ئالتۇن ـ كۆمۈش يېغىشنى كۈتۈپ ئاسمانغا قاراپ يېتىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ قول سېلىپ ئىشلەپ، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھتىن كۈتۈشى دېمەكتۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن بىر تاغلىق ئادەم تۆگىسىنى مەسچىت ئالدىدا باغلىماي توختىتىپ قويۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىشىدا، يەنى تۆگىنىڭ ساقلىنىشىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان بولدۇم، دەپ ئويلىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ماقال ـ تەمسىلگە ئايلىنىپ، ئومۇملىشىپ كەتكەن مەشھۇر سۆزىنى قىلدى: «ئالدى بىلەن تۆگەڭنى باغلا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن.»

تەييارتاپ، بىكار تەلەپلەر قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالغان ھەدىس مانا بۇ: «سىلەر ئەگەر ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار،

---

[1] تالاق سۈرىسى 3ـ ئايەت.

ئاللاھ سىلەرگە ئەتىگەندە قورساقنى ئاچ كېتىپ كەچتە قورساقنى تومپايتىپ قايتىپ كېلىدىغان قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرىدۇ.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ توغرا قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىگە دەلىل. ئۇ قۇشلارنىڭ كەچتە قورساقى توق قايتىپ كېلىشى، ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە چىقىپ رىزىق ئىزدىشى ۋە ئىشلىشى ئارقىلىق بولىدۇ. ھەرگىز ئۇۋىسىدا يېتىشى بىلەن بولمايدۇ.

## ئىمان ۋە ئىسلاھات

جەمئىيەت ۋە مىللەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قارا ـ قويۇق ئۇرۇنۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مىللەت ھەقىقىي ئۇلۇغۋار تەربىيەگە ئېرىشمىگۈچە ئاجىزلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، قالاقلىقتىن تەرەققىي قىلالمايدۇ. سىز ۋە بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى: تىرەن بولغان بىر روھىي ئىسلاھاتتىن كېيىن مىللەتتىكى سۈكۈت ھەرىكەتكە، ئۇيقۇچانلىق سەگەكلىككە، خامۇشلۇق ھوشيارلىققا، سۇسلۇق تېتىكلىككە، ئۈنۈمسىزلىك ئۈنۈمدارلىققا، ئۆلۈم ھاياتقا ئۆزگىرىدۇ.

مەنىۋى دۇنيادىكى ئىسلاھات ماددىي قوزغىلاڭ ياكى ئىنقىلابقا تولىمۇ ئوخشايدۇ. بۇ ئىسلاھات ئەخلاق، نىشان، مايىللىق ھەمدە ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ھەر قانداق بىر سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ئۆيغىنىش ۋە ئىنقىلاب ھەرىكىتىگە مەنىۋى ئىسلاھات ھەمراھ بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ئۇنداق ئۆيغىنىش ياكى ئىنقىلاب قەغەز ئۈستىدىكى سىياھ ياكى دەپلا قويۇلغان قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئالەمگە ئورناتقان قانۇنلىرى ئىچىدە بىر قانۇن بولۇپ، قۇرئان ئۇنى ئىخچام قىلىپلا بىر جۈملە سۆز بىلەن ئىپادە قىلغان. ئۇ بولسىمۇ: «ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.»[1]

بىراق بۇ ئۆزگەرتىش ھە دېگەندە ئاسانغا توختىمايدۇ، چوڭ بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى باشقۇرۇش ياكى ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ياكى قورام تاشلارنى پارچىلاش ئىدىيە ۋە كۆڭۈللەرنى ئۆزگەرتىشتىن كۆپ ئاسان. زاۋۇتلار، مەكتەپلەر ۋە توسمىلارنى قۇرۇپ چىقىش ئاسان، لېكىن ھەقىقىي قىيىن ئىش ئىنساننى قۇرۇپ چىقىشتۇر. ھەقىقەتنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنى قوغدايدىغان، بۇزۇقچىلىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان، يامانلىقتىن توسۇپ ياخشىلىققا چاقىرىدىغان، ھەقىقەت يولىدا پۇل ـ مال ۋە جېنىنى قۇربان قىلالايدىغان ئادەم ئۆزىگە ئىگە بولالايدۇ، شەھۋەتلىرىنى باسالايدۇ. مانا بۇنداق ئىنساننى ياساپ چىقىش ھەقىقەتەن تەس.

لېكىن پەقەت ئىمانلا ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئۇ قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئىنساننى باشقىچە ئادەم قىلىپ چىقىدۇ. ئىنساننى يېڭى رامكىغا قويۇپ ئۇنىڭ نىشانلىرى، قىزىقىش ـ ھەۋەسلىرى، مەقسەتلىرى، ئۆلچەم ـ قىممەت قاراشلىرى... ھەممە ـ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. كۇفرى ۋە ئىمان دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ بۇرۇنقىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى، بۇرۇنقى ھالىتى بىلەن پەقەت ئىسىم، نەسەب، شەكىل مۇناسىۋىتىلا قالغانلىقىنى كۆرىسىز.

[1] رەئد سۈرىسى 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمان ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرتىش، كىشىلىكنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتى پسىخولوگلار ۋە پېداگوگلارنىڭ ئادەملەرگە بېرىلىدىغان تەربىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزلىشىشىنى مۇئەييەن ياش باسقۇچىغا باغلاپ قويىدىغان نەزەرىيىلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ.

ئۇلارچە ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىنى، سۈپەتلەرنىڭ ئۆزلىشىشىنى، تەبىئەت ۋە ئەخلاقنىڭ تۈزۈلۈشىنى قوبۇل قىلالايدىغان بەلگىلىك ياش باسقۇچى بار بولۇپ، ئۇ باللىق دەۋرىگە خاس يىللاردۇر. ئۆزگە خاس سۈپەتلىرى بىلەن چوڭ بولغان ئەر ياكى ئايالدا تىلغا ئالغۇچىلىك ئۆزگىرىش بولۇشى تولىمۇ يىراق. بىر تەبىئەت بىلەن يىگىتلىك دەۋرىگە يەتكەن ئادەم شۇ تەبىئىتى بىلەن قېرىيدۇ، كىشى بىر تەبىئەت بىلەن قېرىسا شۇ تەبىئەت بىلەن ئۆلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. تۆۋەندىكى تۇيۇم دەل ئاشۇ خاتا قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە دېيىلگەن:

تەربىيەنىڭ ئالتۇن پەيتى كىچىكلىكتۇر،
قېرىغاندا يۇقمايدۇ ئۇ ئادەملەرگە،
يۇمران شاخنى تۈزلىسەڭ گەر تۈزلىنىدۇ،
قاتقان چاغدا كەلمەيدۇ ئۇ دېگەن يەرگە.

لېكىن بۇ يەردە پېداگوكلار ۋە پسىخولوگلارنىڭ ئاساسلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان بىر پاكىت بار، ئۇ پاكىت ئىماندۇر.

ئىمان قەلبتە ئورۇنلاشسا ۋە قەلب قاتلىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرسە، قەلبنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ. قەلبنىڭ ئىنسان ۋە ھاياتقا بولغان

قارىشنى، نەرسىلەر ۋە ئىشلارغا بولغان يەكۈننى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنىڭ ئاللاھ ۋە كىشىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ھەققانىيلاشتۇرىدۇ. ئىمانىنى بۇنىداق قىلىشتىن يىگىتلەرنىڭ شوخلۇقى، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ نەۋقىرانلىقى، مويسىپىتلارنىڭ قېرىلىقى توسۇپ قالالمايدۇ.

سىزنىڭ قۇرئان بىزگە ئېيتىپ بەرگەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ سېھرىگەرلىرىنىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ئەينى چاغدا سېھرىگەرلەر مۇسانىڭ مۆجىزىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەممىسى ئۇنىڭ بىر ئۆلۈغ، تەڭداشسىز ياراتقۇچى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن زالىم پادىشاھ پىرئەۋنىنىڭ جازالىشىدىن قورقماي، ئىككىلەنمەي ئىمان ئېيتىشتى ۋە پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ھەققىمىزدە نېمە ھۆكۈم قىلساڭ شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ.»[1] بۇرۇن ئۇلارنىڭ مەقسىتى دۇنيا ئىدى، كېيىن ئاخىرەتكە ئۆزگەردى. سۆزلىرى ئۆزگەردى، ئەقىدىلىرى ئۆزگەردى. دېمەك، ئۇلار تامامەن باشقا بىر ئادەملەرگە ئۆزگەردى. بۇنىڭ ھەممىسى ئىمانىنىڭ كارامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىمام مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلگەن بىر ھەدىستە بايان قىلىنغان مۇنداق بىر ۋەقەلىك ئىمان تەسىرىنىڭ دەرىجىسىگە روشەن دەلىل بولالايدۇ. «بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا مېھمان بولۇپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر قوينىڭ سۈتىنى

---

[1] تاھا سۈرىسى 72- ئايەت.

سىغىپ بىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئادەم سىغىلغان سۆتنى ئىچىپ بولدى. ئىككىنچى بىر قوينىڭ سۆتىنى سىغىپ بېرىشكە بۇيرۇۋىدى، ئۇ ئادەم ئۇنىمۇ ئىچىپ بولدى، ئاندىن ئۈچىنچى، تۆتىنچى... ھەتتا يەتتە قوينىڭ سۆتىنى ئىچىپ بولدى. ئۇ ئادەم قونۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبى ئىسلامغا ئېچىلىپ ئەتىسى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك تامىقىغا يەنە قوي سۆتى سىغىپ بېرىلدى. ئۇ ئادەم بىر قوينىڭ سۆتىنى ئىچىپ بولدى. ئاندىن يەنە بىر قوينىڭ سۆتىنى تولۇق ئىچىپ بولالمىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «مۆمىن بىر ئۈچەيگە ئىچىدۇ(يەيدۇ)، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە ئىچىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېيتتى.

يېڭى ئىمان بۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ غايىسى، ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى، بۇرچىنى ھېس قىلدۇردى. ئىمان ئۇنىڭ قەلب قېتىغا شۇنچىلىك سىڭىپ كىردىكى، ئۇ ئۈچەيلىرىنىڭ قايغۇسىنى ئۇنتۇپ قالدى. يېمەك ـ ئىچمەكتە قارنى يامانلىقتىن خالاس بولدى. بۇ بىر ھادىسە، ياكى نادىر ۋەقەلا ئەمەس. بىز ئىمانىنىڭ ئەرەب مىللىتىنى قانداق ئۆزگەرتىشلەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇيالامدۇق ياكى ئىنكار قىلالامدۇق؟

غەربلىكلەر ۋە غەربشۇناسلار پادىچى، كۆچمەن بۇ مىللەتنى مىللەتلەر رەھبىرىگە، مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ پىرسىيە ۋە رىم ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان، بىر نەچچە ئەسىردە ئەمەس پەقەت ئون نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ زور كۆپچىلىك قىسمىغا ھۆكۈمران بولۇشىغا ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئاجايىپ سىرلارنى چۈشىنەلمەي ھەيران قالدى. لېكىن بۇنى

بىلــدىغانلار ھەيــران ئەمەس، بــۇ ســىرنىڭ مەنبەئــى مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالام ســاھابىلىرىنىڭ قەلــبىگە ئىلىــپ كىــرگەن ئىمــان ئىكســىرى (ئەڭگۈشــتىرى) بولــۇپ، بــۇ ئەڭگۈشــتەر ئــۇلارنى بۇتپەرەسلىكتىن تەۋھىدكە، جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا يۆتكەپ چىقتى. ئىماننىڭ بۈيۈك، مىسلىسىز ئۆزگەرتىشكە جاھىلىيەتتىمۇ، ئىسلامدىمۇ داڭقى تارالغان بىر ئەر ۋە ئايالنى مىسال قىلىپ ئۆتەيلى:

ئەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بولىدۇ. ئۇنىڭ جاھىلىيەتتە ھەممىگە پۇر كەتكەن بىر ئىشى بار. ئۇ بىر تاتلىق نەرسىنى ئىلاھ تۇتۇپ چوقۇنغان، قورسىقى ئىچىپ كېتىپ ئۆزى چوقۇنغان شۇ نەرسىنى يەۋەتكەن ئىدى. يەنە بىر ئىش ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ، تېخى ھېچنېمىنى ئۇقمايدىغان قىزىنى ئورەككە تاشلاپلا تىرىك كۆمۈۋەتكەن.

مانا شۇ ئۆمەر ئىسلامغا كىرىدۇ. ئۇ ئەقلىنى شۇ دەرىجىدە ئازات قىلىدۇكى، ھەتتا ھۇدەيبىيە كۈنى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھقا بەيئەت بەرگەن جايدىكى رىزۋان دەرىخىنى زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن كىشلەرنىڭ ئۇنى مۇقەددەس بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېسىپ تاشلىغان ۋە بىر قېتىم ھەجەر ئەسۋەد (قاراتاش) ئالدىدا تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ھەي تاش! سېنى سۆيىمەن، مەن سېنىڭ پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، مەنمۇ سېنى سۆيمەيتتىم.

ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، تارىخ بەتلىرى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلارغا، ھەتتاكى ھايۋانلارغىچە

يەتكۈزگەن مېھرىبانلىقىغا ئائىت ۋەقەلىرى بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن. ئۇ ھەتتا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەگەر بىر قېچىر فۇرات دەرياسى قىرغىقىدا تېيىلىپ كەتسە، خېچىرغا يولنى نېمە ئۈچۈن تۈزلەپ بەرمىگەندىمەن دەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكار دەپ ھېس قىلىمەن.

ئايال بولسا خەنسادۇر، ئۇ جاھىلىيەتتىكى ۋاقتىدا تاغىسى سەخردىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئەل- يۇرتنى ئۇنىڭ يىغىسى، ھازا قوشاقلىرى قاپلاپ كەتكەن. زامانلاردىن بىرگە ئۇنىڭ بىر دىۋانى قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەرسىيە كۆز ياشلىرى بىلەن تولغان بىر شېئىرنىڭ تۇنجى مىسرالىرى مۇنداق باشلىنىدۇ:

كۆن چىقسا ئېسىمگە كېلىدۇ سەخرىم،
كۈن پاتقان چاغدىمۇ ئەسلەيمەن ئۇنى،
قارىسام بار ئىكەن مەندەكلەر تالاي،
بولمىسا ئۆلۈمىم تاپاتتى مېنى.

لېكىن ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇنى باشقىچە بىر ئايال ھالىدا كۆرىمىز. تارىخچىلار مۇنداق دەيدۇ: خەنسا سەئىد ئىبنى ۋەققاسنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا مۇسۇلمانلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قادىسىيە جېڭىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۆت ئوغلىمۇ بىرگە ئىدى. شىددەتلىك جەڭ بولۇۋاتقان بىر كېچىدە ئۇ بالىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، جەڭدە چىدامىلىق بولۇشقا ئۈندەپ شۇنداق دېدى: «ھەي

باللىرىم، سىلەر ئىختىيارى مۇسۇلمان بولدۇڭلار، ئىختىيارى ھىجرەت قىلدىڭلار، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ يوق ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر بىر ئانىنىڭ باللىرى بولغىنىڭلاردەك، بىر ئاتىنىڭ باللىرىسىلەر، مەن داداڭلارغا خىيانەت قىلمىدىم، تاغاڭلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكمىدىم، ئابرويىڭلارغا داغ تەككۈزمىدىم، ھەمدە نەسەبىڭلارنى بۇلغىمىدىم. سىلەر ئاللاھنىڭ كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلغان مۇسۇلمانلارغا تەييارلىغان مول مۇكاپاتىنى بىلىسىلەر، بىلىڭلاركى، مەڭگۈلۈك دۇنيا يوقالغۇچى دۇنيادىن ياخشى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلىڭلار، دۇشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرىلىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق قىلماڭلار).»[1]

ئاللاھ خالىسا سالامەت تاڭ ئاتقۇزساڭلار، دۈشمىنىڭلارنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلۈڭلار توق، دۈشمەنگە قارشى ئاللاھتىن ياردەم تىلىگەن ھالدا ئاتلىنىڭلار، جەڭنىڭ قىزىپ كەتكىنىنى كۆرسەڭلار جەڭ تونۇرىغا سەكرەڭلار، سەپنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇرۇپ ئۇرۇشۇڭلار، مەڭگۈلۈك دۇنيانىڭ غەنىمىتىگە ئېرىشىڭلار.»

تاڭ ئاتقاندا تۆت ئوغۇل جەڭنى تۈرگۈن قەلب، كۈچلۈك غۇرۇرلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بىرى سەل بوشاپ قالسا، قېرىندىشى ئۇنىڭغا ياشانغان ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلىتەتتى،

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 200ـ ئايەت.

ئۇلار بىر سەپ بولۇپ شىردەك ئېتىلىپ ئوقتەك ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن سەپلىرىنى چاقماقتەك ۋەيران قىلدى. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئاللاھنىڭ قازاسى چۈشكەندەك بولدى. ئۇلار مۇشۇنداق قىزغىنلىق بىلەن ئۇرۇشۇپ بىر ـ بىرلەپ شېھىد بولدى.

ئانىغا تۆت ئوغۇلنىڭ بىر كۈندىلا ئۆلگەنلىك خەۋىرى يەتتى، ئانا يۈز كۆزلىرىنى تاتىلاپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ يىغلاپ كەتمىدى، بەلكى بۇ خەۋەرنى چىدامىلىقلارنىڭ ئىمانى، مۆمىنلەرنىڭ چىدامى بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مېنى ھۆرمەتلىگەن ئاللاھقا مەدھىيە، مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى ئۇلار بىلەن ئۆز رەھمىتى دەرگاھىدا جەملىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» ئىلگىرىكى ئۆمەرنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئۆمەر قىلىپ چىققىنى نېمە؟

يىغلاڭغۇ، سەبىرسىز خەنسانى پىداكار، قۇربان بەرگۈچى خەنساغا ئۆزگەرتكىنى نېمە؟

مانا بۇ مۆجىزىكار پەقەت ۋە پەقەت ئىماندۇر!!

**ھايات سىرلىرىنىڭ يېگانە ئاچقۇچى**

ئاللاھ ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىش بولسا، ئىنسانىيەتنى ئىنسانىيەت قىلىپ تۇرغان بىر ئالىي شەرت ھەمدە ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئورۇن باسارى، ئالەمنىڭ خوجايىنى بولۇشقا لايىقلاشتۇرىدىغان ئۆلۈك سالاھىيەتلەرگە ئىگە بولۇشتىن چەكلەپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن كرىزىس ـ چاتاقلاردىن قۇتۇلۇشتىكى بىردىنبىر ئۈمىدتۇر.

ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقىي ئىمان بولسا، ھازىرقى زامان بىلىمى ۋە پەلسەپىسى يېتىشەلمىگەن، مۇتەپەككۇرلار، قانۇنشۇناس ۋە ئىسلاھاتچىلار چۈشىنەلمىگەن ھايات تىلسىملىرىنىڭ بىردىنبىر يەشكۈچى.

بۇ يەردە ئاتاقلىق ئىسلام پائالىيەتچىسى، ئۇستاز ئەبۇلھەسەن نەدەۋىينىڭ قىممەتلىك سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. ئۇنىڭدا مۇھەممەدىيە ئەلچىلىك قۇياشىنىڭ دۇنياغا قانداق يېڭى نۇر، يېڭى ھايات بەخش ئەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ سان ـ ساناقسىز سىرلىق تىلسىملىرىنى ئاجايىپ ئاچقۇچ ـ ئىمان بىلەن قانداق ئاچتى؟ ئۇستاز مەككە مۇكەررەمەدىكى ھىرا غارى ئالدىدا تۇرۇپ شائىرانە تۇيغۇ بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

ـ «مانا مۇشۇ كۆرۈمسىز، مەدەنىيەت دۇنياسىدىن يىراق، قاقاس، تاغلىق جايدا دۇنيانىڭ كاتتا پايتەختلىرىدە، داڭلىق مەكتەپلىرى ۋە بىلىم دەرگاھلىرىدا ئىشقا ئېشىپ باقمىغان بىر ئىش ئىشقا ئاشتى.

مانا بۇ يەردە بۈيۈك ئاللاھ پۈتۈن دۇنياغا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ئەلچىلىكىنى سوۋغا قىلدى. مانا شۇ ئەلچىلىك ئارقىسىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى يوقىتىپ قويغان ئاچقۇچى قولغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئاچقۇچ ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر بۇ ئاچقۇچ بىلەن مەھكەم ئېتىلىپ كەتكەن قۇلۇپلارنى بىرمۇ بىر ئېچىپ چىقتى. نەتىجىدە نۇرغۇن تاقالغان ئەقىل ئىشىكلىرى كەڭرى ئېچىلىپ ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بەھىر ئالالايدىغان بولدى.

ئۇلار ئالەم ئارقىلىق ئالەمنىڭ ئىگىسىنى تاپتى. ئۇلارنىڭ يول، مەقسەتلىرى كۆپ خىللىقتىن بىر خىللىققا ئۆزگەردى. ئۆزلىرىدىكى بۇتپەرەسلىك، شېرىك ئېتىقادلاردىن ئۇيالدى. ئۇلار بۇنىدىن بۇرۇن بىر ئىش ھەق ياكى ناھەق بولۇشى بىلەن چاتىقى يوق ھالدا جان تىكىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ياللانما ئاتامانلارنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئاچقۇچ ئۇلارنىڭ مۈگدەك دىللىرىغا سېلىنىپ، ئۇ دىللار ئويغاندى.

نامرات ئەسكەر كىسرانىڭ تاجىنى كىشىلەر كۆزىدىن يوشۇرغان ھالدا كىيىملىرىگە يۆگەپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئۆز پېتىچە ئەمىرگە تاپشۇردى. چۈنكى ئۇ خىيانەت قىلىشقا بولمايدىغان ئاللاھنىڭ مېلى ئىدى.

قەلبلەر ئىبرەت ئالمايدىغان، توسۇلمايدىغان، يۇمشىمايدىغان، ئېرىمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. بۇ ئاچقۇچنىڭ سېلىنىشى بىلەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئالىدىغان، ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بەھرە ئالالايدىغان، بىچارىنى كۆرسە ئىچ ئاغرىتالايدىغان، ئاجىزغا ھېسداشلىق قىلالايدىغان مېھرىبان قەلبلەرگە ئايلاندى.

بۇ ئاچقۇچ بوغۇلغان كۈچلەر، زايە بولغان ئىقتىدارلارغا سېلىنغان ئىدى، كۈچ ۋە ئىقتىدارلار لاۋۇلداپ ياندى، نەتىجىدە تۆگە پادىچىلىرى مىللەتلەر رەھبىرىگە، ئالەم ھۆكۈمرانىغا، چارۋىچى قەبىلىلەر كۈچلۈكلۈك ۋە ئۇلۇغلۇقتا مىللەتلەرنىڭ باشچىسىغا، ئۇلار قۇرغان دۆلەت دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈكىگە ئايلاندى. ئاچقۇچ تاقاقلىق مەكتەپلەرگە سېلىندى، ئىلگىرى مەكتەپلەر تاشلىۋېتىلگەن، ئىلىمنىڭ قىممىتى چۈشۈپ خارلانغان ئىدى. ئاچقۇچ سېلىنىش بىلەن تەڭ ئىلىمنىڭ شەرىپى ئەسلىگە كەلدى، دىن ئىلىمنىڭ

غەمگۇزارى بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىر ئۆيى، ھەربىر مەسجىدى مەكتەپكە ئايلاندى، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىگە ئوقۇغۇچى، باشقىغا ئوقۇتقۇچى بولدى، ئىلىم ئىگەللەشكە دىنىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ تۈرتكە بارلىققا كەلدى.

بۇ ئاچقۇچ مەھكىمىلەرگە، ئائىلىلەرگە، جەمئىيەتلەرگە سىڭىپ كىرىشنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئالىم ئادىل سوتچىغا، ئادىل ھۆكۈمچىگە ئايلاندى. ئىمان ئائىلىدە بىخ سۈرۈپ ئائىلىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان، ياخشى ئەمەللەرنى ھالال سانىمايىغان قىلدى. ئىمان ئاچقۇچى بايلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىشنى، ئۇلار دۇنياغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئاخىرەتكە ۋە ماللىرىنى ئاللاھ يولىغا بېرىشكە قىزىقتى. جەمئىيەت ئەزالىرى قەلبىنى ئامانەتنى چىڭ ساقلاش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش، ئاخىرەتتىن قورقۇش تۇيغۇسى ئىگىلىدى.

رەسۇلۇللاھ ئۆز ئەلچىلىكى ۋە دەۋىتى بىلەن ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان، كەمتەر، سادىق، ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئارتۇق كۆرىدىغان، ئىمانى ۋە روھىي كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىغا ئىشىنىدىغان، ئىلغار، مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەنە شۇنداق مۇنەۋۋەر ئادەملەردىن ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئارتۇق كۆرىدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقاچقا، ياخشىلىق بىلەن تولغان، بىخەتەر جەمئىيەت بولدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزى بىلەن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل، راستچىللىق ۋە ئىخلاس، تىرىشىش ۋە ئەستايىدىللىق،

ئادىللىق، باشقىلارغا توغرا نىيەتتە بولۇش قاتارلىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر قاينام ـ تاشقىنلىق ھايات بارلىققا كەلدى.

ئۆزۈمگە قىلغان خىتابىمدا سەل چەتنەپ كەتتىم، مەن تۈنجى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە تەپسىلاتلىرىنى خۇددى ئۇنى كۆرگەندەك ۋە ھازىرقى دەۋردىن ئالاقەمنى ئۈزۈپ شۇ دەۋر ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىۋاتقاندەك تەسۋىرلەپ كەتتىم. تۇيۇقسىز كۆڭلۈمگە ھازىر بىز ياشاۋاتقان دەۋر كېلىپ قالدى. ئىچىمدە ئېيتتىمكى: مەن ئىنسانىيەت ھاياتى ئىشكىلىرىگە يېڭى قۇلۇپلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. ھايات ئۇزۇن باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. مەسىلىلەر راۋاجلىنىپ تۈرلۈكچە بولۇپ كەتتى. سورىدىم: بۇ قۇلۇپلارنى ئاشۇ قەدىمىي ئاچقۇچ بىلەن ئاچقىلى بولامدۇ؟ بىر نېمە دەپ ھۆكۈم چىقارمىدىم، ئاشۇ ئاچقۇچلارنى بۇ قۇلۇپقا سېلىپ سىناپ بېقىشنى ئويلىدىم. بۇ قۇلۇپلارنى قولۇمغا ئېلىپ تازا سەپ سېلىپ قارىسام، ئاھ خۇدا، ئۇ يېڭى رەڭ بېرىلگەن قەدىمى قۇلۇپلار ئىكەنغۇ! مەسىلىلەرمۇ قەدىمكى زامان مەسىلىلىرىنىڭ ئۆزى شۇ. ھەر بىر مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ۋە كىرىزىسىنىڭ سەۋەبى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسى بولۇپ تۇرغان شەخستە ئىكەن. بىلدىمكى بۇ شەخس ماددا ۋە كۈچىگىلا ئىشىنىدىغان، ئۆزى ۋە شەھۋەتلىرىدىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، دۇنيا ھاياتىنى كۆزلەشتە چەكتىن ئېشىپتۇ. لەززەتلەر، ھوزۇرلارغا قۇل بولۇش ۋە كۆڭۈل ئىستەكلىرىگە بېرىلىشتە ھەددىدىن ئېشىپتۇ. ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، ئاخىرەتكە ئىشەنمەس بولۇپ كېتىپتۇ. سالاھىيتى مەيلى قايسى تەبىقىدىن بولۇشىدىن، قانداق كەسىپ،

قانداق ھۆنەر قىلىشىدىن قەتئىيىنەزەر ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەممە ئىشلىرىدا دۇنيا راھىتىنى، ئۆز نەپسىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى ئويلايدىغان، پەقەت ئۆز ئائىلىسى، ئۆز گۇرۇھى، ئۆز پارتىيىسى، ئۆز كارخانىسىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر تۈپ شەخسىيەتچى مەخلۇقلارغا ئايلىنىپتۇ. بۇنداق شەخسلەر بىلەن تولغان جەمئىيەت ۋە قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ماددا سۆيەر جەمئىيەت بولىدۇ. ئۇ جەمئىيەتتىكى سودىگەر ئاچكۆزلۈك، نامرات پۇرسەتپەرەسلىك، ئىشچى ساداقەتسىزلىك، باي پىخسىقلىق، مەنسەپدارلار خىيانەتچىلىك، خوجايىن زوراۋانلىق، خىزمەتچى خائىنلىق، كاسىپ ئوغرىلىق قىلىدۇ. بۇ ماددا سۆيەر ئادەملەر بىلەن ئىبىر ۋەقەلەر، نۇرغۇن چىگىش، مۇرەككەپ مەسىلىلەر تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەتتىكى شەخس ئەگەر دۆلەت مىنىستىرى ياكى جۇمھۇرىيەت رەئىسى بولسا ئۆزى ۋە پارتىيىسى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان، باشقىنى تونۇمايدىغان شەخسىيەتچى رەئىس بولىدۇ. ئۇ داھى ياكى قوماندان بولسا، ئىرقچىلىققا چوقۇنىدىغان، باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ شۆھرىتىنى كۆزگە ئىلمايدىغان مىللەتپەرەس قوماندان بولىدۇ. ئۇ قانۇنشۇناس بولسا، يولسىز قانۇن، تۈزۈملەر، ئىبىر باج ـ سېلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ كەشپىياتچى بولسا، ھەرخىل بۇزغۇنچى قوراللارنى، مىللەتلەرنى زەھەرلەيدىغان، شەھەرلەرنى خاراب قىلىدىغان گازلارنى، ھاياتلىق ۋە يېشىللىقنى ۋەيران قىلىدىغان يادرو بومبىلىرىنى كەشىپ قىلىدۇ. ئىنسانلارغا ھالاكەت ۋە خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان ئەسلىھەلەرنى ياسايدۇ. بۇنداق شەخسلەر دۆۋىسىدىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەت پارىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، بۇزۇقچىلىقلارنىڭ يامرىشى،

ئەتكەسچىلىك، بايلىق توپلاش قىلمىشلىرى بىلەن خۇددى قاراڭغۇ بازارغا ئوخشاپ قالىدۇ. مۇتەپەككۇرلار ۋە قانۇنشۇناسلار بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى تاپالمايدۇ. ئۇلار بىر ۋەقەدىن چىقىسلا يەنە بىر ۋەقەگە دۇچ كېلىدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ قارا قويۇق ھەل قىلىشلىرى ۋە ۋاقىتلىق چارىلىرى يېڭى ۋەقەلەر تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇلار بىيۇكرات ھاكىمىيەتنى دىكتاتور ھاكىمىيەتكە، ئارقىدىن ئۇنى دېموكراتىك ھاكىمىيەتكە ئۆزگەرتىپ باقىدۇ. كاپىتالىزم تۈزۈمنى سوتسىيالىزم تۈزۈمگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمنى كوممۇنىزم تۈزۈمگە ئۆزگەرتىپ باقىدۇ. ئەمما ۋەزىيەت يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئۆزگەرمىگەن تۈپ ئامىل شەخستۇر. ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ، ياكى بىلمىگەن بولىۋالىدۇ. بىلگەن تەقدىردىمۇ شەخسنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇنىڭ روھىيىتىنى تۈزەش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلمىي مۇئەسسەسىلىرى، تەلىم ـ تەربىيە ئورگانلىرى ۋە نەشرى ئەپكارلىرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ئۇلار شەخسنى ئىسلاھ قىلالايدىغان، چىرىك ئىستىلنى تۈزەلەيدىغان، شەخسنى يامانلىق يولىدىن ياخشىلىق يولىغا قايتۇرالايدىغان تۈپكى ئامىلنى تېپىپ چىقالمايدۇ. نوقۇل ھالدىكى قانۇن، سىياسەت، تەلىم ـ تەربىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق تەشۋىقاتلىرى شەخسنى تۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ شەخسلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئالىلقاچان گۇمران بولغان. ئۇ شەخسلەر ئىماندىن چەتنىگەن. ئۇلار قەلبىكە ئورۇق بولىدىغان ۋە ئىمان يېتىشتۈرىدىغان، بەندە بىلەن پەرۋەردىگار، ماددا بىلەن روھ، ئەخلاق بىلەن ئىلىم ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ھەممە ئامىلنى يوقاتقان. ئاخىرىدا ئۇلاردىكى روھىي نامراتلىق، ماددىغا بولغان

قارىغۇلارچە مەھلىيالىق، ھاكاۋۇرلۇقلار ئۇلارنى ئادەملەرنى رايون ۋە خەلق بويىچە قىرىپ تاشلايدىغان قىرغىنچىلىق قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە ئېلىپ باردى. ھەتتا بۇ قوراللار دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلارغا ئىشلىتىلگەن چاغلاردا مەدەنىيەت ۋە ئىنسانلار ھاياتى ئېچىنىشلىق تۈردە ۋەيران بولىدىغان نىشان بولۇپ قالدى.»

بىز ياخشى جەمئىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. لېكىن جەمئىيەت ئەمەلىيەتتە شەخس كىشىلەردىن قەد كۆتۈرگەن بىنا. كىشىلەر (شەخسلەر) يارامسىز بولمىسا، ئۇلاردىن پۇختا بىنا قۇرۇپ چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت بىناسىنىڭ كىشىلىرى مەن، سەن، ئۇ ۋە ئاۋۇدۇر. بىز ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلساق، جەمئىيەتنىڭ ھەممە نېمىسى ئىسلاھ بولىدۇ. بۇ مەنىۋى ۋە ئەخلاقى ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچى پەقەت بىرلا نەرسىدۇر، ئۇ بولسىمۇ ئىمان!!!

# تۆتىنچى بۆلۈم
# ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىمانىنىڭ مۇناسىۋىتى

**پەنگە قىلىنغان ئارتۇق ئىشەنچ**

بىر بۆلۈك ئادەملەر مۇشۇ كۈنلەرگىچە ھە دېسە ئىنسانلارنىڭ دىن بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇلار ئۆز ھاياتىنى دىنغا باغلاپ ئولتۇرمايمۇ ياخشى ياشاپ كېتەلەيدۇ، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ۋە ئۇنى ئۆز مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ ئۆلگۈرگەن، ئىنساندىكى ئىپتىدائى كۈچ - قۇدرەت، پەن ـ تېخنىكا تۈرتكىسىدە ئۆز ئۆزىدىن ھالقىغان يېڭى ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشىۋاتقان، ئۇلارغا دېڭىز تەكتىدىن ئالەم بوشلۇقىغا قەدەر سەپەر قىلىش، يۇلتۇزلار، سەييارىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئاددىي بىر ئىشقا ئايلىنىۋاتقان پەن ـ تېخنىكا دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ يەنىلا دىن بىلەن مۇناسىۋەت ساقلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېيىشمەكتە.

ھەتتا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئاينىپ كەتكەن بەزىلىرى: كەلگۈسىدە ئىنسانلار ئۆزىنىمۇ ياساپ چىقالايدۇ، دەپ لاپ ئۇرماقتا.

ماھىيەتتە بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم ـ پەن، ئىنسان، ئىمان دېگەنلەرنى دوگما ھالدا چۈشىنىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان مەسئۇلىيەتسىز بىلجىرلىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقانلارنىڭ نەزىرىدە ئىلىم - پەن دىنىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان، بەلكى دىن بېرەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەرنى بېرەلەيدىغان مۇقەددەس نەرسە بولۇپ قالغان.

پەنگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ئىلىم ـ پەنگە تايىنىپلا ئۆزلىرىنىڭ ھايات يوسۇنى ۋە كۈنلۈك ئىشلىرىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەرلەرمىش، بۇنىڭ ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن زادىلا ئالاقىسى يوقمىش ھەمدە ئۇلار بۇنداق غەيرىي دىنىي ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىق مۇنداق بىرنەچچە مەنپەئەتكە ئېرىشەرمىش:

1. ئەقلىي ۋە روھىي ساغلاملىق: ئىلمىي پاكىت تۇرغۇزغىلى بولمايدىغان ۋە بىۋاستە تەجرىبىگە ئېلىپ كىرگىلى بولمايدىغان دىنى ئىدىيىلەر ۋە غەيبكە ئىشىنىش تەربىيە كۆرگەن زامانىۋى ئادەم ئۈچۈن ئەقلى نورمالسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

2. شەخسىي ئەركىنلىك: ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشىنىش بولسا ئىنساننىڭ پائالىيەتچانلىقىنى چەكلەيدىغان، ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى قامال قىلىپ، بىردەممۇ ئايرىلالمايدىغان قانداقتۇر بىر تالاي ھالال ـ ھارام چۈشەنچىلىرى بىلەن چۈشەپ، ئازابلىق تۈرمۈر قەپەسكە مەھكۇم قىلىدۇ، شەخسىي ئەركىنلىك بولغاندىلا دىنىي تۈزۈملەرنىڭ پۇتلىكاشاڭلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ھايات گۈزەللىكلىرىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولغىلى، خالىغاننى قىلغىلى ۋە خالىغانغا يەتكىلى بولىدۇ.

3. دۇنيا تۇرمۇشىغا ئىشلەش ۋە دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇش: دىندىكى دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ئاخىرەتكە ئىنتىلىش غايىلىرى دۇنيانى ئىنسان نەزىرىدە ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ ئۇنىڭ قىزىققۇدەك يېرىنى قويمايدۇ. دىن دۇنيالىق ئۈچۈن ئەمگەك قىلغۇچىلارنى ئاللاھتىن ۋە ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلەر، دەپ

كەمستىدۇ. دىنىنىڭ نەزىرىدە دۇنيا بىلەن ئاخىرەت بىرى خوش بولسا يەنە بىرى ئاچچىققا تولىدىغان ئىككى كۈندەشكە ئوخشايدۇ.

ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەقلىق مەيدانى ۋە ھەقىقەتلىك تىلى بىلەن بۇ خاتا قاراشلارنى بىر ـ بىرلەپ بىتچىت قىلىمىز.

ھەممىگە ئايدىڭكى، يۇقىرىقىدەك يۈزەكى تونۇشلار غەرب جەمئىيىتىدە بىر مەزگىل بازار تاپقان. كېيىن ئۇنىڭ سېپى ئۆزىدىن خىيالپەرەس ۋە ئازغۇن گۇپپاڭچىلىرى ئۇنى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزگە ئېلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا ھەرقانچە كۆچەپ كېتىشلىرىنىڭ ساغلام مەنتىقە، توغرا بىلىش، تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئەمەلىيەت دېگەنلەردىن قىلچىلىك ئاساسى يوق ئىدى.

**پەن بىلەن ئىمان ئايرىم ئىككى ساھە**

ئالدى بىلەن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى دىن ۋە ئىلىم ـ پەن ئىككى ئايرىم ساھە بولۇشقا باغلىق ھالدا، ئىلىم ـ پەننىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان، ئۇنى ئەركىن قوللىنىشتىن چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بىر قاتار چەكلىمىلەر مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ تەجرىبە ۋە كۆزىتىش بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان ماددىي ۋە سېزىلمە شەيئىلەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇشى، ئىلىم ـ پەننىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تەجرىبە ـ سىناق قىلىش، يەكۈن ـ خۇلاسىلەرگە ئېرىشىش، بايقاش، ئومۇملاشتۇرۇش دېگەن ئىشلارنىڭ بارلىقى پەقەت ئەنە شۇ ماتېرىيە ـ سېزىلمە شەيئىلەر دائىرىسىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەزگۈدىن سىرت، تەبىئەتتىن تاشقىرى، ماددىي بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىدىن ئىش ئېلىپ بېرىش ئىلىم ـ

پەننىڭ ئۆز ساھەسىدىنمۇ ئەمەس ھەمدە ئۇنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ. ئۇ ئىشلار پەقەت پەلسەپە ۋە ۋەھيىنىڭ ۋەزىپىسى. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئىلىم ـ پەن ئەرباپلىرىدىن بولغان بىراۋ: مەن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىغا ياكى پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا قارىتا ئىلىم ـ پەندىن ھېچ قانداق پاكىت تاپالمىدىم دەپ قالغۇدەك بولسا، بىز ئۇنىڭغا: سىز ئۆزىڭىزگە يارىشا ئىش قىلمىدىڭىز، سىز يۆكسەك ئىشەنچ باغلاۋاتقان ئاشۇ ئىلىم ـ پېنىڭىزنى ئۇ تېگىشلىك بولغان جايغا ئىشلەتمىدىڭىز. يەنە شۇنداق تۇرۇپ قانداقسىگە ئاشۇ شارائىتنى چىقىش قىلىپ ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەكسىز؟ دېگەن جاۋابنى بەرگەن بولاتتۇق.

ئەمەلىيەتتە ئىلىم ـ پەن ماددىي دۇنيانى تونۇشنىڭ توغرا يولى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھېچ قانداق قىلىپ غەيرىي ماددىي ـ مېتافىزىك ئالەمنىڭ چۈشىنىلىش يولى بولالمايدۇ. ئۇ پەقەت بىزلەرگە شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق جەريانى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن باشقا ئۇلارنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن جەريان قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىشتىن مۇتلەق ئاجىز كېلىدۇ.

ئالىملار ئۆز ئىزدىنىش يوللىرىدا ئالەمدىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەتچان قۇرۇلمىنى كەڭرى كۆزەتتى. تەتقىق قىلدى، تەجرىبە قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ ئالەم چەرخىنىڭ ھەرىكەت تۈرتكىسى ياكى ماتورىنى توغرا بىلىپ يېتەلمىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى ئۇلار بىلەلمىگەن ئۇ سىرلىق كۈچ سەزگۈلەر بىلەن بىلىپ ۋە كۆرۈپ ئالغىلى، تەجرىبە ئۆيلىرىگە ئېلىپ كىرىپ كۆزىتىش

نەيــچە (پروبىركــا) لىرىــدە ســىناق قىلغىنلــى بولمايــدىغان پەۋقۇلئــاددە نەرســە ئىــدى، ئەلــۋەتتە. دېمىســىمۇ ئىلىــم ـ پەن تەســەۋۋۇردىن ھالقىغــان ھالــدا تەرەققىــي قىلىــپ كەتتــى. شــۇنىڭغا ئەگىشــىپ ئــۇ ئىنسانىيەت قولىدىكى ئىپتىخارلىق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە چوقۇنۇش دەۋرىنىڭ ئەڭ قىزىق مودىسى بولۇپ قالدى. ئەنە شــۇنداق تــۇرۇپ كەڭ ئــالەم ۋە تۇرلــۇك ھادىســىلەردىكى ئىچكــى مــاھىيەتنى، تــرەن ھەقىقەتنــى كۆرســىتىپ بېرىش ئۇنىــڭ قولــدىن كەلمىدى.

مەۋجۇتلۇقنىڭ تۈپكى تۈرتكىسى نېمە؟ قانداق كۈچ ئالەمىدىكى تــۈپكى تەنچە يــاكى ھــۈجەيرىگە ھايــاتلىق كــۈچىنى كىرگــۈزگەن؟ ئــۆزىمىز ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كەينىدە تۇرغان قۇدرەت ئىگىسى زادى قانداق نەرسە؟ دېگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەڭگۈ جاۋابسىز قالىدىغان مەسىلىلەر ئىدى.

ئىلىم ـ پەن ھەر قانچە بەك بىلىپ كەتتى دېگەن تەقدىردىمۇ، يەنىــلا شــەيئىلەرنىڭ ســىرتقى كۆرۈنۈشــى ۋە ئۇلارنىــڭ قانــداق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالدىنقى يېرىم ماھىيەتنىلا بىلەلىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەڭ ھالقىلىقى بولغان قالدى يېرىمى ـ ئىچكى ماھىيەتنى بىلىش ۋە نېمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىپتىپ بېرىشتىن پۈتۈنلەي ئــاجىز كەلــدى. پەقەت پەنگىــلا ئىشــىنىپ، ئۇنىــڭ قائىــدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تۈتىيا بىلىپ يۈرىدىغان، بۇنىڭ بىلەن قالماي ئاشۇ پەنــگە تايىنىــپ پۈتكــۈل دۇنيــانى ئۇجــۇر ـ بۇجــۇرىغىچە چۈشــەندۈرمەكچى بولــدىغانلار چۈشەندۈرســىمۇ يەنە شــۇ شــەيئىنى چۈشــەندۈرىدۇ ـ يــۇ ئۇنىــڭ بــاش سەۋەبكارىنى چۈشــەندۈرەلمەيدۇ؛

ھاياتلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتلىرىدىن گەپ ساتىدۇ ـ يۇ شۇ ھاياتلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ياكى چىرايلىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، خۇددى بىر ئۆگىنىش ئۈستىدىكى كىچىك بالىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئالەمنى ئىدارە قىلىۋاتقان بىرىنچى سەۋەبكارنى ئىنكار قىلىش بىزگە غايەت زور بىسمىلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، پەن ئالىملىرىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى بىزگە سىرلارنى ئېچىپ بېرىشتىن كۆرە بىزنىڭ ھەيرانلىقىمىزنى قوزغايدىغان ئىشلارنى كۆپەيتمەكتە.

بىر ئاسترونومنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە بىلىملىرى، ئىنچىكە كۆزىتىشلىرى ۋە كۆزەتكۈچ (كۆزىتىش ئەسۋابى) لىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە نېمە قىلىپ بېرەلىدى؟

توغرا، ئۇ ئاسماندىكى مىليونلىغان يۇلتۇزلارنىڭ بىر خىل مەركەزلىك كۈچنىڭ ياردىمىدە ئۆز ئورنىنى تاپقانلىقى ياكى ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك تارتىشىش كۈچى دەيدىغان بىر خىل كۈچنىڭ ئۇلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئۆز ئارا سوقۇلۇپ كېتىشتىن چەكلەپ تۇرىدىغانلىقلىرىنى، قۇياش ۋە باشقا يۇلتۇزلارنىڭ ماسسا، ھەجملىرى، تېزلىكى، زېمىنغا بولغان ئارىلىقى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. لېكىن ئۇلارنىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرى بىلەن بىزنىڭ ھەيرانلىقىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى. چۈنكى ئاشۇ تارتىشىش كۈچى، مەركەزلىك كۈچ دېگەنلەر قانداق نەرسە؟ ئۇلار قانداق پەيدا بولغان دېگەن سوئاللارغا ئۇلار تۇتامى بار جاۋابنى بېرىشتىن ئاجىز كەلدى.

گېئولوگلارغا كەلسەك، ئۇلار بىزگە يەر قاتلاملىرىنىڭ تۈرلۈك ئەھۋاللىرىنى چۈشەندۈردى، زېمىنىنىڭ دەسلەپكى كۆيۈۋاتقان بىر ئوت شارى ھالىتىدىن قانچە مىليون يىللار ئۆتكەندە سوۋۇپ بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەنلىكى، زېمىن تارىخىدىكى مۇز دەۋرىنىڭ قانچە مىڭ يىللار داۋام قىلغانلىقلىرىنى، سۇ يۈزىنىڭ پەسلەپ، قۇرۇقلۇقنىڭ قانداق كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىنى، يانار تاغ، يەر تەۋرەشلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈشتى. خۇددى، شۇنىڭدەك بىئولوگلار جانلىقلار توغرىسىدا، پىسخولوگلار ئىنسان روھىيىتى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلارنى بەردى. لېكىن ئۇلارنىڭ بەرى ئاخىرقى ھېسابتا ھادىسىدىن باشقا نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى؟ بىزنىڭ ھەيرانلىقىمىزنى ئاشۇرۇشتىن باشقا نېمە ئىش قىلىپ بەردى؟ شۇئاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەقىل بار يەردىلا تۇغۇلۇپ تۇرىدىغان مۇنداق سوئاللارنى قويغۇم كېلىدۇ: سىلەر بىر قىسىمنى چۈشەندۈرەلىسەڭلارمۇ كۆپ قىسىمنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاجىز كېلىۋاتقان تۈرلۈك ئالىپتىلىك (ئاجايىبات) لەرگە تولغان بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى كىم؟ ئۇ بىر ئاپتورسىز يېزىلغان ئەسەرمۇ؟ ئۇ بىر تۈزۈمچىسى بولمىغان تۈزۈلمىمۇ؟ ئۇ بىر ئىختىراچىسى يوق ئىختىرامۇ؟

ھالبۇكى ئىلىم ـ پەنگە تايىنىپ تۇرۇپ ئالەم ۋە ئىنسانلارغا ئۆزى بىلگەنچە پىرىنسىپ ـ قائىدىلەرنى تۇرغۇزماقچى بولغانلار ئۆسۈش ۋە تەرەققىي قىلىشنى ئالەمنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى سەۋەب قىلىپ چۈشەندۈردى. ئەمەلىيەتتە بۇ قانداقتۇر بىر ياراتقۇچى كۈچنى ئەمەس، بەلكى ئالەم بىرلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى مەنبە بىرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئىنسانلار ئالدىدا ئالەمنىڭ سىرلىرى قانچە كۆپ

ئېچىلغانسېرى، ئۇنىڭدىكى باسقۇچچانلىق (تەدرىجىيلىك) بىرلىكى، تۈزۈلمە بىرلىكى، ئىدارە ـ باشقۇرۇق بىرلىكى قانچە كۆپ ئايدىڭ بولغانسېرى ئىنسانلاردىكى ھەيرانلىق تىخمۇ ئاشىدۇ، ئۇلار تالاي «نېمە ئۈچۈن؟»لەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئىلىم ـ پەننىڭ ئالەم سىرلىرى توغرىسىدىكى تونۇش بايقىما ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاكلاپمۇ قانائەت تاپالمىغاندىن كېيىن، يەنە تېخى شۇ ئىلىم ـ پەننىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇغان ھالدا: «پەقەت ئاللاھلا پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسىدۇر» دېگەن سۆزنى دېيىشىلا ئۇلارنى قانائەت تاپتۇرالايدۇ.

**پەن نەتىجىلىرى يۈزدەيۈز ئىشەنچلىك ئەمەس**

پەن ساھەسىدە قازىنىلغان نەتىجىلەر بەزى ئادەملەر دەۋاتقاندەك يۈزدەيۈز ئىشەنچلىك نەرسىلەر ئەمەس. ئۇنىڭ كۆپ نەرسىلىرى گۇمانلىقلىق ۋە قوش ئېھتىماللىقتىن خالىي ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە تەجرىبە ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ. تەجرىبە ھېس ـ سەزگۈ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن سەزگۈ دېگەن گەرچە ئەقىل، ئىدراكنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلمىغان ھالەتتىمۇ كۆپ چاغلاردا خاتالىشىدۇ. بۇ بارلىق ھەقىقەتپەرۋەر ئالىملار تەن ئالغان ئىش.

ئامېرىكىلىق ئالىم، دوكتور مارت ستانلى كونجەدەن ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەجرىبىدىن ئۆتكەن نەرسىلەردىن ئىبارەت. لېكىن ئۇ نەرسىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساننىڭ خىيالى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنى ئۆز كەسپى قىلغان تەتقىقاتچىنىڭ ئۆز خۇلاسە ـ يەكۈنلىرى ياكى كۆزنىتىشلىرىدە، ھە دېگەندە ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە بولۇپ كېتەلمەي قېلىشىمۇ ئەمەلىيەتتە يوق ئىش ئەمەس. مانا بۇ ئۇنىڭ زور چەكلىمىلىكى.

يەن ئىزدىنىشلىرى ئالدى بىلەن قىياس ـ ئېھتىماللىقتىن باشلىنىپ يەنە شۇ ئېھتىماللىقتا ئاخىرلىشىدۇ. دېمەك، ئۇلار ھەرئان ئېھتىماللىقتىن خالى بولالمايدۇ. بارلىق نەتىجىلەر ئۆزگەرتىش، قوشۇش، قالدۇرۇپ قويۇش دېگەنلەر بىلەن يانداش ماڭىدىغان ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش جەريانىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاداققىچە بىر خىل بولۇش ئۇنىڭدا مەۋجۇد ئەمەس. ئىلىم ـ پەن تارىخىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق بىر زامانلاردا بۆيۈك ھەقىقەت دەپ قارالغان، گۇمان چۆشمەي، ئىككىلىنىش قوزغىماي جاھاننى بېشىغا كىيگەن ئۆلمەس نەزەرىيەلەر كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۆز قاراشلىرىنى ۋە داۋاملىشىۋاتقان تەييار پىرىنسىپلىرىنى، قائىدە، كۆرسەتكۈچلىرىنى چاققانلىق بىلەن ئۆزگەرتىپ بارماقتا. تۈركىيەنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى پەيامى سەپا ئۆزىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئۇقۇمى» دېگەن تەتقىقات ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «يىگىرمىنچى ئەسىردىكى ئىنسانىيەت ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە زىيانلىق ھالدا ئەۋج ئالدۇرۇۋەتكەن ئىنسان مەركەزچىلىك تەلىماتىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن بىر ئازابلىق كرىزىس ئىچىدە ياشاپ كەلدى. كېيىنكى مەزگىلدە قوزغالغان ئىسلاھات ـ قايتا قۇرۇش ئىشلىرى شۇ ئۆتمۈشكە بولغان يىرگىنىشنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئىنسانىيەت دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولۇۋاتقان ئىلىم ـ پەننىڭ مەۋجۇد ئېھتىياجنى تولۇق قامدىيالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. يەنە شۇنىڭدەك، ئىلىم ـ پەن ئۆتكەن ئەسىرگىچە يىمىرىلمەس ھەقىقەت بولۇپ كېلىۋاتقان ئىككى مۇھىم ئاساسنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى. بۇ نۇقتىنى غەربلىك ئالىم ئورتاكاي كىست جەنۇەدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئىلمىي ئۇچرىشىشتا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىدە يارقىن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ: غەرب مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغان ئىككى مۇھىم پەن تۈرى بولغان فىزىكا ۋە لوگىكا ئۆز ـ ئۆزىدىن گۇمران بولدى. سىز شۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ئادەتتە بىر دراما ياكى سەھنە ئەسىرىنىڭ تىراگېدىيە نۇقتىسى ھەممە تاماشىبىنغا ئوخشاش ئايان بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خۇددى كەسىپ ئەھلى بولمىغان بىر ئادەمنىڭ مىكروسكوپ ئاستىدا تۇرغان قان تامچىسى ئىچىدە قانچىلىك خەتەرلىك كېسەللىك ئالامىتى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ يېتەلمىگىنىگە ئوخشايدۇ. غەرب جەمئىيىتىنى مەخسۇس ئۆگەنگەن، بۇ ھەقتە مول مەلۇماتى بار كىشىلەرگە ئايانكى، يۇقىرىقى ئىككى ساھەنىڭ بۈگۈنكى بولمىشى (ۋەزىيىتى) غەرب مەدەنىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان سىياسىي ۋە ھەربىي پاجىئەلەردىن ئىبارەت چوڭ كىرىزىسنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتەرلىك.

چۈنكى بۇ ئىككى پەن بولسا غەربلىكلەر ئۆز كەلگۈسىگە توق كۆڭۈل ۋە ئىشەنچ بىلەن كىرىپ كېلىش غەرىزىدە باشقا ئەللەردىن تىقىپ يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئالتۇن ساندۇقى ئىدى». بۇ ئالىم ئەينى چاغدا قىلغان سۆزىدە يۇقىرىقى بايانلارنى بويلاپ تۇرۇپ فىزىكا

پېنىنىڭ ئۆز ئاساسىنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىنى، لوگىكىنىڭ ئەللىك يىل ئارىلىقتا روسسىل، ئېيتھېد ۋە ھىلبېرت قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقات، ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن قانچىلىك چەتنىگەنلىكىنى بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ھازىرقى ئەھۋالدا پۈتۈنلەي ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنچ يوق، بىراق قايسى بىر مەدەنىيەت ئىشەنچىدىن مەھرۇم قېلىش بىلەن گۇمران بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، جەمئىيەت ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ قاتماللىق، بىر قېلىپقا چۈشۈپ قېلىشى، كۆز قاراشلار بىكىنمىلىكىدىن خالى بولالماسلىقى مەدەنىيەتكە ئۆلۈم چىللايدۇ.

مانا شۇلارنىڭ ئۆزى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ مەدەنىيەت شەكلىمىز، توغرىراقىنى ئېيتقاندا غەربلىكلەر تەنتەنە قىلىۋاتقان مەدەنىيەت شەكلى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن، تۈگەشكەن بىر نەرسىدۇر، خالاس.»

**بىلىمدە چوڭقۇرلۇق ئىمانغا باشلايدۇ**

ئىلىم ـ پەن ھېچقاچان ئىمانغا قارشى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئىمانغا يېتەكلەپ بارىدىغان بىر پاكىت. بىز يۈكسەك بىلىمگە ئىگە، ھەقىقەتپەرۋەر، توغرا پىكىرلىك نۇرغۇن ئالىملارنى ئۇلارنىڭ پەن ساھەسىدىكى بىلىملىرىنىڭ كائىناتنى ئاستىرتىن ئىدارە قىلىۋاتقان، ئۇنى تۈزەپ، باشقۇرۇپ ئۆلچەمگە سېلىپ كېتىۋاتقان بىر ئالىي دەرىجىلىك كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسىنى تونۇتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

ئــۇلار ئــۆز بىلىملىــرى سايىســدە باشــقىلارغا قارىغانــدا ئالەمــدە گەۋدىلىنىۋاتقـــان پۇختىلىـــق، بىجىرىملىـــق، باغلىنىشـــچانلىق، ماسلىقلارنىڭ جـانلىقلار، جانىـسىزلار دۇنياسـىنىڭ ھەربىـر ھـوجەيرە، زەررىچىلىـــرىگىچە، ئاســـمان ـ زېمىنىنـــىڭ يارىتىلىشـــى، كـــېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى، دېڭىزلاردىكى كېمىلەر، ئـاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ زېمىننى ياشنىتىۋاتقان قـار ـ يـامغۇرلارغىچە، شامالالارنىڭ ئاســمان ـ زېمىــن ئارىلىقىــدا ئــۆز يۆنىلىشــلىرىنى ئۆزگەرتــىپ تۇرۇشلىرىغىچە ھەممىگە چېتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى كۈچلۈك ئىسپاتلار ئەنە شـۇلارنىڭ قولىـدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مانا شۇ ئىسپاتلار ھېلىقى بىر قىسىم بىلىمنى قـورال قىلىـپ دىنغا قارشـى تۇرىــدىغانلارنىڭ تىللىرىنــى كېســىپ تاشـلايدۇ. ئــۆزلىرىنى بىلىملىك كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ خېلى بىر قىسمى بۇنـدىن بىـر ئەسىر يــاكى ئىككــى ئەســر ئىلگىرىكــى ئــاڭ بىــلەن ياشـايدىغانلار. ئــۇلار دەۋرىمىزدە مەيدانغا كېلىۋاتقان بىلىم ـ پىكىر ساھەسـىدىكى ھەيـران قالارلىق تەرەققىياتلاردىن ئارقىدا قالغان. ئەگەر قالاق دېيىشكە تـوغرا كەلسە شـۇلارنى دېسە ئەڭ تـوغرا بولىـدۇ. چـۈنكى ئـۇلار ئاللىقاچـان دەۋرى ئۆتكەن كونا نەزەرىيەلەرنىڭ زىندانلىرىغا قاملىپ قالغان. سىز تۆۋەندىكى پىكىرگە قـۇلاق سـېلىڭ. غەربلىـك ئـالىم ھوشـىل مۇنـداق دەيدۇ: «ئىلىم ـ پەننىڭ تەتقىقات دائىرىسى قانچە كېڭەيگەنسىرى بىر ئەزەلىي يـاراتقۇچى كۈچنىـڭ مەۋجـۇت ئىكەنلىكىنـى كۆرسـىتىدىغان كۈچلۈك پاكىتلار سالماق بىـلەن ئاشـماقتا. گېئولـوگلار، ماتېمـاتىكلار، ئاسترونوملار، فىزىكلارنىڭ ھەممىسى يېگانە ئاللاھنىڭ بۈيۈك قەسرى

بولغـــان ئىلىـــم ـ يەنىنـــى مۇستەھكەملەشـــكە ئـــۆز تـــۆھپىلىرىنى قوشماقتا».

يەنە بىـر ئـالىم ھىربىـرت ئۆزىنىـڭ «تەربىـيە» نـاملىق ئەسـىرىدە يۇقىرىقى مەزمۇننى ياقلاپ مۇنداق دەيدۇ:

«يەن خۇراپاتقـا قارشـى تـۇرغىنى بىـلەن دىنىنىـڭ ئـۆزىگە قارشـى تۇرمايدۇ. ئادەتتە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن تەبىئـي پەن بىلىملىرىنىـڭ كۆپىنچىسىدە خۇداسىزلىق روھى تېپىلىدۇ. لېكىن يۈزەكى باسقۇچتىن ئۆتـۈپ ھەقىقەتـكە ئىچكىـرىلەپ كىـرەلىگەن سـاغلام پەن بـۇ خىـل روھتىن خالى، ئەلۋەتتە. تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا يـۈزلىنىش كـۆز ئالــدىمىزدىكى بىـــز بىرىلىۋاتقـــان ۋە ئۆگىنىۋاتقـــان شـــەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى تىنچ ھالدا تونۇيلىش، تەڭرى كۈچ ـ قۇدرىتىنى سىزىپ ئۇنىڭغا تىنچ ھالدا ئىبادەت قىلىـش دىمەكتـۇر. بـۇ ئىبـادەت ئەمەلىـي بولىدۇ. يەنى قانداقتۇر زورىغا قىلىنغان ئىبادەت ئەمەس. بەلكى ئۆزى ۋە تېنىنـى قۇربـان قىلـش، ئـويلىنىش، مېھـنەت قىلىشـتىن كەلـگەن ئىبادەتتۇر.

دەل مۇشۇ ئىلىم ـ پەن ئىنسـانغا ئۇنىـڭ بىرىنچـى سـەۋەب بولغـان ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى بىلدۈرەلمەيـدىغانلىقىنى چۈشـەندۈرۈپ قويۇشـتا بىـرلا سـۆز بىـلەن ھەممىنـى بىـراقلا يوققـا چىقىرىـدىغان ئىستىبداتلىق يـولىنى تۇتماسـتىن، بەلكـى ئۆزىنىـڭ بىزنـى ئۆتـۈش مـۇمكىن بولغـان بـارلىق چېگرىلارغـا يەتكـۈزۈپ قويۇشـتىن ئـاجىز ئىكەنلىكىنـى ئېنىـق ئەمەلىيەت بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇ چەككە كەلـگەن چاغـدا ئـۇ بىزگە ئىنسانىنىڭ چەكلىك ۋە گۆدەك ئەقلى بىلىمى سىغدۇرالمايدىغان، ئەقىل لال بولىدىغان چەكسىز بىر ماھىيەتنى كۆرسىتىپ قويۇپ سىلىق

ـ سپايىلىك بىلەن ئۆز قەدىمىنى توختىتىۋالىدۇ.» بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە مىسال بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇ تامچىسىنى كۆرگەن بىر ئالىم ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئالاھىدە نىسبەت بويىچە ئوكسىگېن ۋە ھىدروگېنلاردىن تۈزۈلگەنلىكىنى، ئەگەر ئۇنداق بولماي قالغاندا ئۇنىڭ سۇ ئەمەس باشقا نەرسە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنىڭدىكى ياراتقۇچى كۈچنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ۋە قۇدرەت ھېكمىتىنى تونۇۋالىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ كەڭ بىلىمى سۇ تامچىسىنى پەقەت سۇ تامچىسى دەپلا چۈشەنگەن ئادەملەردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ.»

فىزىكا، مېدىتسىنا ئالىمى دىنوي مۇنداق دەيدۇ: «كۆپلىگەن زېرەك، ئاقكۆڭۈل ئادەملەر شەيئىلەرنى چوڭقۇر بىلىش قىزغىنلىقىغا چۆمۈلگەن بىر سەممىي ئادەم ئاللاھنى خۇددى بىر تەبىئىي پەنچى ئالىمنىڭ «توك»نى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك تەسەۋۋۇر قىلالىشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئاللاھنى كۆز ئالدىدا ئۇچرىتالماسلىقىدىن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئىككىلىسىدە تەسەۋۋۇرغا تايىنىش ئوخشاشلا ئەھمىيەتسىز ئىش. ئۇنىڭسىزمۇ توكنىڭ شەكلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەسقۇ. لېكىن ئۇ شۇنداق تۇرۇپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشتە بىر تال تاياقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ».

شوتلاندىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى، تەبىئىي پەن ئالىمى سىر ئارفىر تومسۇن مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن قاتتىق يەر قاتلىمى يېرىپ تاشلىنىۋاتقان، ئېقىپ ئۆزىنىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىۋاتقان بىر دەۋردە ياشىماقتىمىز. بۇ،

ئىنسانىيەت ئۆزىنى ماتېرىيالىستىك چۈشەنچىلەرگە ئەڭ ئاز ئۇرغان بىر دەۋر بولدى.»

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «بىلىم ۋە دىن» دېگەن كىتابىدا شۇنداق دەيدۇ: «بىر دىندار ئادەم تەبىئىي پەنچى ئالىملارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىنى تاپالمايۋاتقانلىقىدىن قىلچە ئەپسۇسلانماسلىقى كېرەك، چۈنكى پەرۋەردىگارنى تېپىشنىڭ يولى بۇ ئەمەس.»

ناۋادا ئالىملار تەبىئەت ئىچىدىن تەبىئەت سىرتىغىچە بولغان ساھەلەر بويىچە كەڭ تۈردە خۇلاسە چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالىسا ئىدى، ئۇنىڭدىكى نەتىجە كۈتكەنىدىنمۇ ئارتۇق بولۇپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ بىز ھەر ھالدا خۇشال بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ئالىملار بەزەن چاغلاردا قەدىمكى زامانلاردا ئاسانغا چۈشمىگەن، ئاران ئېرىشكەن ئىلىم ـ پەن ھاۋاسىدىن قېنىپ سۈمۈرۈۋېلىشلىرى ئۈچۈن ھە دېگەندە ئۆزىنىڭ دىنىي مايىللىقىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ.

ئەگەر بىر قىسىم كىشىلەر خاتا ھالدا تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئاللاھ توغرۇلۇق ئىزدەنمەسلىكى كېرەك دېيىشكەن بولسىمۇ، بىز سوغۇققانلىق بىلەن شۇنى تەن ئالىمىزكى، ئىلىم ـ پەننىڭ ياراتقان ئەڭ زور تۆھپىسى ئىنسانىيەتنى ئاللاھ توغرىسىدا قىممەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار بولغان بىر ئويلىنىشقا يېتەكلىگەنلىكىدە.

بىز ئەگەر: ئىلىم ـ پەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىن پەيدا قىلىپ بەردى، ئەقلىي ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈردى دېسەك، بۇ پەقەت سۆز يۈزىدىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئىلىم ـ پەندە ساغلام پىكىر كۆپىنچە ھاللاردا مۇنۇ چۈشەنچە

بـويـچه قەدەم تاشـلانغان چاغـدىلا بارلىققا كېلىـدۇ، ئـۇ بولسـىمۇ ئاللاھقا چىن ئۇتۇش.

**روھىي ۋە ئەقلىي ساغلاملىق مەسىلىسى**

دىنـدىن ئـادا ـ جـۇدا بولـۇش ئـادەملەرنى روھـىي ۋە ئەقلـىي ساغلاملىققا ئېرىشتۈرىدۇ دېگەن قاراشنى كۆز ئالـدىمىزدىكى رېئاللىق ئىنكار قىلىـدۇ، ماددىغىلا بېقىنىـپ قالغـان، ماشىنىلىشـىپ كەتـكەن، تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غـال ھـازىرقى زامـان غەرب مەدەنىـيەت دۇنياسـىنىڭ ئەمەلـىي ئەھـۋالى ئىنكـار قىلىـپ تاشـلايدۇ. ھـالبۇكى غەربلىكلەر ئۆزلىرىدىكى ئىلمىي تەجرىبە بىلىملىـرى ھەمـدە تېخنىكـا تەرەققىياتىغـا قـاراپ يـۇقىرىقى سـاغلاملىق دەرىجىسـگە يەتتـۇق، دەپ ئويلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا مانا شۇ يۈكسەك دەرىجىـدە «ئىلمـىي»لەشـكەن، زامانىۋى غەرب دۇنياسى تۇرلۇك ئەقلـىي ۋە روھـىي كېسەللىكلەرنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتماقتا.

ئـۇلاردىكى بـۇ مەنـىۋى پـاجىئەلەر نۇرغۇنلىغـان پەيلاسـوپ، مۇتەپەككـۇرلارنى ئويلانـدۇردى. يـازغۇچى ـ ئەدىبلەرنـى ئەسـەرلەر يارىتىشقا، مۇخبىر ـ ژۇرنالىستلارنى ئۇنى چۆرىدەپ قەلەم تەۋرىتىشكە، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

مانــا شــۇنداق پەيلاســوپ، مۇتەپەككــۇرلاردىن بــىرى بولغــان ئەنگلىيەنىــڭ ھــازىرقى زامــان تارىخشۇناســى، پەيلاســوپى تــويىنبى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «سانائەت پەنلىـرى ئىنسانلارنى ئالـدىۋەتتى، نەتىجىـدە ئىنسـانلار ئۆزلىرىـدىكى «كونـا چىـراغلار»نـى سـانائەت

پەنلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «يېڭى چىراغلار» غا ئالماشتۇرۇش بىلەن سانائەت پەنلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز روھىنى سېتىۋېتىش بەدىلىگە، رادىئو، كىنو دېگەندەك نەرسىلەرگە ئېرىشتى. بۇ يېڭى سەۋدا بىلەن بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەپلاتون تەسۋىرىدىكى «توڭگۇزلار جەمئىيىتى» ۋە ئالدۇس ھىكسىلى تەسۋىرىدىكى «يېڭى تىپتىكى دۇنيا»نى تەشكىل قىلغان روھىي قۇرغاقچىلىقنىڭ دەل ئۆزى بولدى، خالاس.»

تويىنبى ئەپەندى گەرچە ئۆز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا غەرب جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىل روھىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇشى ئىقتىساد ساھەسىدىن دىنى ساھەگە يۆتكىلىشكە باغلىق دېمەكچى بولسىمۇ، يەنە كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «غەربلىكلەر ئۆزىدىكى سانائەت ھەرىكىتىدىن بارلىققا كەلگەن ماددىي كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تايانغان ھالدا، دىن ئارقىلىق بىر قېتىملىق مەنىۋى ئۆزگىرىش ئېلىپ بارالايدۇ.» ئۇ گويا بۇ سۆزى بىلەن ئىقبال سىتراۋۇرنىڭ «ئىنسان روھى ئىنساننىڭ ماددىي كۈللىنىشىگە قانداقمۇ يېتەكچىلىك قىلالىسۇن؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بەرگەندەك قىلىدۇ.

شائىر، پەيلاسوپ مۇھەممەد ئىقبال مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۆزىدىكى تەنقىدىي چۈشەنچىلەر ۋە مول بىلىم ساپاسى بىلەن تۇرۇپ يەنە ھە دېگەندە ئۆزىنى بىر ئامالسىزلىق، ئۈمىدسىزلىق ئىچىدە ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئەتچىل (ناتۇرالىستىك) ئىدىيىسى ئۇنى تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر كۈچ ـ قۇدرەتكە يەتكۈزدى. بىراق ئەڭ يامان يېرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە

ئــۇ ئىنســاندىن ئۇنىــڭ ئــاداققى بەخــتىگە چېتىلىــدىغان ئىمــاننى تارتىۋالدى. زامانىمىزدىكى كىشىلەر ئۆز روھىنى قەلب قاتلاملىرىدىكى مەنىۋى هايات تەرەپكە يۈزلەنىدۈرەلمەي، پەقەتلا مـاددىي خۇشاللىق بىلەن بەزلىنىپ ئۆتـۈپ كېتىشمەكتە. ئـۇلار قايسى خىل ئىـدىيىنى تـاللاش ئۈستىدە بىـر قارارغـا كېلەلمەيـدۇ. ئۇلارنىـڭ ئىقتىسـادىي ۋە سىياســي ســاھەلەردىكى كــۈنى باشــقىلار بىــلەن تىنىمســىز پــۇت تېپىشىش، ئېلىشىش بىلەن ئۆتىدۇ.

ئـۇلار ئۆزىـدىكى مـال ـ دۇنياغـا بولغـان غـالجىرانە ئـامراقلىقىنى قـۇتراپ تۇرغـان ئـاچكۆزلۈكىنى چەكـلەپ، ئـۆز ۋۇجۇدىـدىكى بـارلىق زەھەرلىـك غەرەزلەرنــى تەلتۆكــۈس يوقىتىــپ تاشلاشــنى ھەر قــانچە قىلىسمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك ھېس قىلىدۇ.

ئـۇلار ئـۆزىنى ئېنىـق كـۆرۈپ سـەزگىلى بولىـدىغان «رېئـاللىق» قېتىغـا بولۇشــىچە ئــۇرۇپ، ئىچكــى ئالىمىــدىكى چەكســىز مەنىــۋى چوڭقۇرلۇقىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان.

ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بۇ پالەچلىك بولسا ئەنگلىيە پەيلاسوپى ھەمــدە تەبىئىــي پەن ئــالىمى ھىكســلىنىڭمۇ غەزەپ ـ نەپــرىتىگە ئۇچرىغان ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن زىيانلارنىـڭ ئەڭ يەڭگىلرەكىدۇر.

ئۆزىنىڭ كۆپ ئۆمرىنى ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغان دۇنيـا ھازىرقى زامان ئىلىـم ـ پەن ئەربابلىرىـدىن بىـرى دوكتـۇر ئالكسىس كــاررل ئۆزىنىــڭ «ئىنســان ئېچىلمىغــان بىــر سىــر» دېــگەن كىتابىــدا مۇنــداق دەيــدۇ: جەمئىيەتــتە باشــقا كېســەللەرگە قارىغانــدا روھــى كېسەللىك بىمارلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆپ بولۇشـى ھەيـران قـالارلىق

بىر ئىش، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ داڭلىق دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىكى خىزمەت بىسىقچىلىقىدىن قاقشىماقتا ۋە قۇتقۇزىۋېلىشقا تېگىشلىك روھى كېسەللىك بىمارلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنى تولۇق كۈتۈۋېلىشتىن ئاجىز كەلمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نيو ـ يورۇكتىكى ھەر 22 ئادەم ئىچىدىن بىر ئادەم بالدۇر يا كېيىن بولۇپ نېرۋا كېسەللىكلىرى بويىچە داۋالىنىشقا تېگىشلىك ئىكەن.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دوختۇرخانىلىرىدا داۋالىنىۋاتقان روھىي كېسەللىك بىمارلىرىنىڭ سانى جەمئىيەتتىكى يۇقىرىدىكى كېسەللىك بىمارلىرىنىڭ سانىدىن سەككىز ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىكەن. ھەر يىلى تۇرلۇك روھىي داۋالاش ئورگانلىرىغا كىرىپ ـ چىقىدىغان بىمارلار قېتىمى 86 مىڭغا يەتكەن. ناۋادا ساراڭلارنىڭ سانىمۇ مۇشۇ سەۋىيىگە يېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھازىر مەكتەپلەرگە بېرىپ تەلىم ئېلىۋاتقان باللار ۋە ياشلاردىن بىر مىليونغا يېقىن ئەۋلاد بالدۇر يا كېيىن بولۇپ دوختۇرخانىلارغا كىرىپ قىلىشى مۇمكىن.

1992 ـ يىلى ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ساراڭلارنىڭ ئومۇمى سانى 340،000 بولغان. شۇنىڭدەك، مەخسۇس دوختۇرخانىلاردا كۈتۈلۈۋاتقان دېۋەڭلەر ۋە نېرۋا بىمارلىرى 81،580 نەپەرگە يەتكەن. بۇ جەمئىيەتنىڭ شەرىپى بولغان ھالدا ھەرقايسى جايلاردا ئېقىپ يۈرۈۋاتقان يېرىم ھوشلار 10،930 كىشىگە يەتكەن. بۇ سان روھىي كېسەللىك بىمارلىرى، نېرۋا بىمارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇ يەردە ساراڭلاردىن ئايرىم قارىغاندا مەخسۇس نېرۋا ئاجىزلىقىغا ئۇچرىغانلار 500،000 نەپەر ئادەمدىن ئاشقان. شۇ يەردىكى ئەقلىي ساغلاملىق ئورگىنىنىڭ ئەستايىدىل ئىنقىلاپ

چىقىشىچە ئامېرىكىدىكى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە 400،000 نەپەردىن ئارتۇقراق قىسمى ئەقىل بۆلۈنمىسى تۆۋەن بالىلار بولۇپ، ئۇلار ئاممىۋى مەكتەپلەردە ئوقۇش، ئۆگەنكەن بىلىملىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىكەن. نەق ئەمەلىيەتتىن ئېيتقان چاغدا ئەقلىي تۆۋەنلىككە قاراپ كېتىۋاتقانلار يۇقىرىقى ھېساباتلاردىن ئارتۇق چىقىدۇ. يەنە ئۇنىدىن باشقا رەسمىي ستاتىستىكا ئاستىغا كىرمىگەن يۈزمىڭلىغان ئاھالە روھىي ئارىسالدىلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان. مانا بۇ رەقەملەر بىر توپ مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قانچىلىك ئېغىر بىر ھالەتكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەقلىي ساغلاملىق، ھوش پۈتۈنلۈكىنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەت دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ دىققەتلىك مەسىلە بولۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ. روھىي ساقسىزلىق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ يامان خەتەر بولۇپ، ئۇ ھەتتا تۇبېركولىيوز، راك، يۈرەك، بۆرەك، چۇما، خولېرا، چېچەك كېسەللىكلىرىدىنمۇ ئارتۇق زىيان كەلتۈرىدۇ.

بىز روھىي كېسەللىكلەرنى ئېنىقلاشنى پەقەت جەمئىيەت يۈزىدە جىنايەتچىلەر سانىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۇ ھادىسىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئۈستۈن قاتلىمىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سالاھىيەت ئۈستۈنلۈكىنى كەسكىن ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ يەردە شۇ نۇقتا ئايدىڭ بولۇش كېرەككى، جىنايەتچىلەر ئارىسىدىكى يېرىم ھوشلار ۋە ساراڭلار خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى شۇ خىل ئادەملەردىن كۆپ ئەمەس. ئەقلىي كەمتۈك دەپ قارالغانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى

تۇرمىلەردىن تېپىشقا بولىدۇ. بىراق ئېسىمىزدە بولسۇنكى مۇتلەق كۆپ سانىدىكى مول بىلىمگە ئىگە ساراڭلار يەنىلا ھەر جايدا ئېقىپ يۈرۈشمەكتە. شۇنىڭغا شەك قىلىپ بولمايدۇكى نېرۋا ۋە روھىي ساقسىزلىققا گىرىپتار بولغانلار سانىنىڭ بۇنچە كۆپ بولۇشىدىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان قورقۇنچلۇق ئىۋەننى ۋە يېڭى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىزنى ئەقىل ساغلاملىقىنى ياخشلاشقا ئېلىپ بارالمىغانلىقىنى نىھايەتتە ياخشى ئايدىڭلاپ بېرىدۇ.

بىز ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات ساھەلىرىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىماندىن ياتلىشىش، ئاخىرەتنى ئۇنتۇش، ماددىي ئېھتىياجلارغا بېرىلىشنىڭ مەھسۇلى بولغان ھالدا يۈتۈن ياۋروپا جەمئىيىتىنى قاپلىغان چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، ھاياتتىن نارازىلىق مەزمۇنىدىكى كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئوقۇپ تۇرىمىز. تۆۋەندە قاھىرەدە چىقىدىغان «ئەدەبىيات خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ 1960- يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەپيۈن ۋە ئىچ پۇشۇقى» دېگەن ماقالىدىكى بىر خەۋەرنى نەمۇنە سۈپىتىدە كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز.

ئامېرىكا ساقچى دائىرىلىرى «غەزەپلەنگەن ئەدىبلەر جەمئىيىتى»دىن بولغان نەچچە ئونلىغان يازغۇچى - شائىرنى قولغا ئالغان. چۈنكى ئۇلار ئىجتىمائىي ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ ئەپيۈن چېكىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋىليام روراك ئىسىملىك بىرسى ئۆز ئېقىمداشلىرىنى ئاقلاپ بۇ گەپلەرنى قىلغان: «تۇرمۇش تولىمۇ ئازابلىق، كىشلەر دائىم تىنىمسىز جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ياشايدۇ،

شۇڭلاشقا «ئىچ پۇشۇقى» دىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى كەيىپ سوۋروپ رېئاللىقنى ئۇنتۇش، تاتلىق ھوزۇر ئىچىدە شېرىن چۈشەكەشتىن ئىبارەت.»

**ئازغۇن، چۈشكۈن بىر ئەۋلاد**

مۇشۇ كۈنلەردە يازغۇچى ئەنىس مەنسۇر ماۋزۇدىكى مۇشۇ سۆزنى سەرلەۋھە قىلىپ بىر ئەسەر يازغان. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنى فرانسىيىلىك داڭلىق يازغۇچى چارلىز مولى ئۆزىنىڭ «يىگىرمىنچى ئەسىر ئەدەبىياتى ۋە خرىستىئان دىنى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى تومىدا ئىشلەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ توملۇق بۇ ئەسىرىدە باشتىن ـ ئاخىر خرىستىئان دىنىنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇپمۇ كەتمىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ھۇجۇممۇ قىلمىغان. لېكىن ئۇنى ياۋروپا مەدەنىيىتى ئۆز روھىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا چوقۇم ئاساسلىنىشقا تېگىشلىك ئەلۋەك بوستانلىق دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى يىگىرمىنچى ئەسىر ئەدەبىياتى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى تۈزۈلگەن ۋە مول مەزمۇن تاپقان بىر يىرىك ئەسەر بولۇپ قالغان. چارلىز مولى بۇ كىتابتا يىگىرمىنچى ئەسىر ئەدەبىياتى ھەققىدە كەڭ تۈردە توختىلىپ، باشقىلارنىڭ بۇ تېمىدا يېزىلغان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بايانلىرىدىن ئۆزگىچە ھالدا بىر قاتار ئىخچام، مېغىزلىق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىگە خاس غەيرەت ۋە سوغۇققانلىقنى ئىپادىلىگەن. مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە ئەدەبىي پارچىلەر ـ تېكىستلەرگە تايانغان ھالدا ھېچ بىر ھۆكۈمنى پاكىتسىز ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئۇ ئۆز ھۆكۈملىرىنى چىقىرىشتا يۈز ئاياپ ئولتۇرماستىن

ھەممنى ئاشكارا ھالدا ئەدەبى تەنقىد سوتىغا تاپشۇرغان. ئەسەرنىڭ ئۇچىنچى تومىدا ئاپتور ئاندىرى مالرۇ، فىرانس كافكا، فىركور، شولوخوپ، مولنى، بومبار، فىرانس ساگان، لادىستاس رىمون قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەسىرى ھەققىدە نۇقتىلىق توختالغان. مۇئەللىپنىڭ قارىشچە پەيلاسوپ، سىياسىيون، مۇزىكانت، ئۇچقۇچى ئاندىرى مالرۇ ئىنسانىيەتنى كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان زور خەتەرنى بىۋاستە ھېس قىلىپ يەتكەن كىشى. ئۇ چارەك ئەسىر ئۆزى تەنھا ھالدا ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ روھىي ئازابىنى تارتىپ ياشىدى. ئۇ، ئۆزىدىن كېيىنكى ياۋروپا ۋە فرانسىيە ئەدەبىياتىغا غەمكىنلىك، ئۈمىدسىزلىكنى باشلاپ كىرگەن. بۇ ئەسەردىكى كىشىنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغايدىغان بىر ئىش شۇكى ئاپتور فرانسىيە ئايال يازغۇچىسى، «خوش كەپسەن قايغۇ»، «كۈلۈمسىرەش» قاتارلىق ھېكايىلەرنىڭ ئاپتورى فىرانس ساگاننىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، رېئاللىق ئالدىدا ئامالسىزلىق، تىرىكتاپلىق روھىنى ئىپادىلەش ئاساسى سالماق تۇتقانلىقىنى، بۇ روھ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سارتىرى كۆتۈرۈپ چىققان «مەۋجۇدىيەت»نىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىدا سارتىرىنىڭ: «ئاچارچىلىق قاپلىغان فرانسىيەدە ئۇرۇش تۈگىگەن بولسىمۇ تىنچلىق تېخى باشلانغىنى يوق. بىز دائىم ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتىن ئىبارەت ئىككى جەڭنىڭ قورشاۋىدا ھايات كەچۈرىمىز. «تىنچلىق شەيئىلەردە ئەزەلدىن بار نەرسە، ئۇرۇش دېگەن ۋاقىتلىق ئىش» دەيدىغانلار ساختىپەزلەردۇر. بىزدە ھەرقاچان ئۇرۇش ۋە تىنچلىق بىللە مەۋجۇت،

بۇ بولسا ئـازاب تـارتىش مەڭگـۈ تۈگـىمەيـدۇ دېگەنلىكتـۇر.» دېـگەن سـۆزنى چىڭقىلىـپ تـۇرۇپ دېگەنلىكىنـى ئەسـلەيدۇ. يـۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، سارتىرى ئۆزىنىڭ كـۆپلىگەن ھېكـايە، رومانلىرىـدا بىردىنبىــر قىلىــپ قــايغۇ، چۈشــكۈنلۈك، خــاپىچىلىق تۇيغۇســىنى كـۈچەيتىش ئۈچـۈن ئۇرۇنـدى. بـۇ نـۇقتىنى گېرمـانىيە شـائىرى بىـرو شرتمۇ ئىپادىلەپ، «ئىشىك ئالدىـدا» دېـگەن ھېكايىسـىدە: «بىزنىـڭ باغلانغۇدەك ھېچ نەرسىمىز يـوق، چۈشـىدىغان يېرىمىزمـۇ يـوق، ئەگەر چۈشسـەك دوزاخقـا چۈشـىمىز. بىـزگە تېگىشـلىكى يىغـلاپ قاقشـاش، بىزنىڭ دىنىمىز يوق، ئارامىمىز يوق، بىزگە قۇياش نـۇرى يېتىشـمەيدۇ. بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ۋەھشىيلىك ـ ياۋايىلىق، بىزنىڭ ياشلىرىمىزدا ياشلىق تېپىلمايدۇ. دېمەك بىز بىر توپ تۇراقسـىز، چۈشـكۈن، تاپىسـىز، باش ـ پاناھسىز، ئازغۇن ئەۋلاد بولۇپ قالدۇق» دېگەن ئىدى.

مانا شۇ كىشىنىڭ ئىچىنـى ئۆرتەيـدىغان ئـازابلىق كەچمىـش ئـۆز ۋاقتىــدىكى ئۇنىۋېرســىتېت، مەكــتەپلەردە تەلىــم ئېلىۋاتقــانلاردا، ئىبادەتخـــانىلاردا ياشـــاۋاتقان راھىـــب ـ مۇنـــاخلاردا كەڭـــرى كۆرۈلگەنلىكى ئېنىق. دەل مۇشۇ راھىبلىق يولى ۋە راھىبخانا ئىچىدىن چىققـان فىـرانس سـاگان يـۇقىرىقى ئىككـى ھېكايىسـى ئـارقىلىق ئـۆز مەركىزى ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئـۆز ئەسـىرىدە شـۇنداق دەيـدۇ: «مەن ئويلىمـــايمەن ھەم ئويلىنالمـــايمەن. مەن ئۆزۈمنىـــڭ يـــالغۇز قېلىشـــىنى ھەم ئۆزگىنىشـمـۇ ئۇنــداق بولۇشــىنى خالىمــايمەن. مەن پۈتـۈنلەي يـېڭىچە ياشىسـام دەيـمەن. ئـۇ يېڭـى ھايـات گەرچە بەك ئـازابلىق بولسـىمۇ يېڭـى بولغـانلىقى ئۈچـۈنلا مەن ئۇنىڭـدا ياشاشـنى خـــالايمەن.» ئۇنىـــڭ ئەســـرى «خـــوش كەپىـــەن قـــايغۇ» نىـــڭ

پېرسوناژلىرى ياقلىغان روھىي كەيپىياتمۇ ئەنە شۇنداق كېچىدۇ. ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژ «دومىنىك» ھېچ قاچان ئۆزىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى ئىزدەش كويىدا بولۇپ باقمايدۇ. «كۆلۈمسىرەش» نىڭ پېرسوناژىمۇ ھەم شۇ. ئۇلاردىكى ئىككى پېرسوناژ سىل ۋە دومىنىك ھېچ قانداق چەكلىمە، توسۇقىقا ئىگە بولمىغان. ئارزۇ، نىشانسىز، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قىينىلىپ يۈرگەن بىر توپ ئەۋلادنىڭ خاس كۆرۈنۈشى بولالايدۇ.

**شەخسىي ئەركىنلىك ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى**

ناۋادا ماتېرىيالىزمچى خۇداسىزلار دىنىدىكى تۈرلۈك كۆرۈنمىگۈ (غەيب خاراكتېرلىك نەرسە) لەرگە ئائىت ئەقىدىلەرگە ئىشىنىش ھەمدە دىنىدىكى زورلاما تۈسىنى ئالغان ئەخلاقى پىرىنسىپلەردىن «ئازات» بولۇشىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە قاراۋاتقان شۇ شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى: بارلىق كۆڭۈل ھەۋەسلىرىگە چەكلىمىسىز ھالدا بېرىلىش، ھېچ ئۇيالماستىن ھېسسى ھوزۇرىنلا قوغلىشىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىنىڭ قىممەتلىك مىراسى سانىلىدىغان ئەخلاق ـ پەزىلەت، بۈيۈك قىممەتلەر ساھەسىدىن چەتنەپ چىقىپ بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قوغلاشقۇدەك يېرى قالمايدۇ. ئۇ ھەۋەس قىلغۇدەك بايلىق تېخى بولالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئەڭ زور زىيان كەلتۈرگۈچى بىر ئاپەت بولىدۇ. خالاس.

دىنىي مەجبۇرىيەتلەر قانداقتۇر ئىنسانىنى چۈشەپ قويغۇچى، ئۇنى ئۆز ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدىن چەكلىگۈچى زوراۋانلىق دەستىكى بولماستىن، بەلكى ئۇنى تۆۋەن ھايۋانلىق دەرىجىسىدىن

يۈكسەك بولغان ئىنسانى پەللىگە كۆتۈرۈپ چىققۇچى شەپقەتچىدۇر.

ئەنە شۇ يۈكسەك پەللە ئىشقا ئاشقاندىلا ئىنساندىكى ساماۋى (كۆكلۈك) قىسىم بىلەن زېمىنىي (يەرلىك) قىسىم بىرلىككە كېلىدۇ ھەمدە ساماۋى قىسىم زېمىنى قىسمىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنى كۈچەيتىدۇ. نازۇك روھ يىرىك تەننى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەقىل ۋە ئىرادە ئۇنىڭدىكى ھايۋانىي ھەۋەس ياۋۇزلۇقنى يېڭىدۇ. بۇ خىل جەرياننىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان لەززىتى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ھېسسى لەززەتلەردىن كۆپ چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك بولىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش دىنى يوسۇنلارسىز ئۆز يولىنى تاپالمايدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى: ھاياتلىق ھېچ قاچان ئۆزى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر قاتار چەكلىمىلەردىن خالىي ئەمەس، ئىنساننىڭ ھەرقانداق چەكلىمىدىن خالى ھالدا مۇتلەق ئەركىن بولۇشى ئىشقا ئاشمايدىغان ئىش. ناۋادا بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان تەقدىردىمۇ ئۇ بىز بىلىدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئايرىم تۈزۈلۈش تاپقان باشقا بىر خىيالى دۇنيادىكى ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

ماشىنا ـ ئاپتوموبىللارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلاردىمۇ ئوق تەرەپتىن مېڭىش، قىزىل چىراغدا توختاش، دېگەندەك چەكلىمە بار. بۇ چەكلىمىلەردىن چىقىپ كېتىش ھەرقانداق جەمئىيەت ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر. دىن ئۆز رولىنى يوقاتقان بىر جەمئىيەتنىڭ قانداق ھالدا كېچىدىغانلىقىنى بۈگۈن بىز غەرب جەمئىيىتىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەمىلىيىتىدىن ئېنىق كۆرۈۋاالايمىز. دېمەك، خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا،

يــۇقىرىقى بايــانلار ئارقىســىدا دىنــدىن ئــادا ـ جــۇدا بولۇشــنىڭ ئىنســانىيەتنىڭ پاجىئەســى بولــدىغانلىقىنى، ئۇنــدىن ياتلىشــىش ئىنسانلىقتىن ياتلىشىش، ئۇنـىڭ بـىلەن ئۆزلىشـىش ئـۆز مـاھىيەت، تەلەپلىرى بىلەن ئۆزلىشىش بولىدىغانلىقىنى ياخشى ئاڭقىرىۋېلىش مۇمكىن.

گېزىتلەردىكى بۇ خەۋەرلەر بىزگە يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ.

(1) بۈگۈن برىتانىيە جەمئىيىتى قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ دوكلاتىنى نەشر قىلدى. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «برىتانىيەدە بىر مىليوندىن ئــارتۇقراق ئــادەم جىنســي قالايمىقــانچىلىق تۈپەيلىــدىن جىنســي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان.»[1]

(2) 72 مىليون ئامېرىكىلىق هاراق سېتىۋالىدۇ، بۇ سان ئىچىدىكى 20 مىليون ئادەمنى دۆلەت هەر يىلى 2 مىليارد دوللارلىق ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ.[2]

(3) شۋېتسىيەنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا شۋېتسىيە ئاياللىرى جىنسىي ئەركىنلىك قانۇنىنى يولغا قويۇشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئاممىۋى نامايىش قىلدى. نامايىشقا 100مىڭدىن ئارتۇق ئايال قاتناشتى.[3]

(4) ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدىكى جىنايەت پىشانىدىن كەتمەيدىغان بىر سەكنىشلىك داغ بولۇپ تۇرماقتا. ساقچى

[1] قاھىرە «ئەلئەھرام گېزىتى»نىڭ ـ 1965 ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنلۈك سانى.
[2] قاھىرە «ئەلئەھرام گېزىتى»نىڭ 1965ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنلۈك سانى.
[3] قاھىرە «كۈنلۈك خەۋەرلەر گېزىتى»نىڭ 1965ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنلۈك سانى.

ئارخىپلىرى سودا نۇقتىلىرىدىكى ئېلىپ ـ سېتىش جەريانلىرىدا يۈز بەرگەن بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋەقەلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. سوت زاللىرى بۇلاش، ئۆلتۈرۈش، ياربلاندۇرۇش دېلولىرىدىن قورقۇنچلۇق ھالغا كەلگەن. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى قانداق ئۆلچەم ۋە نۇقتىدىن قارالمىسۇن، ھەرخىل ئىجتىمائىي قاتلاملارغا مەنسۇپ ئامېرىكا تۇرمۇشىدا ئاپ ـ ئاشكارا كۆزگە چېلىقىۋاتقان بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتەرلىك. ئۇ يەردىكى باشقا ھەرخىل ئاقما جىنايەتچىلەردىن سىرت، ھەر ئالتە ئۆسمۈر ئىچىدىن بىر ئۆسمۈر جىنايەت سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن جىنايى ئىشلار سوتىغا ھەيدىلىدۇ. ئۇلار تېخى 18 ياشقا كىرمىگەنلەر!

زىچ نوپۇسلۇق ئاھالىلەر رايونىنىڭ كۆپىنچىسىدە يېرىمىدىن كۆپرەك ئاھالە سىرتتا بىرەر تاجاۋۇزغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ كۈن ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئۆيىگە كىرىۋالىدۇ، ھەرقانچە مۇھىم ئىش ئۈچۈنمۇ سىرتقا چىقمايدۇ...

جېنىنى قوغداش ئۈچۈن يان ـ قورال ئېسىپ يۈرۈش ۋە ئۆيلەردە، ماشىنىلاردا ملتىق، ئوت ئاچقۇچى قوراللارنى ساقلاش ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۆيلەردە چوڭ يىرتقۇچ ئىتلارنىڭ بولۇشى خۇددى مۆشۈك ۋە كۆندۈرۈلگەن تايغانلارنىڭ بولۇشىدەك تەبىئى ئىش بولۇپ قالماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى سېزىۋېلىش مۇمكىنكى، مەيلى شتات دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بولسۇن، مەيلى فېدىرال (بىرلەشمە) ھۆكۈمەت بولسۇن ئۇلار ھېچ قانداق قىلىپ پۇقرالارنى قوغداش، ئاسراشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان. كۆرۈنۈشتە ئەھۋال ئۇنچە ئەمەستەك

قىلغىنىنى بىلەن ھەقىقىي ئەھۋال تولىمۇ قورقۇنچلۇق. مانا بۇ نەرسىلەر، رەئىس جونسوننىڭ نامىدىكى جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىش كومىتېتى 18 ئاي تەكشۈرۈپ، ئىنچىكىلەش ئېلىپ بېرىش ھەمدە مەھكىمە، تۈرمىلەر، ساقچى ئورگانلىرىنى سان-ساناقسىز زىيارەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىشلاردىن كېيىن ئېرىشىلگەن نەتىجە.

ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى جىنايەتچىلىك ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنى بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھۋاللار پەقەت بىر بۆلۈك ئاشكارا جىنايەتلەرنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەقىقىي تونۇلۇشقا تېگىشلىك جىنايەتلەر مۇتلەق يوشۇرۇن بولۇپ، ئۇنى ھېچ كىم بىلىپ ۋە ئېچىپ ئاللىمىغۇدەك دەرىجىدە قېلىن، سىرلىق پەردىلەر ئوراپ كەتكەن. يەنە شۇنداقتىمۇ 300 بەتلىك كومىتېت دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەتراپلىق مۇلاھىزىلەر غايەت قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەمەلىيەت جونسوننىڭ كۆرۈشنى خىيال قىلغان «جونسونچە بۈيۈك جەمئىيەت» نىڭ بىناسىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا ئازلا قالغان ئىدى.

جىنايەتلەر نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە. 1966- يىلى 3 مىليوندىن كۆپرەك چوڭ ئوغرىلىق ئەنزىسى تىزىمغا كىرگەن، يەنى ئامېرىكا نوپۇسىدىن ھەر 70 ئادەمدىن بىرسى چوڭ ئوغرى ئىكەن.

ئادەتتىكى بىر يۇقرانىڭ قارىشىچە بۇلارنى بىردىنبىر ھەل قىلىشنىڭ چارىسى تۆۋەندىكىدەك:

1. چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىش، چۈنكى قوشما شتاتلاردىكى چوڭ شەھەرلەر قاتىللارنىڭ ئالتىدىن بىرىگە، ئوغرى، بۇلاڭچىلارنىڭ ئۈچتىن بىرىگە ئۇۋا بولۇپ بەرمەكتە.

2. بالاغەتكە يەتكەن ئىككى جىنسنىڭ ئارىلىشىشىنى چەكلەش ۋە مەنئى قىلىش. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتتىكى ئەخلاقى ۋە ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتە ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ئومۇمى سانىنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىگىلەيدۇ.

3. ماشىنىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزىۋېتىش، چۈنكى بىر يىلدا ئوغرىلانغان ماشىنىلارنىڭ سانى يېرىم مىليوندىن ئاشىدۇ.

4. چوڭ ـ چوڭ مالىيە ۋە سودا ئىشلىرىنى قىلماسلىق، چۈنكى بۇ ئىشلار ئەتكەسچىلىك خاراكتېرىدىكى مالىيە ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇپ قويۇپ بىلىپ ـ بىلمەي ئوغرى ـ قاراقچىلىق پادىشاھلىرىغا ھارام پايدا يۇرستى چىقىرىپ بېرىدۇ.[1]

**پسىخولوگىيە ئىماندىن ئايرىلالمايدۇ**

بۇ يەردە بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋالغان بىر قىسىم ئۆمسە ئوي (شۈبھە) لارنى بايان قىلىپ ئۆتۈشمىزگە توغرا كېلىۋاتىدۇ:

بەزىلەر يېڭى پسىخولوگىيە پېنى ئۆز ئىمكانىيەت، بايقاشلىرى، پسىخىك داۋالاشلىرى ۋە «پسىخىك ئانالىز» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنسان روھىيىتىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش بىلەن ساقسىز پسىخىكىلارنى داۋالىيالايدۇ، بارلىق ھەل قىلىنىشى قىيىنلىشىۋاتقان چىگىش ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، دىنىنىڭ ئۆتمۈشتە ئۆتكەن رولىنى

[1] ئامېرىكا «ۋاقىت» ژۇرنىلىنىڭ 1968- يىل 24 ـ ماي سانىدىن.

ئاسمان غەيبلىرىگە ئەمەس، زېمىن ئەمەلىيەتلىرىگە تايانغان بۇ ئىشەنچلىك ئىلمى يول ئۆتەپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارىماقتا. مەن بۇ دەۋاغا ئۆزۈم رەددىيە قايتۇرمايمەن. ئۇنىڭغا رەددىيە قايتۇرۇشنى دىنىي ئالىملار، قىزىق قان تەرغىباتچىلارنىڭ بىرەرسىگە ھەم تاپشۇرمايمەن. بۇنداق قىلسام، بۇ دېگەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تېپىۋالغان گېپى، ھەر سودىگەر ئۆز بازىرىنى چىقىرىشنىڭ كويىدا، دېيىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مەن بۇ رەددىيە قايتۇرۇشنى مەدىنىي يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىگە ھاۋالە قىلىمەن. ئۇلار ئەمەلىيەتكە تايىنىدىغان، تەجرىبە ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىدىغان كىشىلەر. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئالدىدا رېئالىزمچىلارغا باھانە، تەجرىبىچىلەرگە پاكىت قالمايدۇ.

بىز ئالدى بىلەن مىسىرلىق تونۇلغان ژۇرنالىست مۇھەممەد زەكىي ئابدۇلقادىرنىڭ نېمە دېيىشىگە قۇلاق سالايلى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاھىرەدە چىقىدىغان «خەۋەرلەر» گېزىتىگە بېسىلغان «كۈنلۈك خاتىرە»لىرىدىن بىرىدە دەل مۇشۇ تېمىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئىسكەندىرىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچىدىن كەلگەن بىر خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: مەن سىزنىڭ مەكتىپىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىدا «ستۇدېنتلار مەسلىسى» توغرىسىدا سۆزلىگەن لېكسىيىڭىزنى ئاڭلىدىم. سىز ئۆز لېكسىيىڭىزدە: بىز تا ھازىرغا قەدەر ئىنسانىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا مۇقىملاشقان بىرەر قاراشنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلمەيمىز. پىسخولوگىيە ساھەسى ۋە پىسخىك داۋالاش ئورۇنلىرىدىكى ئاۋانگارتلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى

مەسىلىلەرنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. گەرچە ھازىر ئامېرىكىدا روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرى شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار بىمارلار كۈتكەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى كېسەللىكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ قويغاچقا، نۇرغۇن بىمارلار ئۇلاردا داۋالىنىشنى توختاتتى دېدىڭىز. مېنىڭچە سىز بۇ گەپلىرىڭىز بىلەن ھاياتى كۈچكە تولغان، ئالقىشقا سازاۋەر بىر پەننى پاچاقلاپ تاشلىدىڭىز. مەن بىلسەم ئۆز ۋاقتىدا پسىخولوگلار مانا شۇ پەننىڭ، پسىخىك ئانالىزنىڭ، گىپنوز (ماگنىتلىق ئۇخلىتىش) ئۇسۇلىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىنسانىنىڭ ئىچ قېتى بىلەن تونۇشقان، ئۇنىڭدىكى كېسەللىك، توسالغۇلانى بايقاپ چىقىپ نۇرغۇن روھىي كېسەللىك بىمارلىرىنى داۋالاپ ساقايتقان ئىدى.»

بۇ خەتكە ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: شۇنداق، مەن بۇ تېمىدا توختالغان، مەن شۇ چاغدا دۇنيانى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان يۈكسەك بىر كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدا سۆز قىلغان ئىدىم. مەن ئاللاھقا ئىشىنىش يالغۇز دىنلارلا ئەمەس، ئىلىم - پەن ساھەسىمۇ چاقىرىق قىلىۋاتقان بىر ئېھتىياج دېگەن ئىدىم. دېمىسىمۇ، رېئاللىقتا سەۋەبلىرى چۈشىنىكسىز پاجىئەلەر، تاسادىپىي كېلىشمەسلىكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، مۇسۇلمانلار ئادەتتە بۇنداق ھادىسىلەرنى تەقدىرگە ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ چۈشىنىدۇ. ئەگەر بىزدە ئازراقمۇ ئاللاھقا ئىشىنىش بولمىسا بىز ھاياتتا يولۇققان تۈرلۈك بالايىئاپەتلەر ئالدىدا تەسەللى تاپالمايمىز ياكى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز. ئانىنىڭ ئۆز باللىرىنى يېتتۈرۈپ قويۇشى، ياكى ئاتا - ئانا ئۆلۈپ باللارنىڭ يېتىم قېلىشىغا ئوخشايدىغان ئېغىر

قىسـمەتلەر، كەلكـۈن، ئۆرۈلـۈش، بـوران، يەر تەۋرەش، يانـار تـاغ ھادىسلىرى، ساقايماس كېسەللىكلەر... ۋە ھاكازالارنىڭ قايسىبىرىگە ئـۇچراش سـەۋەبىدىن پەيـدا بولغـان روھـي چۈشـكۈنلۈكلەردىن قۇتۇلۇشـقا ئىنسـان چـارە تاپالمايـدۇ. بىـز ئىلىـم ـ پەننىـڭ دوختۇرخـانىلاردىكى نەچچىلـگەن روھـى كېسـەللەر، ھەرقايسـى جـايلاردىكى يـۈزلىگەن تۇغمـا كەمتـۈك ـ ئەيىبنـاقلار، ئىشـقىلىپ ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن پاجىئەلەرگە ھەل قىلىش چارىسى تېپىشتىن ئـاجىز كەلگەنلىكىنـى كـۆرىمىز. ئىنسـان ئـۆزى ئېرىشـكەن بـارلىق بىلىمى، كۈچى، ھوقۇقى بىلەن تاقابىل تۇرسىمۇ يۇقىرىقى ئىشلاردىن خـالى بولالمايـدۇ. بۇنـداق بالايىئـاپەتكە دۇچ كەلگەنـلەر ئاللاھقـا ئىشىنىش تۇيغۇسىدا بولمىسا ۋە مەخلـۇق قۇتقـۇزۇپ قىلىشتىن ئـاجىز كەلگەن نەرسىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغان ئىمانغا يۈزلەنمىسە، بۇنىـڭ ئەلىمىنى قانداق كۆتۈرەلەيدۇ؟

ھـالبۇكى، بىـز بۇنـداق دېـيىش بىـلەن ئىلىـم ـ پەننـى يوققـا چىقارمـاقچى، ئۇنىـڭ رولىغـا كـۆز يۇممـاقچى ئەمەسـمىز. بەلكـى بىـز ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆز ئىمكانى دائىرىسىدە ئىشىنىمىز. ئۇنىڭغا خالىغـانچە مېڭىش، خالىغانىنى ئىزدىنىش ئەركىنلىكىنى بېرىمىز. ئەگەر ئۇ غەلىبە قىلسا، ئۇنىڭ يەكۈنىگە ئىشىنىمىز، ئەگەر ئۇ مەغلـۇپ بولسـا تـاكى ئـۇ بىزنى ھەيرانلىقتا قويۇۋاتقان قىيىن تېپىشماقلارنى يېشىشكە ئىمكـان تاپقۇچە بىز يەنىلا ئۇلۇغ كۈچكە ئىشىنىپ قىلىۋېرىمىز.

پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىگە مەلۇم بولغان فرويدنى ئېلىـپ ئېيتسـاق، ئۇ پسىخولوگىيە ساھەسىدىكى بىر پېشىۋا ئىدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغـان نەزەرىـيىلەرگە نۇرغـۇن كىشـىلەر ئەگەشـتى. كېيىـنچە ئەگەشـكەنلەر

ئىچىدە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلارمۇ، قارشى تۇرغانلارمۇ بولدى. قاراپ باقىدىغان بولساق، پسىخولوگىيە ئىلمى بۈگۈنگە قەدەر روھنى بىلىپ ئالالىدىمۇ؟ ئۇ گەرچە روھنىڭ قىسمەن ئىپادىلىرىنى تونۇپ يېتەلىگەن، ئۇنىڭ مەنبىئىنى راست ياكى يالغان بولسۇن بىر سەۋەبلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ باققان بولسىمۇ، لېكىن روھ يەنىلا ھەقىقىي تۈردە بىلىنمەي قېلىۋەردى. شۇنداقتىمۇ پسىخولوگىيە بىر تۈرلۈك ھاياتلىق پېنى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاشتى. ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ روھىي پاراكەندىچىلىك، دىلغۇللۇق ھەمدە نېرۋا كېسەللىكلىرىدىن قۇتۇلۇشتىكى نىجاتكارى دەپ قارىدى. لېكىن پسىخولوگىيە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ھەممە ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بىرەلىدىمۇ؟ مانا بۇنىڭ جاۋابى — مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ـ ئامېرىكىدا مىسلىسىز دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرىدا، شىپالىق ئىزدەپ ئۆز ئالدىغا كەلگەن بىمارلارغا ئۈمىدسىزلىكتىن باشقا نەرسىنى بېرەلمىگەن پسىخىك ئانالىزمچىلاردا. قېنى ئۇلار ئۇتۇق قازىنالىدىمۇ؟ كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى بىلەن ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەنلەرنىڭ ئەھۋالى ياخشىلاندىمۇ؟ ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن شىپا تاپقان ھالەتتىمۇ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار پسىخىك ئانالىزنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ روھىي كېسەللىكتىن ساقىيىشىغا سەۋەب بولدى دېيىشكە ئۇرۇن قويمايدۇ.

ئەلۋەتتە پسىخولوگىيە ئىلمى باشقا ئىلىملاردەك قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك، لېكىن مەن ھەممە سىرلارنى ئېچىش ئۈچۈن نوقۇل پسىخولوگىيەگىلا تايىنىۋالسام، بۇ، بىر قاملاشمىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ.

نۇرغۇن روھىي كېسەللىك دوختۇرلىرى تەكرار تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتا ئەملىي ئۈنۈمى ئەڭ كۈچلۈك بولغان چارىنىڭ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. نۇرغۇن دوختۇرلار ئۆز بىمارلىرىنى داۋالاشتا دىندىن پايدىلىنىش ئارقىلىق زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ئۇلار بۇنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ماتېرىيالى قىلىپ خاتىرىلىدى ۋە كىتاب قىلىپ چىقاردى.

ھازىر مېنىڭ ئېسىمگە كەلگەن ئەڭ گەۋدىلىك مىسال، ئامېرىكىلىق مەشھۇر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ھىنرى لانىك ئەپەندىدۇر. ھىنرى ياشلىقىدا، ئاتا ـ بوۋىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىشىنىۋاتقان دىندىن يانغان ۋە نۇرغۇن يىللارنى دىنسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزىچە دىن بىلەن چىقىشالمايدۇ ياكى ئەقەللىيسى دىننى قوللىمايدۇ ۋە ئىسپاتلىمايدۇ دەپ قارىغان ئىلىم ـ پەننىڭ نامىدا قىلغان ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزىچە ئېيتقاندا ئىلىم ـ پەن ئاللاھنىڭ يوقلىقىنى ئىسپاتلىيالمىغاندەك بارلىقىنىمۇ ئىسپاتلىيالمايدۇ، شۇنداقكەن، ھەرقانداق زېرەك ئادەم بولسىمۇ ئىلىم ـ پەننىڭ ئاللاھنىڭ بار يا يوقلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغانلىقىغا كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئىلىم ـ پەننى قوغلىشىپ دىندىن يىراقلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەم، بىر قانچە يىلدىن كېيىن يەنە شۇ ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق قايتا دىنغا كىردى ۋە بۇ جەرياندىكى كەچۈرمىشلىرىنى يېزىپ چىقىپ «ئىمانغا قايتىش» دېگەن نام ئاستىدا كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاب ئامېرىكىدا 47 قېتىم بېسىلدى.

بىز ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالايلى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمانغا قايتىش سەۋەبلىرىنى، قانداق قايتقانلىقىنى بىزگە سۆزلەپ بەرسۇن:

«بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەنكى مېنىڭ ئىمانغا قايتىشىم بىر مەزگىللەر پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان ئىقتىسادىي بوھران تۈپەيلىدىن بولغان ئەمەس، گەرچە مەن شۇنداق كەچمىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلساممۇ ئاشۇ بىر مەزگىل مېنىڭ بىر قىسىم مەنپەئەتلىك ھەقىقەتلەرنى تاۋلاپ چىقىشىمغا ياردەم بەردى. مېنىڭ يېشىمنىڭ كىچىكلىكى ياكى قېرىلىقىغا يېقىنلاپ قېلىشىم (بۇ ياشلىق ۋە قېرىلىق كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ) ئىمانغا قايتىشىمدىكى سەۋەب ئەمەس. مەن قىرىق بەش ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم، 45 ياش بىر ھېسابتا كامالەتكە يەتكەن ياش ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھقا شۈكرى، مېنىڭ ھازىرغىچە تەن سالامەتلىكىم ياخشى، ئۇستخانلىرىم كۈچلۈك، ئارقىمۇ ئارقا ئون نەچچە قېتىم ئىگىلەلەيمەن، تولۇق بىر مىل سۇ ئۈزەلەيمەن، كۆڭلۈم خالىغان يېمەكلىكنىڭ ھەرقانداقىنى ئاقىۋىتىدىن قورقماي يېيەلەيمەن.

مېنىڭ ئىمانغا قايتىشىمغا سالامەتلىكىمنىڭ ناچارلىشىپ قالغانلىقى، ھەمدە كىسەلنىڭ ئەقلىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى بۇ ھاياتتىن قۇتۇلۇپ مەڭگۈلۈك راھەت، تىنچلىق بىلەن تولغان بىر ھاياتلىقنى قوغلىشىدىغان قىلىپ قويغانلىقى سەۋەب بولمىدى ھەمدە مېنىڭ ئىمانغا قايتىش قارارىم ھايات ئاپەتلىرى ياكى بىرەر مۇسىبەتكە دۇچ كەلگىنىمدىن كېيىن چىقىرىلمىدى. بەلكى پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولدى. مەن بۇ قارارنى كۆڭۈللۈك تۇرمۇش قۇرۇپ ئون ئالتە يىللىق ھاياتنى ئۆتكۈزگىنىمدىن كېيىن چىقاردىم. مېنىڭ ئۈچ بالام بار، ئۇلار

مىنىڭ بارلىق بەخت ـ خوشاللىقۇمنىڭ مەنبەئى، مەن تۇرمۇشتا كۆتكەنلىرىمدىنمۇ ئارتۇق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئادەممەن. ئەمما شۇنداق بولسىمۇ مەن قانداقتۇر ئۆزۈم ۋە ئائىلەمنىڭ غەملىرى بىلەنلا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن ئادەم ئەمەسمەن. مانا بۇنىڭدىن مىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشىمگە بىرەر ئالاھىدە ۋەقەلىك ئارقا كۆرۈنۈشى ياكى ھېسسىيات ھاياجىنى سەۋەب بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز.

ھىدايەت ماڭا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا كەلدى. ھەتتا مەن ئۇنى ئۇنىڭ تۇنجى باسقۇچىدا پەرق ئېتەلمىدىم. بۇ ئۆزگىرىش ماڭا پەقەت روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىمدىن كەلدى.»

بۇ دوختۇر ئۆزىنىڭ مۆمىنلەر قويىنىغا بىرەر ئۆتكۈنچى تەسىرات ياكى تۇساتتىن كەلگەن ھېسسىيات بىلەن قايتىپ قالمىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزى بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلەر، ئۆز كۆزى بىلەن تەكرار كۆزەتكەن كۆزەتمىلەرگە بىنائەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ياسىغان بۇ تەجرىبە ۋە كۆزەتمىلەر بولسا ئادەتتە پسىخىك ھادىسىلەرنى مۆلچەر، سىناق، سۈرۈشتۈرمە، سان ـ سىپىرلار ھەممىدە روھىيەت تەتقىقاتىنى «پەلسەپە» بولۇشتىن كۆرە بىر خىل «پەن» بولۇشقا ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ئاساسىدا تەتقىق قىلىدىغان تەجرىبە پسىخولوگىيەسىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇ تۆۋەندە مانا شۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قەغەز يۈزىدە ئەمەس ئىنسانىنىڭ ئۆزىدە قوللىنىلىدىغان نەرسىلەر ۋە سانلىق ئۇچۇرلارغا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى دەل مىنىڭ بارلىق قاراش ۋە ئىدىيەلىرىمنى ئۆزۈممۇ

تۇيمىغان ھالدا ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. بۇ يەردە مەن دەۋاتقان پسىخولوگىيە بىلەن فرويدىنىڭ جۇغ ئۆز، ئالدىنقى ئاڭ، چۈش، يوشۇرۇن ئاڭ، جىنسىي تەبىئىي ئىقتىدار (لىبىدو)، كەملىك تۇيغۇنى (كومپلېكس)، دەستلەپكى تەربىيە ياكى ھالقىما ئۆز دېگەنگە ئوخشاش تەلتۆكۈس ئىشەنگۈچىلىكى يوق ئويلانما نەزەرىيىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن پسىخىك ئانالىزمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتىشكە بولمايدۇ. نۆۋەتتە، ئىلمى پسىخولوگىيە ئۆزىنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسىدە زامانلاردىن بۇيان يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ئۆلگۈرگەن خىمىيە، فىزىكا پەنلىرى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭدىن بىز ئىنسانلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىمىز تولىمۇ چەكلىك بولۇپ قالماقتا. ئەقلى ئىقتىدار ياكى ئەقلى ئىقتىدار بۆلۈنمىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەر توغرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن خەۋەرلەرنى دېمىگەندىمۇ، پسىخولوگلارنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۈستىدە پسىخىكىلىق تەجرىبە ئېلىپ بارغانلىقىنى، بۇ تەجرىبە نەتىجىلىرىنىڭ كۆپلىرىنىڭ بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشتا قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. يەنە شۇنىمۇ بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەسكى، روكفىللېر شىركىتى 500 مىڭ دوللار پۇل چىقىرىپ بىر بۆلۈك پسىخولوگنى تەشكىللەپ ئۇلارغا ھازىر كۆپىنچە مەكتەپلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان پسىخىكىلىق سىناقنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېلىپ بارغۇزغان.

«مىنىسوتا» ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پسىخولوگلار بولغۇسى ماشىنا ئادەم ئۈستىدە تۇپ ـ توغرا بەش يىل مۇددەت ئۈزلۈكسىز سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاران دېگەندە ماشىنا ئادەمنىڭ ئىقتىدار چېكى

ھەمدە ئۆنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ خىل سىناق نەتىجىسىگە ئېرىشتى. بۇ قورۇلۇشقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىشلىتىلگەن 100 مىڭ دوللار مەبلەغنى ئامېرىكا دۆلەتلىك پەن ـ تەدقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە باشقا ئورگانلار ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يەنە ئۇنىدىن باشقا، مۇزىكا ئۆگىنىش ئۈچۈن نەچچە مىليون دوللارنى ئايىماي چىقىم قىلىۋاتقان كىشىلەر «سىشور» ئەپەندىنىڭ ئادەمدىكى تۇغما مۇزىكا تالانتىنى ئېچىش ئۈچۈن بىر قانچىلىغان پسىخولوگنى ياردەملەشتۈرۈپ 25 يىل جاپالىق تەجرىبە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسە كېرەك.

مانا شۇنداق ئۈزلۈكسىز سىناق ئېلىپ بېرىشلار ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپلەپ ئەمەلىي قوللىنىلىشى بىلەن ئىنسانىنىڭ خاراكتېر ـ ئۆزلۈكىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى. بۇ ساھەدە قىلىنغان بىر زور ئىش شۇكى 1935 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى دوختۇرخانا، مەكتەپلەردە 500 مىڭچە ئادەم ئۈستىدە كىشىلىك خاراكتېر سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. ئۆزىنىڭ پارلاق بايقاش (كەشپىيات) لىرى بىلەن مېنى ئىدىيەدە بورۇلۇش ياساشقا ئېلىپ كەلگەن پسىخولوگىيە پېنىنىڭ بۇ تارمىقى ـ كىشىلىك خاراكتېرشۇناسلىق ـ خۇددى مەن باشتا دەپ ئۆتكىنىمدەك كىشىلەر ئارىسىدا مودا بولغان نەزەرىيىلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەن بولسام پسىخولوگىيەنىڭ بۇ تارمىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئىشىم تېگىشلىك قوللاشقىمۇ ئېرىشتى.

ئۆز پەيتىدە پسىخولوگىيە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قىيىنچىلىق كەلتۈرۈۋاتقان خېلى كۆپ قىسىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى.

نىيۇ يورك شەھەرلىك ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسى 15،321 نەپەر ئەر ـ ئايال ئىشسىز ئۈستىدە ئون ئالتە ئاي پسىخىك سىناق ئېلىپ باردى. بۇ سىناقلار نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى مۇناسىپ ۋە زۆرۈر خىزمەتكە (ئۇلار ئۆز خىزمىتىگە كۆنەلىگەنگە قەدەر) ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىمكان بولدى.

كۆيۈنۈش ۋە نەسىھەت قىلىش كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىشسىز قېلىشقا سەۋەب بولغان چىگىش ۋە قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بېسىقىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئىشقا 200 مىڭ دوللاردىن كۆپرەك پۇل كەتتى. بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى كارنېگ شىركىتى ۋە نىيۇ يورك شەھىرىدىكى ئىشسىزلارغا ياردەم قىلىش جەمئىيىتى ئىئانە قىلدى. مەن بۇ ئىشتا خالىس مەسلىھەتچى بولدۇم. ماڭا سىناققا قاتناشتۇرۇلغان 10 نەچچە مىڭ ئادەم ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۈستىدىن نازارەت ئېلىپ بېرىش ۋە تەشكىللەش ئىشلىرى تاپشۇرۇلدى. مەن ئۇلار ئۈستىدىن 83 مىڭ 227 قېتىم روھىي سىناق ئېلىپ باردىم ۋە ئۇلار ئىچىدىكى ھەربىر شەخسنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرى ھەققىدە خاتىرە تۇرغۇزدۇم. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەن ئىنسان ھاياتىغا نىسبەتەن دىنىي ئەقىدىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يېتىشكە باشلىدىم. مەن ئۆزۈم رىياسەتچىلىك قىلغان ئاشۇ زور تەجرىبىلەردىن كەلگەن پارلاق نەتىجىلەر بىلەن ئىلگىرى بىمارلىرىم ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبىلەرنىڭ ئوخشاشلىقىدىن كۆڭلۈمدە بىر

قانۇنىيەتنى سەزدىم. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ تەجرىبىلەردىن مۇھىم بىر
نەتىجىنى يەكۈنلىدۇق. گەرچە، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى دوكلات ئىچىدە
ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇ نەتىجە «دىنىنى قوبۇل قىلغان ياكى
ئىبادەت سورۇنلىرىغا بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم، دىنسىز ياكى ھېچقانداق
ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ئادەمدىن ئەۋزەل ۋە كۈچلۈكرەك
تەبىئەتكە ئىگە ئىكەن» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

مېنىڭ دىنغا قايتىشىم بىر ئازغۇنىنىڭ ئۆزى چىقىپ كەتكەن دىنغا
يول تېپىپ قايتقىنىغا ئوخشىمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، بۇ قايتىشقا بىرەر
ھېسسىيات قىزىقى سەۋەب بولمىدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن بۇ
پەقەت ئەقىل زورى بىلەنلا قايتىش بولدى. مەن بارلىق دىندارلار بۇ
ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن ھەمدە ئۆزۈممۇ ئۇنى
ئەڭ توغرا ئۇسۇل دەپ قارىمايمەن. مېنىڭ دىن توغرىسىدىكى
ئىدىيەمدە بەزى دىنى مەزھەپلەر قوللىمايدىغان ۋە ئۇلار مۇقەددەس
بىلىدىغان بىر قىسىم قاراشلارنى ئىنكار قىلىدىغان مەزمۇنلار بار.
ئۇنداق بولسا مېنىڭ نەزىرىمدىكى دىن قانداق نېمە؟

دىن دېمەك بىر كۈچنىڭ ھايات مەنبىئى سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقىغا
ئىشىنىش دېمەكتۇر. بۇ كۈچ ئالەمنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئاسمانلارنى
ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچىدۇر. دىن دېمەك ئاللاھ  ئۆزىنىڭ ئارقىمۇ
ئارقا چۈشۈرگەن كىتابلىرىدا كۆرسەتكەن ئىلاھىي قانۇنغا قانائەت
قىلىش دېمەكتۇر. ساماۋى تەلىماتلارنىڭ نەسىھەتلىرى ئەڭ
قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، دىنىي ھەقىقەتلەر ئەنە شۇلاردىن ئېلىنىدۇ.
دىن ئۆز مۇساپىسىدە بارلىق ئىلىملاردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. دىن
دېمەك بارلىق ئىلىملارنىڭ يىغىلىش ئورنىدۇر.»

دىمەك، بۇ ئادەم كاپىر بولغان چاغدا باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ھەقىقىي دىننىغا كاپىر بولمىغان. بەلكى دىننى خۇنۇكلەشتۈرگەن، بۇرمىلىغان ساختا نەرسىلەرگە، بىدئەتلىك قايىلىغان چېركاۋ دىنىغا كاپىر بولغان. ئۇ ئىمان ئېيتىپ دىنغا قايتقىنىدا ئۆزى ئىلگىرى ئىنكار قىلغان دىنغا قايتمىغان. بەلكى ئۆز ئېڭى ۋە ئەقلى رازى بولىدىغان دىنغا قايتقان. ئەگەر بۇ كىشى ئىسلام دىنىنى پاكىت بىلەن تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىدە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۆزى ئىشەنگەن دىنىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى.

دوكتۇر ھىنرى لانك تەجرىبە ۋە ئىلىم يولىدىن ئىمانغا قايتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئالىملار بار.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى، «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دالى كارنىگ مۇنداق دېگەن: «گۇمانلىنىش ۋە بىئاراملىق دولقۇنى مېنىڭ ئىمانىمنى ئاجىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. مەن دىنسىز، خۇداسىز بولۇپ كېتىشكە ئاز قالغان ئىدىم. مەن ئىنسانىيەتنى خۇددى نەسلى يوقالغان، تاشقا ئايلىنىپ يەر قېتىدا قالغان دىنوزاۋىرلارغا ئوخشاش ھېچ قانداق بۇيۇك غايىگە ئىگە ئەمەس، ئاخىر ئاشۇ دىنوزاۋىرلار يوقالغاندەك يوقىلىدۇ» دەپ قارايتتىم.

كېيىن بۇ شەخسكە ئىماننىڭ مەيىن شاملى ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئىمان بوستانلىقى بولمىغان ھاياتنىڭ ھالاكەتلىك باياۋاندىن پەرقى يوق ئىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «هازىر ماگا دىنىنىڭ بېرىۋاتقان نېمەتلىرى ياخشى تاماق، ساپ سۇ قاتارلىقلاردەك مۇھىم تۇيۇلىدۇ. ھالبۇكى بۇلار بولسا بىزنىڭ باياشات ياشىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. دىن ماگا مەنىۋى مەنپەئەت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇ ماگا ۋىلىيام جىمىس ئېيتقاندەك زور خۇشاللىق، تۇرمۇش ئازادىلىكى، كۆڭۈللۈك ھايات ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ماگا ئىشەنچ، ئۈمىد شىجائەت ئاتا قىلىدۇ ۋە مەندىن قورقۇنچ، غەم، بىئاراملىقنى يىراقلىتىپ تاشلايدۇ. مېنى ھاياتتا نىشانلار ۋە غايىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئالدىمدا بەخت ئۇپۇقلىرىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ ۋە ماگا ھايات چۆللۈكى ئوتتۇرىسىدا يېشىل بوستانلىق يارىتىپ بېرىدۇ.»

پەيلاسوپ فرانسىس بىكون ھەقلىق ھالدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىلىمنىڭ ئازلىقى ئەقلنى خۇداسىزلىققا مايىل قىلىپ قويىسىمۇ، بىلىمگە چوڭقۇر چۆكۈش ئىنساننى دىنغا ئىشىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ.»

چالا پەيلاسوپلار، ئىلىم ۋە پەلسەپىنىڭ شاكىلى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەنلەر دىنغا قارشى ئىنقىلاب قىلىش، ئاللاھقا بويۇنتاۋلىق قىلىش، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تېنىش بىلەن چوڭ خاتالىق پاتقىقىغا چۆكۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ئىشنى شۆھرەت ئىزدەپ ئەركىنلىك بىلەن داڭ چىقىرىش ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا، ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى قورۇنماستىن، كىشىلەردىن ھايا قىلماستىن، ۋىجدان ئازابىغا پىسەنت قىلماستىن قاندۇرۇشقا شەرت ـ شارائىت يارىتىش ئۈچۈن دىنىنى تۈپ يىلتىزىدىن ۋەيران قىلىۋېتىشنى كۆزلەيدۇ.

ئەمما ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەر، تەپەككۇردا چوڭقۇرلاشقانلار بولسا ئۆچمەس نۇر، تۈگىمەس ئوزۇق بولغان بۇ ئىماندىن يۈز ئۆرىمەيدۇ.

بىز يەنە نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي روھىي پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان داڭلىق شەخسلەر، ئالىملارنىڭ ئىشەنچلىك تۇتقۇ ـ دىن تۇتقىسىغا چىڭ ئېسىلغانلىقىنى، كىشىلەرنى شۇ تۇتقىغا ئېسىلىشقا ئاشكارا چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

ئۆزىنىڭ پراگماتىزىملىق پىكىر ئېقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان پىسخولوگ ۋىلىيام جىمىس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۈزۈلمەس مۇناسىۋەت بار، بىز ئۆزىمىزنى ئاللاھنىڭ رىياسەتچىلىكىگە تاپشۇرساق بىزنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمىز رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئىنسانىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان كۈچ. ئۇ كۈچنىڭ يوق بولۇشى ئىنساننىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.»

ئۇ هارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە پروفېسسورى بولغان ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «بېئاراملىق ۋە ئەندىشىنىڭ ئەڭ چوڭ دورىسى ئىماندۇر.»

كارنېگ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن هارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇش كەتمەيدۇ. بۇ ھەقىقەتنى مېنىڭ ئاتا ـ ئانام يېزىدىكى ئاددىي ئۆيىدىلا بىلگەن ئىكەن. دەريا تاشقىنلىرى ۋە قەرزلەر، ئاپەت ـ هادىسىلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ خۇشال، غالىب، كۈچلۈك روھىنى تەۋرىتەلمىگەن. هازىر مېنىڭ قۇلاق تۈۋىمدە

جاراڭلاپ تۇرۇۋاتقان بىر نەقشنى ئوقۇپ بىرىشىمگە پۇرسەت چىقتى، ئاپام ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ بۇ ناخشىنى ئوقۇيتتى:

بار مېھرىبان بىر ئىگەم،
غەم ـ تەشۋىش نە بىلمەيمەن.
ھەر دائىم تىنچ ياشاشنى،
شۇ ئىگەمدىن تىلەيمەن.

مەن ئەلۋەتتە ئىنسانلار ئىلىم ـ پەن ۋە دىن ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكتىن باشقا سۆز قىلماي ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇيالمايمەن، لېكىن ھازىر بۇ جېدەللەر كەلمەسكە كەتتى. مانا بۈگۈن ئەڭ زامانىۋى پەن دەپ ھېسابلانغان پسىخولوگىيەمۇ دىنىنىڭ رولىدىن گەپ ئاچماقتا، نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى: «پسىخىكا دوختۇرلىرى كۈچلۈك ئىمان، دىن، نامازلارنىڭ بىئارامىلىق ۋە روھىي جىددىيلىشىشنى يېڭىپ چىقىشقا، بىز شىكايەت قىلىۋاتقان كېسەللەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تولۇق ساقايتىشقا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.»
شۇنداق، پسىخىكا دوختۇرلىرى ئۇنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى دوكتور ئا. ئا. بىرىل مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي دىندار ئىنسان ھەرگىز روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولمايدۇ.»
مېنىڭ نەزىرىمدە روھىي كېسەللىك دوختۇرلىرى يېڭى تىپتىكى نەسىھەتچىلەردىن باشقا كىشىلەر ئەمەس. ئۇلار بىزنى دىنغا ئىشىنىشكە ئاخىرەتتىكى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەس،

بەلكى بۇ دۇنيادىكى دوزاخ بولغان ئاشقازان يارىسى، نېرۋا ئاجىزلىق، ساراڭلىق قاتارلىق ئازابلاردىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن قىزىقتۇرىدىغان كىشىلەردۇر.»

ئامېرىكىدا زامانىمىزدىكى يېتىشكەن روھىي كېسەللىك دوختۇرلىرىنىڭ بىرى دوكتور كارىل يونگ «يېڭى دەۋر كىشىلىرى روھ توغرىسىدا ئىزدەنمەكتە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان:

«مەن ئۆتكەنكى ئۈچ يىل جەريانىدا يۈزلىگەن كېسەللەرنى داۋالىدىم، بۇ ئارىلىقتا مەن ئىمانسىزلىق ھەممە دىنىي ئۆگۈتلەردىن چەتنەش سەۋەب بولمىغان بىرمۇ مەسىلىنى تاپالمىدىم. مەن بارلىق بىمارلارنىڭ كېسەل ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئىبارەت روھىي تىنچلىقتىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن كۆردۈم. ئەگەر ئۇلار پۈتۈنيۈزلۈك ھالدا دىنغا قايتمىسا، دىنىنىڭ بۇيرۇق، چەكلىمىلىرىگە ئەمەل قىلمىسا ئۇلارنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق.»

نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش كىشىگە تىنچلىق، سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ؟

مەن ۋىليام جېمسنى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

«ئوكياننىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقان دولقۇنلىرى ھەرگىزمۇ ئوكيان تېگىدىكى تىنچلىققا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھقا بولغان ئىمانى چوڭقۇر ئىنساننىڭ قەلبىدىكى خاتىرجەملىكنى سىرتتىكى ۋاقتلىق ئۆزگىرىشلەر بۇزالمايدۇ. ھەقىقىي دىندار ئادەم بىئاراملىققا بوي بەرمەيدۇ. ئۆز

تەڭكەشلىكنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ. ئۇ ھەر دائىم ھاياتلىق يولىدا يولۇقۇش ئېھتىماللىقى بولغان ھەر قانداق قىسمەتنى كۈتۈۋېلىشقا دائىم تەييار تۇرىدۇ.»

جۇمھۇرىيەت گېزىتىنىڭ 1962 ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانىغا: «ئالىملار نېرۋا كېسەللىكى بىمارلىرىنى داۋالاشتا دىنغا تايانماقتا» دېگەن ماۋزۇدا بىر خەۋەر بېسىلغان بولۇپ ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«دىندا چىڭ تۇرغان ۋە ئەڭ ھالاكەتلىك، خەتەرلىك منۇتلاردىمۇ ئىمانى تەۋرەنمىگەن ئاشۇ ھەقىقەت ئىگىلىرىگە قايىلمەن!»

«ئەڭ ھالاكەتلىك منۇتلار» دەپ تەييار نەزەرىيەلەرنىڭ داۋراڭچىلىرى دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيىسىنى كۆككە كۆتۈرۈشۈپ يۈرگەن، جۇلىئان ھېكسىلىنىڭ: «دىن دېگەن خۇراپات، ئىنسان بۇ ئالەمدە مۇستەقىل ياشايدۇ» دېگەن سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىشىپ يۈرگەن ئاشۇ چاغلارنى دېمەكچىمەن.

روھىي كېسەللىك دوختۇرلىرى بۈگۈنكى كۈندە روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا دىن ۋە ئاللاھقا ئىشىنىش، ساماۋى رەھمەتكە ئىنتىلىش، ئىلاھىي شەپقەتكە سېغىنىش بېرىدىغان ئۈنۈمنىڭ باشقا ھەرقانداق دورىنىڭ ئۈنۈمىگە قارىغاندا ئۈستۈنرەك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

نيۇ يورك شەھرىدىكى روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ئىچىدىكى جىنايەت سادىر قىلغانلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئالاھىدە بىر دوختۇرخانىدا دىن، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى ئېلېكترونلۇق غىدىقلاش

(ئېلېكتىر ئىمپۇلسى) ۋە نېرۋىنى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن بىر قاتاردا تەجرىبە قىلىپ كۆرۈلدى.

نەتىجە نىھايەتتە قالتىس بولدى. ساقىيىشىدىن پەقەت ئۇمىد قالمىغان ئاشۇ ساراڭلار ساراڭلار دۇنياسىدىن ئوڭلار دۇنياسىغا چىقتى. ئىرادىسىنى كونترول قىلالمىغان ھالدا قورقۇنچلۇق جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان ئاشۇ ساراڭلار بۇ ئۇسۇلدىكى داۋالاش چارىسى ئارقىلىق ئىرادىسى، خىيالى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرالايدىغان بولدى. ئۇلار پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈشتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ بارلىق ئارزۇسى ساماۋى رەھمەت ۋە ئاللاھنىڭ كەچۈرۈمى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن ئىدى.

ئالىملار بۇنىڭغا قايىل بولۇشتى. ئۇلار ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ ئاسمانغا قول كۆتۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئىلىم ـ پەن دىنسىزلىققا ئەمەس، مەڭگۈ ئىمانغا چاقىرىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

بۇ ئىش روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى جىسمانىي كېسەللىك دوختۇرلىرىدىمۇ كۆرۈلدى. بۇ دوختۇرلار جىسمانىي ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ساقايتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىشىنىش زۆرۈر دەپ قارىدى. خۇسۇسەن دوختۇر، بىمار ۋە ئىماندىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىشىشىنى داۋالاش مۇددىتىنىڭ قىسقىرىشى ۋە كېسەللىكنىڭ تېز ساقىيىشى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئامىل، دەپ ھېسابلاشتى.

سانت جونس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاناتومىيە ياردەمچى پروفېسسورى، ئامېرىكا جەرراھ (تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى) لار

جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى دوكتور بول ئارنىست ئادولف مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ تونۇشقا كەلدىمكى، ھەقىقىي داۋالاش بىرلا ۋاقىتتا روھ ھەم تەننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك ئىكەن. بىلدىمكى، مېنىڭ ۋەزىپەم تېببىي ۋە ئوپېراتسىيە بىلىملىرىمنى ئاللاھقا بولغان ئىمانىم ۋە بىلىمىم بىلەن ماسلاشتۇرۇش ئىكەن. مەن بۇ ئىككى جەھەتتە كۈچلۈك بىر ئاساسقا ئىگە بولدۇم. بۇ مىسلىسىز ئۇسۇل ئارقىلىق بىمارلىرىمغا ئۇلار موھتاج بولۇۋاتقان مۇكەممەل دورا تەقدىم قىلالىدىم. مەن چوڭقۇر ئويلانغىنىمدىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، تېببىي بىلىم بىلەن ئاللاھقا بولغان ئەقىدە، يېقىنقى زامان تېببىي ئىلىم پەلسەپىسىدىكى ئىككى مۇھىم ئاساس بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەن.

مەن تېبابەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا شۇنى بىلدىمكى مېنىڭ روھىي تەرەپلەر بىلەن قوراللىنىشىم ئۆزۈمنىڭ تېببىي ساھەدىكى بىلىمىم بىلەن قوشۇلسا مېنىڭ ھەممە كېسەللەرنى داۋالاپ كېتىشىمگە، داۋالىغاندىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك داۋالاپ كېتىشىمگە كۆزۈم يەتتى. ئەمما ئىنسان بۇ مۇھىتتا ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن ئالاقە ساقلىمىسا، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى يېرىم ـ يارتا داۋالاشتىن باشقا بىر نەرسە بولماي قېلىشى، ھەتتا تېخى شۇ دەرىجىگىمۇ يەتمەي قېلىشى مۇمكىن.»

ۋەتىنىمىزدىكى غەربتىن كەلگەن سادالاردىن باشقىغا قۇلاق سالمايدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار ئاشۇ ھەقىقەت ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ باقسۇن. ئۇ سادالارنى ياڭرىتىۋاتقانلار ئىلىم ـ پەنگە يېڭى يۈرۈش قىلغانلار ياكى ھېسسىياتىغا قاملىپ قالغان تار نەزەرىيەچىلەر ۋە سۈيى يوق دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن خىيالپەرەسلەر بولماستىن، بەلكى

مۇلاھىزە، تەجرىبە، كۆزىتىش ئۇستىگە قۇرۇلغان زامانىۋى ئىلىم مەنتىقىسىگە تايىنىپ ھۆكۈم قىلىدىغان بىلىمى چوڭقۇر ئالىملاردۇر.

بۇ ئاۋازلارنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات، ماددىي بايلىق، ئىقتىسادىي پاراۋانلىقتا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن، كىشىلىرى ئاي يۈزىگە قەدەم قويغان قۇدرەتلىك ئەللەردىن، ئەپلاتون غايىلىرىگە، «پەزىلەتلىك ئەل قاراشلىرى»غا ئەمەس رېئال ھاياتقا، ئەمەلىي مەنپەئەتلەرگە ئىشىنىدىغان ئەللەردىن چىقىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ئەللەرنىڭ ئالىملىرى بولسا، ئىماننى ھاياتلىق يولىدا پاجىئە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى چارە ـ تەدبىر، ئوزۇق، ھىدايەت ۋە نۇر، ھەمراھ ۋە پاكىت قىلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ.

بىز مانا شۇ بايانلار بىلەن پەقەت يۈزنىڭ پارقىراقلىقى ۋە قەلبنىڭ قارىلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر ھازىرغىچە تەكرارلاۋاتقان: «پەن ئىمانغا قارشى»، «ئىماننىڭ كېرىكى يوق»، دېگەن ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن يالغانچىلىقىغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىمىز.

## خاتىمە

بىز بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغان بايانلار بىلەن بىزنىڭ يول ۋە نىشانىمىز ئايدىڭ بولدى، دەپ ئويلايمەن. مىللىتىمىز ماڭىدىغان بىرلا يول بار. ئۇ ـ ئىمان يولى. بىزگە باشقىچە تاللاش يولى يوق.

ھەقىقىي ئىمان ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمانلىق قەلب ھايات ئالدىدا ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ تېتىك، ئەڭ تۈرگۈن قەلب. ئۇنىڭغا چۈشكۈنلۈك، تەنھالىق، مىسكىنلىك دېگەن ھالەتلەر يېقىن يولىمايدۇ.

ئۇ ھەمىشە ئالەمنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشايدۇ. بۇ يەردىكى ئىمان توغرىدىن توغرا ئىسلامچە ئىماندۇر. ئۇ ئەڭ ئالىي روھىي قىممەت، ئىنسانىيەت مەنىۋى پۈتۈنلۈكى، ماددىي داغدامىلىقنىڭ بىباھا جەۋھىرى. ھاياتلىقنىڭ بارلىق مەزمۇن يۈكسەكلىكى ئىماندىن كۈتۈلگەن ماھىيەتتۇر. شۇنداق ئىكەن ئۇ ئىمان بىزنى ھەرقاچان ھاياتلىقتا ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئۆرنەكلىك تۇيغۇغا ئىگە قىلىشى، بىزنى دۇنيانىڭ زىننىتى، ئۆز ـ ئۆزىمىزنىڭ پەخرىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنسانلار ئىچىدىن نەچچە يۈزلىگەن پىكىر بايراقدارلىرى چىقتى، چىقماقتا. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ھەقىقەت ئىزدەش غەيرىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ھەقىقەتنى بايقاش كۆزىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاقىۋەتتە ئۆز يولىنى تاپالماي يۈرگەن ئىنسانىيەتنى يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى قايمۇقۇشلارغا باشلاپ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى.

ئىنسان ئۈستىدىكى جىنايەتچىلىك ئىنساننىڭ ئىچكى قەلب تەلەپلىرى بىلەن ئويىنىشىشتىن ئارتۇق بولمايدۇ.

يول ئالدىمىزدا، يول ئالغىنىمىزدا پەقەت بىزدە ئۇنىڭدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشلا قالدى. بىز كۆزىمىزنى يوغانراق ئاچايلى. دۇنيانىڭ سىرلىقلىقى بىزگە ئويلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

بۇ سىرلىقلىق ئىمان دېگەن كۆزنەكتىن قارالغاندىلا بىزگە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇندار ماھىيىتى بىلەن ئاشكارا بولىدۇ. كۆكتە قۇياش بولمىسا بىزنىڭ ھاياتىمىز نۆل دېمەكتۇر، دېمەك، بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز. روھىمىزنىڭ قۇياشىمۇ پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىمان.

مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، ئىستىقبالىمىزنىڭ پارلاقلىقى، بىرلىكلىق، ھەمدەملىك ئىچىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ئەنە شۇ ئىمان بىلەندۇر. بىز ئۆزىمىزنى بارلىق كۆڭۈلچەك ئىستەك ـ خاھىشلار چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغان چىغىمىزدىلا ۋۇجۇدىمىز ھەق ئۈچۈن سوۋۇمايدۇ. روھىمىز ئىمانغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ.

ئەگەر بىز تەبىئىي بەختنى ئىزدەيدىكەنمىز، روھىي خاتىرجەملىك بولمىسا بەخت بولمايدۇ. ئىمان بولمىسا خاتىرجەملىك بولمايدۇ.

ئەگەر بىز پاكىزە ھاياتنى ئىزدەيدىكەنمىز، توغرىلىق بولمىسا پاكىزلىق بولمايدۇ. ئىمان بولمىسا توغرىلىقمۇ بولمايدۇ.

ئەگەر بىز ئىجتىمائىي ئۆملۈك ئىزدەيدىكەنمىز، دوستلۇق، قېرىنداشلىق بولمىسا ئۆملۈك بولمايدۇ. ئىمان بولمىسا قېرىنداشلىقمۇ بولمايدۇ.

ئەگەر دىيارىمىزنى بېسىۋالغان دۈشمەنگە قارشى ھەربىي غەلىبە ئىزدەيدىكەنمىز، باتۇرلۇق بولمىسا ھەربىي غەلىبىمۇ بولمايدۇ. پىداكارلىق روھى بولمىسا باتۇرلۇق بولمايدۇ. ھالبۇكى ئىمان بولمىسا پىداكارلىق روھىمۇ بولمايدۇ.

ئەگەر بىز ماددىي پاراۋانلىق ئىزدەيدىكەنمىز، ئىشلەپچىقىرىش ياخشى بولمىسا ماددىي پاراۋانلىق بولمايدۇ، ئەخلاق بولمىسا

ئىشلەپچىقىرىش ياخشى بولمايدۇ، لېكىن ئىمان بولمىسا ئەخلاقمۇ بولمايدۇ.

ئەگەر بىز پەن ـ تېخنىكىلىق تەرەققىيات ئىزدەيدىكەنمىز، ئىخلاس بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ، نىشان بولمىسا ئىخلاس بولمايدۇ، ئىماندىن باشقا نەرسىدە ھاياتنىڭ چىن نىشانى تېپىلمايدۇ.

ئەگەر بىز ئادالەت ئىزدەيدىكەنمىز، قانۇن بولمىسا ئادالەت بولمايدۇ. ۋىجدان بولمىسا قانۇننىڭ رولى بولمايدۇ، ئىمان يوق يەردە ۋىجدان بولمايدۇ.

ئىمان ـ ئۇ خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى. كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ خەلقى. ھاياتنىڭ روھى ۋە روھنىڭ ھاياتى. ئالەمنىڭ سىرى ۋە سىرلار ئالىمى. دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە گۈزەللىك دۇنياسى. يولنىڭ نۇرى ۋە نۇرنىڭ يولى.

ئىمان ـ ئۇ مۇساپىرنىڭ چۆلدىكى بوستانلىقى، دېڭىزدا يۈرگەندىكى يۇلتۇزى ۋە كومپىسى. يول تاپالماي قالغانلارغا توغرا يول بەلگىسى. جەڭچىنىڭ جابدۇقى، غېرىپنىڭ ھەمراھى، يالغۇزنىڭ ئۈلپىتى. كۈچلۈكنىڭ تىزگىنى، ئاجىزنىڭ كۈچ ـ مادارى.

ئىمان ـ ئۇ باتۇرلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇت، مۆجىزىلەرنى ياراتقۇچى، قۇلۇپلارنىڭ ئاچقۇچى، ھەممە يوللاردىكى ھىدايەت مايىكى.

ئىمان بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا: ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى.

ئالەمشۇمۇللۇق، چوڭقۇرلۇق، ئىجابىيلىقتا مىسلىسىز بولغان ئىمان ئىسلام دىنىدىكى ئىمان بولۇپ، ئۇ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ

ئىمانى، ساھابىلەر ۋە ئۇلارغا سەممىيلىك بىلەن ئەگەشكەنلەرنىڭ ئىمانى.

ئىمان تولۇپ يۇرىدىغان قورۇق شوئار ياكى داۋراڭ سېلىپ قويىدىغان تەشۋىقاتلا ئەمەس. ئۇ شەخس ۋە مىللەتنىڭ مۇكەممەل ھايات ئۇسلۇبى. ئۇ شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا ھايات شەربىتى بولۇپ ئاقىدۇ، شەخسنى يېڭىدىن قورۇپ چىقىپ، ئۇنى ئەرزىمەس مەخلۇقتىن مەسئۇلىيەتلىك ۋە نىشانلىق ئىنسانغا، ھايۋاندىن پەرىشتىسمان ۋۇجۇدقا ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ. ئىماننىڭ نۇرى بىلەن چىرىپ كەتكەن ئۆلۈك جەمئىيەت تىرىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەر نەرسىگە «ۋۇجۇدقا كەل» دېسە، ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئىلاھىي سىرنىڭ بىر ئۆلۈشى بار ئەمەسمۇ!!!

ئىمان بىلەن گۈللىنىشنى خالايدىغان مىللەت ئۆز ھاياتىنى، تەپەككۇر، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئىمان تەلەپكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشى، ئۆز ۋۇجۇدىنى ئىمانغا تۇسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئازات قىلىشى لازىم. بۇنداق قىلمايدىكەن، بۇ يەردىكى ئىمان قورۇق داۋراڭ ياكى ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بىر نەرسىلا بولۇپ قالىدۇ.

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ مىللىتىمىزنى ئىمانغا يېتەكلىگىن. «سەن ئۇلارغا غەزەپ قىلغان ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، توغرا يولنى ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن.» ئامىن!!!